جالالىددىن بەھرام

# ھايات قىسمىتى

2

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ھايات قىسمەت

2

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن-سىن نەشرىياتى



ISBN 978-7-5469-0602-7
9 787546 906027 >



# جالالددین بەهرام



جالالىددىن بەھرام

# ھايات قىسمىتى

## 2

( رومان )



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

生命旅途:维吾尔文/加拉力丁著.—乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社，2009.12

ISBN 978-7-5469-0602-7

Ⅰ.①生… Ⅱ.①加…Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第000030号

书　　名　生命旅途（2）
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者　加拉力丁·拜克拉木
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230mm 1/32
印　　张　14.25
版　　次　2009年12月第1版
印　　次　2011年1月第2次印刷
印　　数　10000—15000
书　　号　ISBN 978-7-5469-0602-7
定　　价　78.00元（上，下）

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

# مۇندەرىجە

## ئۈچىنچى قىسىم ئەمەل ئېتىغا مىنگەنلەر

ئون تۆتىنچى باب تەقدىر ـ قىسمەت سىناقلىرى ········· 419
ئون بەشىنچى باب چاقناۋاتقان ئەمەل يۇلتۇزلىرى········· 450
ئون ئالتىنچى باب قەدىمىي يۇرت ھېكايەتلىرى ··········· 482
ئون يەتتىنچى باب يېرىلغان تاش ························ 513
ئون سەككىزىنچى باب خەلق چاكىرىنىڭ كۆڭلى ········· 545
ئون توققۇزىنچى باب قۇترىغان توڭگۇز ···················· 588
يىگىرمىنچى باب سىرلىق مۇناسىۋەتلەر ·················· 627

## تۆتىنچى قىسىم نىقابلىق كۈشەندىلەر

يىگىرمە بىرىنچى باب بەربات بولغان ئەقىدىلەر ··········· 663
يىگىرمە ئىككىنچى باب كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەر ··········· 708
يىگىرمە ئۈچىنچى باب قىممەت توختىتىلغان «ئون
تىيىن» ·············································· 744
يىگىرمە تۆتىنچى باب ئەمەل ئېتىدىن چۈشكەندە ········· 781
يىگىرمە بەشىنچى باب نومۇس كۈچىدىن ················· 824
خاتىمە ··············································· 864

## ئۈچىنچى قىسىم

# ئەمەل ئىتتىغا مىنگەنلەر

## ئون تۆتىنچى باب

# تەقدىر ـ قىسمەت سىناقلىرى

«تەلەيىنى نەگە بارىسەن؟ دېسە، دوقا ماڭلايغا» دەپتىكەن. بۇ گەپنى كونىلار ھەزىل قىلىپ دېدىمۇ ياكى دوقا ماڭلاي راستتىنلا ئاشۇنداق تەلەيلىكمۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس! بۇ چاغقىچە: «پالانى دوقا ماڭلايغا خەزىنە ئۇچراپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدۇق. شۇنىڭغا قارىغاندا تەلەيمۇ ئۆزى مايىل بولغان ئادەملەرنى تېپىپ شۇنىڭ بېشىغا قونسا كېرەك! توغراق ناھىيە قوتانكۆل يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى بىر يىلدەك ئىشلىگەن پەخرۇللانى بىردىنلا ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا «تارشىلىق» يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دېگەن قوش يۈلتۈزلۇق ئەمەل تاجىسىنى كىيگۈزدى. ئۇ پېشانىسىدا چاقناۋاتقان قوش يۇلتۇزنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداقلا پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنىڭ قەدرىگە يەتمىسە تېخىمۇ بولمايتتى. پەخرۇللا بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىگە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭدا شۇنداق تۇغما قابىلىيەت بار ئىدىكى، ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەرنى ئىجتىلىق، سەرەمجان، مەسىلە كۆرۈلمىگىدەك بېجىرەتتى.

ئۇ «تارشىلىق» قا يېزا باشلىقى بولۇپ بارغاندىن كېيىن، بىرەر ئايغىچە ئىشخانىسىدىمۇ ئولتۇرمىدى. يېزىنىڭ ئەڭ يىراق

كەنت، مەھەللە، ئۆتەڭ، جاڭگال، قۇملۇقلىرىغىچە نەچچە نۆۋەت ئايلىنىپ، بۇ يېزىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونى ئىكەنلىكى، بىراق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەلۋەتتە پەخرۇللا يۇرت بېشى ئىكەن يۇرت خەلقىنىڭ بېشىنى سىلاپ، دەردىگە دەرمان بولۇشى، قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۇچىسىنى يېپىشى، بىر رەھبەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ئىشى ئىدى.

يېزىلاردا ئىشلەش ھەقىقەتەن جاپالىق، پەخرۇللا بىر كۈن كەچكىچە ئېتىزلىق، خامان، مال - چارۋا ئېغىللىرى، قوي قوتانلىرى، نامراتلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئايلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھالىغا يەتتى. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، كىگىز ھەتتا يېقىلغۇلىرىغىچە ھەل قىلىپ، دەردىگە دەرمان بولدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يەتمىگەن يەرلىرىنى يۇقىرىغا دوكلات يېزىش، ئۆزى بېرىپ ئەھۋاللىشىش ئارقىلىق، ئۇرۇقلۇق، ئوغۇت، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، بالىلىرىنىڭ ئوقۇشلىرىغىچە، ئۆزىگە قالدۇرۇلغان «قالدۇرۇق» يەرلەرگىچە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئىشلەشكە شارائىت ياراتتى.

پەخرۇللا پۈتۈن زېھنىي قابىلىيىتىنى خىزمەتكە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ئەجرى تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، دېھقان - چارۋىچىلار «ئۆزىمىزنىڭ شاپائەتچىمىز» دېيىشتى. شۇڭا، ئۇلار پەخرۇللانىڭ ئۆيىگىمۇ ئىزدەپ كېلىپ ھال ئېيتىپ، قانداق قىلغاندا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى دېيىشەتتى. تالاش - تارتىش قىلىشىپ، ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ بەس - مۇنازىرىلىرىدىن يەنە قانداق مۇھىم ئامىللارنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. پەخرۇللا بەزىدە يەۋاتقان تامىقىنى تاشلاپ، بىرەر دېھقان ياكى چارۋىچىنىڭ ئىشىنى بېجىرىشكە چىقىپ كېتەتتى. بارا - بارا

ئايلار، پەسىللەر ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تارشىلىق يېزىسىنىڭ بىرقانچە كەنت - مەھەللىلىرىدە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن يۇقىرى رەھبەرلىك تولىمۇ مەمنۇن بولدى.

بىر شەنبە كۈنى پەخرۇللا تارشىلىق يېزا بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپلار ئارا ئېلىپ بېرىلغان تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. مەيداندا ۋاسكېتبول، يۈگۈرۈش، سەكرەش، دارغا يامىشىش دېگەندەك تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە قىزىپ كەتكەنىدى. تەكشۈرۈپ باھالىغۇچىلار، مەكتەپ رەھبەرلىرى، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن پەخرۇللا، ئىشخانا مۇدىرى، كاتىپ قاتارلىقلار يەل - يېمىشلەر تىزىلغان ئۇستەللەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇسابىقە كۆرۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا دەرۋازىدىن توغراق ناھىيە ئاياللار بىرلەشمىسى نامىدىن، يېزا مەكتەپلىرىگە خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن پەزىلىيە قاتارلىق بىرقانچە ئاياللار كىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ مۇسابىقە كۆرۈپ، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن بىرقانچە كەنت مەكتەپلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېڭىشتى. پەخرۇللا پەزىلىيەنى چەتكە تارتىپ:

— تەكشۈرۈش تۈگىگەندە ئىشخانامغا كېلىڭ، ئۆيگە بىللە قايتىمىز، — دەپ پىچىرلىدى.

پەخرۇللا قوتانكۆل يېزىسىدا مۇئاۋىن شۇجى بولغان چاغلىرىدىمۇ پەزىلىيە ئاياللار بىرلەشمىسى نامىدىن پات - پاتلا مەكتەپ خىزمەتلىرىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىنى تەكشۈرۈپ باراتتى. كەچتە ئىككىسى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن پەزىلىيە: «پالانى مەكتەپنىڭ ئۇ نېمىسى كەم، بۇ نېمىسى بۇزۇلغان»، «پوكۇنى مەكتەپنىڭ سىنىپلىرىنى قايتا سالمىسا خەتەرلىك»، «نامرات بالىلارنى يېزىلىق ھۆكۈمەت يۆلىمىسە كىم

يۆلەيدۇ؟» دېگەندەك تاپا ـ تەنىلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى.

بۇگۇن ئۇلارنى مال باققۇچى بالا قاتمۇقات كۆرپىلەر سېلىنغان ئىشەك هارۋىسىدا ئەكېلىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. پەزلىيە ئادىتى بويىچە خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ كۆكتات، گۆش توغراۋېتىپ، يېزا مەكتەپلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە كايىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى تاقىقا ـ تۇققا گەپلەرگە چۈشتى.

— ئابىدە تۇغقاندا بىر بارغانچە، بالىسى ئۈچ ياشتىن ئېشىپ قالدى، يوقلىيالمىدۇق. ئىسھاق «بۇ خەققە ئەمەللا بولسا بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالمىغاندۇ.

— ئۇلارنىڭ شەھەردە خىزمىتى جىددىي، مېنىڭمۇ يېزىدىكى ئىشلىرىم چېچىمدىن تولا. زىيالىي بولغاندىن كېيىن توغرا چۈشىنەر.

— ئۇكام ئەركىن ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىپ گۇلىستان بىلەن توي قىلغاندا كۆرۈشكەنچە، ھازىر بالىسى ئالتە ئايلىق بوپتۇ، مۇبارەكلەپ بېرىپمۇ قويمىدۇق.

ـ قىزىقكەنسىز پەزلىيە، ئۇلار 70 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەھەردە تۇرسا، قايسى ۋاقىتتا يوقلاپ بارالايمىز؟

ئۇلار ئىسھاق بىلەن ئابىدە، يېڭىدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان ئەركىن، گۇلىستانلارنىڭ ئۆيىنى، يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى مۇبارەكلەپ كېلىش كۈنىنى بېكىتكەندىن كېيىن، پەزلىيەنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى بولغاي، پەخرۇللاغا قارىدى:

— بىر ئىشقا بەكمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن دېسە، — دېدى پەزلىيە خېمىرنى پىلتە قىلىۋېتىپ، — ئاقىتاملىق ئابلىز توختى دېگەن ئادەم ئىدارىمىزغا تېلېفون قىلىپ، «گۇلپىيە قاچان ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ؟» دەپ سورىغانتى، 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا دەپ قويدۇم.

— ئۇ ئادەم سىزنى قانداق تونۇيدۇ؟

— دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى. ئىسھاق بىلەن ئابدەنىڭ تويىدا باشتىن ـ ئاخىر بار.

— گۈلپىيەگە بىرەر گېپىڭىز بارمىدى؟ دەپ سوراپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— سورىدىم. ئۇ ئادەم «ھېچ ئىش يوق، ئوغلۇم بىلەن تولۇق ئوتتۇرىدا ساۋاقداشكەن» دەپلا تۇرۇۋېلىپ قويۇۋەتتى.

— چۈشىنىشلىك، — پەخرۇللا كۈلۈپ قويىدى، — ئاشۇ تويدا ئەر ـ خوتۇن ۋە ئوغلىنىڭ كۆزى گۈلپىيەگە چۈشكەن گەپ. ئۇ بالا ئۆزى تېلېفون قىلالماي، دادىسىغا يېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

— ھەرقانچە قىلىن بالىمۇ كۆڭۈلگە تالىق ئىشنى دادىسىغا دەپ يۈرمەس.

— ئۇنداقتا، ئانىسى «ئارىلىشىۋاتقان قىزىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغان بولسا، گۈلپىيە توغرۇلۇق گەپ ئاچقان بولۇشى مۇمكىن.

— بۇ پەرىزىڭىز توغرا، ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەم ئۆزى سىزگە قانداقراق تەسىرات بەردى؟

— دادام ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەملەر بىلەن ئارىلاشمايدۇ. ئوغلى ئەختەم خېلىلا يېقىشلىق بالىكەن. ئۇ لەنجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىكەن. بەلكىم ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقاندۇر.

— گۈلپىيە ئوقۇشقا ماڭىدىغان ۋاقتىدا بۇ توغرۇلۇق سىزگە بىر نېمە دېمىدىمۇ؟

— توۋا دەڭ، گۈلپىيە ئۇنداق قىلىدىن قىزلاردىن ئەمەس.

— ئەمدى ئوغلىڭىز ئەزھەر ئۆزۈمچىدىن بىرنى تېپىپ كەلمىسىلا بولاتتىغۇ.

— كەتكىلى تېخى بىر يىل بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

ساقچى مەكتەپتە قىز ـ ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىشىگە يول قويمايدىكەن، قالدىسى ئوغلىمىزنىڭ ئىنساپىغا باغلىق.

ـــ ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭىز بولىدۇ. ئىنساپى بولمىسا، بۇ ئىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس. ـــ دېدى پەخرۇللا قولىدىكى گېزىتىنى قويۇپ، ـــ ئەليارنىڭ ئوقۇشى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟

ـــ سىز ئالدىراشچىلىقتا بالىلار بىلەنمۇ كارىڭىز بولمىدى. ئەليارنىڭ ئوقۇشى ياخشى. لېكىن، كۆڭلى بەك نازۈك، كىچىككىنە ئىشلاردىنمۇ ئاغرىنىپ، كەم سۆزلىشىپ كېتىدۇ. گەپ قىلسا مىچچىدە يېشىنى ئېقىتىپ تۇرغان.

ـــ بالىلارنىڭ كىچىكى دەپ ئۆزىڭىز ئەركە ئۆگىتىۋەتكەن.

ـــ بۇ يىل ئۇمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە پەخرۇللا ئەليارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيىلەردىن سوئال سورىدى. ئاندىن بىرنەچچە فورمۇلا تۈزۈپ، ئىشلىتىپ باقتى. ئەليارنىڭ تەمتىرىمەي، دادىسىدىن سورىماي فورمۇلىلارنى يەشكىنىنى كۆرۈپ، پەخرۇللانىڭ كۆڭلى خېلىلا ئەمىن تاپتى. ئىچىدە: پەزلىيە چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلمىغان بولسا، بۇنداق بولۇشى تەس ئىدى، دەپ ئويلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئايالىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. دېمىسىمۇ پەزلىيەنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى رەئىسلىك خىزمىتى ئېغىر بولۇپ، ھەرخىل يىغىنلار، ئايالللارنى تۈركۈملەپ تەربىيىلەش، يېزىلارغا پات ـ پاتلا بېرىپ خىزمەت تەكشۈرۈش، ئانا ـ بالىلار خىزمىتى، ھەتتا ئائىلىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگىچە قول تىقىپ ئىشلەيتتى. شۇڭا، يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئۇنى مۇكاپاتلايتتى، تەقدىرنامىلەرنى بېرەتتى. تېخى بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلار ئۇنىڭ تەرجىمىھال

خاراكتېرلىك يەككە ماتېرىيالىنى تۇرغۇزۇپ، رەسىملەرگە تارتىپ ئېلىپ كېتىشتى.

پەخرۇللا ئەتىسى يەكشەنبە بىر كۈنى ئوتۇن يېرىش، ھويلا ـ ئاراملارنى تازىلاش، گۈللەرگە سۇ قۇيۇش ... تەك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ، كەچلەپ تارشىلىق يېزىسىغا ۋېلىسىپىت بىلەن يۈرۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھەپتە ئارىلىقىدا يېنىپ كەلدى. ئادەتتە بىرەر ئاي ياكى ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدە بىرەر قېتىم كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالايتتى. پەخرۇللا گېزىتكە ئورالغان بىر نېمىنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىدىن ئېلىپ ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— بىر نېمىڭىز ئۇنتۇلۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ تېخى ئالدىنقى كۈنىلا كەتكەنتىڭىز.

— كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، — پەخرۇللانىڭ چىرايى جىددىيلەشكەنىدى، — مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار. نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم.

— ۋاي خۇدايىم، ئادەم قورقۇتماڭا، قېنى تېز دەڭ.

تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا بوستان ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىن پەخرۇللانى تېلېفون ئارقىلىق چاقىرتقانىدى. مال باققۇچى ئۇنى ئېشەك ھارۋىسىدا توغراق ناھىيىلىك يولۇچىلار بېكىتىگە ئەكېلىپ قويىدى.

ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئەڭ ئاخىرىدىكى دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆيۈپ، يۈرىكى ئەنسىز سېلىپلا تۇراتتى. تەشكىلات بۆلۈم ئەلۋەتتە بىكارغا چاقىرمايدۇ. ئۇ زادى نېمىنى خاتا قىلدى؟ ئەگەر خىزمەت توغرۇلۇق بۇيرۇق ياكى ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدىكى يوليورۇق، كۆرسەتمىلەر بولسا تېلېفون، ھۆججەت، خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرسا بولىدۇغۇ ياكى يېزا كادىرلىرىدىن بىرەرى كۆرەلمەسلىك قىلىپ چېقىم يوللىدىمۇ؟ ھېچنېمە دېگىلى

بولمايدۇ. پەخرۇللانىڭ پېيىگە چۈشكەن بىرەرى ئەمەل، مەنپەئەت، مەنمەنلىك تالىشىپ، يۇقىرىغا مەلۇمات سۇنسا سۇنۇۋېرىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئېقىۋاتقان ئەڭ «كاتتا» ھۈنەر شۇ تۇرسا! بەزى ئەمەلدارلارمۇ شۇنىڭغا كۆنۈك بولۇپ، تېزى بىلەن مېزىنى ئايرىماي بىردەمدىلا كېپىشىنى ئاسماندا، ئۆزىنى يەردە تۇيۇپ چىشلىتىپ قويىدۇ. كونىلارنىڭ: «پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەتتە بولۇش، خۇددى شىرغا مىنىۋېلىپ، چۈشەلمىگەندەك ئىش...» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەندە! چۈنكى، غەمماز① لار پادىشاھنىڭمۇ كۆزىنى كۆرمەس، قۇلىقىنى ئاڭلىماس قىلىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ!

كۆڭۈلسىز خىياللار ۋە ئەندىشىلەر بىلەن پەخرۇللا تەشكىلات بۆلۈمىگە بېشى بىلەن كىردىمۇ ياكى پۇتى بىلەنمۇ ئۆزىمۇ بىلمىدى. لېكىن، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا «ئەمەلنى ئۆستۈرۈش ۋە بېكىتىش» ھەققىدىكى ھۆججەتنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— بوستان ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - نومۇرلۇق ھۆججىتى روھى بويىچە، سىز ئاقتام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي كومىتېتىغا مۇئاۋىن ھاكىملىققا ئۆستۈرۈلۈپ، خىزمەتكە تەيىنلەندىڭىز. مۇبارەك بولسۇن!

.... ئىككى كارىۋات قىرىدا بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرغان ئەر - خوتۇن نېمە دېيىشىنى بىلمەي، خېلىغىچە سۈكۈتكە چۆمدى. بولۇپمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاغزى ئوچۇقلا قالغان پەزلىيە نە خۇشال بولۇشنى، نە خاپا بولۇشنى بىلمەيتتى.

— تۇۋا، — دېدى ئۇ ئالىقىنىنى مەيدىسىگە قويۇپ، — قوتانكۆلدە بىر يىل ئىشلەپ، ئىشلارنى رەتكە سېلىۋىدىڭىز،

---

① غەمماز — چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى.

تارشىلىق يېزىسىغا يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ يۆتكىدى. بۇ يېزىدا ئىككى يىل ئىچىدە نۇرغۇن قان ـ تەر سىڭدۇرۇپ، ئەمدىلا ئەجىر مېۋىلىرى كۆرۈنۈۋىدى، ئۇنى باشقىلارغا بېرىپ، ئاقتامغا مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ بەلگىلەپتۇ. ئورنىڭىز ئىسسىماي ئۆتىدىغان بولدىغۇ، ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟

— سىزنىمۇ ئاقتام ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس ئەمىلىڭىز بىلەن يۆتكەيدىغان بولدى.

— بۇنى خېلىلا ئەتراپلىق ئويلىشىپتۇ، — پەزىلىيە دەرھاللا ئېرىگە قارىدى، — ئەليارنىمۇ ئاقتامغا يۆتكەپ ئەكېتىمىزما؟

— بىر ـ ئىككى ئاي قالغاندا بالىنى يۆتكىسەك، يات مەكتەپكە ئۆزلىشىپ كەتمىكى تەس، شۇڭا ئانامغا ھەمراھ بولۇپ چوڭ ئۆيدە تۇرغاچ تۇرسۇن.

پەخرۇللا ھازىردىن تارتىپ ئۆي سەرەمجانلىرىنى يىغىشتۇرۇش، ساندۇق ـ چامادانلارغا قاچىلاش، ئىلاج بار ئىخچام، يىغىنچاق بولۇش ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ، ئۇستەلدىكى گېزىتكە ئورالغان نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، گېزىتنى ئېچىپ، ئىچىدىن يېشىل مۇقاۋىلىق چوڭ ھەم خېلىلا سالمىقى بار توپلامنى ئالدى. ئۇ قىزىل لېنتا قىستۇرۇلغان يەرنى ئېچىپ پەزىلىيەگە كۆرسەتتى:

— بۇ نازىنىنى تونۇدىڭىزمۇ؟

— ۋىيەي، مېنىڭ سۈرىتىمغۇ بۇ.

— ۋۇي سىزمىدىڭىز؟ مېنىڭ رەپىقەمگە ئوخشايدىغان گۈزەلكەن، دەپ ئەكەپتىمەن.

— بولدى، ئادەمنى مەسخىرە قىلماڭ، قېرىپ قالغاندا نەدىكى گۈزەلكەن ئۇ؟

— قېرىپ قالغاندىكى سىن ـ سىپاتىڭىز بۇنداق لاتاپەتلىك بولسا، ياشلىقىڭىزدا پەرىشتىمىدىڭىز؟

— كونا لەقەملەرنى ئەسكە سالماڭە....

— ئەمدى بىلدىم، ئەسلىدە سىز راستىتىنلا پەرىشتىكەنسىزدە! تەلەپ قويسام مېنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ ئەجەب كونا خامانلارنى سورۇپ كەتتىڭىز؟

— ئامراقلىقىم، ھەۋىسىم، زوقۇم كېلىپ ...

— بۇ چاغقىچە ماڭا ئۈچىمىدىڭىز؟

— زىنهار... زىنهار... بۇ قېتىمقى سىزگە بولغان ئىشتىياقىم بىردىنلا قاناتلاندى! پەلەكتە پەرۋاز قىلدى!

— سەۋەبىنى ئۇقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، — پەخرۇللا ئايالىنى يۈز تۇرا ماختاش سەل تەس كەلگەندەك قىلاتتى، — زىممىڭىزگە ئارتىلغان ئائىلىنىڭ، بالىلارنىڭ، ئانامنىڭ جاپاسىمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەرخىل خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىگە قەدەر كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار ئوقۇتقۇچى، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتىكى ئۈلگىلىك باغۋەن، ئاياللار خىزمىتىدىكى نەمۇنىلىك خىزمەتچى، ئانا - بالىلار مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى پىداكار ئانا... دېگەندەك نۇرغۇنلىغان شەرەپ ساھىبى بولۇپ مۇكاپاتلاندىڭىز. مانا ئەمدى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلسىڭىز. بۇ بىر ئايال ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس!

— رەھمەت سىزگە، پەخرۇللا، مۇشۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ھاردۇقۇم چىققاندەك بولدى. ئەمما سىزگە ئايالىق سۈپىتىم بىلەن يېقىن ياردەمدە بولالمىدىم.

— سىزنىڭ ئائىلىنىڭ، بالىلارنىڭ، چوڭ ئۆينىڭ يۈكىنى ئۈستىڭىزگە ئالغانلىقىڭىزنىڭ ئۆزى، مېنىڭ خىزمىتىمنى قوللىغانلىقىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ ياردەم بولامدۇ؟

پەخرۇللا ئىشخانىسىدىكى كىتاب - ماتېرىياللىرىنى

يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن تارشىلىق يېزىسىغا كېتىپ قالدى. كۆڭلى بۆلەكچىلا بولۇپ، ئۆپكىسى دەممۇ دەم ئۆرلەپ تۇرغان پەزلىيە مېھمانخانىغا ھارغىن ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە، دېرىزە ئالدىدا توختىدى. دېرىزە تەكچىسىدىكى تەشتەكلەردە مەخمەل گۈل، كۈندە باھار، پىلپىل گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. پەزلىيە ئۇلارغا قارىغانسېرى، كۆزلىرىدە لىپمۇلىق سۇزۇك ياشلار كۆرۈندى.

پەخرۇللانىڭ ئايالىنى يۇرىكىدىن چىقىرىپ ماختىشى، پەزلىيەنى خۇش قىلدى دېگەندىن كۆرە، تارتقان كۈنلىرىنى ئەسكە سالدى، دېگەن تۇزۇك ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ مەدھىيىلىرىدىن قانات چىقىرىپ كۆكتە پەرۋاز قىلسا بولاتتى، بىراق ئىچى ـ ئىچىدىن ھەسرەتلىك بىر پىغان ئۆرلىدى. بولۇپمۇ «بىر ئايال ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس» دېگەن مۇشۇ يېرىم جۈملە سۆز پەزلىيەنىڭ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت زەردابلىرىنى بىر يولىلا يۇيۇۋەتكەن شىپالىق يامغۇر بولماي، بەلكى يارەنسىز، ھەمقامسىز، ھەمراھسىز، تىكەندەك يالغۇزچىلىقتا تۆككەن ئاچچىق ياشلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەينەك بولدى. شۇنداق! «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر» دېگەندەك، ئۆينىڭ قىشلىق ـ يازلىق كەم ـ كۈتىلىرى، ھەرئايدا ئاشلىق دۇكىنىدىن ئەكېلىدىغان ئايلىق نورما، باللارنىڭ كىر ـ قاتلىرى، ئاش ـ تامىقى، دەرسلەرنى تەكشۈرۈپ ياردەم بېرىش، چوڭ ئۆيدىكى قېرىلارنىڭ پات ـ پاتلا كېسەل بولۇپ قېلىشى، ئىككى ئۆي ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈپ تاماق ئېتىشتەك قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي ئالدىرىتىۋاتقان ئىشلاردىن سىرت، ئىدارىدىكى خىلمۇخىل خىزمەت تۈرلىرى ... بۇ بىر ئايال ئۈچۈن ئەمەس، نەچچە ئايالنىڭمۇ يەلكىسىنى تۈگمەن تېشىدەك باسىدىغان ئېغىر ئىشلار، ئەلۋەتتە!

پولكوۋنىك ئائىلىسىدە خۇددى مەخمەل قۇتا ئىچىدىكى

بىرىلىيانت ئۈزۈكتەك ئاسراپ بېقىلغان بىر قىز، خۇددى يۇڭ يېگەن ئىتنىڭ پوقىدەك ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان شۇنچە كۆپ كاكۇنچىلىقلارنى يۇدۇپ ماڭدى، دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟! ئەمىسە، پەزىلىيە نېمىشقا ئۈندىمەي، ۋايسىماي، تىۋشسىز، بىر ئۇندە ــ بىر تىندە ياشاپ كەلدى؟! ھەممىگە ئايان، بۇ پەقەت ئەقىدە ئۈچۈن، پەخرۇللاغا بولغان ۋاپادارلىقى ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربانلىق ئىدى!

پەخرۇللانىڭ مەدھىيە ــ تەسەللىسى گەرچە پەزىلىيەنىڭ مۇڭداشقا، سىرداشقا، بېشىغا سايىۋەن بولغۇدەك يارەنگە موھتاج بولغان جاپالىق چاغلىرىنى ئەسكە سېلىپ يۈرىكىنى ئەلەمزىدە قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭۈل پىنھانلىرىغا چىراغ يېقىلغاندەك قەلب سارايلىرى يورۇپ كەتتى. كۆڭۈل دېگەن شۇنچىلىكلا بىر نېمىكەنغۇ! تېرىقنىڭ قاسىرىقىدەك خاپىلىقتىن ئادا ــ جۇدا بولىدىكەنمىز. بىر قەترە سۇنى ئابىزەمزەم بىلىپ، ئۈزگىلەرگە سەجدە قىلغۇدەك بولۇپ كېتىدىكەنمىز. توۋا، ئادەم دېگەن كۆن كۆرمىگەن مۇسۇندەك ئەجەب ئاجىز نېمىكىنا، مۇشۇ تەشتەكتىكى گۈللەرگىلا ئوخشايدىكەن. ئۇلارغا بىر نەچچە كۈن سۇ قۇيمىساڭ سولىشىپ، سارغىيىپ كەتكەندەك، ئادەملەرمۇ روھىي ئوزۇققا شۇنچە تەشناكەن ئەمەسمۇ!

پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە ئاقتام ناھىيىسىگە ماي ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا يۆتكىلىپ كەلدى. بۇ يازلىق تېرىلغۇنىڭ راسا پەرۋىش قىلىش چاغلىرى ئىدى. بۇغدايلارنى ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، ئوتاش، قوناقلارنى توپ قالدۇرۇش، توپا يۆلەش، ئوغۇت چېچىش قاتارلىقلار جىددىي كېتىپ باراتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولسا ئاخىرقى تۆللەر ئېلىنىۋاتاتتى. پەخرۇللا ئاقتامغا كېلىپ ئىشخانىسىنى تۈزۈك كۆرمەيلا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جىپ ماشىنىسىغا چۈشۈپ تۆۋەنگە يورۇپ كەتتى. ئۇ ھەربىر يېزا ــ كەنت، كىچىك ئەترەت رەھبەرلىكىگىچە ئەھۋال دوكلات قىلىش،

ئۆزئارا چۈشىنىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ بەھرى ئېچىلغۇدەك يولىيورۇقلارنى بەردى. قوتانكۆل، تارشىلىق يېزىلىرىدا ئىشلەپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئەمەلىي بىلىم، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئىگىلىگەن پەخرۇللا ئاقتام يېزا ـ كەنتلىرىدىمۇ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ قالمىدى. بولۇپمۇ ئۇ، 20 يىللىق ھەتتا 30 يىللىق توختام بىلەن كۆتۈرە ئالغان يەر ـ باغ، چارۋا قاتارلىقلاردا چىققان ئېغىر مەسىلىلەرنى كەسكىن، توغرا ھەل قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلار ئىچىدە بىردىنلا ھۆرمەتكە سازاۋەر «ئادىل ھاكىم» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. بەزى يېزا ـ كەنت رەھبەرلىرى بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدا يەر، باغ، ئورمان، چارۋا توغرۇلۇق توختام تۈزۈلۈپ، ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن «مۇۋاپىق بولماپتۇ»، «پۇلنى ئاز بوداپ قويۇپتىمىز»، «شەخسلەر پايدىنى كۆپ ئېلىپ كەتتى» دېگەندەك باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، توختامنى بىكار قىلىش، ئاددىيسى ئارىدىن بىرەرى چىقىپ، «پالانىغا ھۆددىگە بەرگەن باغنى ياكى يەرنى ماڭا ئېلىپ بەرسەڭلا، سىلەرگە مۇنچىلىك شېرىنكانە بېرىمەن» دېسە، توختامنى ئۆزى بىلگەنچە بىكار قىلىشتەك قانۇنسىز ئىشلار يامراپ كەتكەنىدى.

پەخرۇللا دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش تۈزۈپ تارقىتىلغان «توختام قانۇنى» نى بارغانلا يېرىدە ئوقۇپ، تەشۋىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىدىن سوراپ ھەتتا بەزى يېزا، كەنتلەردە ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئاچتى. ئاندىن ئىمتىھان ئېلىپ، دۆلەت ئېتىراپ قىلغان توختام قانۇنىغا نىسبەتەن تونۇشنى ئۆستۈردى. بەزى خاتالىقى ئېغىر ئورۇنلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

— يەر، باغ، ئورمان، چارۋا، مېھمانخانا، سەيلە ـ ساياھەت ئورۇنلىرىنى كۆتۈرە بېرىش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ھاللىق

سەۋىيىگە ئېرىشتۈرۈشىنىڭ ئالدىنقى ئامىلى، — دېدى پەخرۇللا قولىدىكى «توختام قانۇنى» نى كۆرسىتىپ، — ئۇلار توختاملاشقان تۈرلەرگە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، ئەمدىلا ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆرەي دېگەندە، «پايدا كۆرۈپ كەتتى» دەپ توختامنى بۇزساڭلا، ئاۋام سىلەرگە قانداقمۇ ئىشىنىدۇ؟ خەلق قۇرۇلتىيىدا تەستىقلانغان قانۇننى خالىغانچە بۇزغىدەك ھوقۇقنى سىلەرگە كىم بەردى؟!

پەخرۇللا يەر، باغ، چارۋا، مېھمانخانا قاتارلىق ناھىيە بويىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان تۆت - بەش چىگىش دېلونى قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق ھەل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ «ئادىل ھاكىم» دېگەن نامى ناھىيە ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى بوستان ۋىلايىتىگە قاراشلىق خېلى كۆپ ناھىيىلەردە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. شۇنىڭدىن بېرى پەخرۇللا ھاكىمنىڭ ئىشخانىسى، ئۆيى قوبۇل قىلىش، ھال سوراش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئالاقىلىشىش ئورنىغا ئايلاندى. يۇقىرى - تۆۋەندىن ھال ئېيتىپ كەلگەن دېھقان - چارۋىچىلار، كۆۋرۈك، يول، ئىشخانا بىناسى، كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى، نامراتلارغا ياردەم قاتارلىق خىلمۇخىل تۈرلەر ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلىپ كەلگەن يېزا - كەنت كادىرلىرى، قانداقتۇر كادىرلار ئۈستىدىن داد ئېيتىپ كەلگەن دەۋاگەرلەر، ئائىلىدىكى ئېغىر قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالغان بالىلىرى ئۈچۈن زار يىغلاۋاتقان ناھىيە ئاھالىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئاياغ ئۈچى ئۈزۈلمەيتتى. پەخرۇللا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئۆز يولىدا جاۋاب بېرىپ، ھۆكۈمەت سىياسىتىنى، ھەل قىلىش پرىنسىپىنى، قائىدە - نىزاملارنى چۈشەندۈرۈپ، قايىل قىلاتتى. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تەلەپ، ئىلتىماسلارنى يولىدا بىر تەرەپ قىلاتتى.

ئاقتام ناھىيىسى خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىدا ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان پەخرۇللا تۆۋەننى تەكشۈرۈش، رەتكە

سېلىش، چىگىش مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشتەك خىزمەت بېسىمى ئاستىدا قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشخانىغا گۈلپىيە يۈگۈرۈپ كىردى. ئاتا - بالا ئىككىسى ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ قۇچاقلاشتى. ئاتىسىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمىگەن گۈلپىيە خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىنى پەخرۇللاغا سويۇپ چاپلاپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى.

— ئوقۇشىڭىز تۈگىدىما، قىزىم؟

— تۈگىدى، ئەمدى سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، دادا.

— مېنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كەتتىڭىزما؟

— ئانامنىمۇ سېغىندىم، لېكىن سىزنى بەكرەك.

— كېلىشىڭىزدە بوۋىڭىزنى يوقلاپ ئۆتتىڭىزمۇ؟

— سىزنىڭ ھاكىم بولغىنىڭىزنى، ئانامنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغىنىنى شۇلاردىن ئاڭلىدىم، لېكىن، — گۈلپىيەنىڭ چىرايى بىردىنلا غەمكىنلەشتى، — بوۋام كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

— بىلىمەن، ئەتىگەن زەينۇرە ئاچام تېلېفون بېرىپتىكەن. مەن ھازىر ئۆيگە قايتىپ ئانىڭىزغا ئۇقتۇراي دېگەنىدىم.

— ئەمىسە، يۈرۈڭ، يېڭى ئۆيىمىزنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

پەخرۇللا شوپۇرنى چاقىرىشىغا، ياندىكى ئىشخانىدىن چىرايى سەپكۈنلۈك، ياشقىنە بىر بالا چىقىپ كەلدى. ئۇ گۈلپىيەگە قاراپ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدى بولغاي، «ياخشىمۇ سىز» دەپ قويۇپ چامادانىنى قولىغا ئالدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا ئايرىم - ئايرىم ھويلىلىق قورۇلار سېلىنغان بولۇپ، ھەممىسى بىر قېلىپتىن قۇيۇلۇپ چىققاندەك شەكلى، رەڭگى، ھويلىدىكى گۈل تەكچىسى، تال بوستان جاھازلىرىغىچە ئوخشايتتى. شۇنداقتىمۇ دەرىجىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئۆي سانى ئوخشىمايتتى. دادىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، مۇرىسىگە بېشىنى

قويۇۋالغان گۈلپىيە ياشلىق خىياللىرى بىلەن دادىسىدىن پەخىرلەنمەكتە ئىدى. راست، بۇ ساددا قىز خۇشال بولماي تۇرالمايتتى. ئەمەلدار بولسا نېمىدېگەن ياخشى، نەگە بارسىمەن، نەدە تۇرسىمەن دېسە، شوپۇرلار پايپېتەك بولۇپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئالقىشلاپ خۇشامەت قىلىشۋاتقان، نەگىلا بارما يەيدىغىنىڭ، ئىچىدىغىنىڭ، ياتىدىغان يېرىڭ تەييار. تېخى ھەممىسى سەرخىل! خۇدايىم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىگە ئەمەل ئاتا قىلىدىغان ئوخشايدۇ. مانا ئانىسى پەزىلىيەمۇ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىن، خىزمەت تەكشۈرۈپ تۆۋەنلەرگە بارسۇن، ۋىلايەتتىكى يىغىن، ھەرخىل پائالىيەتلەرگە قاتناشسۇن «رەئىس پەزىلىيە» «رەئىسىمىز پەزىلىيە» دېگەن تەكەللۇپلار كىشىلەر ئاغزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. خەپ! مەن خىزمەتكە چىقىپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئەمەلدار بولۇشنى قولغا كەلتۈرىمەن.

گۈلپىيەنىڭ شېرىن خىياللىرى ھەغدادىغا يېتىپ بولغىچە جىپ ماشىنا ھويلا ئالدىدا توختىدى. پەخرۇللا چامادانىنى، گۈلپىيە سومكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىشىگە، كەچلىك تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشۋاتقان پەزىلىيە، ئۇچقاندەك كېلىپ قىزىنى قۇچاقلاپ، قارىقويۇق سۆيۈپلا كەتتى.

— ئەتىگەندىن بېرى سول قاپىقىم بىكارغا تارتماپتىكەن، — پەزىلىيە پەخرۇللاغا قارىدى، — مەن تېخى دادىڭىزنى بىرەر خۇش خەۋەر كۆتۈرۈپ كىرەرمىكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

— دادامنىڭ خۇش خەۋەرلىرىگە دەندەپ قاپسىزدە، — گۈلپىيەنىڭ ئاغزى ئىتتىك ئىدى، — دادام پەللىمۇ پەللە ئۆسۈۋەرگەچكە، بۇ قېتىم بوستانغا ۋالىي بولۇشتىن تەمەيىڭىز بارمۇ نېمە؟

— گۈلپىيە، — پەخرۇللا ئالايدى، — قالايمىقان گەپ قىلماڭ، يۇز ئايمايدىغان ئادىتىڭىز ئۇرۇمچىلەردە قېپقالار

دېسەم، يەنە كۆتۈرۈپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

— نېمىگە خاپا بولىسىز؟ — دېدى پەزىلىيە سۆپىرىدا خېمىر يېيىۋېتىپ، — ۋالىي بولغان ئادەممۇ ئاسماندىن چۈشمىگەندۇ؟ قانداق دېدىم گۈلپىيە.

— شۇ ئەمەسمۇ، دادامىمۇ شۇ يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىدۇ.

پەزىلىيە قىزىنىڭ كېلىشىنى بىلگەندەك ھاردۇق ئېشى قىلغانىدى. ئۇلار بىر چىنىدىن سۈيۇقئاشنى ئىچىپ بولغىچە تەرلەپ كېتىشتى. پەزىلىيە قىزىغا لۆڭگىنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ، «كېلىشىڭىزدە دادامنى يوقلىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىشىغا، گۈلپىيە دەرھال گەپ قىلالماي دادىسىغا قارىدى، پەخرۇللامۇ دىمىققاندەك بولۇپ كۆزىنى قاچۇردى. ئاتا - بالىنىڭ غەلىتە ئىپادىلىرىدىن گۇمانلانغان پەزىلىيەنىڭ بىرىنلا چىرايى ئۆڭدى:

— سىلەرگە نېمە بولدى، دادام... دادام ئۇ... نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟

— قورققۇدەك چوڭ ئىش يوق، — دېدى پەخرۇللا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇگۈن ئەتىگەن زەيىنۇرە ئاچام تېلېفون قىپتىكەن... دادامنىڭ مىجەزى يوق ئوخشايدۇ.

— نېمىشقا بالدۇرراق دېمىدىڭىز؟

— يىغىندىن چىقالمىدىم، ئاڭغىچە گۈلپىيە كېلىپ قالدى.

— مەن چوڭ ئۆيگە كىرسەم، — دېدى گۈلپىيە يىغلامسىراپ، — بوۋام يېتىپتىكەن، ئۆيدە پەرۋىنە كىچىك ئانام، ئەركىن، ئىسھاقكاملار، گۈلىستان، ئابىدە ئاچاملار باركەن.

— مەن... مەن ھازىرلا ماڭاي، دادامدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— بوۋام ماڭا، — گۈلپىيە مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — دادىڭىز بىلەن ئانىڭىزغا دېمەڭ، ئۇلار بىر ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى، ئىشى ئالدىراش دېگەنتى.

— ھەرقانچە ئالدىراش بولساممۇ باللارنىڭ چوڭى تۇرۇپ، دادامنىڭ قېشىدا بولالمىسام قانداق بولىدۇ؟

— ئەمىسە مەنمۇ سەن بىلەن باراي، — دېدى گۈلپىيە ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بەربىر ئەتە - ئۆگۈن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە تىزىملاتقىلى بارىمەن.

— شوپۇرۇم سىلەرنى جىپ ماشىنىدا شەھەرگە ئەكىرىپ قويىسۇن.

— ھۆكۈمەت ماشىنىسىنى شەخسىي ئىشقا سالساق، — پەزلىيە ئىككىلىنىپ قالدى، — ئانچە توغرا بولماسمىكى، يەنىلا شۇ قاتناش بېكەتتىن ماڭايلى.

— كەچ بولۇپ قالدى، ئەمدى ئاخىرقى ئاپتوبۇسقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيسىلەر، سىلەرنى ئابدۇقېيۇم ئاپىرىپ قويسۇن.

— شۇ ئەمەسمۇ، — گۈلپىيە تۇمشۇقىنى ئۆرىدى، — ھاكىم تۇرۇقلۇق ماشىنىسىنى قورقماي ئىشلىتەلمىسە قانداق بولىدۇ.

گۈلپىيەنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئىچكەركى مېھمانخانىدىن تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان سىگنالى ئاڭلاندى. چۆچۈپ قايرىلغان گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىۋەتتى:

— نېمە، ئۆيىمىزدە تېلېفون بارما، نېمانداق ياخشى.

— ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھۆكۈمەت تېلېفون ئورنىتىپ بەردى.

مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتكەن گۈلپىيە تېلېفوننى ئېلىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى - دە، دالان ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— دادا، سىزنى چاقىرىدۇ.

پەخرۇللا مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى.

— كونىلار: «ئىش ئۆڭغا تارتسا، ئىشتان سوڭغا تارتىدۇ» دەپ بىكار دېمەپتىكەندە، — پەخرۇللا پوسۇققىنە كۈلۈۋەتتى، — لى شۇجىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىچكىرىدىن چىقىپتىكەن، ھازىر بوستان بېكەتتىن تېلېفون كەپتۇ. شۇڭا، ئابدۇقېيۇمنى شەھەرگە كىرىپ ئېلىپ كەلسە، دەپ ماڭا تېلېفون قىپتۇ.

— ۋۇي، لى شۇجىنىڭمۇ ئايرىم ماشىنىسى تۇرسا، — دېدى پەزىلىيە پەخرۇللاغا، — شۇنى ئەۋەتمەي، سىزنىڭكىگە كۆزى چۈشۈپتا!

— نەرىدىنىدۇر ماي ئاقىدىغان بولۇپ قېلىپ، رېمونتخانىدىكەن. ئەمىسە دەرھال تەييار بولۇڭلار، ئابدۇقېيۇم ماشىنىنى مەشەگە ئەكەلمەكچى.

گۈلپىيە چامادانىدىن دىپلوم ۋە ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئائىت ھەممە رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى، پەزىلىيەمۇ دادىسىغا بىر قانچە يۇمشاق توقاچ، ئۈچ ـ تۆت كاللەك ناۋات ئېلىۋالدى. ئاڭغىچە ئىشىك ئالدىدىن بېرىلگەن ماشىنا سىگنالىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ چىقىشتى. ئانا ـ بالا ماشىنىنىڭ ئارقا دېۋانىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇشى، پەخرۇللا پەزىلىيەگە:

— خاتىرجەم مېڭىۋېرىڭ، مەن ئەتە ئەتىگەندىلا ئىدارىڭىزغا بېرىپ ئەھۋالنى دەپ قويىمەن، — دەپ ئۈزىتىپ قويدى.

ماشىنا چوڭ يولغا چىقىپ قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى. باياتىن بېرى كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان پەزىلىيە ئەمدىلىكتە ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى بولغاي، قىزىغا قايرىلىپ قارىدى:

— دادامنىڭ كېسەللىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى پەزىلىيە ھارغىن ئاۋازدا، — ئوكىڭىز ئەزھەر بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ ئۇ قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئەتە قايتىمەن دېگەن كۈنى ساقچى مەكتىپىگە چىقىپ كۆرۈشتۇم. ئۇ بۇ يىل تەتىلدە كەلمەي، ئىشتىن سىرت ئىنگلىز

تىلى كۆرسىدا ئوقۇيدىكەن.

— ئۆتكەنكى يازغان خېتىدە دەپتىكەن، مەن ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەنىدىم.

— ئوقۇسا ياخشى ئەمەسمۇ، بوۋام ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

— گۈلپىيە، راست گەپنى قىلىڭە، بوۋىڭىزنىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىرمىكەن؟

— بوۋام... بوۋام، — گۈلپىيە ئۇلۇغ كىچىك تىندى، — بەكلا ياداپ كېتىپتۇ. ئاندىن... ئاندىن چىرايى ساپسېرىق....

— نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى ئۇقمىدىڭىزمۇ؟

— زەينۇرە موماممنىڭ دېيىشىچە يۈرەك ئاغرىق دېدىمۇ، ھەراست، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىكەن، دېگەندەك قىلدى. دوختۇرلار ئاچىقىپ كېتىپ، ئوبدان كۆتۈۋېلىڭلار، دەپتۇ.

پەزىلىيەنىڭ يۈرىكىنى ئاجايىپ ئەنسىزلىك قاماللىۋالدى. بۇ قورقۇنچ شەھەرگە كىرىپ، ئۆي بوسۇغىسىدىن ئاتلىغىچە يوقىمىدى. ئۇ سىم كارىۋاتتا ماموق ياستۇقتا چۆكۈپ ياتقان راخمانوفنىڭ ياداڭغۇ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ يىغلىۋەتتى. ئاندىن گىلەمگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بوۋايىنىڭ ئورۇق قوللىرىنى ئالىقانلىرىغا ئالدى. ئەمما، «دورا يەۋاتامسىز؟»، «دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟»، «دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوزى نېمىكەن؟» دېگەندەك گەپلەرنى ھەرگىز قىلمىدى.

— دادا، مېنى كەچۈرۈڭ، — پەزىلىيەنىڭ نۇرانە يۈزلىرىدىن ساقىغان ياش ئېڭەكلىرىدىن ئاقماقتا ئىدى، — ۋاقتىدا خەۋەر تاپالماپتىمەن.

— بولدى يىغلىماڭ، قىزىم، — راخمانوف ئىلاج بار ئۆزىنى تىمەن كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، — مەن ياخشىلا تۇرمامدىم. پەقەت ماغدۇرۇم كەم. بىر نەچچە كۈن قۇۋۋەتلىكرەك يېسەم...

— پەخرۇللانىڭ يىغىنى بولغاچقا كېلەلمىدى، ئەتە - ئۆگۈن

كېلىپ قالارمىكىن.

— سىلەر، — راخمانوف يېنىدىكى ئىسھاق، ئەركىن، گۈلىستان، ئابىدەلەرگە قول ئىشارىتى قىلدى، — سىرتتا پاراڭلاشساڭلار بولارمۇ ـ ھە؟ پەزلىيەگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.

باللار «بولىدۇ، بولىدۇ» دېيىشىپ سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. راخمانوف بارغانسېرى ماغدۇرى كېتىۋاتقان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، پەزلىيەنىڭ مەڭزىلىرىدىكى ياشنى سۈرتتى.

— قىزىم پەزلىيە، پەخرۇللا ئىككىڭلار دۆلەتنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىملىرى، — راخمانوف ھاسىراپ بىردەم جىمىپ قالدى، — شۇڭا، ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان، پاك، سەمىمىي، قىزغىن بولۇپ، قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە ئۈلگە بولۇڭلار! بولۇپمۇ سىز پەخرۇللاغا ئەڭ سادىق، ۋاپادار، پاك ياردەمچى بولۇڭ!

— ئۇقتۇم دادا، بۇ چاغقىچە قىلغان نەسىھەتلىرىڭىزمۇ ئېسىمدە.

— بىر يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقى، يۇرت ئاتىسى ھاكىمنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ، — راخمانوف نەگىدۇر تىكىلىپ قارايتتى، — بولۇپمۇ دەريا قۇرۇلۇشى، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، ھاشارات ئاپەتلىرى، يەنە ھەرخىل سەيسە ـ ھاشارلار يۇرت رەھبىرىنى سىنايدىغان سىناق تېشى! شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ھەمقام بولالىغان مەزلۇم ھەقىقىي جۇپتى ھەمراھلاردۇر!

— بىلىمەن، دادا، بۇ نەسىھەتلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىدىم.

— ئىشلار يۈرۈشمەي، خىزمەتلىرى ئاقماي، ئاۋام ئىشەنمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تاپا ـ تەنىلىرى يامغۇردەك يېغىۋاتقان، قىسقىسى، قىلمىشلىرىغا تەتۈر كۆچلەر

تەنتەنە قىلىدىغان مەسئۇل خادىملار بۇرۇقتۇرمىلىق، قورقۇنچلۇق مۇھىتتا كۈن ئۆتكۈزۈشى، ھەتتا جاندىن كېچىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق زىل، ھالقىلىق پەيتتە يەنىلا ئايال كىشى مۇلايىم مۇئامىلىسى، شېرىن - سۆخەن نەسىھەتلىرى، مەدەت - ئىلھاملىرى بىلەن تۆھمەت قۇربانىنى قۇتقۇزالايدۇ، جېنىغا جان قوشالايدۇ!

— دادا، ئۆمرىڭىز ماڭا، پەرۋىنەگە نەسىھەت قىلىش بىلەن ئۆتتى، — پەزلىيە ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۇلگۇرتەلمىدى، — سىزنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىڭىزنى ئېسىمدە چىڭ تۇتقاچقا پەخرۇللا ئۇچۇنلا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرگەنلىكىم سىزگە ئايانغۇ!

— رەھمەت بالام، رەھمەت، — راخمانوف بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتتى، — قەدىمدىن تارتىپ ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، بىز ئىسلام ئېتىقادىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد - ئەقىدىسىدۇر. لېكىن شۇلارنىڭ ئىچىدە قانچىلىكى ئۇلۇغ بۇ ماڭا قاراڭغۇ! ئەمما، خېلىلا كۆپ ئانىلار گويا بالا تۇغۇش ماشىنىسى! ئۇلار «تۇغۇلۇپلا قالسا، چوڭ بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىدۇ. ئاشۇ بالا «ئادەم» بولامدۇ ياكى «ئادىمي ھايۋان» مۇ، بۇنى ئويلاشمايدۇ.

— دادا، ئاستىراق سۆزلەڭ، چارچاپ قالىسىز، — پەزلىيە دادىسىنىڭ تەرلەپ كەتكەن پېشانە، يۈزلىرىنى سۈرتتى، — بېشىڭىزنى ئازراق ئۆرىدەپ قويايمۇ؟

— شۇنداق قىلسىڭىز خويمۇ ئوبدان بولاتتى.

پەزلىيە راخمانوفنىڭ بېلىدىن كۆتۈرۈپ، بېشىغا قوش ماموق ياستۇق قويغاندىن كېيىن قايتا ياتقۇزدى. خېلىلا راھەتلىنىپ قالغان راخمانوف خۇشلۇقىدا:

— پاھ، پاھ، خويمۇ ئوبدان قىلدىڭىز، ئۇيۇشۇپ كەتكەن بەللىرىممۇ ئارام تېپىپ قالدى، — دەپ قىزنىڭ قوللىرىنى

تۇتتى. ئاندىن بىردەم جىمىپ قېلىپ، «نېمە دەۋاتاتتىم» دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى ـ دە، پەزلىيەگە تىكىلدى:

ــ قاراڭ بالام، قايسىدۇر بىر دانا: «ئانىلارنىڭ ئەڭ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان سۆزى، قازان بېشىدا تۇرۇپ، ‹باللىرىم تاماق پىشتى...› دېگەن چاقىرىشىدۇر» دېگەنىكەن.

ــ ئەجەب مەنىسى چوڭقۇر گەپ ئىكەن، دادا.

ــ بىزنىڭ دىنىي مىزانلىرىمىزدا، «ئايال كىشى ئالدى بىلەن ئېرىنى كۈتۈشى، خىزمىتىنى قىلىشى، ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. ئاندىن كېيىن باللىرىنى تەربىيىلىشى لازىمدۇر. شۇلاردىن ئېشىنالىسا، جامائەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلسا بولىدۇ» دەيدىغان نەسىھەتلەر بار، ــ ھاياجانلانغان راخمانوف نەپسىنى يېتىشتۇرەلمەي قالدى، ــ بىلەمسىز، بالام، ياخشى نام بىر ئەر ئۈچۈن قانچىلىك مۇقەددەس ـ ھە؟! نام چىقارغان ئەرنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم جاپاكەش بىر ئايالنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان! گەپلىرىم ئۇقۇشلۇق بولدىمۇ؟

ــ بەكمۇ روشەن، ئېنىق بولدى، دادا، ــ دېدى پەزلىيە، ــ خىزمەتتىنمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش بىلەن ئېرىڭلارنى كۈتۈشنى، باللارنى تەربىيىلەشنى ئەستىن چىقارماڭلار، دېمەكچىسىزغۇ؟

كۆزلىرىنى تامام يۇمۇۋالغان راخمانوف مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھويلىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى جىپ ماشىنا كىرىپ كەلدى ـ دە، بىرىدىن پەخرۇللا، يەنە بىرىدىن ئىكرام-چۈشتى. ئۇلار ھويلىدىلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، پەزلىيە، پەرۋىنەلەرنىڭ باشلىشى بىلەن راخمانوف ياتقان ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا مېھمانخانىدىن چىرايلىق ياسىنىپ چىققان گۈلپىيە ھويلىدىكى ئىككى ماشىنىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە ھۇجرا ئۆينىڭ ئىشىكى

ئېچىلىپ، داستىخان كۆتۈرگەن پەزىلىيە چىقىپ قالدى.

— گۈلپىيە، دادىڭىز بىلەن كىچىك دادىڭىز ئىكرام كەلدى، كۆرۈشمەمسىز؟ — دېدى پەزىلىيە داستىخاننى گۈللۈككە قېقىۋېتىپ، — هازىر بوۋىڭىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ.

— بولىدىلا، ئانا، مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كېلىپ كۆرۈشەي، هېلىمۇ خېلىلا كېچىكتىم.

— بوپتۇ ئەمىسە، لېكىن هايال بولۇپ قالماڭ. هەي توختاڭ، — پەزىلىيە پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — تىزىملاش ئىشخانىسىدا ياش بىر بالا بار، ئۇبدانراق سۆزلىشىڭ، يېقىنراق، ياخشىراق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ياردىمى تېگىپ قالىدۇ.

— يالۋۇرىمەنما؟ ئۆلسەممۇ چۈكۈلدىماسمەن.

— ئەمىسە ئەڭ يىراق ناهىيە، يېزىلارغا كەتسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ شورى. دادىڭىز بىلەن مېنىڭ يولىڭىزنى مېڭىشقا هەرگىز چولىمىز تەگمەيدۇ.

سومكىسىنى مۈرىسىگە ئاسقان گۈلپىيە دەرۋازىدىن چىقىپلا تېز - تېز مېڭىپ كەتتى. ئۆي گەرچە شەهەر ئىچىدە بولسىمۇ، مائارىپ ئىدارىسىگە بىرقانچە چوڭ كوچىلارنى ئايلىنىپ بارغىلى بولاتتى. ئۇنى قانداقتۇر ئەنسىز خىياللار ساراسىمىگە سېلىپ تۇرغاچقىمۇ، مائارىپ ئىدارىسىگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكى سېلىپ، پۇتلىرى ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. چۈنكى «ناهىيە، يېزىلارغا تەقسىم قىلىنىۋەتسە، قانداق قىلارمەن؟» دېگەن ئەندىشە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاماللىۋالغاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ هازىر گەرچە «قايتا تەربىيە» تۈزۈمى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭىدىن ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى شەهەرگە ئېلىپ قالماي، ناهىيىلەرگە تەقسىم قىلاتتى. ناهىيىلەر بولسا يېزىلارغا ئەۋەتەتتى. تەقسىماتقا بويسۇنماي

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ئانىسى دېگەن ھېلىقى بالىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپلا ئۇنىڭغا يېلىنسا نېمىدەپ ئويلاپ قالار، بەك ئۇيات بولغۇدەك... خىزمەتسىز قالسىمۇ يۈز تۆكۈلىدىغان ئىشنى ئۇ ھەرگىز قىلمايدۇ!

گۈلپىيە ئۇزۇن كارىدور بويلاپ كېتىۋېتىپ، ئىككى تەرەپتىكى ئىشخانىلارنىڭ «پېشانىسى» دىكى ۋىۋىسكىلارغا قارايتتى. ئاخىر ئۇ «ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇردى. ئىچىدىن بىرقانچىلىغان بالىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلپىيە ئىشىكنى قېقىۋىدى. ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى. ئېھتىمال، باشلىق ۋاڭ ـ چۇڭ ئىچىدە ئاڭلىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپلا كىرىۋىدى ئاقتام، توغراق، قاراتاللىق بالىلاردىن بەش ـ ئالتىسى تۇراتتى. گۈلپىيە ئۇلار بىلەن ئورۇمچىدە بىللە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلاردىن ئىدى. قىزلار: «ۋىيەي مانى...» دېيىشىپ قۇچاقلاشتى، ئوغۇللار بولسا «ياخشىمۇ سىز» دەپ باش ئېگىپ سالاملاشتى. بىراق، قاپقارا يالتىراپ تۇرغان، پوسۇنى ھەيۋەتلىك ئۈستەلدە ئولتۇرغان باشلىق باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقاچقا، ئانچە دىققەت قىلمىدى. گۈلپىيە ئۇنىڭ ياشلارغا خاس سىياقىغا قاراپ: باشلىق دېگۈدەكمۇ ئىسكەتى يوق نېمىكەنغۇ، سۇندۇكنىڭ بالىسىدەك بىر تۇتاملا تۇرمامدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما باشلىق بېشىنى كۆتۈرۈشى، ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالغان گۈلپىيە دەرھاللا يەرگە قارىۋالدى. چۈنكى، بۇ «سۇندۇكنىڭ بالىسى، بىر تۇتام» ھېلىقى بىر يىلى ئىسھاق بىلەن ئابىدەنىڭ تويىدا قوشاق قېتىپ بىزار قىلىۋەتكەن «ئەختەم كەم سۆز» ئىدى.

— ھەممىڭلارنى تىزىملىۋالدىم. ئەمدى قايتساڭلار بولىدۇ، — دېدى ئەختەم بارمىقىدا ئۈستەلنى چېكىپ تۇرۇپ، —

ھەربىرىڭلارنىڭ ئوقۇغان كەسپىڭگە لايىق خىزمەت چىققاندا ئۇقتۇرۇش قىلىمىز.

— ئەگەر ئېھتىياجلىق ئورۇنلاردىن كەسپىمىزگە ئائىت خىزمەت چىقماي قالسا، قانداق قىلىسىلەر؟ — سورىدى ئېگىزگىنە بىر ئوقۇغۇچى.

— سىز نېمە كەسىپتە ئوقۇغان؟

— تەنتەربىيە.

— ئۇنداقتا، كىنوخانا، تىياتىرخانىلاردا بىلەت ساتقۇچى، مال دوختۇرخانىلىرىدا ئات ـ ئېشەكلەرنى كىلىزما (ھەمەل) قىلغۇچى، ئەڭ بولمىسا بىرەر كارخانىدا بوغالتىر بولىسىز شۇ.

— ئەگەر مەن قوشۇلمىسامچۇ؟

— مۇۋاپىق خىزمەت چىققۇچە ساقلايسىز.

— مەسىلەن، قانچىلىك؟

— ئۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن، بىر نەچچە ئاي ياكى بىرقانچە يىلمۇ، ئىشقىلىپ، قىيدام كەكىگە ئەگىر ساپ چىققۇچىلىك....

باللار پاراققىدە كۇلۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئەختەم كەم سۆزنىڭ گەپلىرىدىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغان گۈلپىيە يەر باققىنىچە ئولتۇراتتى.

— ھەممىسى چىقىپ كەتسە، سىز نېمىگە ئولتۇرىسىز، — دېدى ئەختەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — سىزغۇ مال دوختۇرلۇقىدا ئوقۇمىغانسىز؟

— ياق! — گۈلپىيە بېشىنى كۆتۈردى، — مەن مالىيە بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن.

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالغان ئەختەم گۈلپىيەگە تىكىلگىنىچە ئاغزى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىمۇ، ئاق قەغەزگە تامغان ئىككى تامچە سىياھتەك كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپقارا يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ

گويا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ سالسا ياكى ئاغزىنى يۇمسا، شېرىن چۈشى بۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك ھاڭقايغىنىچە گۈلپىيەدىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەكمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى.

— ئەختەمكا، ئاغزىڭىزغا چىۋىن كىرىپ كېتىدۇ، تېز يۇمۇۋېلىڭ، — دېدى گۈلپىيە مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — بولمىسا ھەممە چىۋىننى سىز تەرەپكە ھەيدىۋېتىمەن.

— ئاھ، جانانىم، ھەممە چىۋىننى مەن تەرەپكە ھەيدىۋېتىڭ، — ئەختەم قولىدا ئىشارە قىلدى، — ئۇچىڭىزغا قونغان چىۋىنلەرنى سىز بىلەن قوشۇپلا يۇتۇۋېتەي.

— قېلىن، ئاچ پاقا، مېنى يۇتۇۋېتەرمىش تېخى.

— جېنىم ئۇكام، گۈلپىيە، — ئەختەم ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، گۈلپىيىنىڭ مۇرىلىرىدىن تۇتۇپ، چىرايلىق كۆزلىرىگە قارىدى، — بۇ سىزمۇ؟ مېنى ئەجەب ئەخمەق قىلىدىڭىزا، جىن تاكا! مەن سىزنى قاچاندىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن. قاچاندىن بېرى يولىڭىزغا قاراۋاتىمەن، قاچاندىن بېرى چۈشلىرىمدە كۆرۈۋاتىمەن، قاچاندىن بېرى....

— نېماداق جىق «قاچاندىن بېرى» بۇ؟ مەن سىزنى ساقلاڭ دېگەندەك.

— نېمانداق گېپىڭىزدە تۇرمايدىغان قىزسىز! «مەن ئوقۇشتىن كەلگىچە ساقلاڭ» دېگەچكە، مۇشۇ ئىشخانىدا ساقلىغىلى ئىككى يىل بولدى. توۋا، توۋا، ئەمدى كەلدىڭىزما؟

— ۋاي ئانامەي، نېماداق سارالڭ قېتىش نېمە ۋوي بو...

— كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، ئامرىقىم، — ئەختەم گۈلپىيەنىڭ دۈمبىسىدىن يەپىلىگەندەك قىلىپ دىۋاندا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا ئىستاكاندا چاي ئېلىپ كەلدى. ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا روبىرو ئولتۇرۇپ، يەنە قاراشقا باشلىدى.

— ئەختەمكا، بۇنداق قاراۋەرمىڭا، مەن خىجىل بولىدىكەنمەن.

— ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلدىڭىزما، تاتلىقىم؟... قېنى چاي ئىچىڭ چىرايلىقىم....

— مېنى ئامرىقىم، تاتلىقىم، چىرايلىقىم، جانانىم دەۋەرسىڭىز چىقىپ كېتىمەن جۇمۇڭ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، گۈزىلىم...

— ۋاي خۇدايىم، يەنە...

— ھە، ماقۇل، ماقۇل، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق دېمەيمەن، پەرىشتەم.

گۈلپىيە ئورنىدىن شاپپىدە تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭغانىدى، ئەختەم ئۇنى نېمىلەرنىدۇر دەپ يەنە ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ خېلىلا پەسكويغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن گۈلپىيە سومكىسىدىن ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىپلومى ۋە باشقا رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ ئالدىدىكى چاي ئۈستىلىگە قويدى، ئەختەم بىرەر ماتېرىيال، ھۆججەت، ئاددىيسى گېزىت كۆرگەندە ياكى بىرەر كىم بىلەن رەسمىي يوسۇندا سۆزلەشكەندە، بەكمۇ ئەستايىدىل ئىدى. ھەرگىز ئالىجۇقا سۆزلەپ كىشىنى بىزار قىلمايتتى. ئۇ گۈلپىيەنىڭ بارلىق ئىسپاتلىرىنى كۆرۈپ بولۇپ، مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك ئوقۇپسىز، گۈلپىيە، قانداق خىزمەت قىلغۇڭىز بار؟

— ئوقۇغان كەسپىم مالىيە بوغالتىرلىق بولغاندىن كېيىن بىرەر ئىدارە ياكى شىركەتنىڭ بوغالتىرلىقى بولامدۇ ياكى كاسسىرلىقى بولسىمۇ مەيلى ئىدى، — گۈلپىيە بىردىنلا مۆڭلىنىپ قالدى، — لېكىن، ئەختەمكا، شەھەرگە يېقىنراق ئورۇنلاردىن بىرەر خىزمەت تېپىلارمۇ؟

— چىمەن ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر ئالاقە بار، ئۇنىڭدا...

— ۋاي خۇدايىم، تەكلىماكانىنى كېسىپ ئۆتىدىغان مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىگىما؟

— ئەمىسە، يۇلغۇنباغ، قاراتال ياكى توغراق ناھىيىسىچۇ؟

— ئۇلارمۇ يەتمىش، سەكسەن، ھەتتا يۈز نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيىلەر تۇرسا، مەن ئاتا ـ ئانامنى تاشلاپ، ئەشەلەردە يالغۇز ئىشلىسەم يۈرىكىڭىز چىدامدا؟

— تېخى ناھىيىدە تۇرۇشىڭىزمۇ ناتايىن، ئۇلار سىزنى يېزا ـ كەنتلەرگە ئەۋەتىشى تۇرغانلا گەپ.

— ئەنە ئۆزىڭىز بىلىدىكەنسىزغۇ، يۈرىكىڭىزدىن سوراپ بېقىڭا، نېمە دەيدىكىن؟

— ھەببەللى، ئەمدى راست گەپنى قىلدىڭىز، — ئەختەم كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتى، — سىز دېگەندەك يۈرىكىم چىدىمايدۇ، سوراپ باقسام تېخىمۇ ئۇنىمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن! سىز ئوقۇشتا چېغىڭىزدا دادام ئانىڭىزغا، دادىڭىزغا نەچچە قېتىم سىز توغرۇلۇق تېلېفون بەردى. ھەتتا بوۋىڭىزمۇ: «سەندىن بىر نەۋرەمنى ئايىمايمەن، ئەمما ئالدى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى تېپىشسۇن» دەپ جاۋاب بەردى.

بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن گۈلپىيە پۈتنىنىڭ ئۇچىغا قارىغانچە ئۇندىمەي ئۆزۈن ئولتۇرغان بولسىمۇ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ، بوۋىسىنىڭ بۇ توغرۇلۇق گەپ ئاچمىغانلىقى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى بىرلىككە كەلسۇن، دېگەنلىكى بولماي نېمە؟ لېكىن ئۇلارمۇ تېگى ـ تەكتى ياخشى بولمىغان بالىلارنى ھەرگىز سايە قىلمايدۇ. ئەختەمنىڭمۇ كۆڭلى تۈز بولغاچقا، ئىچىدە نېمە بولسا شۇنى دەۋېرىدۇ. ھەرگىز غۇم ساقلايدىغان بالىلاردىن ئەمەس.

— گۈلپىيە، ئەگەر سىزنى ئاشۇ يىراق دەشتى سەھرالارغا تەقسىم قىلىنۇەتسە، مەن خىزمىتىمنى يۆتكەپ قېشىڭىزغا بارمىسام ئادەم بولماي كېتەي.

— بولدى، بۇنىڭغىمۇ قەسەم قىلىش كېتەمدۇ، — گۈلپىيە

بوش پىچىرلىدى، — مەن... مەن سىزگە ئىشىنىمەن.

— قارالڭ، گۇلپىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك بىر ئورۇن بار، بولامدۇ؟

— نېمە؟ ۋىلايەت دەرىجىلىك دېدىڭىزما؟ ئۇلار قوبۇل قىلارمۇ؟

— سىزدەك كەسىپنى پۇختا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىنى ھۆرۈ - پۆرۈ دەيدىغان بولسا، مەڭگۇ پۇشايماندا قالار، — ئەختەمنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرىپ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرنىڭ تامغىسىنى باستۇرىمەندە، پوچتا ئارقىلىق يوللىۋېتىمەن.

— قايسى ئورۇن ئىكەنلىكىنى دېمىدىڭىزغۇ؟

— ۋىلايەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەرلىك چېگرا سودىسى شىركىتىگە بارىسىز، ئۇلار بىزنىڭ بىر بوغالتىر ئەۋەتىشىمىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ.

دۇنيادا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى بارمىش، ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئەختەم كەم سۆزنىڭ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشى قايسى تۈرگە كىرەر؟ ئۆزۈمچە «چىۋىن بىلەن بىللە يۇتۇش» ھېيلىسى دەپ باقتىم. «ساقلا دېگەچكە، مۇشۇ ئىشخانىدا ئىككى يىل ساقلىدىم، ئەمدى كەلدىڭىزما؟» دەپ ئۇششۇقلۇق قىلغاچقا، «مۇتتەھەم مۇھەببەت» دېگۇمۇ كەلدى. تېخى قىزلار ماختاشقا ئامراق بولغاچقا، «ئامرىقىم، تاتلىقىم، چىرايلىقىم، جانانىم، پەرىشتەم...» دېگەن مەدھىيىلەردىن «ئېرىگەن مۇھەببەت» دەپ ئاتاپمۇ كۆردۈم. بىراق ھېچقايسىسىنىڭ تىگىشى توختىمىدى. شۇڭا، بولدىلا «بۇنداق غەلىتە مۇھەببەتكە ئىسىم قويۇپ نېمە كەپتۇ...» دەپ ئويلىغان چېغىمدا، «غەلىتە مۇھەببەت» دېگەن ئىسىم پىچىپ تىككەن كىيىمدەك سىڭىشىپلا قاپتۇ. مانا كۆردۈڭلار، غەلىتە مۇھەببەت

شاھىتلىرىدىن ئىككى ياش بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ھالدا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بولۇپمۇ، ئەختەم كەم سۆزنىڭ قىزىق، يۇمۇرلۇق گەپلىرى گۈلپىيەنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. ئۇلاردا ھازىر نە تارتىنىش، نە تەكەللۇپ قالمىدى. گۈلپىيەمۇ ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان ۋاقتىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ دوستلۇق، مۇھەببەت جەريانلىرىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلىمەكتە ئىدى. ئەمما، شۇ پەيتتە خىزمەت ئۇستىلىدىكى پىرقىراتما نومۇرلۇق تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى.ئەختەم تۇرۇپكىنى قويۇپلا گۈلپىيەگە قايرىلدى.

— گۈلپىيە، چوڭ ئۆيگە بارىلى، بوۋىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ.

— نېمە؟ — گۈلپىيە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — تېلېفوننى كىم بېرىپتۇ؟

— مېنىڭ دادام، ئانام ئىككىسى ئاقتامدىن كەپتۇ. ئۇلارغا دادىڭىز پەخرۇللا خەۋەر قىلغان ئوخشايدۇ.

مۇھەببەت بوستانلىرىغا ئەمدىلا قەدەم ئالغان ئەختەم ۋە گۈلپىيە خۇشاللىق ئىچىدە بەخت چېچەكلىرىنى تەرمەكتە ئىدى. لېكىن بۇ خۇشاللىقنىڭ قايغۇ ئاتلىق كۈشەندىسى نەلەردىندۇر ھازىر بولدى! بالىلىق چاغلىرىم ئىدى، «خەلپەم بۇزرۇكۋار» قەبرىستانلىقىدا چاچ ـ ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن بىر ئاشىق قەلەندەر بولىدىغان! ئۇ ساپايىسىنى شاراقلىتىپ، قەبرىلەر ئارا بەكمۇ مىسكىن ۋە مۇڭلۇق ھۆكمەت ئوقۇيتتى. سىيماسى ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىر قولىدا ساپايى، يەنە بىر قولىدا قۇلىقىنى تۇتقان ھالدا، كۆككە بېقىپ مۇنداق غەزەل ئېيتقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە:

جاھان ئىچرە كۈشەندىسىز مەۋجۇدات بولماس،
شادلىقمۇ قايغۇ بىرلە مەڭگۈگە ھەمراھ ئېرۇر!

# ئون بەشىنچى باب

## چاقناۋاتقان ئەمەل يۇلتۇزلىرى

راخمانوفنىڭ يىل نەزىرىسى بېرىلىپ، ئەختەم بىلەن گۇلپىيەنىڭ تويى بولغىنىغىمۇ يېرىم يىلدىن ئېشىپ قالدى. بۇ خۇشاللىقا يەنە بىر خۇشاللىق قېتىلىپ، پەزلىيە ئاقتام ناھىيىسى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ ئالدىغا «مۇئاۋىن» دېگەن دەرىجە ئايرىمىسى قېتىلمايدىغان بولدى. پەزلىيە چاندۇرمىغىنى بىلەن بۇ بىر ئېغىز سۆزدىن بەكمۇ نومۇس قىلاتتى. تېخى ئۆلگەنىنىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك ئورۇمچىگە ئەمدىلا ئوقۇشقا كەتكەن كىچىك ئوغلى ئەليار چېغىمدا: «ئانا، سەن قاچانلا بولسا مۇئاۋىن بولامسەن؟ شۇنى ئاتىمايدىغان كۇنمۇ بولارمۇ؟» دەپ پات ـ پاتلا تاپا ـ تەنە قىلاتتى.مانا ئەمدى ئەليارمۇ خۇش بولىدىغان بولدى. دېمىسىمۇ ناھىيە، ۋىلايەتلەردە يىغىن ياكى بىرەر پائالىيەت بولۇپ قالسا، زالدىكى يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرىدىن «مۇئاۋىن پالانى» دېگەن ئاۋاز ياڭرىغان هامان، پەزلىيەنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان بىرىنچى قول ئەر ـ ئايال سەپداشلىرى ئالدىدا، يۈزىنىڭ قىزارغانلىقى ئۆزىگە مەلۇم بولاتتى. مانا ئەمدى يېقىن ـ يورۇق، تەڭ دېمەتلىك باشلىقلار، ئاددىيسى بالىلىرىنىڭ يۈزىگىمۇ تىكىلىپ قارىيالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى!

پەزلىيە رەسمىي رەئىس بولغاندىن باشلاپ، قەدەملىرى تېتىك، ئىدارىدىمۇ ئاۋازى ياڭراپ چىقىدىغان بولدى. شۇنداق

كۆزلىرىنىڭ بىرىدە گۈلپىيە بىرمۇنچە سوۋغىلارنى ئېلىپ ئانىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ پېشانە مەڭزىلىرىگە چۈشكەن قوڭۇررەڭ داغلاردىن، خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان قورسىقىدىن ھامىلىدار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مېڭىشلىرىمۇ ئانچە نورمال ئەمەس ئىدى. تۇنجى نەۋرە دېگەن شۇنداق تاتلىق بولامدۇ، پەزلىيە بەك خۇشال كۆرۈنەتتى.

— دوختۇرخانىغا كۆرۈنۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— كۆرۈندۈم، تۆت ئايدىن ئېشىپتۇ. ئانا، مەن... مەن بەك قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن قورقاتتىڭىز، «تۇغۇت» دېگەنىنىڭ سۇرى بار. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە خۇدايىم ئاسايىشلىقىنى بېرىدۇ، — پەزلىيە ئىشىك سىرتىغا قاراپ قويدى، — ئەختەم كەلمەپتۇغۇ؟

— ئۇ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۇرسىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. بىردەممۇ بىكار بولالمايدۇ.

— ئېغىر ئاياغ تۇرسىڭىز، يالغۇز يولغا سېلىپ قويغىنى نېمىسى.

— كۇرس تۈگىگەندە بىللە بارايلى دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىدىم.

— بىر يەرلەردە تېيىلىپ، مۈدۈرۈپ يىقىلىپ كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— بولدىلا ئانا، كوتۇلداۋەرمەڭ. ئەزھەر تېخى كەلمىدىمۇ؟

— كېلىمەن دېگەن قاراسىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھايال بولۇپ قالدىغۇ.

— مەكتىپىدىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولالمىغان ئوخشايدۇ.

كەچلىك ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. پەزلىيە توڭلاتقۇدىن سەۋزە، گۆش ئېلىپ، پولۇنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. پەخرۇللا بايىلا تېلېفوندا «كەچتە پولۇ ئەتسىڭىز

قانداق؟» دەپ پولۇ سىغىنغانلىقىنى پۈرىتىپ قويدى. دىمىسىمۇ ئەتىياز ۋاقتىدا مايلىقراق تاماق يەپ تۇرمىسا، ئاسانلا تۇمۇ تېگىپ قالاتتى.ئانا ـ بالا ئىككىسى سەۋزە قەلەم قىلىپ، گۆرۈچلەرنى يۇيۇپ، بىر دەمدىلا پولۇنى دۈملەپ تۈرۈشىغا، پەخرۇللا كىرىپ كەلدى. ئۇ ھازىر 45 ياشلاردىكى تولغان، قاراشلىرى ئېغىر، ئۆزى سالماق، تەجرىبىلىك رەھبەر سىياقىدا ئىدى. پەخرۇللا قىزى گۈلپىيە بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ، ئاپتۇۋنى قولىغا ئېلىشىغا، پەزىلىيە ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. ئۇلار تاماق ئۈستىلىدە تاماق يەپ ئادەتلەنگەچكە، پەخرۇللا ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك ئورنى تۆردىكى يۆلەنمە ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. پەزىلىيە گۆش باسقان بىر لېگەن پولۇنى ئۈستەلگە ئەمدىلا قويۇشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ، چامادان، سومكىلارنى كۆتۈرگەن ئەزھەر كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇن ـ تورۇن بولۇشۇپ كەتتى. پەزىلىيە، گۈلپىيەلەر قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كېتىشتى. پەخرۇللا بولسا قول بىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ ئورۇپ قويدى.

— ئوقۇشۇڭ ئەجەب ئۇچ ئاي كېچىكىپ كەتتىغۇ، — دېدى پەخرۇللا ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — قېنى بۇ يەردە ئولتۇر، ئەزھەرگە قوشۇق ئەكېلىپ بېرىڭلار.

— بولدى دادا، قولۇمنى يۇياي.

ئەزھەر تارغا چۈشۈپ بولغۇچە، گۈلپىيە ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. ئاندىن دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— مەركەزدىن ساقچىلارغا ئائىت يېڭى دەرسلىك ماتېرىيال كەلگەن، — دېدى ئەزھەر چېيىنى ئوتلاۋېتىپ، — شۇنىڭ بىلەن باشقىدىنلا دەرس باشلىنىپ كەتتى.

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، — پەخرۇللا ئوغلىنىڭ ساقچى فورمىلىرىغا قاراپ قويدى، — ئاۋۋال تاماق

يېگىن، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇر.

— بالام، — پەزلىيە ئوغلىغا چاي قۇيدى، — ئۇكاڭ ئەلىيار بىلەن كۆرۈشتۇڭمۇ؟

— ئۇ تاۋى نازۇك بىلەن كۆرۈشمەي كەتكىلى بولامدا، ئانا، — دېدى ئەزھەر كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ يىغلىسا، ئاقتامغا ئاڭلىنار.

پەخرۇللا، پەزلىيە، گۈلپىيەلەر ئۇنلۇك كۈلۈۋېتىشتى. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن پەزلىيە ھويلىدىكى ئامبارغا چۈشۈپ بىر لېگەن نەشپۈت ئېلىپ كىردى. پەخرۇللا قەلەمتىراشتا ئاقلاپ تەخسىگە ئېلىپ بولغۇچە، ئەزھەر بىر تال نەشپۈتنى قولياغلىقىدا ئانچە - مۇنچە سۈرتۈپلا يېيىشكە باشلىدى. پەخرۇللا ئاقلىمىغان نەشپۈتنى ھەدەپ چايناۋاتقان ئوغلىغا قاراپ قاپىقى تۇرۇلدى:

— نەشپۈتنىڭ سىرتىدا بىرخىل شىلىمشىق دېھقانچىلىق دورىسى بار، — دېدى پەخرۇللا خاپا بولغان ھالدا، — ھەرقانچە سۈرتسەڭمۇ چىقمايدۇ. ئۇ خىمىيىلىك دورا بولغاچقا، ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق.

— ئا... دادا، جۇڭگولۇقنىڭ ئاشقازىنى تاشنىمۇ ھەزىم قىلىۋېتىدۇ. چەت ئەللىك ئەكسىيەتچىلەر جۇڭگو خەلقىنى زەھەرلەش ئۈچۈن پېدىگەننى كىرگۈزگەن ئىكەن. لېكىن ئۇنى ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى كۆكتات قاتارىدا ئىستېمال قىلىۋاتىمىزمۇ.

پەزلىيە بىلەن گۈلپىيە ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى. لېكىن پەخرۇللا ئوغلىغا يەر تېگىدىن قاراپ، بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە: ھازىرقى ياشلار ئىچى قۇرۇق سېۋەتكىلا ئوخشايدۇ. گەپ قىلىڭ دېسە ئۇن ئېشەككە يۈك، بىراق قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ... دېگەن خىيال سايە سېلىپ ئۆتتى.

— ئوقۇش پۈتكۈزدۇڭ، نەدە ئىشلەي دەيسەن؟ — پەخرۇللا

ئاچچىقىدا تومتاقلا سورىدى، — ھازىرچە ئەمەلىي تەجرىبە بىلىمىڭ كەم، شۇڭا يېزا ساقچىخانىلىرىدا ئىشلىگىن ياكى ئىدارە - جەمئىيەت، شىركەت، مەكتەپلەرنىڭ قوغداش خادىمى بولساڭمۇ بولىدۇ.

— بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ، نەدىكى بىر يەرلەردە ئىشلەپ يۈرسەم، يۈزۈڭگە سەت تۇرا.

— سەن خەلق ئۈچۈن ئەمەس، مېنىڭ يۈزۈم ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — پەخرۇللا بىردىنلا ھۆرپەيدى، — بىلىپ قوي ھاكىملىق دېگەن ئوغرى ئاچالمايدىغان ساندۇق ئەمەس! ھوقۇقنى ئۆز كۆمىچىمگە چوغ قىلىپ تاتسام، پارتىيە - خەلققە قانداق يۈز كېلەلەيمەن.

— ياق، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيمەن.

— بولدى، بۇ ھەقتە تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق.

— گەپنى ئۇنداق قاتتىق قىلماڭ، — پەزلىيىنىڭ سۆزى تەئەددى بىلەن چىقتى، — چىرايلىق چۈشەندۈرسىڭىز بولىدۇغۇ.

— بىلىملىك ستۇدېنتلارغا چۈشەندۈرگىلى بولامدا؟! مەندە ئۇنچىلىك سەۋىيە نېمىش قىلىسۇن، پېدىگەننىڭ ئادەم زەھەرلەيدىغان بومبا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي يۈرسەم...

پەخرۇللا ئوغلىدىن ھەقىقەتەن خاپا بولغانىدى. ئەزھەرنىڭ ئىمدىلا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك بىلەن قىلغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزى خۇددى ئەسكى تامدىن تاراش چۈشكەندەك قوپال ئاڭلاندى. دەرۋەقە، ئەزھەرنىڭ سۆزلىرىدە قىلچە ئىلمىيلىك يوق ئىدى. قانداق سارالڭ چەت ئەللىك ئۇ، جۇڭگولۇقنى زەھەرلەش ئۈچۈن ھېچنېمە تېپىلمىغاندەك پېدىگەننى كىرگۈزىدىغان! جۇڭگولۇقمۇ ئادەم، تاشنى ھەزىم قىلىۋەتكىلى ئۇ تاش ئېزىش ماشىنىسى ياكى تاشقى پلانېتىدىن كەلگەن غەلىتە مەخلۇق بولمىسا! گەپنى

قىل سىغار يەرگە دېگەندەك، ئۆرۈمچىدە ئوقۇغاندەك ئىلمىي، كەمتەر، سەممىيلىك بىلەن سۆزلىسە بولمامدۇ؟ بۇ... بۇ... تۆۋەندە بىر مەزگىل چېنىقمىسا بولمىغۇدەك!

پەخرۇللا دېگىنىنى قىلدى. ئەزھەرنىڭ چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان تاغلىق رايون «قىسىل» يېزىلىق ساقچىخانىغا ئەۋەتىلىشى، پەزلىيەنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇ ئەر ئالدىدا غالۋاراپ، ئۆزى دېگىنىنى راست قىلىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەزھەرنى «چېنىقسۇن» دېگىنىمۇ خاتا بولمىسا كېرەك پەخرۇللا، پەزلىيە، ئىكرام، پەرۋىنەلەر قايتا تەربىيە ئالغان ئاشۇ دەۋرلەردە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن. شۇڭا، ئۇلار پاراۋوزنىڭ كېرەكلىك ۋىنتىسى بولالىدى. ئاددىيسى پەرۋىنە چېغىدا ھازىر بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھەم ياچېيكا شۇجىسى. شۇ چاغدىكىدەك ئېغىر ئەمگەك، قاتتىق تۇزۇم ئۇلارنى جىرىڭلاپ تۇرىدىغان كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ساپ ئادەملەردىن قىلىپ چىقمىدىمۇ؟! بۇنداق يەكۈنلەرنى ئەقىل جەھەتتىن قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ، بىراق ھېسسىيات جەھەتتىن بىز يەنىلا خام سۈت ئەمگەن ئادەملەردە! لىللا سۆزلىگەندە، پەزلىيە يىراق تاغلىق رايوندا جاپا چېكىۋاتقان ئوغلىغا زادىلا چىدىيالمىدى. ئەزھەرمۇ ھەر كەلگىنىدە بىر نەچچە كۈن ھەتتا ھەپتىلەپ ئىشقا بارمايدىغان، ئاغىنىلىرى بىلەن قەيەرلەردىدۇر ئىچىپ ئوينايدىغان بولۇۋالدى. «قىسىل» يېزىلىق ساقچىخانىدىكى مەسئۇل خادىملار «ھاكىمنىڭ ئوغلى» دەپ، ئەدەپلەشكە، خىزمەتتىن ھەيدەشكە قولى بارمىدى. ئەدناسى ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۆرۈپ قويۇپ، تۆيىقىنىڭ سىرقىراپ كېتىشىدىن قورقتى. لېكىن بىر قېتىم مائاش تارقاتقاندا ئەزھەرنىڭ قولىغا 28 سوم تەگدى.

— ھەي، كاللاڭ جايىدىمۇ قانداق؟ — ئەزھەر بوغالتىرغا قولىنى شىلتىدى، — مېنىڭ مائاشىم 62 سوم ئىكەنلىكىنى

بىلمەمتىڭ، قالغىنىنى نەگە ئاپاردىڭ؟

ئەسلىدە ئەزھەر «قالغىنىنى ھاماماچاڭغا ئاپىرىپ بەرمەمتىڭ!» دېمەكچى بولدىيۇ، كىچىككىدىن تارتىپ ئادەم تىللاپ ئۆگەنمىگەچكە، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— كەچۈرۈڭ، ئەزھەر، — دېدى بوغالتىر تەمكىن ھالدا، — سىزنىڭ مائاشىڭىزغا چېقىلىشقا ھەددىم ئەمەس، لېكىن ئىش قالدۇرغانلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇش، ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى.

— نېمە، دادامنىڭ؟

ئەزھەرنىڭ ئۆتى يېرىلغۇدەك غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. ئۇ بۇ ھەقتە دادىسى بىلەن ھۆرۈ - پۆرۈ دېيىشەلمەيتتى. توغرىسى گەپتە تەڭ كېلەلمەيتتى. پەخرۇللانىڭ ھەربىر سۆزى خۇددى تاشقا مىخ قاققاندەك قاتتىق تەسىر قىلاتتى. ئىلمىي، سەممىي، ئىسپاتلىق، ئومۇمىيلىق كۆزدە تۇتۇلغان بۇنداق مۇنازىرىلەردە، مۇنازىرىلىشىشكە ئەزھەرگە تېخى بالدۇر ئىدى. چۈنكى، ئوقۇش ئاساسى بولغىنى بىلەن ئەمەلىي تەجرىبە بىلىمى كەملىك قىلاتتى. يەنە تېخى پەخرۇللانىڭ سۆزى، قىلغىنى ھەقىقەتكە، سىياسەتكە، تۈزۈم - مىزانلارغا ئۇيغۇن پاكىت تۇرسا! شۇڭا، پەزلىيە يىغلاپ - قاقشاپ كەلگەن ئەزھەرگە: «يەنە بىر ئاز چىدا، بالام» دېيەلىدىكى، پەخرۇللاغا كالپۇك يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى.

ئەزھەر قىسىلدا ئۈچ ئاي ئاران چىدىيالىدى. ئاخىر ئۇ خىزمىتىنى تاشلاپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ تەلىيى بىردىنلا ئوڭغا تارتىپ، ئانىسىنىڭ ئەمىلى بىرنەچچە قاتلاپ ئۆسۈپ، ئاتىسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار كاتتا باشلىققا ئايلاندى. مارت ئايلىرىنىڭ باشلىرى ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، پەزلىيە ناھىيىلىك مەخپىيەتلىك ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئارىدىن يەنە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ئۇقتۇرۇشى بىلەن ئارخىپ ئىدارىسىگە ئىدارە باشلىقى بولدى. «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى»، «ئارخىپ ئىدارىسى» ۋە «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى» قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە «ھاجەتمەن» لەردىن ئىدى. شۇڭا، بىر كۈنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئەزھەرنى يۆتكەپ كېلىپ، جىنايى ئىشلار بۆلۈمىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ بېكىتتى. پەخرۇللا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ زەمچىگە باسماقچى بولدىيۇ، بىراق ۋاقىت يار بەرمىدى. ئۇ ساقچى باشلىقىنى چاقىرىپ بولغۇچە، ئۇنى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى فاڭ جژچىڭ «ئىشخانامغا تېز كېلىڭ» دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈردى.

پەخرۇللا خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە تېلېفون قىلىشى، شوپۇر ئابدۇقېيۇم جىپ ماشىنىنى شۇ ھامان ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدىن چىقىشىغا، پەخرۇللا «ئارخىپ ئىدارىسى ئالدىدا توختات» دەپ قويدى. ئابدۇقېيۇم ماشىنىنى ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ ھويلىسىغا ئەكىرىپ توختاتتى. پەخرۇللا باشلىق ئىشخانىسىغا كىرىپ: «پەجۇجاڭنى ئىزدەيتتىم» دېيىشى، پەزلىيەمۇ كۈلۈپ قويۇپ: «قېنى ئولتۇرۇڭ، نېمە دەردىڭىز بار ئىدى» دەپ دىۋانغا تەكلىپ قىلدى. پەخرۇللا ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى فاڭ جژچىڭنىڭ چاقىرتقانلىقىنى، لېكىن سەۋەبىنى دېمىگەنلىكىنى دەپ بەرگەندى. پەزلىيە خېلىغىچە ئۈندىمەي جىم ئولتۇردى ـ دە، ئاستاغىنە غۇدۇڭشۇپ قويدى:

— كۆڭلۈم بىر ئىشتىن ئۆيۈپلا تۇرىدۇ.

— قانداق دەيسىز؟

پەزلىيە بىر ئايدىن بىرى شەھەردە ئېچىلغان ئارخىپ ئىدارىسى ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشقانىدى. شۇ يەردە ھەرقايسى ناھىيە ۋە شەھەردىن كەلگەن بەزى رەھبەرلەر پەزلىيەدىن «پەخرۇللانى چىمەن ناھىيىسىگە بېرىنچى قول ھاكىم ۋە مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ يۆتكەيمىشقۇ» دەپ سورىغانىدى. كەچتە يىغىنغا قاتناشقانلارنى بىر رېستوراندا كۈتۈۋالدى. شۇ چاغدا فاڭ شۇجى پەزىلىيەگە چاقچاق قىلىپ:

— سىز كۆڭۈلدىكىدەك ئۆستىڭىز، ئەمدىكى نۆۋەت پەخرۇللاغا كەلگەندۇ، — دېگەن بولسىمۇ، لېكىن پەزلىيە يەنىلا ئەنسىرەپ قالغانىدى.

پەزلىيەنىڭ ئېيتقانلىرىغا نەئىشىنىشنى، نە ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمىگەن پەخرۇللا ئورنىدىن تۇردى:

— مەن بېرىپ باقاي، ئەھۋالنى ئۇقماي تۇرۇپ، ھەرخىل پەرەز قىلغىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق.

— بوپتۇ بېرىڭ. ئىلاھىم، ئويلىغانلىرىمىز بەھۇدە بولۇپ چىقار.

پەخرۇللا ئىشخانىدىن كەيپى چىگىش ھالدا چىقىپ، ماشىنىنىڭ ئارقا دېۋانىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئابدۇقېيۇم ئۇنى «ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىڭ، سىلكىمەيدۇ» دەپ تەكلىپمۇ قىلمىدى. چۈنكى پەخرۇللا خىزمەتتە بىرەر توسقۇنغا ئۇچرىسا ياكى بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قىيىنغا چۈشسە، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. قايتىپ كەلگەندە دەرھال قارار چىقىراتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ پەزلىيەنىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرىنى تەھلىل قىلماقتا ئىدى. ئۇ قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەت، ئېغىر سىناقلاردىن قورقۇپ قالمايدۇ! لېكىن، چىمەن ناھىيىسى ۋىلايەت مەركىزىدىن مىڭ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەڭ چوڭ ناھىيە بولۇپ، قەدىم ئەييامدىن تارتىپ

قۇم ـ بوران، كەلكۈن ئاپەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. پەخرۇللا ئۇ يەرنىڭ مۇھىتىغا، شەرت ـ شارائىتىغا، ئادەت كۈچلىرىگە ماسلىشىپ بولغۇچە، ئىشلار ئاقساپ قالسىچۇ، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتسىچۇ! يا، ياق! ھەرقانچە قىيىن مۇشكۇلاتنى ئىرادىلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قەيسەر ئادەملەر يېڭەلەيدۇ. راست! پەخرۇللا يېڭەلمەيدىغان يەنە قانداق دىشۋارچىلىقلار بار؟ «تاشقىن»، «سايتېكە»، «قوتانكۆل»، «تارشىلىق» يېزىلىرى، ئاقتام ناھىيىسىنىڭ ئەڭ يىراق يېزا ـ كەنتلىرى قاتارلىق يەرلەردە ئىشلىگەنلىرىدە، جىگدە كۆتىكىدەك بەزلىشىپ كەتكەن ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىمۇ بەش يۇچۇق قىلىۋەتمىدىمۇ!

— توۋا، — پەخرۇللا بېشىنى سىلكىپ ئەسلىگە كەلدى، — سۇنى كۆرمەي ئىشتان سالغاندەك، نېمە خىياللارنى قىلىپ كەتتىم، تازا كۇلكىلىك ئەخمەقلىقتۇ بۇ.

ماشىنا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەتىر گۇللەر بىلەن قاپلانغان قورۇسىغا كىرىپ توختىدى. پەخرۇللا فاڭ جىژىچىڭنىڭ ئىشخانىسىنى چېكىشى، فاڭ شۇجى ئىشىكنى ئۆزى ئاچتى.

— ئاھۇي، ئاقتامنىڭ سەركەردىسى كېلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، — فاڭ جىژىچىڭ پەخرۇللانى يېشىل مۇۋۇتلۇق دىۋانغا ئولتۇرغۇزدى، — ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا يولدا راسا جاپا تارتتىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ياقەي، ماشىنىنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋەتسە، شامال يورۇشۇپ تۇرىدىكەن.

— قېنى سوغۇق چاي ئىچىڭ، — فاڭ جىژچىڭ ئىستاكاننى چاي ئۇستىلىگە قويدى، — سىزنى چاقىرتىپ بولۇپ، ئۆزۈم بارسام بوپتىكەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلدىم.

فاڭ جىژچىڭ ئەمەل ئۇستىلىدە ئولتۇرماي، پەخرۇللانىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆرپە سېلىنغان شادىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇ

ئانچە پاكارلار قاتارىغا كىرمىسىمۇ، بىراق سىمىز، غوللۇق ئادەم بولغاچقا، پاكار، دىقماق كۆرۈنەتتى. ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان يۈزى ھۆپپىدە ئىسسىلىپ پىشقان بولدۇرۇق مانتىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ چوقاچاچلىرى تامامەن چۈشۈپ كەتمىگەن بولۇپ، خۇددى شورلۇقتا ئۇنگەن مايسىدەك ئاندا ـ ساندا چارچاچلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردە دىڭگىيىپ تۇراتتى. فاڭ شۈجىنىڭ 50 ياشلاردىن ئاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

— ھەم پەخرۇللا، كادىر دېمەكلىك، دۆلەتنىڭ بايلىقى دېمەكلىك، — فاڭ جىزچىلىك سىياسىئونلاردەك سۆزلەيتتى، — دۆلەت بۇ بايلىقنىڭ خاراكتېرى، قىممىتى، يۇكسەكلىكىگە قاراپ قەيەردە، قاچان، قانداق ۋەجىدىن ئىشلەتسە ئەڭ مۇۋاپىق ۋە نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ، بەلگىلەيدۇ، بېكىتىدۇ.

— فاڭ شۇجى، دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا دەڭا، — پەخرۇللا گەپنىڭ ئۇرانىدىن تېگىگە يېتىپ بولغانىدى، — زېھنىم گالىراق ئادەممەن، ئەگىتمە، مۇرەككەپ ياپتا گەپلەرنى ئانچە ئاڭقىرالماي قالىدىكەنمەن.

— ياخشى، ياخشى، ئەمىسە مەن تۈزۈت قىلمىدىم، — فاڭ شۇجى كىلىنى قىرىپ قويدى، — جاڭ شۇجى، ئا ۋالىي ۋە دائىمىي كومىتېتتىكى مەسئۇل رەھبەرلەر ئاغزاكى مەسلىھەتلىشىپ، سىزنى چىمەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىشنى بېكىتىشتى. شۇڭا. ئۇلار مېنىڭ سىز بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشىمنى تاپىلىغانىدى.

— بولىدۇ، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىمەن. چۈنكى، بىز كادىرلار سىز ئېيتقاندەك دۆلەتنىڭ بايلىقى. پارتىيىمىز نەگە قويسا شۇ يەردە ئۇنۇم يارىتىمىز.

— بەللى، بەللى، سىزنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىڭىزغا ئىشىنەتتىم، — فالاڭ شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىدا ماڭغىلى تۇردى، — چىمەن ناھىيىسى رەھبەرلىكىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر تۈگۈن بولۇپ قالدى. ئالدىنقى چېن ھاكىم ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىرىپ، ۋەيران بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم بولغان ئەمىردىن ئىسلام تۇرمۇش ئىستىلىدا بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، ئاخىر جەمئىيەتنىڭ داشقىلىغا ئايلاندى.

— بۇلارنى ئاز - تولا ئاڭلىغانمەن. لېكىن مېنى ئۇلارغا ئوخشاتمايۋاتقانسىز؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، سىز ئاساسىي قاتلامدا كۆپ سىنالغان كادىر. پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق سىزگە ئىشىنىدۇ.

— رەھمەت سىزگە.

— مەن دېمىسەممۇ چىمەن ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى سىزگىمۇ ئايان، — فالاڭ شۇجى چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — يامانتى ئويلىماي، ياخشىغا يەتكىلى بولماس، دېگەن گەپمۇ بار. مۇنبەت يەر، سۇ، يەر ئاستى بايلىق، قەدىمىي خارابىلىقلاردىن ئىبارەت ساياھەتچىلىك قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بولغىنى بىلەن قۇم - بوران، كەلكۈن ئاپەتلىرى ھەر يىلى دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ.

— چىمەن يۇرتىنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋاتقان سۇلۇكلەر ئاشۇ ئاپەتلەر. بىراق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان بىرەر - ئىككى رەھبەر بولسا، — پەخرۇللانىڭ مۇشتۇملىرى تۈرۈلگەنىدى، — ئۇمۇمىي خەلقنى ئويغاتقىلى، قوزغىلىغىلى، ئەڭ بولمىغاندىمۇ زىياننى ئازايتقىلى بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

— دېگىنىڭىز توغرا، ئەگەر ياخشى تەشكىللىگۈچى، ئەمەلىي قول تىققۇچى، ئاشۇ يۇرتقا چىن مۇھەببىتىنى بەرگۈچى رەھبەر بولسا، خەلق تەبىئىي ئويغىنىدۇ، تەسىرلىنىدۇ، سەپەرۋەرلىككە

كېلىدۇ.

— ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ئاساسى بار، — دېدى پەخرۇللا بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئاڭلىسام سىزمۇ چىمەندە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپتىكەنسىزغۇ؟

— شۇنداق سەككىز يىل شۇجى بولدۇم، — فاڭ جژچىڭ ئېغىر تىندى، — تەشكىلنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا يۆتكىلىپ كەلدىم.

— فاڭ شۇجى، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟

— قېنى سوراڭ.

— چىمەن ناھىيىسىگە مېنى يالغۇزلا ئەۋەتەمسىلەر؟ ياكى...

— سورىغىنىڭىز ئوبدان بولدى. پەزلىيە ئىككىڭلارنى بىر يولىلا ئەۋەتىشكە كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى، — دېدى فاڭ شۇجى پەخرۇللاغا تاماكا سۇنۇۋېتىپ، — جاپالىق يەرگە ئايال كىشىنى بېرىڭ، دېيىشكىمۇ ئەپسىزكەن. بارغان بولسىغۇ سىزمۇ خاتىرجەم ئىشلىگەن بولاتتىڭىز.

— ئايالىمنى ئويلاشمىغان بولساڭلار مەيلى، لېكىن بىر تەلىپىم بار.

— قېنى دەڭ.

— مېنىڭ ۋە يولدىشىمنىڭ ئانىسى ياشىنىپ قالدى. شۇڭا پەزلىيەنى بوستانغا يۆتكەپ بەرسەڭلار، قېرىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، مەنمۇ خاتىرجەم ئىشلىمەمدىم.

— بولىدۇ، پىكرىڭىزنى ئويلىشىپ كۆرىمىز.

پەخرۇللا بىلەن فاڭ جژچىڭ چىمەن ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى، تۇرمۇش مەسىلىلىرى قاتارلىق بىر مۇنچە ئىشلارنى سۆزلىشىپ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. شۇڭا، فاڭ جژچىڭ پەخرۇللا بىلەن شوپۇر ئابدۇقېيۇمنى يەرلىك كومىتېتنىڭ كادىرلار ئاشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئاشپەزلەر چۈشلۈك تاماقنى سېتىپ بولۇپ جوزىلارنى

سورتوپ، تازىلىق قىلىشۋاتاتتى. لېكىن، ئۇلار فاڭ جىژىچىڭنى كۆرۈپ، بىردەمدىلا ئىككى تەخسە قورۇما، بىر لېگەن هورناننى نەدىندۇر ئېلىپ كەلدى. پەخرۇللا بىلەن ئابدۇقېيۇم قورساقنى ئوبدان پوملىغاندىن كېيىن، فاڭ شۇجى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان پەخرۇللا كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان خىياللار قاينىمىغا كىرىپ كەتتى.

... قوتانكۆل يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدا، كۇنلەپ، ھەپتىلەپ ئېتىز، خامان، قوتان، ئېغىل، باغ، جاڭگال، نامرات ئۆيلىرىدىن كەلمەي، خەلق بىلەن ئەمدىلا ئىچىكىشىپ، يەر ـ جايلارنى تونۇپ، ھەردەرىجىلىك يېزا كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ، ئەمدىلا تۇزەش باسقۇچىنى باشلىغاندا، «تارشىلىق» يېزىسىغا يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ يۆتكىدى. قوتانكۆلدە ئارانلا بىر يىل تۇرغان پەخرۇللا تارشىلىق يېزىسىدا ئىككى يىل تۇرالىدى. بۇ يەردە جاپالىق ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ ئەمدىلا ئەجىر ـ ئېھسانىنى كۆرگەندە، ئاقتام ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاقتامدا ھەر نېمە دېگەنبىلەن بىرقانچە يىللارنى بىر كۇندەك ئۆتكۈزدى. ناھىيىگە قاراشلىق بارلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى رەتكە سېلىنىپ، كەملىرى سەپلەندى، بوش ئورۇنلار تولۇقلاندى. ھەر يىلى بىر ـ ئىككى قارار ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، مەركەزنىڭ نۆۋەتتىكى يولىيورۇق، سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. تۆۋەندىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي رەھبەرلىكى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلايدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇڭا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك جەھەتلەردە خېلىلا ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تۇرمۇشى بىر قەدەر كاپالەتكە ئېرىشتى. پەخرۇللادا زور ئۇمىد تۇغۇلدى. ئۇ ئىسلاھاتنىڭ كەڭ ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ،

دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، سۈت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىق پىلانلىرىنى تۈزۈپ، ئەمدىلا قەدەم ئالغاندا، چىمەن ناھىيىسىگە بىرىنچى قول ھاكىم، مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ ئەۋەتىش بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇ يەردە يەنە قانچىلىك تۇرالار؟!

پەخرۇللا غەمكىن ھالدا ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى. ئارقىدا قېلىۋاتقان رەت - رەت نەشپۈتزار باغلار، مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ، شاخ - شاخلارنى ئېگىۋەتكەن ياپيېشىل يېتىلمىگەن نەشپۈتلەر، ئورمانلار، تال بوستانلىق ھويلىلار، كۆپكۆك ئوتلاقلاردا قىيغىتىپ يۈرگەن قوي - قوزىلار ... پەخرۇللانىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ جاپالىق يەرگە بارىدىغانلىقىدىن قورقۇپ بىئارام بولۇۋاتقىنى يوق. ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاۋاتقىنى ئىككىلا نەرسە ئىدى! بىرى، ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ بەربات بولۇشى! يەنە بىرى، ئۇ ئايالىدىن ئۆزۈن ۋاقىت ئايرىلىپ چىدىيالمايتتى. پەزىلىيەمۇ ھەر قانچە ئەرشىئەلاغا چىقىدىغان خىزمەت بولسىمۇ ئېرىگە پايلىمايدىغانلىقى ئاياقتىكى قېتىقتەك ئېنىق ئىدى. ئاددىيسى، پەخرۇللا پارتىيە مەكتىپىگە ئىككى يىل ئوقۇشقا كەتكەندە، ھەر ئايدا دېگۈدەك كېلىۋېرىپ، تەشكىلگە، يېقىن - يورۇقلىرىغا قەرز بولۇپ كەتتى. پەزىلىيە بولسا ئىككى بالىسىنى قېرى قېيىنانىسىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇرۇمچىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتكىلى تاس - تاماس قالدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىلىم ئاشۇرۇش شەكىل، پەخرۇللا بىلەن جەم بولۇش ئالەمچە مەزمۇن ئىدى! ئەگەر شۇ چاغدا قۇچاقتا ئېمىتىدىغان بالىسى بولمىغان بولسا، ئۇرۇمچىگە قانات ياساپ ئۇچقان بولاتتى! پەخرۇللا ئەمدى مىڭ نەچچە كىلومېتىر قۇم سەھراسىدىكى يۇرتقا خىزمەتكە ماڭسا، پەزىلىيە ئۇنىڭغا «يول بولسۇن» دەرمۇ؟! زىنھار مۇمكىن ئەمەس! ئەگەر شۇنداق دەيدىغان بولسا، بوستان دەرياسىمۇ

ئارقىغا قاراپ ئاقار!! ئۇ ئەمدى چوقۇم فالڭ شۇجىنى ئىزدەپ بارىدۇ. «مېنىڭ ئېمىدىغان بالام يوق، بىرى ئەردە، يەنە بىرى خىزمەتتە، كىچىك ئوغلۇم بولسا ئورۇمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ، تارتىشىدىغان يەنە نېمەم بار؟» دەپ جېدەل چىقىرىشتىن يانمايدۇ. ھەتتا ئۇ بىر نەچچە ئەمەللىرىدىن كېچىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق، ئەگەر بىللە كەتسەك ھەرقانچە جاپا تاغلىرى باسسىمۇ، چىۋىن قونغاندەك بىلىنمەس...

... شوپۇر ماشىنىنى ئىشىك ئالدىدا توختىتىپ خېلىغىچە جىم تۇرغان بولسىمۇ، پەخرۇللا ماشىنىدىن چۈشمىدى. ئابدۇقېيۇم يەنە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يۆتىلىپ شەپە بەردى. شۇندىلا كۆزىنى ئاچقان پەخرۇللا ماشىنا دېرىزىسىدىن ئەتراپقا قارىۋېتىپ: «ۋۇي، كېپقاپتىمىز ئەمەسمۇ» دەپ قويدى.

— قارىسام ئۇخلاپ قاپتىكەنسىز، ئويغاتقۇم كەلمىدى.

— مەن ئۇخلىمىدىم، خىيال بىلەن بولۇپ قاپتىمەن.

پەخرۇللا ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئابدۇقېيۇمدىن ئۆزرە سورىغاندەك قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىمۇ روھسىي سولغۇن، كەيپىياتى چىگىش، قاپاقلىرى سېلىنغاندى. ئېرىنىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ، كۆڭلى تۇيغان پەزىلىيە بىر پىيالە چاينى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. نېمىدەپ گەپ سوراشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەي، بىردەم جىم ئولتۇردى. بۇنداق كۆڭۈلسىز پەيتتە دىتىغا ياقمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ قويۇشنى خالىمىدى.

— سىزنىڭ پەرىزىڭىز توغرىكەن، — دېدى پەخرۇللا پەس ئاۋازدا، — ماڭا چىمەن تاھىيىسىگە بېرىشنى ئۇقتۇردى.

— ئەمدى سىز بارمىغان چىمەن قاپتۇ ـ دە، — پەزىلىيەنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغانلىقى چىرايىدىن مەلۇم بولدى، — يىكىرىڭىزنى بەرسىڭىز بولمامدۇ.

— دېدىم، دېمەيدىغان ئىش بولامدۇ، فاڭ شۇجى ئويلىنىشىپ كۆرىلى دېدى.

پەخرۇللا تەشكىلگە قويغان پىكىر - تەلەپلىرىنى، رەھبەرلىكنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى، چىمەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتلىرى، كونا - يېڭى رەھبەرلىرى، قۇم - بوران، كەلكۈن ئاپەتلىرىگىچە سۆزلەشكەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئاخىرىدا فاڭ شۇجىنىڭ پەزلىيە توغرۇلۇق قانداق ئويلاشقانلىقىنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتتى. بىردىنلا قاپىقى مىژژىدە تۈرۈلگەن پەزلىيە ئېرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھاللا كۈلۈمسىرىدى:

— ھەلىمىخان، زەينۇرە ئانىملار توغرۇلۇق ئوبدان دەپسىز، ۋىلايەتكە يۆتكىلىۋالسام، ھەر ئىككىلا ئانىنى پات - پات يوقلاپ تۇرمامدىم، — دېدى پەزلىيە كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ، — چىمەنگە مەن بارماي، سىز بېرىپ ئىشلەپ تۇرۇڭ. ئىككىمىزلا بېرىۋالساق، قايتىپ كەلمەك تەس بولۇپ قالار.

پەخرۇللا يولدا كەلگىچە قىلغان خىياللىرىدىن نومۇس قىلىپ، قۇلاق - بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قانداقتۇر يات ئايالغا ۋە ئۇنىڭ يات قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇپ قاراۋاتقاندەك، پەزلىيەگە ياق، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلگىنىچە غەيرىي خىياللارغا پاتتى. كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ (بىللە باراي) دەپ قويمىدا، شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى مەجبۇر قىلارمىدىم. ئۇ ئىككى مەخپىي ئىدارىنىڭ ھوقۇقىدىن ئەنسىرەۋاتامدىغاندۇ؟ راست، بۇ ئىدارىلەر قولغا كۆندۈرمىگەن ياۋا ئارغىماققىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يۈگىنىنى ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەر تۇتالمايدۇ. پەزلىيەگە ئوخشاش سىياسىي كۆز قارىشى ئېنىق، پرولېتارىيات مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن چەۋەندازلارلا بۇ ئاتنىڭ ئۈستىگە مىنەلەيدۇ. ۋاي بولدىلا، جاپا تاغلىرىنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ، تۇرمۇش سورۇقچىلىقى

بورانلىرىدا قېقىلىپ سوقۇپ، يالغۇزلۇق، تەنھالىق سەندەل ـ بازغانلىرىدا ئېزىلىپ كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتسەممۇ ئارقامچە يىقىلمىدىم، ئالدىمچە ئېگىلمىدىم... چۆكۈلدىمىدىم، يالۋۇرمايمەن... بۇ ئۇيات، بۇ نومۇس! غۇرۇرۇمغا يۈندى چاچقاتلىق!

— نېمە، مېنى تونۇمىغاندەك ئەجەب قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟

— راستىنلا تونۇمايۋاتىمەن، — پەخرۇللا دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — سىز بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىسىز.

— بولدى چاقچاق قىلماڭ، — پەزىلىيە يەرگە باقتى، — ھە، قاچان ماڭىسىز؟

— ئۇقمىدىم، رەھبەرلىك چىمەنگە ھۆججەت چۈشۈرگەندىن كېيىن ماڭارمەن.

— ئەمدى قارالڭ، ئىككىمىزلا بىرىۋالساق...

— بىلىمەن، بايا دېدىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئاقلىمىسىڭىزمۇ چۈشىنىمەن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەمدىلا خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ... ئۇ يالغۇز تۇرسا.

— توغرا، توغرا، ئۇنى پات ـ پات ئېيتىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، تولا چاقچاق قىلماڭە، — پەزىلىيە قىزاردى، — دېمەكچى بولغىنىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرى باشقا ئىدارىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. تېخى ئەزھەر جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى تۇرسا.

ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىن ھەرخىل رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ، ھۆججەت چۈشۈرۈلۈپ بولغۇچە، پەخرۇللا 10 نەچچە كۈن ھايال بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ

شۈجىسى جاڭ تۇڭشياڭ، مۇئاۋىن شۈجىسى فاڭ جىرچىڭ، ئابلىز ۋالىي قاتارلىقلار ئىدارىنىڭ مىنبۇسىدا پەخرۇللانى ئېلىپ چىمەن ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كېتىپ بىر ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، ئاي ـ كۈنى توشۇپ قالغان گۈلپىيە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدە يېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەختەم كەم سۆز، زەينۇرە ئانا، پەزلىيەلەر نۆۋەت بىلەن تاماق توشۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. گۈلپىيە بەزىدە قورسىقىنى تۇتۇپ ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ يىغلىغىلى تۇرسا، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ:

— بۇ پارچە تولغاق، يەنە بىر نەچچە كۈن ۋاقتى بار، — دەپ چىقىپ كېتەتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئەختەم شورپا كۆتۈرۈپ كەلدى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھېچ يەرگە بارماي قىزىنى بېقىۋاتقان پەزلىيە كىيىممۇ ئالماشتۇرالمىغانىدى. ئۇ پەرۋىنەنى يوقلىغاچ، ئۇنىڭ ئۆيىدە مۇنچىغا چۈشمەكچى بولۇپ قاتناش كالونىغا كەلدى. ھازىر پەرۋىنە ۋىلايەتلىك تولۇقسىز 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئىكرام بولسا قاتناش 4 ـ شىركىتى 8 ـ كالونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل باشلىقى، يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى.

پەزلىيە بىر نەچچە تۈپ نەشپۈت ۋە ئالما كۆچەتلىرى ئاستىغا ئالا كۆلەڭگىلەرنى تاشلاپ تۇرغان بوكىدە قورۇغا كىرگەندە، ھويلا چايخانىسىدىكى ئوچاقتا كورا جىمبىلىدىن پۇرقىراپ بۇس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. بۇ قورۇ گەرچە چاققانراق بولسىمۇ، چىنىدەك پاكىز، رەتلىك، سەرەمجان بولۇپ، قامچە گۈل، تاجى خوراز، كۈندە باھار، تۆگە قۇيرۇقى، گاۋزىبان، بىدەمىشكى ۋە قىزىل، سېرىق، ئاق ئەتىرگۈل تەشتەكلىرى رەتمۇ رەت قويۇلغاچقا، بەكمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى. پەزلىيە ئۆيگە كىرمەي چايخانىدىكى گىلەم سېلىنغان تاختاي سۆكىدە

ئولتۇرۇشىغا، ئالدىغا پەرتۇق تارتقان پەرۋىنە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەدىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانلىقى كۆزلىرىدىن «مانا مەن» دەپ چىقىپلا تۇراتتى.

— ۋىيەي، قاچان كەلدىڭ؟

— ھازىرلا كېلىشىم.

— بىردەملا كېچىككەن بولساڭ كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز. دوختۇرخانىغا مانتا ئاپىراي دەپ تۇراتتىم.

— بولدى ئاپارما، ئەختەم شورپا ئەكەپتىكەن، يېگۈزۈپ قالدى.

— نېمە يامانلىغان خوتۇندەك، — پەرۋىنە پەزلىيەنىڭ قولىدىكى سومكىغا قارىدى، — بوپا كۆتۈرۈۋاپسەنغۇ؟

— سەن بىلەن كۆرۈشكەچ مۇنچىغا چۈشكىلى كەلدىم. نەچچە كۈندىن بېرى، دوختۇرخانىدا ھېچ يەرگە بارالماي كىرگە پىشىلىپ كەتتىم.

ئۇلار بۈك ـ باراقسانلىق ئاستىدىكى تاختا سۆكىدە ئولتۇرۇپ مانتا يېيىشتى. ئىكرام خىزمەت بىلەن قاراتالغا كەتكەنىدى. ئوغلى يۈسۈپجان، قىزى مۇنەۋۋەر ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتاتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىككىلا بالىسى بولسىمۇ، تولىمۇ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بالىلاردىن بولدى. ئىكرام بىلەن پەرۋىنە ئەركىلىتىپ، سىلاپ ـ سىيپاپمۇ كەتمەيتتى. ئىكرام سەل قاتتىق قولراق باشقۇراتتى. لېكىن، بالىلىرىغا كۆيۈنۈشتە ئانا شىرنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

— ھەدە، مېنى تولا كوتۇلدىدى دېسەڭمۇ مەيلى، — دېدى پەرۋىنە سۆلكەت قىلىپ ئولتۇرماي، — سەن پەخرۇللانى چىمەنگە يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇپ خاتا قىلدىڭ، ئەركىشى دېگەن قورسىقىغا ئامراق بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆي تامىقى سېغىنسا قانداق قىلار؟

— پەخرۇللا ئۆزى تاماق ئېتەلەيدۇ.

— ناھىيىنىڭ ھاكىمى، شۇجىسى بىلىگە پەشتامىنى تارتىپ تاماق ئەتكىلى تۇرسا، خەقلەر سىنى پوقىدا كۆمۈۋېتەر!

— مەن ئۇ يەردە بولمىسام.

— تاسادىپىي كېسەل بولۇپ قالسىچۇ؟

— ناھىيىنىڭ دوختۇرخانىلىرى بارغۇ.

— پارچە كېسەل بولغاندا، دوختۇرخانىدا يېتىۋالغىلى بولمايدۇ. قارا، يەنىلا ئۆي ئىچىدە ئايالىنىڭ كۆتۈشىگە موھتاج بولىدۇ. «دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ»، «پېشانىڭىزغا لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ قوياي، بېشىڭىز قىزىپ قاپتۇ...»، «ئۇچلىرىڭىزنى سىلاپ قوياي...» دېگەن تەسەللىلەر ئەر كىشىنىڭ تېنىگە مادار، يۈرىكىگە قۇۋۋەت بولىدۇ.

— پەخرۇللا ئۇنداق مىشچان ئەرلەردىن ئەمەس، ئۇ چېنىققان بەردەم ئەر.

— بىلىپ قوي، بەردەم ئەرمۇ روھىي تەسەللىدىن مەھرۇم بولدىيۇ، ئەڭ مىشچان، روھسىز، مىسكىن، تۇمشۇقىدا چىۋىن قورۇيدىغان ھۆرۈن ئەرگە ئايلىنىدۇ، — پەرۋىنەنىڭ ئاۋازى خېلىلا قاتتىق ئىدى، — ئاددىي مىسال، كىر - قاتلىرىنى قانداق قىلار، ھاكىم جانابلىرى ئۆزى يۇيارمۇ؟

— ئاڭلىسام ناھىيىلىك كومىتېت باشقۇرۇشىدا بىر مېھمانخانا باركەن. پەخرۇللا شۇ يەردە ياتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆتكۈچى، مۇلازىم قىز - چوكانلىرى يۇيۇپ بېرەر.

— ئالە شەرىڭنى، — پەرۋىنە ئاغزىنى تۇتتى، — ئۇنداقتا ئۇ چوكانلار بارا - بارا «ھاكىم سىزنىمۇ يۇيۇپ قويايلى» دېيىشچۇ؟

— ماڭە نېرى، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەن. پەخرۇللا دېگەن پارتىيە ئەزاسى.

— پارتىيە ئەزاسىنىڭ... — پەرۋىنە قىزارغىنىچە تۇرۇپ قالدى، — ۋاي بولدىلا نېمىلەرنى دەپ كەتتىم. سەنمۇ ئاشۇ

پارتىيە ئەزاسىدىن ئۆچ بالا تۇغقانسەن؟
— ئۆزۈڭ پارتىيە ئەزاسى تۇرۇپ، يەنە پارتىيە ئەزاسىغا ئىشەنمەيسەن.
— جېنىم ھەدە، پارتىيە ئەزاسىمۇ ئادەم!... تېلېۋىزورلاردا قويۇۋاتقان مىلليون - مىلليون ھۆكۈمەت پۇللىرىغا خىيانەت قىلغان، پارا يەپ ئېتىلىۋاتقان، مۇددەتسىز قاماقلىۋاتقان باشلىقلارمۇ پارتىيە ئەزاسى!
— ئۇ دېگەن كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، يازغۇچى قانداق يازغۇسى كەلسە شۇنداق يازىدۇ. كىنوغا ئالغۇچىلارمۇ شۇنداق ئىشلەيدۇ.
— يازغۇچىمۇ كۆتىگە ئۇرۇپلا تاپمايدۇ. رېئاللىقتىكى ئاساسى بار ۋەقەلەر ھەرقانداق ئەسەرنىڭ خام ماتېرىيالى بولىدۇ.
ھەدە - سىڭىل ئىككىسى تاكاللىشىپ، بىر - بىرىگە زادىلا يول قويۇشمىدى. ئاخىر گەپتە تۇتۇلۇپ قېلىۋاتقان پەزلىيە «مۇنچىغا چۈشىمەن» دەپ سومكىسىنى ئېلىپ مېڭىشىغا، پەرۋىنە:
— توكنى ئۆلىۋېتەي، سۇ ئىسسىسۇن، بىردەم ئولتۇر، — دېدى - دە، مۇنچىخانىغا كىرىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى. ئۇ تاماق شىرەسىدىكى لېگەن، پىيالە، تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ھەدىسىگە يالتىيىدە قارىدى ۋە پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. بۇنىڭدىن پەزلىيە تېرىكىپ قالدى:
— گەپتە يېڭىۋالدىم، دەپ مەسخىرە قىلىۋاتامسەن، ئۆيۈڭگە كەلمىسەممۇ بوپتىكەن.
— جېنىم ھەدە، غەرەز ئۇقۇقمىن، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى يېڭىش ئۈچۈن گەپلەشمىدۇق، پەقەت ئايال كىشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ، ئائىلىسىنى بوران - چاپقۇندىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ قېلىش ھەققىدە مۇڭداشتۇق.
— سەن دېمىسەڭمۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈم

بىلىمەن. ئوقۇغاندىمۇ سىنىپتىن ياخشىراق ئوقۇغانمەن.

— بۇ ياخشى ئوقۇش - ئوقۇيالماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز. تېخى ئەڭ كۆپ ئوقۇغانلار بەك ساددا كۆڭۈل كېلىدۇ. ئائىلە ئىشىدا تۇرمۇش بىلىمىگە، ھاياتلىقنى چۈشىنىشىگە، ئۆمۈر مەنزىلىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا باغلىق ئىش. يەنە تېخى پسىخولوگىيە بىلىمىدىن خەۋرىڭ بولمىسا، ئائىلەڭنىڭ قانداق ۋەيران بولغانلىقىنىڭ، ئېرىڭنىڭ سېنى سەۋەبسىز تاشلاپ كەتكەنلىكىنىمۇ تېگىگە يېتەلمەي، بىر ئۆمۈر قاقشاپلا ئۆتىسەن.

— ئاغزىڭغا تاش، — ۋارقىرىدى پەزىلىيە، — سەندىن ياخشى گەپ چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. زادى ئىچىڭ يامان، كۆڭلۈڭ قارا ئىمىسەن.

پەرۋىنە قولىدىكى لېگەننىڭ چۈشۈپ كېتىپ، داراڭلىغىنىچە يۇمىلاپ گۇللۇككە كىرىپ كەتكەنلىكىگە پەرۋامۇ قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. ھەدىسىنىڭ: «ئىچىڭ يامان، كۆڭلۈڭ قارا» دېگەن سۆزى، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىلىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ ئىچىدە: ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق، دېگەندەك نېمىشقىمۇ غېمىنى يەپ، ئەلىمىنى يۇتارمەن، دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ پەرۋىنە كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن قاقشىدى؟ نېمىشقا ھەدىسىنى بولۇش ئېھتىمالى بار كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خەۋەردار قىلماقچى بولدى! بۇنى چۈشەنسە بولمامدىغاندۇ!؟ پەرۋىنە ئۇزلۇكسىز تىرىشىدىغان، توختاۋسىز ئىزدىنىدىغان، ھارماي - تالماي تىرىشىدىغان ئوقۇتقۇچى! ئۇنىڭ كۆرگەن ۋە كۆرۈۋاتقان ھەرخىل بىلىم تۈرىدىكى ماتېرىياللىرى، كىتابلىرى، رىساللىرى، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تەرجىمىلىرى پەزىلىيەنىڭ چېچىدىنمۇ تولا! شۇڭا، جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان خىلمۇخىل پاجىئە، يىرگىنچلىك ۋەقە، ئىجتىمائىي جىنايەتلەرنىڭ تېگى - تەكتىنى تەھلىل قىلىپ، يىلتىزىنى تاپالايتتى! لېكىن ئۇ ھەدىسىلا

ياخشى كۆڭلى بىلەن ياردەم قىلىمەن دەپ، ئۆزى ھاقارەتلەندى. بولۇپمۇ، «ئىچىڭ يامان، كۆڭلۈڭ قارا» دېگەن ئىبارىلەر خۇددى قاڭقىغان تاشتەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، غۇرۇر شېشىلىرىنى چېقىۋەتتى. غەزەپلەنگەن پەرۋىنە خۇددى ئوۋغا ئىنتىلگەن بوركۈت بالىسىدەك ھۆرپەيدى:

— مېنىڭ سۆزۈمنى قۇلىقىڭغا سىرغا قىلىپ ئېسىۋال، بويىنۇڭغا تۇمار قىلىپ تاقىۋال، — پەرۋىنەنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — ئەركىشى خوتۇن سېغىنغاندا، ئۆگزىگە يېيىپ قويغان قىزىل ئىشتان قىز كۆرۈنىدۇ. بىر ھاكىمغا خۇشامەت قىلىدىغان، سۈۋۈنىدىغان، ئەركىلەپ كۇچۇكلىنىدىغان قىز ـ چوكانلار ئازما؟ بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋردە!

— سەن دەۋرگە ھاقارەت قىلما. بۇ دېگەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاتوم دەۋرى!

— سەنمۇ گېپىمنىڭ تېگىگە يەتمەي تۇرۇپ، كەلسە ـ كەلمەس قالپاق كىيگۈزمە، قالپاق كىيگۈزۈش، سىياسىي ئىبارىلەر ئارقىلىق ئادەم قورقۇتۇش، ھوقۇقنى پەش قىلىپ، ئۆزىنى كۆرستىش ئۇچىنچى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدىدا بازار تاپقىنى بىلەن ئەمدى ئۇنىڭغا ئورۇن ـ ماكان يوق!

— ئەمىسە، «ھازىرقى دەۋر» دېگىنىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، — پەرۋىنە قولىدىكى چىنىلەرنى شىرەگە قويدى، — ئىسلاھات زامانىمىزنى، دەۋرىمىزنى ئىلىم ـ پەن بىلەن قورالاندۇرۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن يۈكسەكلىككە نائىل قىلدى. لېكىن، بۇ بۇيۇك شامالغا ئەگىشىپ، غەربنىڭ بولمىغۇر مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىمۇ بىللە ئۇچۇپ كىردى! يەنە ئەمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەن، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ خىزمەت تاپالمىغان قىز ـ يىگىتلىرىمىز قايمۇققىنىدىن غەرب ئەخلەتلىرىگە دوم چۈشتى. ھەتتا ئۈمىدسىزلەنگەن قىزلىرىمىز

«ياشلاردا ئۈمىد يوق» دەپ يېشى توختالغان، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەملەرنى تېپىپ، شۇلارغا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بەزىلىرى بولسا كوچىدا بۇزۇلۇپ كەتكەندىن كۆرە، بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتاي دەپ، ئىناق ئائىلىلەرنى بۇزۇپ قىرىلارغا تېگىۋاتىدۇ. ئەمدىغۇ تېگىگە يەتكەنسەن؟

تېلېۋىزورلاردا كۆرۈۋاتقان، جەمئىيەتتە قولاقتىن - قولاققا يېتىۋاتقان، يېقىن - يورۇق دوستلىرى ئارىسىدا بولۇۋاتقان ۋەقەلەر پەزىلىيەنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. تېخى بەزى ئىدارىلەردىكى خىلىلا توختالغان كادىرلار بىر قانچىلىغان باللىرىنى يېتىملىك كوچىلىرىغا تاشلاپ، ئۆزىنىڭ باللىسىدەك ھەتتا نەۋرىسىدەك قىزلارنى ئېلىۋالغانلارمۇ بارغۇ. پەرۋىنەنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئەلۋەتتە يوللۇق، بىراق يوللۇق دېيىش بىلەن ئىرىنىڭ ئارقىسىدىن چىمەنگە بارغىلى بولمايدۇ - دە، پاھ، بىرمىڭ نەچچە كىلومېتىر! ئاسان گەپمۇ بۇ!... بوستاندىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ قايتقاندىنمۇ ئارتۇق مۇساپە تۇرسا، كىشىلەر ئاغزىدا «بارسا كەلمەس قۇملۇق»، «دەشت - سەھرا»، «قۇم - بوران ئېغىزى» دەپ ئاتاۋاتسا، ھازىرقى جەننەتتەك ئورنىنى، قوش ئەمەل تاجىسىنى تاشلاپ ئۇ يەرگە بارسا، كىشىلەر ئۇنى سار پوقى يەۋالغان ساراڭ دەپ ئاتىشار!

— ئۇكام پەرۋىنە، ئويلاپ باقسام دېگەنلىرىڭنىڭ ئاساسى باردەك قىلىدۇ، — دېدى پەزىلىيە مۇلايىملىق بىلەن، — لېكىن، پەخرۇللا ئاكاڭدىن گۇمانلانساڭ زادى بولمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان گرانىت تاش، چاقماق چۈشسىمۇ پۇچۇلمايدىغان ئالماستەك گىگانت ئادەم!... بىراق....

— بىراق دەيسەنغۇ، گىگانت ئادەمگىمۇ «بىراق» كېتەمدۇ؟ لېكىن ئۇقۇپ قوي دۇنيادا گىگانت ئادەم يوق.

— ئۇ خۇشاللىقنى ئورتاقلىشىدۇ. ئەمما خاپىلىقنى، دەرد - ئەلەمنى، ھەسرەت - نادامەتنى ئىچىگە دەپنە قىلىۋېتىدۇكى،

خوتۇن ـ بالىلىرىغا دېمەيدۇ.

ــ جىندەك توختاپتۇر، ــ پەرۋىنە ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، توق يېشىل تاشلىق قېلىن بىر كىتاپنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ــ ھېلىقى بىر چاغدا سەن ئىكرام بىلەن پەخرۇللانى سېلىشتۇرۇپ باھا بەرگىنىڭدە، ساڭا ئىككىسىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ سۆزلەپ بەرگىنىم ئېسىڭدىمۇ؟

ــ ئېسىمدە، ئىكرامنى ئىچىدىكى ئاچچىق ھەم تاتلىقنى يوشۇرالمايدىغان تۇپتۇز ساددا بالا، دېگەنىدىڭ.

ــ ئەمىسە، سېنىڭ ئېرىڭ پەخرۇللا مانا بۇ كىتابتىكى خاراكتېرنىڭ ئۆزى، ئوقۇپ باقە.

پەرلىيە دەسلەپتە ئىچىدە ئوقۇپ، ئارقىدىن ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«ئىززەت ـ نەپسى، يۈز ـ ئابرۇي، غۇرۇر ـ شەرىپى ئۈچۈن بەختىنىمۇ قۇربان قىلالايدىغان ئىنتايىن نازۇك تەبىئەتلىك، لېكىن ئىچى پىششىق ئادەملەر بار. بۇنداقلار 20 ـ 30 يىللىق جۈپتى ھەمراھىغىمۇ يالۋۇرۇشنى ھار ئېلىپ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سەۋەنلىك ۋە قۇربان بېرىشلەرنىڭ ھامىيسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن....»

ــ ئويلاپ باقە، فاڭ شۈجىنىڭ سەن توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىنى ساڭا يەتكۈزۈپتۇ يۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېمەپتۇ، ــ پەرۋىنە پسىخىك ھالەتتىن، مەنتىقە خۇلاسە چىقارماقتا ئىدى، ــ ئەمما سەن: «چىمەنگە مەن بارماي، سىز بېرىپ ئىشلەپ تۇرۇڭ، ئىككىمىز لا بېرىۋالساق قايتىپ كەلمەك تەس» دېگەن گەپنى بالدۇرلا دەۋەتكەندىن كېيىن، سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭ، سادىقلىقىڭ، سەممىيلىكىڭ توغرۇلۇق بەك گۈزەل ئوي ـ خىياللاردا بولغان پەخرۇللا بىردىنلا چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، ئۆزىنى تولىمۇ يېتىم ھېس قىلغان.

ــ يائاللا، مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىدىن چىقماي، ئەۋلىيا

مۇقامىغا يېتەي دەپسەن، — دېدى پەزىلىيە زوقى كېلىپ، — ئوقۇتقۇچى چاغلىرىمدا مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. لېكىن، ئەمەل ئېتىغا مىنگەندىن كېيىن، مەسئۇلىيەت بېسىمى ئاستىدا كىتاب، ماتېرىيالمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم.

— ھەدە، ئەسلىدە سېنى «مەندىن ئايرىلمايدۇ» دەپ بىلگەن پەخرۇللا، ئىقرارىڭنى ئاڭلاپ بولۇپلا ئۆزگەرگەن.

— ئۆزگەرگەن؟ مەسىلەن قانداق؟

— پەخرۇللاكامنىڭ سېنى «راستىتىنلا تونۇمايۋاتىمەن» دېگەن گېپىنىڭ ئاستىدا ئاجايىپ ئۈمىدسىزلىك ھەسرىتى يوشۇرۇنغان. شۇڭا ئۇنىڭ كېيىنكى جاۋابلىرىنىڭ ھەممىسى تەنە، كىنايە، ئاچچىق بىلەن يۇغۇرۇلغان.

— ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، سېنىڭغۇ بىر ئىشلارنى بەكلا ئاشۇرۇۋېتىدىغان خۇيۇڭ بار.

— قىلچە ئاشۇرۇۋەتكىنىم يوق، پەخرۇللاكامنىڭ: «سىز بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىسىز...»، «ئۆزىڭىزنى ئاقلىمىسىڭىزمۇ چۈشىنىمەن...»، «پات - پات ئېيتىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ...»، «ئەزھەر جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى تۇرسا...» مۇشۇ سەھىپىلەرنى ئۆزۈڭنىڭ سورىغان سوئاللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ باققىن.

پەرۋىنەنىڭ سۆزلىرىدىن خۇددى بىر كىم پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك بولۇپ قالغان پەزىلىيە قىزى گۈلپىيە تۇغۇپ ئون كۈنگىچە گاراڭلا بولۇپ قالدى. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە بالىنىستقا پەخرۇللا كىرىپ كەلدى. ئۇ چىمەن ناھىيىسىگە كەتكىنىگە 21 كۈن بولغانىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، قىزىم، — دېدى پەخرۇللا زاكىدالغان بالىنى قولىغا ئېلىپ، — تىنىچ - ئامان يەڭگىۋاپسىز، تېخى ئوغۇلكەن ئەمەسمۇ.

— بوستانغا بىرەر خىزمەت بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — پەزلىيە ئىبرىنىڭ چىرايىغا قارىدىيۇ، يۈزىنى دەرھال ئەپقاچتى، — ياكى يىغىن بارمىكەن؟

— نىمە، كەلگىنىم بولماپتۇما؟

— ياقەي، ئۇنداق دىمەكچى ئەمەسمەن، پاتلا يىنىپ كەلگىنىڭىزگە قاراپ...

— مەن كەتكەنگە يىگىرمە بىر كۈن بولدى، سىزگە «پاتلا» بىلىنگەن بولسا، مەندىن راسا زىرىككەن ئوخشىمامسىز...

— ئاتۇي، سىزمۇ تولغرا چۈشىنىڭا، — ياستۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغان گۈلپىيە، ئانىسىغا ئالىيىپ قويدى، — ئانامۇ تۈز كۆڭلى بىلەن سوراۋاتىدۇ.

— «پاتلا يىنىپ كەپسىز» دىگەن گەپ بۇ يەردە ئوشۇقچە، سىزنىڭ ئاي - كۈنىڭىز يىقىن تۇرسا، ئەنسىرەپ بولسىمۇ كېلىدىغانلىقىم ئىنىققۇ.

بالىنىست ئىچىنى جىمجىتلىق قويىنىغا ئالدى. 10 نەچچە كۈندىن بىرى پەرۋىنەنىڭ ئىبىتقانلىرى ئىسىدىن كۆتۈرۈلمەي، ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ قالغان پەزلىيە خۇددى «روھى چۈشكەن ئادەمنىڭ ئىبتىمۇ چاپالماس» دىگەندەك، پەخرۇللا كىلە - كەلمەيلا ئارتۇقچە گەپ قىلىپ سالدى. «خىزمەتكە كەلدىڭىزمۇ؟»، «پاتلا كەپقاپسىز» بۇ، بۇ زادى نىمە گەپ ئۆزى؟ ئۇنىڭسىزمۇ پەخرۇللانىڭ قورساق كۆپۈكى يانمىغان تۇرسا! «قىزىڭىزدىن ئەنسىرەپ يىتىپ كەپسىزدە....»، «ئاش - تاماقلاردىن قىينالغانسىز....»، «جاپا تارتتىڭىز....» دىگەندەك كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن تەكەللۇپلىرىمىز بارغۇ! دۇنيادا خىزمەتتىن، يىغىندىن باشقا نەرسە يوقتەك، قىلىۋاتقان گىپىنى قارا!

— قىزىم گۈلپىيە، — پەخرۇللا قىزىغا ئىگىشتى - دە، قاتلانغان پۇلنى ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويدى، — بۇ مىنىڭ

دەسلەپكى كۆرۈملۈكۈم، كېيىن يەنە مۇبارەكلەيمەن.

— ئاتوي، ئۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتى. ئەختەم ئىككىمىزنىڭ مائاشى ئۆزىمىزگە يېتىدۇ.

— ھە، راست بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى نېمە بولدى، — پەخرۇللا قۇچىقىدىكى بوۋاقنىڭ يۈزىگە سۆيدى، — يۈزىنىڭ قىپقىزىل، كۆزلىرىنىڭ چەكچىيىپ تۇرغىنىدىن جەسۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ. چوڭ بولسا چىن تۆمۈر باتۇردەك پالۋان بولامدۇ - نېمە؟

— ئانام ۋاقىتلىق «دىلمۇرات» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى.

— بوپتۇ، بوپتۇ، بۇمۇ چىرايلىق ئىسىمكەن، ئىلاھىم مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشنى نېسىپ قىلسۇن.

بۇ ئەسنادا، ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى ئايال دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇلار «قىزىڭلارنى ئەپچىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. پەخرۇللا دوختۇرخانا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغۇچە، پەزىلىيە گۈلپىيەنى جابدۇپ تەييارلىدى. ئۇلار پەخرۇللانى چىمەندىن ئېلىپ كەلگەن «قىزىل بايراق» ماركىلىق قاپقارا ھەيۋەتلىك ماشىنىغا چۈشۈپ، ئاقتام ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى. پەخرۇللا ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن چىمەن ناھىيىسى تۇغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ قىزى گۈلپىيەنىڭ ئامان - ئېسەن يەڭگىۋالغانلىقىغا ناھايىتى خۇشال ئىدى. پەخرۇللا تۇنجى نەۋرىسى دىلمۇراتقا تويماي قاراپ ئولتۇراتتى. قولىغا ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە ئۆيلەرنى ئايلىناتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ ئەركىلىتەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈن نەۋرىسىگە قېنىۋالغاندىن كېيىن چىمەنگە قايتىپ كەتمەكچى بولدى.

— گۈلپىيەگە ئوبدان قاراڭلار، ئەزھەر سەن گۆش، تۇخۇم، سۈت، شېكەرلەرنى ئۈزۈپ قويما. ئاڭلىسام ئىدارەڭنىڭ قوشۇمچە پاراۋانلىق تەمىناتى بەك ياخشىمىشقۇ؟

— ۋاي دادا، ئىدارىنىڭ تەمىنلىشىگە قاراپ تۇرمىساممۇ،

مائاشىمغا ئەكەلسەم بولمىدىمۇ.

— ئىشلەۋاتقان ئىدارەڭ قانۇن، دىكتاتورا ئورنى، تەسىرگە دىققەت قىل، ئالاقانات ئاغىنىلىرىڭنى تاشلا.

— ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلمىغىلى خېلى بولۇپ قالدى، — دېدى پەزلىيە ئېرىدىن ئەيمەنگەن قىياپەتتە، — ئەزھەر ئىدارىسىدە بىر قېتىم مۇكاپاتلاندى.

پەخرۇللا ھويلىغا چىققىنىدا، ئەزھەر ئانىسىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئۆيدە قالدى. پەزلىيە بوش گۇركىرەپ تۇرغان ماشىنا يېنىغا كەلگەندە، «سىزگە دەيدىغان مەسلىھەت بار ئىدى» دەپ قويدى.

— قېنى دەڭ، نېمە ئىشتى؟

— ئەزھەرنىڭ تويىنى قىلغۇيتەيلى دېگەنىدىم.

— يۇرۇۋاتقان قىزى بارمىكەن؟ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— بوستان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدا كاتىپ ئوخشايدۇ. مومىسى ياشىنىپ قالغان، يەنە كېسەلچان ئىكەن. «مېنىڭ كۆزۈم ئوچۇق ۋاقتىدا نەۋرەمنىڭ تويىنى كۆرگۈم بار» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار ئالدىرىتىۋاتىدۇ.

— سەل بالدۇر بولسىمۇ بوپتۇ قىلغۇيتەيلى، — پەخرۇللا ئېغىر تىنىپ قويدى، — سىزمۇ تەييارلىق قىلغۇيرىڭ. ۋاقتى كەلگەندە تېلېفون قىلسىڭىز، مەن دەرھال يېتىپ كېلىمەن.

پەخرۇللا چىمەن ناھىيىسىگە قايتىپ كەتتى. ئۇ ئايالىغا ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم دېگۈدەك تېلېفون بېرىپ ئەھۋاللىشاتتى. بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. نەۋرىسى دىلمۇراتنى «مەن ئۇچۇن سۆيۈپ قويۇڭلار» دەپ تاپىلايتتى. پەزلىيە نەۋرىسىنىڭ بۆشۈك تويىنى راسا سوغۇق چاغلاردا ئۆتكۈزۈپ بەردى. توي تۈگىگەن كۈنى كەچتە گۇلپىيەنى قۇدىلار شەھەرگە يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى. بىر كۈنى ھويلا ئالدىدا بىر

چاغدىكى «قىزىل بايراق» ماركىلىق ھەيۋەتلىك قاپقارا ماشىنا توختاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن سىگنال بەردى. پەخرۇللانى كەپتۇ، دەپ خۇشال بولۇپ كەتكەن پەزىلىيە بىلەن ئەزھەر ئۇچقاقلاندەك يۈگۈرۈپ چىقتى. بىراق كابىنىكىدىن ياشقىنە شوپۇر بالا چۈشۈپ، قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ئىككى ئىلىك باغاقچىنى چىقىرىپ: «بۇنى پەخرۇللا ھاكىم بەرگەنىدى» دەپ پەزىلىيەگە تۇتقۇزدى. باغاقچىدىكى: «بۇ يىل قۇربان ھېيت بىلەن باھار بايرىمى بىر كۈندە كەلگۈدەك، شۇڭا سىزگە ماشىنا ئەۋەتتىم، چىمەنگە كېلىپ ئويناپ كېتىڭلار...» دېگەن سەھىپىلەرنى كۆرگەن پەزىلىيە قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئەزھەر ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئانىسىنىڭ يول تەييارلىقىنى كەچكىچە قىلىپ بەردى. شوپۇر بالا ئازاد تۈرسۈن چۈشتىن بېرى ئۇخلىۋالغاچقا، كېچىلەپ يولغا چىقتى. تەكلىماكان ئىچىدىكى چوڭ تاشيولدىن سولغا قايرىلىپ، چىمەننىڭ ئەگرى ـ توقاي يوللىرىغا چۈشكەن ماشىنا، ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاپ ئارانلا ماڭاتتى. يوللارنىڭ بەزى يەرلىرى قەدەمدە بىر كاتاڭ بولۇپ، تېزرەك ماڭغىلى بولمىسا، بەزى يەرلىرى قۇملۇق بولغاچقا، ماشىنا چاقلىرى كۆرۈنمىگۈدەك قۇمغا پېتىپ قالاتتى. تېخى ماشىنا ئالدىدا خۇددى دولقۇندەك قوغلىشىپ ماڭىدىغان ئاپئاق ئۆلۈك توپا نەچچە يۈز كىلومېتىر داۋاملىشاتتى. قاتناش قولايسىزلىقىدىن بىزار بولغان چىمەنلىكلەر سودا، تىجارەت قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشەنچلىكرەك يولغا چىقالمايتتى.

بىر كېچە ـ كۈندۈز يول ماڭغان ماشىنا ئەتىسى كۈن قىيىلغاندا ئاپئاق توپىغا مىلىنىپ چىمەن ناھىيىسىگە كىرىپ كەلدى. ناھىيىلىك مېھمان كۈتۈش زالىدا ساقلاپ ئولتۇرغان پەخرۇللا، چىمەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانا مۇدىرى

تۇراپ ئەيسا، ئايشەم چاڭۋېي[1] قاتارلىقلار پەزلىيەنى ئىنتايىن مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. ئۇلار مېھمان كۈتۈش ئاشخانىسىدا تاماقلانغاندىن كېيىن تۇراپ ئەيسا بىلەن ئايشەم چاڭۋېي ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى پەخرۇللانىڭ مېھمانخانىدىكى ئالىي ياتىقىغا ئۇزىتىپ قويدى.

پەزلىيەنىڭ چىمەن ناھىيىسىدە قۇربان ھېيت ۋە باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىشى، ھەر كۈنى دېگۈدەك مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆتتى. پەخرۇللا ۋە پەزلىيەنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق ۋاقىتلىرىدىكى ساۋاقداشلىرىدىن قاراتاللىق ئالمۇرات، ئايىنۇر، توغراقلىق دىلەيسەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چوڭ - كىچىك باشلىقلاردىن ئىدى. ئالمۇرات چىمەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، دىلەيسەم ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. پەزلىيە قەدىناس دوستى ئايىنۇر بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى مېھماندارچىلىق، قاراتالدىكى كانكى مۇسابىقىسى، بوستان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىق خاتىرىلىرىنى ئەسلەش بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى، كادىرلارمۇ پەزلىيەنى ئۆيلىرىگە چاقىرىۋېلىشتى. قىسقىسى، چىمەن ناھىيىسىدە تۇرغان 10 كۈن يېڭى تونۇشقانلار ۋە كونا ساۋاقداشلار بىلەن شاد - خۇراملىق ئىچىدە، قاچانلاردا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بىلىنمەيلا قالدى. لېكىن، ئەزھەرنىڭ توي ئىشى يېقىنلاپ قالغاچقا، پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە بىرلىكتە ئاقتام ناھىيىسىگە قايتتى.

---

① بىرىنچى قېتىم ئاياللاردىن سايلانغان دائىمىي كومىتېت كادىرى بولغاچقا لەقەم بولۇپ قالغان.

# ئون ئالتىنچى باب

## قەدىمىي يۇرت ھېكايەتلىرى

«چىمەن ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇنلا چىمەن دەرياسى ۋادىسىدا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكتىن ئەندىرە، چىمەن بەگلىكلىرى ھازىرقى چىمەن ناھىيىسى تەۋەسىدە بولغان. قېزىۋېلىنغان بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن چىمەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ...»

«چىمەن ناھىيىسى تەكلىماكاننىڭ يىراق چېتىدە يېگانە گۈزەللىكى بىلەن زۇمرەت كۆزلۈك ئۇزۇكتەك چاقناپ تۇرغان قەدىمىي يۇرت. ئۇ قارا قۇرۇم ۋە ئالتۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە تاشقۇم ناھىيىسى، غەربتە نىسار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتا ئالتۇنتاغ ۋە شەرقىي قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، توغراق ناھىيىسىگە بارىدۇ. غەربىي قىسمى شەھەريار ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 140 مىڭ 250 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يەر كۆلىمى جەھەتتە مەملىكىتىمىز بويىچە ئىككىنچى چوڭ ناھىيە. چىمەن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى كۆپ پايدىلىق

ئامىللار، يوشۇرۇن كۈچلەر بار. يەنى، مول سۇ ـ تۇپراق، قېزىلما بايلىقى ۋە ساياھەت بايلىقى ئەڭ غوللۇق ئىقتىسادىي مەنبەدۇر. بۇ مەنبە چىمەن ناھىيىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قۇم سەھراسىدىكى يېرىك يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى سانائەت، شۇنداقلا ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەڭ ئىستىقبال ئېچىپ بەرگۈسى! بولۇپمۇ، تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىتلىكنىڭ ئېچىلىشى، چىمەن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگۈسى...»

چىمەن ناھىيىسىنىڭ تارىخىي تەزكىرىسى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چارچاپ كەتكەن پەخرۇللا ھاكىم ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۆت رەڭ يىپەك پەردىلەر تارتىلغان كەڭ ۋە ھەيۋەتلىك دېرىزە ئالدىغا كەلدى. پۆت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بەللىرىگە مۇشتلاپ بىردەم گىمناستىكا ئوينىغاندىن كېيىن تاماكا چەككەچ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. مېھمانخانا بىناسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى باغلار ھۇۋۇلداپ قالغان بولۇپ، مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز كۆچەتلەر، قاقشالغا ئايلانغان گۈل شادىلىرى ئاپئاق قىرو بىلەن قاپلانغانىدى. پەخرۇللا ھاكىم ھازىرغىچە مېھمانخانىنىڭ ئايرىم ياتىقىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئاتاپ سالغان ئايرىم قورۇلۇق ئۆي پۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما تېخىچە كۆچۈشكە ئىمكان بولمايۋاتاتتى.

پەخرۇللا ھاكىم چىمەن ناھىيىسىگە كەلگەن تۆت ئايدىن بېرى بىرەر قېتىم قىنىپچىنا ئۇخلاپ باققىنىنى ئەسكە ئالالمايدۇ. مېھمانخانىدىكى ياتىقىغىمۇ بىرنەچچە كۈن ھەتتا ھەپتە – ئون كۈنلەپ كېلەلمەيتتى. بەزىدە غېرىبلىق، يالغۇزلۇق شۇنچىلىك ئەسىر قىلاتتىكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياش قايلىۋالاتتى. ئۇ بالىلىرىنى، نەۋرىسىنى، بولۇپمۇ پەزلىيەنى

قانچە ئويلىماي دېگەنسېرى، ئوغرى خىياللار ئىشىك ئاستىلىرىدىن، دېرىزە يوچۇقلىرىدىن كىرىۋالاتتى ھەم كېچىچە ئۇنى ئۇخلاتمايتتى... «ئاھ، ياش ئەللىككە تاقاشقاندا ئادەم يىغلاڭغۇ بولۇپ قالامدۇ ـ نېمە!» دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

پەخرۇللا تاماكىسىنى كۈلدانغا باستى ـ دە، كەڭ دېرىزە ئەينەكلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قېنىق، كۆپكۆك قىش ئاسمىنىغا جىمجىت تىكىلىپ قالدى. گويا پەرىزاتلارنىڭ ساندۇقىدىن تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردەك پىلىلدىشىپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا تىلەك تىلەۋاتقاندەك بىلىنىدى. پەخرۇللامۇ ئۇلارغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىچە: «تۆت ئايدىن بېرى چىمەن ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىم سىلەرچە قانداقراق بولدى؟» دەپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى ... ھەم نامرات ئاۋام ئۈچۈن قىلغان ساخاۋەت ۋە شاپائەتلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى...

... پەخرۇللا كېلىپلا بىر ۋىلايەتكە تەڭشىلىپ قالغۇدەك چوڭ ناھىيىنىڭ ئەڭ يىراق يېزا ـ كەنت، ئۆتەڭ، چارۋىچىلىق رايون، ھەرخىل فېرما، مەيدانلارغىچە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. كادىرلارنىڭ بىلىمى، سالاھىيىتى، ساپاسى، خىزمەت ئىشلەش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى. بەزى ئورۇنلاردا يۇقىرىنىڭ چىقىرىپ بەرگەن سوئاللىرى بويىچە ئىمتىھان ئالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تۇنجى قېتىم قاتتىق قوللۇق قىلمايدىغانلىقى، ئىككىنچى نۆۋەتتە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ مائاشىنى چۈشۈرۈش، ئەمىلىدىن دەرىجە ئاتلاپ تۆۋەنلىتىش، شاللاش قاتارلىق جازا بېرىدىغانلىقى، ئالاھىدە ياخشى ئىشلىگەنلەرنىڭ مائاشىنى، ئەمىلىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كادىرلارمۇ پەخرۇللانىڭ بۇ چاغقىچە، كېلىپ بولغۇچە زىياپەت تەمە قىلىدىغان، بولدى دېگۈچە يەپ ـ ئىچىپ ئەتىسى سەھەردە ماشىنىدا ئۇخلاپ قايتىدىغان كادىرلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى

بىلىپ، خىلىلا چۈچۈپ قېلىشتى. شۇنداقلا، يالغان ئېيتىپ، ياسالمىلىق قىلىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن چىمەن بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايون كادىرلىرىدا زور جانلىنىش، ئەمەلىي ئىشلەش جاسارىتى ئۇرغۇدى.

پەخرۇللا ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا، بەزى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يەر، دېھقانچىلىق سېلىقلىرى ماجىرالىرى، مال ـ چارۋا، يايلاق تالىشىش جەڭگى ـ جېدەللىرى قاتارلىق دەۋا ـ دەستۇرلەرنىمۇ بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇلار ياقىلىرىنى تۇتقان ھالدا:

— تووۋا، مۇنداقمۇ باشلىق باركىنا، ئۇنىڭ پىچىقىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى تۇرماق، دەستىسىمۇ كېسىدىكىنا، — دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى:

— «ئويلىشىپ كۆرەي»، «مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى»، «تەكشۈرمىسەك بولماس» دەپ تىلىنى چايناپ، ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەسكەن، — دەپ ئاسمان باقتى بولۇپ كۈلۈشسە، ئارىدىن كىمدۇر بىرى:

— تەكشۈرگەندىمۇ شۇ ھامانلا خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، خامانلىرىغا، مال قوتانلىرىغا ئۆزى بېرىپ، بەزىلىرىنى چاقىرتىپ، مۇتتەھەم، بىغەرەزلىرىنى داتاڭ سوراقتا تارتىپ، ھايىنى ـ ھۇي، موزايىنى ئۇي دەپ بولغۇچە، غېزىنى ئۇيان، ئۆردىكىنى بۇيان قىلىۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ تاماقلىرىنى چاكىلدىتاتتى.

پەخرۇللا ھاكىم چىمەنگە تەئەللۇق بارلىق يىراق ـ يېقىندىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايون، تاغلىق كەنت، مەيدانلارنى بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ، ئۇ ھەقتە تولۇق ئۇقۇمغا ۋە ماتېرىيالغا ئىگە بولغان كېيىن، ئۇلارنى ياتىقىدا رەتلەپ، قايتىدىن يېزىپ چىقتى ۋە قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلەش

ھەققىدە پىلان تۈزدى. ئاندىن ناھىيە قارمىقىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىقتىسادىي ۋەزىپىلىرىنى تەكشۈرۈپ، خېلىلا بېشى قاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئايدا، يىل ئاخىرىدا دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك دۆلەت بېجى ۋە باشقا رەسمىيەت پۇللىرى ئېغىزغا ئالغۇدەك ئەمەس ئىدى! ناھىيە قارمىقىدىكى غوللۇق كارخانىلارنىڭ خام ئەشياسى ئۆز ناھىيىسىدىن چىققاچقا، چىقىم ئاز، كىرىمىنىڭ كۆپلۈكىنى بۇچاغقىچە رەھبەر بولغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. بىراق، مەسىلىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، پەخرۇللا بۇ ھەقتە ناھىيىنىڭ شۇجىسى لى يۇڭچى بىلەن سۆزلەشتى. لى يۇڭچىمۇ چىمەن ناھىيىسىگە يېڭى بولۇپ، پەخرۇللانىڭ ئالدىدىلا كەلگەچكە كۆپ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز ئىدى. فاڭ جىژىڭ ئەسلىدە خېلى يىللاردىن بېرى چىمەن ناھىيىسىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتاتتى. يېرىم يىل ئىلگىرى ئۇنى بوستان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لى يۇڭچىنى شەھەردىن يۆتكەپ كەلگەنىدى.

لى يۇڭچى ئوتتۇرا بوي، قاش - كۆزلىرى قارا، يۇمىلاق يۈزلۈك، دوقا ماڭلاي، مەڭز سۆڭەكلىرى ئۆسۈپ چىققان، چوققىسىدىكى بىر تۇتام چار چېچى داۋاملىق دىڭگىيىپ تۇرىدىغان، 50 تىن ئاشقان ئادەم ئىدى. ئۇ داۋاملىق سىلىق - سىپايە، يۇمشاق سۆزلىگەچكە، كىشىلەر ئۇنى «لى مۇلايىم» دەپ ئاتىشاتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئىككى تىزىنى قاماللاپ، يۆلەنمە ئورۇندۇقتا تىككىدە ئولتۇرغان لى يۇڭچى پەخرۇللاغا پەس ۋە سىلىق تەلەپپۇزدا سۆزلىمەكتە ئىدى:

— دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى يازما دوكلاتىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم، — دېدى لى يۇڭچى پەخرۇللاغا قاراپ، — ئىنتايىن تەپسىلىي، ئەتراپلىق،

كاۋاك قالدۇرماي يېزىپسىز، ئىسلاھات مەسىلىسىدە ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئىزدىنىپسىز، مەن سىزگە قايىل بولدۇم.

— لى شۈجى، ناھىيىلىك قاشتېشى كېنى ۋە شېكەر، تاماكا، هاراق شىركىتى قاتارلىق بىر قانچىلىغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى پاي ھەمكارلىق كارخانىسىغا ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ.

— لېكىن دوكلاتىڭىزدا توك، ئېلېكتىر ـ ئېنېرگىيە شىركىتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. بۇنى قانداق چۈشەندۇرىسىز؟ بۇ... بۇ مۇمكىن بولارمۇ؟

— تامامەن مۇمكىن. ھازىر دۆلەت ئاپپاراتى باشقۇرۇشىدا يەنىلا داش قازان مەۋجۇت. شۇڭا، كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇتقۇدەك ساپاق بولمايدۇ. ۋاكالىتەن باشقۇرۇشتا دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان ھەق بەلگىلىنىپ، پايدا ـ زىيانغا ۋاكالەتچى ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ھەممە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بەلگىلىمىلىرى روشەن بېكىتىلىدۇ.

— بۇ يەنىلا كۆتۈرە بېرىشكە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

— مېنىڭچە ئىلغار تەرەپلىرى كۆپ، — دېدى پەخرۇللا قولىدىكى خاتىرىگە كۆز تاشلاپ، — ئۇنىڭدىن كېيىن قەدەممۇ قەدەم ئىچكىرىلەپ، ئاشلىق، ماي، سانائەت، سودا شىركەتلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، چوقۇم ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىشىمىز كېرەك.

— پاھ، نەپسىڭىز بەك يوغانغۇ سىزنىڭ. ناھىيىمىزنىڭ مالىيىسىنى پۇلغا كۆمۈۋېتەي دەمسىز نېمە؟

— لى شۇجى، ئويلاپ باقسام بىزگە نۇرغۇن پۇل كېرەككەن، — پەخرۇللا ئېغىر تىنىپ قويدى، — ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، خىزمەت بىناسى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبلىرىنى سېلىش ئۈچۈن خەزىنىدە پۇل

بولمىسا بولمايدۇ. شۇندىلا مائارىپ، ساياھەتچىلىك، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئىسلاھاتلىرىنىمۇ تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرەلەيمىز. چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز.

— بولىدۇ، پىلانىڭىزغا تامامەن قوشۇلىمەن. شۇڭا، دەسلەپتە ئىشنى ناھىيىلىك قاشتېشى كېنى ۋە شېكەر، تاماكا، ھاراق شىركەتلىرىدىن باشلايلى، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە بولىمەن.

— لى شۇجى، قوللىغىنىڭىزنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش. سىز ئىداردە تۇرۇپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى قوبۇل قىلىش، يەتكۈزۈش ۋە ھەرخىل يىغىن، ئامىننىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرى دېگەندەك كۆپ ئىشلار سىزگە قاراشلىق.

— بۇ دېگىنىڭىز توغرا، ئۇنداقتا ۋاقىت يار بەرسىلا سىز بىلەن بىللە بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلارسىز؟

— بەزى چاغلاردا مۇلايىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىسىز.

— ھەي، ھەي، ھاكىم، خەقنىڭ قويغان لەقىمىنى سىز تەستىقلاۋاتامسىز، قانداق؟ — ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

... پەخرۇللانىڭ تاتلىق ئەسلىمىلىرى يەنە داۋام قىلغانمۇ بولاتتى. ئەمما قېرىشقاندەك ئىشىك چېكىلىپ قالدى. «بۇ كېچىدە ئىشىك چەككەن كىمدۇ؟» دېگەن ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش، يەنە شۇنداقلا سەل قورقۇشمۇ ئارىلاشقان گۇمان بىلەن بوشراققىنا «كىمۇ؟» دەپ قويدى. چۈنكى جەمئىيەتتە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن، كارىدوردىن بىر ئايالنىڭ «مەن» دېگەن بەكمۇ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك، مۇڭلۇق ناخشىغىلا ئوخشايتتى. تېڭىرقاپ قالغان پەخرۇللا «كىرىڭ» دەپ ئىجازەت بېرىشىگە، ئىشىك ئېچىلىپ بوسۇغىدا

غۇنچە بويلۇق، چىھرى ـ رۇخسارى ئاق ئەتىرگۇلدەك ئېچىلىپ تۇرغان بىر قىز پەيدا بولدى. (پەخرۇللاغا 17 ـ 18 ياشلىق قىزدەك بىلىندى) ئۇنىڭ ئۇزۇن ئەگرى كىرپىكلىك سەل چېقىر كۆزلىرى ئادەمنى ئەيمەندۇرۇپ قويغۇدەك چىرايلىق ھەم خۇمارلىق ئىدى. ئۇچۇشقا تەرەددۇتلەنگەن كەپتەردەك بىر جۇپ كۆكسى يېشىل پوپايكىسىنى تېشىۋېتىدىغاندەك تىرىسىدە چىڭقىلىپ تۇراتتى. كىچىككىنە ئاغزى قوش جىنەستىدەك شۇنچىلىك ئوماق بولۇپ، ئاستىنقى لېۋىنىڭ سول تەرىپىگە قونۇۋالغان نوقۇتتەك خالى قىزىل مارجاندەك يالتىرايتتى. بىلىنەر ـ بىلىنمەس قوش ئېڭەكلىرى ھېلىلا شاكىلىدىن ئايرىلغان چۈجىگىلا ئوخشايتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ غۇنچە بويى بۆلەكچىلا بەرنا ئىدى. پەخرۇللا ئىچىدە: ياپىرىم، ئادەممۇ بۇنچىۋالا چىرايلىق بولىدىكىنا، دەپ ئويلىدى. تېخى كۆڭلىدىن: ئالۋاستىلار كېچىلەردە ئالامەت چىرايلىق قىز بولۇپ ئۇچرارمىش دېگەن قورقۇنچلۇق خىيالمۇ لىپ قىلىپ ئۆتتى. شۇڭا ئۇ، ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىنى نامايان قىلىپ تۇرغان بۇ نازىنىنغا ئىختىيارسىز تىكىلىپلا قالدى. «ئالۋاستى» ئۆزىنىڭ جاھاندا يەكتا گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك ناز ـ ئىستىغنا بىلەن تولغىنىپ بىر تاتلىق كۈلۈمسىرىدى:

— قارىسام چىرىغىڭىز يېنىقكەن، «ھاكىم ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ، يەنە تەكشۈرۈشكە كەتكەن چېغى» دەپ كېلىشىم، چىراغلار يېنىق قالسا، باشلىقلار بەك خاپا بولىدۇ.

— سىز... سىز كىم بولىسىز؟ بۇ چاغقىچە سىزنى كۆرمەپتىكەنمەنغۇ؟

— مېنى كۆرمەسلىكىڭىزنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ، — قىز قىزىرىپقىنا يۈزىنى يانغا ئەپقاچتى، — كەلگەندىن تارتىپ يېزا ـ قىشلاق، كەنت، مەيدانلارنى ئارىلاپ يۈرسىڭىز، مانا ئەمدى شەھەردىكى كارخانا، شىركەت، زاۋۇتلاردا يېتىپ ـ قوپۇپ

يۇرۇۋاتىسىز.

— ئەسلىدە سىز مۇشۇ مېھمانخانىدا ئىشلەيدىكەنسىز - دە.

— شۇنداق، مەن دېگەن كۇتكۇچى، بۇنىڭدىن كېيىن ياتىقىڭىزنى مەن تازىلايمەن.

— بۇ چاغقىچە خەيرىگۇل دېگەن بىر چوكان تازىلاپ كەلگەنىدىغۇ؟

— ئۇ ئايالنىڭ بالىسى كېسەل ئوخشايدۇ، رەھبەرلىك مېنى بەلگىلىدى.

— مۇنداق دەڭ، ئىسمىڭىز چۇ؟

— ئاقنىسا ئاپئاق.

— نېمە؟

— مەن ئاپئاق بولغاچقا، باشقىلار مېنى ئاقنىسا ئاپئاق دەيدۇ.

— بۇ كېچىدە ئۆيىڭىزگە كەتمەي، نېمىش قىلىسىز؟

— يېڭى ئۆيىڭىزنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنى سۈرتۈپ، ئىشىك، پوللىرىنى يۇيۇپ، تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، ھۇجرا، مېھمانخانىلىرىڭىزنى ياساپ، جابدۇپ چىقتىم.

— جابدۇپ؟ ئۆي جابدۇغىدەك سەرەمجانلىرىم بولمىسا.

— ۋىيەي، يېرىم كۈندە ئاران تۇشۇپ بولدۇق دەڭا، بىرنەچچە كۇتكۇچى كارىۋات، ئۇستەل، ئورۇندۇق، ساندۇقلارنى قويۇشۇپ بەرگەندىن كېيىن قالغان يوتقان - كۆرپە، گىلەملەرنى سېلىپ، پەردىلەرنى تارتىپ، شۇنداق پەيزى قىلىۋەتتىم.

— رەھمەت سىزگە، جاپا تارتىپسىز.

— سىز ئۇچۇن جاپا تارتسام، مەن ئۇچۇن شەرەپ... سىزمۇ يۇرتىمىز ئۇچۇن جان كۆيدۇرۇپ ئىشلەۋاتىسىزغۇ.

ئاقنىسا سەل تارتىنشقاندەك بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىدا كېتىۋېتىپ، يىپەك پەردىلىرى يېلپىرلەپ تۇرغان دېرىزىگە قارىدى. لېكىن پەخرولانىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ

ناھىيىلىك كومىتېت ھويلىسىدىن چىقىشى، بوكىكىدە دەرەخلەر تېگىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن بىر قارا كۆلەڭگە چىقتى - دە، شىپىلداپ ماڭغىنىچە ئاقىنساغا يېقىنلاشتى...

زىمىستان قىشلار قۇيرۇق قالدۇرۇپ، ئاستا - ئاستا ئۆزىماقتا ئىدى. بىر ئىسسىپ، بىر سوۋۇپ تۇرىدىغان مارت ئېيىمۇ ئوتتۇرىلىشىپ قالدى. بىر كۈنى چارۋىچىلىق رايونىدىن يانغان پەخرۇللا «توپتېرەك» يېزىسىغا كېلىشى بىلەن شوپۇر ئازاد تۇرسۇنغا:

— ماشىنىنى سول تەرەپتىكى ھارۋا يولىغا ئايلاندۇر، — دەپ بۇيرۇدى.

— يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرايمۇ؟

— ياق، بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە بارىمىز.

— بىلدىم، — دېدى ئازاد تۇرسۇن ئارقىسىغا قايرىلىپ، — سىز چىمەنگە كېلىپ ئۆزۈن بولمايلا يەر دەۋاسى قىلىپ كەلگەن ھېلىقى دېھقانغۇ دەيمەن.

— توغرا، ئۇنتۇپ قالماپسەن.

— يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىشىنى ھەل قىلدىمۇ - يوق، شۇنى سۈرۈشتۈرگىلى بارىسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئازاد، سەن يامان ھوشيار ئېمە جۇمۇ.

— سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز ماڭا ياد بوپكەتتى، — ئازاد كۈلۈپ قويدى، — ھۆددە قىلىمەنكى، ئۇ دېھقاننىڭ ئىشىمۇ ھەل بولۇپ بولدى، ھازىر يېزا - كەنت، مەيدان كادىرلىرى سىزنىڭ سۈرۈشتۈرۈپ كېلىشىڭىزدىن بەك ئېھتىيات قىلىدىكەن.

— شۇنداق بولغىنى ياخشى، قىسمەن يېزا - كەنت كادىرلىرى «غوجى كۆردى» قىلىپ ئالدىڭدا تېرە تاراقشىتىدۇ، كۆزدىن يوقالدىڭمۇ «سېنى نەدە كۆردۈم» دەيدۇ.

ئازاد تۇرسۇن ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ بىر كۆرۈمسىز كەنتكە كىرىپ كەلدى. ماشىنا يۇلغۇن، شىۋاق، بۇيا قاپلاپ كەتكەن

بىرقانچە ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردىن ئايلىنىپ، غارا يىللىق
ھويلا ئالدىدا توختىدى، پەخرۇللانىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئازادمۇ
ماشىنىسىدىن چۈشۈپ ھويلىغا كىرىشىگە، چاچ ـ ساقاللىرىغا
ئاق ئارىلىغان، تەمبەلگىنە بىر دېھقان ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ
كەلدى.

— ئا، پەخرۇللا ھاكىم، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى.
سىلىنى؟ ئۆيگە كىرىلى، ئۆيگە، — دېھقان ئۆيگە قاراپ
ۋارقىرىدى، — ھاي خوتۇن بولە تېز، ئۆيىمىزگە خىزىر
كەلدىيا.

پەخرۇللا پاكار ئۆي ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرگىنىدە،
بۇرنىغا گۈپپىدە چىلە پۇرىدى. ئۇ سۇپا ئۈستىدە مەرەپ ياتقان
قوزىلىق قويغا قاراپ سېسىقچىلىقنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى
بىلدى.

— قويۇڭلار قوزىلاپتۇ ـ دە، — دېدى پەخرۇللا كۆرپىگە
ئولتۇرۇۋېتىپ، — نېمانداق ئۆيگە ئەكىرىۋالدىڭلار.

— كەچ تەرەپتە سەل سوغ بولىدىكەن، ئانىسىنىڭ
قورسىقىدا ئىسسىق ياتقان جانىۋار، توڭۇپ قالمىسۇن دېدۇق.

قوزا بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان دېھقاننىڭ ئايالى ئالمان ـ تالمان
ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كىگىز گىلا داستىخاننى يېيىپ، ئىككى
چىنە قېتىق ئېلىپ كەلدى. ئاندىن يېڭى ياققان ئارپا نېنىنى
بىرنەچچە پارە قىلىپ ئوشتۇپ قويدى. تاغلىق رايوندىن كەلگۈچە
قورسىقى ئېچىپ قالغان پەخرۇللا بىلەن ئازاد تۇرسۇن قېتىققا
يۇمشاق ئارپا كۆمىچىنى تۆگۈرۈپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە
باشلىدى.

— يېزىلىق ھۆكۈمەت يەر ئىشىڭلارنى قانداق ھەل قىلدى؟
— سىلىنىڭ يولىيورۇقلىرى بىلەن كۆڭلۈمدىكىدەك ھەل
بولدى دېسىلە، ھاكىم.

— ئۇنداق بولغان بولسا ياخشى بوپتۇ. بەك ئالدىراش بولۇپ

كەتكەنلىكىمنى ئۇچۇن ۋاقتىدا كىملەلمىدىم. يەنە قانداق قىيىنچىلىقىڭلار بولسا دەڭلار، ھەل قىلغۇدەكلا ئىش بولسا ھەل قىلىمىز. ①

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلغانلىرىغا مىڭ مىراتەم رەھمەت، ئاتايىتەن يوقلاپ كەلگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى. خۇدايىم ئۆزلىرىنى ئامان قىلسۇن، مەرتىۋىلىرى تېخىمۇ ئۆسكەي...

پەخرۇللا ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرغان چېغىدا كۈن ئاللىقاچان ئالتۇنتاغ چوققىلىرىغا باش قويغانىدى. يۇرت ئاتىسى بولماق، ئۇلۇغ ۋە جاپالىقتۇر، — دەپ خىيالغا پاتتى ئۇ، — ھەممەتتىن قانىتى بولغان قۇش ئېگىز ئۇچالىغىنىدەك، ئاۋامغا قىلغان كىچىككىنە شاپائىتىڭ تۆپەيلى ئۇلاردىن يانغان تىلەك ۋە دۇئالار سېنىڭ ئامانلىقىڭ ۋە كۆكلىشىڭنىڭ كاپالىتىدۇر. كۆڭۈل قارىلىق، تەكەببۇرلۇق بىلەن قىلغان تىرناقتەك ئالدامچىلىقىڭ، خورلۇق كەلتۈرگىنىڭ، ئاۋامنىڭ يۈرىكىگە دۇغدەك تىنىپ قالغۇسى! ئۇلارنىڭ قارغىشى، لەنەت - نەپرىتى يۇيۇپ تۈگەتكۈسىز قانلىق تامغىدۇر!...

ئازاد تۇرسۇن ماشىنىنى چىمەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىغا ئېلىپ كىرگەندە، ئەتراپ كۆز باغلانغۇدەك گۆگۈم بىلەن قاپلانغانىدى. تارىلىپ كەتكەن شايىدەك نېپىز پارچە بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئاي گاھ چىقىپ كائىناتنى كۆكۈچ سوغۇق نۇرىغا چۆمكىسە، گاھ تۇرۇپلا باغ، ئورمان، ئۆيلەرنى تۇم قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كېتەتتى. پەخرۇللا ماشىنىدىن چۈشۈشى، ئازاد تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا چۈشتى.

— ھاكىم، بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلىچۇ، — دېدى ئازاد تۇرسۇن چىن كۆڭلى بىلەن، — ھازىر كادىرلار ئاشخانىسىغا كىرسىڭىز

① بۇ بەلگە قويۇلغان ئابزاس، بۆلەكلەر ئەسقەر ياسىنىنىڭ ماقالىسىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان.

تاماق يوق. بولسىمۇ ساپلا ئاشقان ـ تاشقان نېمىلەر، سوۋۇپ قالغان قورۇما، توڭ تېزەكتەك هورنان...

ــ بولدىلا، قورسىقىممۇ ئانچە ئاچمىدى.

ــ يالغان ئېيتىۋاتىسىز، توپتېرەكتىكى دېھقانىنىڭ ئۆيىدە قېلىنلىق قىلىپ، مەن سىزدىن جىق يېدىم. لېكىن هازىر قورساقلىرىم تارتىشىپ، كولدۇرلاپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ ئەمىسە ئۆيۈڭگە تېز بارغىن، رەيھانگۇل بىلەن ئالتە ئايلىق ئوغلۇڭ يولۇڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغاندۇ. مەندىن ئەنسىرىمە، قېتىق بىلەن ئارپا نان قورسىقىمنى ئاچۇرمىدى.

ــ ۋاي قويۇڭا، قېتىق دېگەن بىر نېمە ئادەمنى ئېزىپ، ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. «ئارپا نېنى يەللىك، ئوسارتىدۇ ئەللىك» دەپ يېگەن نېنىمىزمۇ نەلەردە قالدى...

ــ ئۇنداقتا، شامالغا قېتىۋېتىپسەنسەندە...

ــ هاكىم، چاقچاق قىلماي ماشىنىغا چىقىڭ، بىزنىڭكىگە كېتەيلى، ئايالىم ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ تۇرماقچىدى.

ــ رەھمەت، ئازاد، سەن كېتىۋەر، مېنىڭ كۆرىدىغان ماتېرىياللىرىم بار، قورسىقىممۇ ئانچە ئاچمىدى.

ــ ئەمىسە، كېچىچە قورسىقىڭىز ئېچىپ، ئۇيقۇڭىز كەلمىسە مەندىن زەنجىمەڭ.

پەخرۇللا كۆچۈپ كىرگىلى بىرئايدەك بولغان ئۆيگە ماڭدى. چىمەن ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى قورۇسى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئۆي، ئىمارەت ئاز، باغ، كۆكتاتچىلىق، قەلەمچە مەيدانى كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ پۈتۈن ئەتراپىنى باغ قاپلاپ تۇراتتى. باغ ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يوللار بىلەن توپ ـ توپ گۈللۈكلەرنى ئايلىنىپ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش زالىغا بارغىلى بولاتتى. بۇ چاققانغىنە زال ئىچىدە تىكتاك توپ تاختىلىرى، شاھمات، ماجاڭ، قارتا، قاتار ئوينايدىغان ئۇستەللەر، بىليارت ئۇستەللىرى، ئېغىرلىق

كۆتۈرۈش سايمانلىرى، چويۇن تۇپلار، گېزىت ـ ژۇرنال كۆرىدىغان بۆلۈمچىلەر قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بار بولۇپ، پەخرۇللاغىمۇ باغ ئارقىسىدىكى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش زالىغا يانداپلا ئۆي سېلىپ بەرگەنىدى. گەرچە قورۇسى كىچىكرەك بولسىمۇ، يۇمىلاق، تۇخۇم شەكىللىك، تۆت چاسا شەكىللىك گۈللۈكلەر بىلەن قاپلانغانىدى. گىلاس ـ ئالۇچا، نەشپۈت، ئالما كۆچەتلىرى كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىرنەچچە يىللارغىچە مېۋىگە كىرىشى تەس ئىدى. ئۆي تۈزۈلۈشىمۇ بىنا ئۆيلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرگەن ھامان چوڭ چاسا زال، زال ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر كىچىكرەك قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كارىدور كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كىچىك كارىدورنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە ئىككى ھۇجرا، مۇنچا، ئاشخانىلىرى بار بولۇپ، ئۇدۇلدىكىسى گىلەم، دىۋان، ئىشكاپ، ئېسىل پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانا ئىدى.

قورسىقى ئېچىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرغان پەخرۇللا سىرتنىڭ ۋە كارىدورنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكلىرىنى ئاچقاندىن كېيىن، ھۇجرىسىغا كىردى. بۇلۇڭغا دۈۋىلىنىپ كەتكەن كىر كىيىم، لۆڭگە، پايپاق، كىرلىكلەر ئۇنىڭغا شۇنداق سەت كۆرۈندىكى، ئەچىقىپلا ئوت قويۇۋەتكۈسى كەلدى. دېمىسىمۇ ھەر قېتىم خىزمەتتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگىنىدە بۇ دەردىسەر كىر نەرسىلەر كۆزىگە ئالۋاستىدەك كۆرۈنەتتى.

دەرۋەقە، ئەركىشى ئۇچۇن كىر يۇيۇشتىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈلسىز ئىش بولماس. پەخرۇللا يەيدىغان بىرەر پارچە نان كويىدا ئىككى ھۇجرا، ئاشخانا، مېھمانخانىلارنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ تۇرۇپلا مېھمانخانىدىكى قىممەت باھالىق گىلەم، ئېسىل دىۋان، نەپىس يىپەك پەردە، ئىشكاپلارنى ئاچچىق ـ چۇچۇككىنە بىر چىنە سۇيۇقئاشقا، ئەڭ بولمىغاندىمۇ، تونۇردىن ئەمدىلا سۇيۇۋالغان ئىسسىق نانغا تېگىشىۋەتكۈسى كەلدى. ئاتا ـ

بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئۇنچە ـ مارجان تاش ئىكەن، بۇغداي، قوناق
ئاش ئىكەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. شۇنداق، پەخرۇللا
چىمەن ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ كەلگەندىن بېرى، شەنبە ـ
يەكشەنبە كۈنلىرىنى باشقىلاردەك ئۆتكۈزۈپ باققىنى يوق. ئۇنىڭ
قاچان ئۇخلاپ، قاچان ئويغىنىشىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلكىدە ئەمەس،
ئۇ تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىينالدى. ئائىلىسى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ
كۈنلىرى بويتاقلاردەك ئۆتەتتى. تاماقنى ئىسسىقىدا
يېيەلمەيتتى. كىشىلەردىن نومۇس قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم
كېچىلىرى كىر يۇيۇپ ئۆيدە قۇرۇتتى. ئادەت كۈچلىرى قويۇق
ساقلىنىپ قالغان بۇنداق چەت ـ ياقا يۇرتلاردا، خەقلەر ئاغزىنى
قويۇپ، ئارقىسىدا كۈلەر... راستتە، بىر ھاكىم بولغۇچى يۇرت
ئاتىسى ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ، كىر يۇيۇپ ئولتۇرسا، نى سەت،
نى نومۇس.

جان كۈندە چېچەكلىمەس، دېگەن گەپ بار. پەخرۇللا ئۆزىنى
خىزمەتكە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ جاھانغا تۇۋرۇك
بولغۇسى يوقتۇ؟ ياق! ئۇ بۇرۇنمۇ مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن
پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. لېكىن بۇ قېتىمقىسى
ئوخشىمايدۇ. پەخرۇللا ئەمدى پۈتۈن ـ سورۇك مەسئۇلىيەتنى
ئۈستىگە ئالغان بىرىنچى قول ھاكىم. ناھىيە خەلقىنى قانداق
قىلغاندا ھاللىق سەۋىيىگە، تېخىمۇ پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە
قىلغىلى بولىدۇ، مەن باشلىغان ئىسلاھات زادى قانچىلىك
ئۈنۈم بېرەر؟ مانا بۇ، پەخرۇللانىڭ شوخا ـ تىكەنلىك تاغ
جىلغىلىرىدا، سەھرا يېزىلارنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا، جەزىرىمە
قۇملۇقلاردا كېتىپ بېرىپمۇ ئويلايدىغان ئەندىشىلىك ئوي ـ
خىياللىرى! شۇڭا، ئۇ چىمەنگە كېلىپلا پارتكوم، ھۆكۈمەت،
ئىنتىزام تەكشۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى،
سىياسىي كېڭەش قاتارلىق بەش ئاپپارات رەھبەرلىك
كوللېكتىپى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ بىرلەشتى. بولۇپمۇ

پارتكوم بىلەن بولغان بىردەكلىكنى ساقلاش، ئۇنىڭ ئەڭ پرىنسىپلىق مىزانىغا ئايلاندى!

چىمەندەك كەڭ زېمىن، تۇرگۇن خەلققە ھاكىم بولۇش ئاسان ئەمەس. چۈنكى چىمەن قەدىم ئەييامدىن بېرى ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكى، ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق تەكلىماكاننىڭ قۇم بورانلىرى ئالدىدا تەسلىم بولمىغان! ئۆز سەركەردىسىگە، يۇرت ئاتىسىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. ئۇلار: «سەركەردە قابىل بولسا، خەلق غاپىل بولمايدۇ» دېگەن ئەجدادلار سۆزىنى تۇماردەك ئەتىۋارلايدۇ. چىمەن خەلقى ئاغزىدا ھېلىتىن «پەخرۇللام» دېگەن ئىسىم زىكرى قىلىنماقتا... شۇنداق ئىكەن ئۇلار ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش، ئەلۋەتتە ۋىجدان ۋە ئىمان جۈملىسىدىندۇر!

بىر كۈنى كەچكىچە چارۋىچىلىك رايوندا تاغ ئارىلاپ، كالتە يىغىنلارنى ئېچىپ، ماللارنىڭ يەم ـ خەشىكى، تۇز، تۇرار جايلىرىغىچە تەكشۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن پەخرۇللا پۈتلىرىنى يۇيۇشقىمۇ ھەپىسىلىسى يوق ھالدا، ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا مېڭىشى، ئىشىك چېكىلىپ، خەلق كومىتېتى ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيسا سومكىسىنى قولتۇقلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ دۇپدۇگىلەك تاقىر بېشىغا بادامدوپپا كىيگەن، ئاق سېرىق سېمىز يۈزى پارقىراپ تۇرىدىغان 50 ياشلاردىن ئاشقان خام سېمىز ئادەم ئىدى. ئۇ پەخرۇللادىن بىر نەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ، ھاكىمغا تەركىي ھۆرمەت بولمىسۇن دەمدۇ ـ نېمە، «سىلى ـ ئۆزلىرى» دەپ سىلىق ـ سىپايە سۆزلەيتتى. تۇراپ ئەيسا كۆرۈنۈشتە ئېغىر، سالماق، كەم سۆز بولۇپ، ئادەتتە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ خۇشال يۈرگىنىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. پەخرۇللانىڭ ئورنىدىن دىككىدە تۇرغىنىنى كۆرگەن «تۇ مۇدىر» گەپ قىلغاچ تېز ـ تېز يېتىپ كەلدى.

— بولدى، بولدى ھاكىم، ئورۇنلىرىدىن تۇرمىسىلىمۇ بولىدۇ.

— تۇرمىسام قانداق بولىدۇ، قېنى ئولتۇرسىلا.

— رەھمەت، رەھمەت، — تۇراپ ئەيسا قاتلىما ئورۇندۇقنى ئالدىغا سۈرۈپ ئولتۇردى، — مۇنداق ئىشتى، ۋىلايەتتىن بېرىنچى قول رەھبەرلەرگە «چوڭ ئاكام چوڭ» دەيدىغان قول تېلېفونى ئەۋەتىپتىكەن. بىرنى لى شۇجىغا بەردىم. سىلىنىڭكىنىمۇ ئېلىپ كىردىم.

— نېمە؟ «چوڭ ئاكام چوڭ» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟

— مانا كۆرسىلە.

تۇراپ ئەيسا سومكىسىدىن قاتۇرما كوروپكىنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئالىقاندەك قاپقارا تېلېفوننى ئېلىپ پەخرۇللاغا سۇندى.

— بۇنى قارىسىلا ھاكىم، خەنزۇ يولداشلار «داگېدا» دەپ ئاتايدىكەن. شۇڭا بىزمۇ «چوڭ ئاكام چوڭ» دېگەن نەرسە ئوخشايدۇ، دېيىشتۇق.

— قالتىس نېمىكەنا بۇ.

— پوچتىخانىدىكى تېخنىك خادىملار «تەڭشەپ قويدۇق، سىپىرلىق كۇنۇپكىلارنى باسسىلا ھەرقانداق ئىدارە - جەمئىيەت تېلېفونلىرىنى ئالغىلى بولىدۇ» دەيدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، — پەخرۇللا تېلېفوننى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆردى، — ئەمما ئۆيۈمدە، ئىشخانامدا تېلېفون تۇرسا، بۇنى نېمە قىلارمەن؟

— بۇ سىرتقا چىققانلىرىدا ئەسقاتىدۇ - دە، — تۇراپ ئەيسان پەخرۇللاغا لەپپىدە قارىدى، — ھاكىم كەچتە تاماق - پاماق يېدىلىمىكىن؟

— ياق.

— توۋا، ماخوتۇنىنىڭ لايغەزەللىكىنى، «ئۆزلىرىنىڭ ھېرىپ -

ئېچىپ كېلىدۇ. سۇيۇق ـ سىلەڭگىنە ھاردۇق ئېشى ئېتىپ قويايمۇ؟» دېۋىدى. بوپتۇ دېسەم مانا ئەمدى. بۇرنىدا پۇشتەك چېلىپ، ئۇخلىغان ئوخشىمامدۇ؟

تۇراپ ئەيسا قاڭقىغان توپتەك چىقىپ كەتتى. پەخرۇللا ئۇنىڭ «ما خوتۇنىنىڭ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاقنىسا چوكان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئاڭغىچە سىرتتىن تۇراپ ئەيسانىڭ بوراندا قالغان قاپاقتەك گۇركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھاكىمنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويۇپ، نەدە پوق دەسسەپ يۈردۈق؟

— تاماقنى ئېتىپ بولۇپ، ئىككى قېتىم كەلسەم ھاكىم تېخى كەلمەپتىكەن. قايتىپ كېتىپ، ئولتۇرۇپلا كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتۇ.

— ۋۇي بەمەسەل، مەن ساڭا ھاكىمنى كۇتۇش سىياسىي ۋەزىپە دېمىگەنمىدىم. مېھمانخانىدىن كۆتۈڭگە تەپمىگۈچە پاقاڭغا قانمايسەن.

— دېگەن شۇ. لېكىن مېھمانخانىنىڭ تازىلىقى بىلەن ھېرىپ قالغان چېغىم بار.

تۇراپ ئەيسا بوڭ ـ بوڭ قوڭغۇزدەك غۇڭۇلداپ، ئاقنىسا پاشىدەك غىڭىلداپ كىرىپ كېلىشتى. ئاقنىسا زەپمۇ چىرايلىق چېقىر كۆزلىرىنى لەپپىدە تاشلاپ، پەخرۇللاغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلدى. ئۇ داستىخانغا قاتمۇقات ئورالغان كورىنىڭ ياپقۇچىنى ئېچىشى، رەيھان كۆكى تالقىنى سېپىلگەن سۇيۇقئاشنىڭ مەززىلىك ھىدى دەرھاللا ئىشتىھانى غىدىقلىدى. ئاقنىسا يۇمشاق ئىككى نان بىلەن بىر ئاپقۇر سۇيۇقئاشنى ئۇستەلگە قويۇشىغا، پەخرۇللا ئاشخانىغا چىقىپ قولىنى يۇيۇپ كىردى.

— سىلەرمۇ كەلمەمسىلەر، — پەخرۇللا غورتتىدا يۇتۇندى، — بىللە ئىچەيلى.

— بولىدۇ ھاكىم، تاماقلىرىنى يەپ ئارام ئالالا، مەن چىقاي، — تۇراپ ئەيسان ئاقنىساغا قارىدى، — ھاكىم تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن كىر كىيىم - كېچىكى بولسا ئالغاچ كەتكىن.

— بولىدۇ، مۇدىر.

تۇراپ ئەيسا چىقىپ كەتتى. پەخرۇللا رەيھان كۆكى لەيلەپ تۇرغان سۇيۇقئاشقا يۇمشاق نانىنى تۆگۈرۈپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئاپئاق ئالىقانلىرىنى ئىككى يوتىسى ئارىسىغا ئېلىپ مۈكۈپ ئولتۇرغان ئاقنىسا، بەزى قىيا باقىقىنىچە ھاكىمغا قاراپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قوياتتى.

— تاماق ئېتىپ ساقلاش قانداقلارچە ئويىڭىزغا كېلىپ قالدى؟ — سورىدى پەخرۇللا، — ئەگەر كەلمەي قالسام، بىكار ئاۋارە بولىسىز ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ ئۆيۈم ناھىيىلىك كومىتېتتىن ئىككى كوچا ئاتلىغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى كوچا دوقمۇشىدا، — ئاقنىسا يەر بېقىپ سۆزلەۋاتاتتى، — دېرىزىلىرى چوڭ يولغا قارايدۇ. ماشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتىمەن. بەزىدە ئېغىر ياتقۇدا، تۈن نىسپىدە، تېخى تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا كېلىسىز. كۈندۈزى ھەرقانچە يېگەن نەرسە، كېچىچە تۇرامدۇ؟ ئىچىمدە «ھاكىم چوقۇم ئاچ قورساق يېتىپ قالىدىغان بولدى» دەپ ۋايىم يەيمەن.

— شۇڭا تۇراپ ئەيساغا «تاماق ئېتىپ قويسام بولامدۇ» دەپتىكەنسىز دە؟

ئاقنىسا «ھىم» دەپ بېشىدا ئىشارە قىلغاچ مىچچىدە يىغلىدى - دە، بارماقلىرىدا مەڭزىدىكى ياشنى سۈرتتى. ئۇنىڭغا پەخرۇللانىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز، ئاقنىسا، نېمىشقا يىغلايسىز؟

— تۇراپكام داۋاملىق «كۆتۈڭگە تېپىمەن»، «شاللىۋېتىمەن»، «يەۋاتقان نېنىڭدىن قۇرۇق قالىسەن» دەپ

قورقۇتىدۇ. مەن بۇ يەردىن ئايرىلىپ قالسام، ئاتا ـ ئانامنى كىم باقىدۇ؟

— خادىملارنى چىلىڭ تۇتقىنى ياخشى ئىشقۇ. لېكىن ئاشۇنداقمۇ قىلارمۇ؟

— ياقەي، تۇراپكام، گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوقتەكلا ئادەم. ئاغزىدا گۇر ـ گۇر قىلغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى.

— ھە، مانا ئۆزىڭىزمۇ بىلىدىكەنسىزغۇ، — پەخرۇللا تەرەپبال تۇراپ ئەيسانىڭ «ماخوتۇن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى، — ئاقنىسا، كېچىلىرى باشقىلارغا تاماق توشۇپ يۈرسىڭىز، ئېرىڭىز خاپا بولمامدۇ؟

— نېمە؟ — ئاقنىسا يالتتىدە قاراپ، ھۆپپىدە قىزاردى، — مېنىڭ... مېنىڭ ئېرىم يوق تۇرسا.

— ئەمىسە، تۇراپ ئەيسا...

— مەن ئون تۆت ـ ئون بەش ياش چېغىم بولسا كېرەك، ھە راست، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلىم ئىدى، — ئاقنىسانىڭ بېشى تولغان ئىككى كۆكسىگە ئېگىلدى، — مېنى مەھەللىمىزنىڭ مەزىن ئاخۇنۇمىغا بەرگەن. ئۇ قېرى ئادەمتى، بىز بەش ئاي ئۆي تۇتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.

— ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئىكەنسىزدە؟

— ئوقۇغاندىمۇ باشقىلارنى تاڭ قالدۇرغىدەك ئوقۇغان.

پەخرۇللا تامىقىنى يەپ بولۇشىغا، ئاقنىسا قوشۇق، چىنە، چۆمۈچلەرنى كورىغا سالدى. ئاندىن داستىخانىغا ئوراۋېتىپ پىققىدە كۈلۈۋەتتى. پەخرۇللا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ۋاي خۇدايىم، بىر كورا سۈيۇقئاشنى ئىچىۋېتىپسىز ـ ھە؟

— شۇنداقمۇ؟ — پەخرۇللامۇ كۈلۈۋەتتى، — تېخى بىر تانمۇ بار دەڭا.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى. پەخرۇللا بۇ بەرنا چوكاننىڭ

ساددىلىقىدىن سۆيۈندى. بولمىسا ساھىبخانا مېھماننىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى يۈزىگە سالىدىغان ئىش نەدە بار؟ ئاقنىساغا تىكىلىپ قالغان پەخرۇللا ئىچىدە: پاھ، ئۇنى يېقىنىدىن كۆرسە تېخىمۇ چىرايلىقكىنا، دەپ ئويلىدى.

— ئاقنىسا، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمە تۆت ياشقا.

— مېنىڭ قىزىمدىن بىر ياش كىچىككەنسىز.

— قىز بالا ئېغىلدىكى مالچىلىكمۇ بولالمايدۇ. مالنىڭمۇ ياش - قېرىلىقى سورۇشتە قىلىنىدۇ. لېكىن قىزنى مال ئورنىدا ساتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ھېسابقا ئېلىنمايدىكەن، — ئاقنىسا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر خورسىندى، — مېنى 15 يېشىمدا نىكاھلاپ قويغاندا، مەزىن ئاخۇنۇم ئاتمىش ئۈچ ياشتا ئىدى.

— نېمە؟ — پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — سىز... سىز... قانداق بولۇپ؟...

— ھاكىم، سىز بىلمەيسىز، نامراتنىڭ ئەيىبى تولا، يىغىسپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئەيىبى قولىنىڭ قىسقىلىقىدا... — ئاقنىسا ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكۈدەك مۇڭلىنىپ قالدى، — ئاتا - ئانام، بىر مېيىپ ئاكام بار. ئۇلار دېھقان بېجى، يەر پۇلى، سۇ ھەققى، سۇلياۋ يوپۇق، ئوغۇت پۇللىرىغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ، مېنى مەزىن ئاخۇنۇمغا ئۈچ مىڭ سومغا بىر كېچىدىلا نىكاھلاپ قويغان.

پەخرۇللانىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە مۇج قۇيغاندەك، ھەتتا قوقاس چۈشكەندەك ئېچىشىپ كەتتى.

— ھاكىم، كارىدورنىڭ بۇلۇڭىغا دۈۋىلەپ قويغان كىر كىيىملەرنى ئېلىپ كەتسەم بولامدۇ؟

— سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

— سىزمۇ بوستاندەك ئالەمنىڭ چېتىدىن كېلىپ، بىز

ئۇچۇن كۆلدە كۆمەچ بولۇۋاتىسىزغۇ.
— ئۇنداق بولسا، — پەخرۇللا يانچۇقىدىن 10 سوملۇقتىن ئىككىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — كىر سوپۇن، پاراشوك سېتىۋالارسىز.
— ياق بولدى، ئۆيدە بار.
— ئۇنداق بولسا ئېلىپ كەتمەڭ، ئۆزۈم يۇيىمەن.
— بۇنداق دېسىڭىز... — ئاقنىسا دومسىيىۋىدى، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتتى، — ماۋۇ 10 سومنى ئېلىپ قالاي، مۇشۇمۇ جىق. ئەسلىدە بەش سوممۇ يېتەتتى. ئەمدى پارچە پۇل بولمىغاندىن كېيىن. ھاكىم، — ئاقنىسا پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — كىچە - كۈندۈز تاغ تۇرا، ئېتىز - ئېرىقلاردا پوسۇرلاپ يۈرۈپ ئۇگە - ئۇگىلىرىڭىز ئاجراپ كەتكەندەك ئاغرىپ كېتىدىغاندۇ؟ دوم يېتىڭ، ئۇچىلىرىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قوياي...
— نېمە؟ — پەخرۇللا يالتتىدە قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ خىجىللىق ئىلكىدە مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، شۇ ھامانلا غەيرىي خىياللاردىن نېرى بولدى، — بولدى، بولدى، رەھمەت سىزگە، كەچ بولۇپ كەتتى. ئەمدى قايتىڭ.
كىر كىيىملەرنى ئەدىيالغا ئورىغان ئاقنىسا، «خوش ئەمىسە» دەپ ئېگىشىپ تەزىم قىلغىنىچە ئۇزاپ چىقتى. ئۇ ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىدىن چىقىپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، قاپقاراڭغۇ بولجالىق تېگىدىن چىققان بىر كۆلەڭگە ئاۋاز چىقارماي، شىپىلداپ مېڭىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى... ئىككى سايە كۇسۇرلىشىپ، توم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندا، پەخرۇللا ئوڭدىسىغا يېتىپ، ئاقنىسانى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. «قىز بالا ئېغىلدىكى مالچىلىكمۇ بولالمايدۇ»، «نامراتنىڭ ئەيىبى تولا، ئۇنىڭ ئەيىبى قولىنىڭ قىسقىلىقىدا»، «مېنى ئون بەش يېشىمدا نىكاھلاپ قويغاندا،

مەزىن ئاخۇنۇم ئاتمىش ئۈچ ياشتا ئىدى»، «ئۈچ مىڭ سومغا بىر كېچىدىلا نىكاھلاپ قويغان» دېگەن نىدالار تۇرمۇشتا خوۋلۇق كۆرمىگەن، بەختىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بىر چوكاننىڭ غەزەپلىك چۇقانى ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر سەممىي سۆزلىرىدىن، سەبىي كۇلۇشلىرىدىن، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن كۆڭلىنىڭ ئاقلىقى، دىلىنىڭ پاكلىقى، دىيانىتىنىڭ ساپلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ!... ئۇنىڭ خىيالى ئاخىرلاشمايلا، بوش پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى.

دۆلەت كارخانىلىرىدىن قاشتېشى كېنى، شېكەر، تاماكا، ھاراق زاۋۇتلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان پەخرۇللا ھەر كۈنى ئۆگىنىش، خىزمەت، مۇزاكىرە، پاي ھەمكارلىق زاۋۇت، كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈم ـ مىزانلىرىنى بېكىتىش بىلەن كۈنلەر ناھايىتى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ماي ئايلىرى كىرىشى بىلەن قۇملۇق دىيارىدا بالدۇرلا يۈز بېرىدىغان تومۇز ئىسسىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ كۈنلەردە پەخرۇللا توپتېرەك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلۇۋاتقان ھاراق ئېچىتىش كارخانىسىنى قۇرۇش ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇ كارخانا يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاق قوناق، چۈژگۈن قوناق ۋە قىزىل، سېرىق، كۆك پۇرچاقلاردىن ھاراق، جياڭيۇ ئىشلەپچىقىراتتى. بىر كۈنى ناھىيىدىن لى يۈڭچى شۈجى، پەخرۇللا ھاكىم، تۇراپ ئەيسا مۇدىرلار، يەنە شەھەردىن بىرقانچە ھاراق ئىشلەش مۇتەخەسسىسلىرى يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار بۇ كارخانىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشلەپچىقارغان ھارىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە بېكىتىش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى. ھازىرغىچە ئىشلەپچىقارغان ئىككى خىل ھاراق ئاساسىي جەھەتتىن سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەن دەپ باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا شەھەرگە ئەكىرىپ ئىلغار ئۈسكۈنىلەردە قايتا

تەكشۈرۈشنى بېكىتتى. يىغىندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت زالىدا زىياپەت بېرىلدى. ئۆز ئەمگىكىنىڭ روياپقا چىققانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولغان پەخرۇللا سەل جىقراق ئىچىپ قويدى. ئۇ قايتىشىدا ماشىنىدا كۆپرەك سۆزلىشۋەتتى. لى شۈجى ئۇنى بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئېلىڭ دەپ باققان بولسىمۇ، ئۇ قاشتېشى كېنى، شېكەر، تاماكا، ھاراق زاۋۇتلىرىدا كېتىۋاتقان ئىسلاھات ھەققىدە،ئۇنىڭ تۈزۈم، قائىدىلىرى توغرۇلۇق سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى. ھاياجانلانغانسېرى كەيپى ئۆرلەيتتى. لى يۈگچى، تۇراپ ئەيسالار «كۆگۈل» نى كۆپ ئېچىپ، يۈز ـ بويۇنلىرىغىچە ئۆپكىدەك ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، سۆزلەپ قالغۇدەك ھالدا ئەمەس ئىدى.

«قىزىل بايراق» ماركىلىق قاپقارا ماشىنا ئاي بىلەن پەسلىشىپ چاپماقتا ئىدى. ئۇ ئورمانلىق، شورتاڭ ياكى قۇملۇق يوللاردىن ماڭسۇن، ئاي ئۇنىڭ بېشىدا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈۋاتقان يۇلتۇزلار گويا چاۋاك چېلىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلۈۋاتقاندەك پىلىلدىشاتتى. ماشىنا ناھىيىلىك كومىتېت ئىچىگە كىرگەندە، لى يۈگچى شۈجى بىلەن شوپۇر ئازاد تۇرسۇن پەخرۇللانى قولتۇقلاپ مېڭىشىغا، تۇراپ ئەيسا ئۆزى ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇ تەمبەل، كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولغاچقا، پەخرۇللانى ئۆزى يالغۇز يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى ـ دە، كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى. كىيىملىرىنى سالدۇرماقچى بولۇۋىدى، پەخرۇللا ئاياغ، شىم، كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ، ئىچ كىيىمى بىلەنلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. تۇراپ ئەيسا ئۇنىڭغا يازلىق ئەديالنى يېپىپ قويۇپ، ئاستا چىقىپ كەتتى. لېكىن پەخرۇللا ئۇخلىمىغانىدى.

ھاراق دېگەن ئاجايىپ غەلىتە نەرسە، كۆڭۈلدىكى ئۇلپەتلەر

جەم بولۇپ، خۇشال - خۇرام ئىچىشسە خۇددى قۇمغا سىڭگەندەك سىڭىپلا كېتىدۇ. بىرەر خاپىچىلىق ئىچىدە ئىچىلگەن ھاراق بىرى ئون بولۇپ يانىدۇ، قەي قىلىدۇ، جېدەلخور، تەرسا، بىغەرەز، قىسقىسى ساراڭنىڭ ئۆزى بولىدۇ. يىراق - يېقىندىكى سىرداش، مۇڭداش، كۆڭۈلدىكى يېقىنلىرىڭ ئەسكە چۈشۈپ، سېغىنىش، پىراق ئازابىدا ئىچكەن ھاراق ئادەمنى يىغلاڭغۇ قىلىپ قويىدۇ.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، بولۇپمۇ گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ماي ئايلىرى كىرىشى بىلەن پەخرۇللا ئۆيىدىكىلىرىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئايالى پەزىلىيە، قىزى گۈلپىيە، ئوغلى ئەزھەر، نەۋرىسى دىلمۇراتلار كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. مانا كىچىك ئوغلى ئەليارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىشىگىمۇ ئىككى ئايدەك قاپتۇ. ئەجەب ئىش، ۋاقىت نېمانداق تېز ئۆتكەن - ھە! نەۋرىسىمۇ بىر ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى. ئۇمۇ تەمتەم مېڭىپ قالغاندۇ. رەھبەرلىك پەزىلىيەنى بوستانغا يۆتكەيمىز دەپ ۋەدە بېرىشكەنىدى. لېكىن، ھازىرغىچە ئاقتامدا تۇرۇۋېتىپتۇ. ھەي، ھەي، شۇ تۇرقىدا پەزىلىيە بولغان بولسا نېمىدېگەن پەيزى بولاتتى - ھە؟! بولۇپمۇ ئۇنىڭ يايپېشىل كۆدە بىلەن تۇخۇمنى قورۇپ ئېتىدىغان ھېلىقى كېسىپ لەڭمىنىنى ئەجەب سېغىندا كىشى.

پەخرۇللانىڭ كۆز قۇيرۇقلىرىدىن سىرغىپ ئاققان يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى مەڭزىلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ، قۇلاق تۆشۈكلىرى، بويۇنلىرىغا ئېقىپ كىرىۋاتاتتى. ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۆمرى ئاۋامنىڭ سۈيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈپ ئۆتتى! شۇڭا، خەلق ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋاتىدۇ. مەدھىيە، قەسىدىلەر ياغدۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، جاندىن ئەزىز كۆرگەن ۋاپادارى، ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ئىشەنگەن تېغى، يايلايدىغان بېغى، چاڭقىغاندا ھايات ئاتا قىلغۇچى زەمزەم سۈيى، مېھرىبانى

«ھاياتىمنىڭ بۇلىقى» دەپ بىلىدىغان ئايالى ئۇنى... ئۇنى... ھېچ ئايانمايلا يالغۇز يولغا سېلىپ قويدى. ئۇ... ئۇ.... ئۆمۈرلۈك قەدىناسىدىن قوش ئەمەلىنى ئارتۇق بىلگەن چېغى!... ئاھ خۇدا!... شۇنچە يىللار سىناقلاردىن ئۆتكەن، بالىلىقىدىن باشلاپ كۆڭۈل بېرىشكەن ئايالى، پەرىشتىسى شۇنداق قىلسا، ئەمدى كىمگە ئىشەنگۈلۈك!؟... دۇنيادا مۇھەببەت، سۆيگۈ، ئىشق، سەۋدا، ۋاپا دېگەن نەرسىلەر زادى مەۋجۇتمۇ؟ بولغان تەقدىردىمۇ كاسات بازاردا پۇچەك پۇلغا ئالغۇسىز بىر نېمىلەر ئوخشىمامدۇ!

پەخرۇللا ئېسەدەپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، بەگۋاش ياشلار نەلەردىندۇر يامراپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئادەم ھوقۇق، مەنسەپ، ئەمەل، ھۆكۈمدارلىق ئېتىغا مىنگەندىن كېيىن ئىنسانلىق تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ، ئىمتىياز كالتىكىگە ئايلىنىپ قالامدۇ. ئۇ يەنىلا كۈلۈشنى، قايغۇرۇشنى، يىغلاشنى، سۆزلەشنى، خۇشال بولۇشنى بىلىدىغان ھېسسىياتلىق ئادەم! ئۇ گۈزەللىككە، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە، مېھرىبانلىققا موھتاج! بىر جانانغا تېخىمۇ موھتاج!! گەرچە ئۇ خىزمەت، دۆلەت ـ خەلق دەپ جىق خۇشاللىقلاردىن، بەخت ـ ئامەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولالمىسىمۇ، يەنىلا ئەۋلاد قالدۇرىدۇ!... بۇ جەرياندىكى شېرىن ـ شەربەتنى ــ پەي، تومۇر، سۆڭەك، قان گۆشتىن ئايرىدە بولغان ۋۇجۇدى مومدەك ئېرىپ كېتىدىغان ھۇزۇرنى ھېچ نېمىگە تەڭ قىلمايدۇ! مانا شۇ چاغدا «ئۆيۈڭگە ئوت كەتتى» دېسەڭ، «كۆيگىنى كۆيۈپ، قالغىنى قالار» دېيىشى تۇرغانلا گەپ! شۇڭا، بۇنداق ھۇزۇرنى سودىگەرلەر ساتمايدۇ... جاھان ئەتتارلىرىنىڭ دۇرى ـ گۆھەر ساندۇقلىرىدا يوق!.... زەردارلارنىڭ خەزىنىسىدىن تاپالمايسەن!... سەرراپلارنىڭ زەر ـ ئالتۇن ھەميانلىرىدا تۇرمايدۇ!...

پەخرۇللانىڭ كۆزلىرىنى كىمدۇر بىرى يۇمشاق بىر نېمىدە سۈرتكەندەك قىلدى... بۇ چۈشۈممىدۇ ياكى ئوڭۇممىدۇ؟ چالا

مەستلىك، يېرىم ئۇيقۇ بۆشۈكىدە تەۋرىنىۋاتقان پەخرۇللا، تەستە كۆزىنى ئاچتى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قايرىلىپ قارىدى. راست، ئۇنىڭ بېشىدا ئاقنىسا تۇراتتى. ئۇ سۈس ھال رەڭ يىپەك ئىچ كىيىمدە بولۇپ، پەخرۇللانىڭ ھۆل مەڭزىلىرىنى، ياشلىق كۆزلىرىنى ئېگىشىپ سۈرتۈۋاتقاچقا، دۈم كۆمۈرۈلگەن ئاپئاق پىيالىدەك بىر جۈپ كۆكسى سىمابتەك تىترەپ تۇراتتى!....

— سىز... سىز... بۇ... بۇ يەردە نېمىش قىلىسىز؟ — پەخرۇللا تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئاقنىسا قويمىدى.

— بولدى تۇرماڭ، قاپاقلىرىڭىز ئىششىپ، يۈزلىرىڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇ... بېشىڭىز ئاغرىۋاتسا كېرەك.

— سىز قانداق كىردىڭىز؟

— ئىشىك ئوچۇقكەن، مەن سىزگە تاماق ئەكەلگەن.

— تۇراپ ئەيسا ئىشىكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپتۇ ـ دە، — پەخرۇللا ئاقنىسانىڭ ئۇچىسىغا ئالىيىپ قارىدى، — نېمانداق كىيىنىۋالدىڭىز؟

— ئۆيىڭىز بەك ئىسسىقكەن، شۇڭا سىرتقى كىيىملىرىمنى سېلىۋەتتىم... — ئاقنىسا قولىغا پىيالىنى ئالدى، — كالپۇكلىرىڭىز گەز باغلاپ كېتىپتۇ، مەن سىزنىڭ بېشىڭىزنى كۆتۈرەي، ئازراق سوغۇق قايناق سۇ ئىچىۋېلىڭ.

پەخرۇللا ئىختىيارسىز بويسۇندى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ كانايلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاقنىسانىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ، بىر پىيالە سوغۇق قايناق سۇنى ئىچىۋەتتى ـ دە، «ئۇھ» دېگىنىچە، ياستۇققا گۇپپىدە ئۆزىنى تاشلىدى.

— ئەمدى.... ئەمدى چىقىپ كېتىڭ.

— بۇغداي يامىسىدا يوبدان ئېتىپ كەلدىم، — دېدى ئاقنىسا كورىدىن چىنىگە ئۇسسۇۋېتىپ، — بىر نەچچە قوشۇق ئىچىپ بېقىڭ. تېتىمىسا مەنمۇ زورلىماي.

— ما... ماقۇل.

ئاقنىسا يۇمشاق لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ، پەخرۇللانىڭ يۈزىنى پاكىز سۈرتتى. شىلىملىشىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى قايتا ـ قايتا ئېرتىپ پاكىزلىدى. ئاندىن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قوش ياستۇققا يۆلىدى. يوبداندىن بىر نەچچە قوشۇق ئىچكەن پەخرۇللا تېتىپ قالدى بولغاي، ئاقنىسا قوشۇقنى سۇنۇپ بولغۇچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇردى. ئۇ تاماقلىرىنى تامشىپ، بىر ئاپقۇر يوبداننى ئىچىپ بولۇپ، يەنە كورىغا قاراپ قويدى.

— ئەسلىدە ھاراقنى ئاچ قورساق ئىچىپتىكەنسىز دە، — دېدى ئاقنىسا چىنىگە يوبدان ئۇسۇۋېتىپ، — بولمىسا دېۋىدەك بەستىڭىز بىلەن سىزنى ھاراق يىقىتالامدا؟! قارىڭا بىلەكلىرىڭىز گۈرزىدەك، يوتىلىرىڭىز جۇۋازنىڭ ئوقىدەك، كۆكرەكلىرىڭىز كەتمەن يۈزىدەك تاۋلىنىپ تۇرسا...

— پاھ، پاھ، گەپكە نېمانداق ئۇستا سىز... مېنى رىۋايەتلەردىكى پالۋانغىلا ئوخشىتىپ قويدىڭىز.

ئاقنىسانىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. توپتېرەكتىكى جاپالىق ئەجىرنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن پەخرۇللا ئۆزىنى تاماقتا ئانچە ئۇرۇپ كەتمەي، ھاراقنى كۆپرەك ئىچىۋەتتى. تېخى ھاراق ئىشلەش كارخانىسىدىكى تېخنىك خەنزۇلار، دېھقان ئىشچىلار ۋە باشقا خادىملار خۇشاللىقىدا ئۇنىڭغا كۆپرەك تۇتۇۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى دورا ـ دەرمەكلىرى تېتىغان، ئاشكۆكى ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان يوبدان ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى بىردىنلا ئىچىۋەتتى.

— يۇملاق، يۇملاق بىر نېمىلەرنى چايناۋاتىمەنغۇ، نېمە ئۇ؟

— كۆك پۇرچاق، يوبدان دېگەنگە نېمىلا سالسا ئوخشاۋېرىدۇ.

پەخرۇللا ئىككىنچى قاچا ئاشنى ئىچىپ بولغىچە، ئالدىدا

ئېڭىشىپ تۇرغان ئاقىنىسانىڭ ئۆزىگە چىللاپ لىغىرلاۋاتقان ئاپئاق كۆكسى ئۇنى بەكمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئاقىنىسا قولىدىكى چىنىنى ئۇستەلگە قويۇپ، كارىۋاتقا ئاستاغىنە يېقىن كەلدى، ئاندىن خىجىل بولغاندەك يەر بېقىپ تۇردى. باياتىن بېرى شەيتىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ ھېچ تاقەت قىلالماي تۇرغان پەخرۇللا، ئاقىنىسانىڭ قوللىرىنى تۇتۇشى، ئۇمۇ تېلىقمىپقىنا سۇرۇلۇپ يېقىن كەلدى. ئۇ بەل، ساغرىلىرىدا ئويناپ يۈرگەن ئالىقانلىنىڭ چەكسىز ھۇزۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزىنى كەڭ كۆكرەكلەرگە ئاتتى...

پەخرۇللا كۆكرىكىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئاقىنىسانىڭ كىچىك تومپىلاق، ھال رەڭ لەۋلىرىگە بۇرۇت ــ ساقاللىرى ئېڭىزلاشقان يىرىك لەۋلىرىنى باستى. ئۇلار خۇددى كەپتەر ھەلقۇمىدىكى لوقمىنى باچكىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىۋاتقاندەك، بەلكى جانلىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندەك، بىر ھازا چاپلىشىپ قالدى. ئاقىنىسا پۇتىدىكى كېپىشىنى شارتلا تاشلىۋېتىپ، كارىۋاتقا چىقتى ــ دە، پەخرۇللانىڭ قۇچىقىغا كىردى. ئاڭغىچە يىپەك ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدىن كىرگەن قول، تەگمىگەن شاپتۇلدەك تىرىسسىدە چىڭقىلىپ تۇرغان ئەمچەكلەرنى قاماللىدى. بۇنىڭغا يانداپلا ئاپئاق يۇمران، نازۇك بارماقلار ئەركىشىنىڭ ئەلىرىنىدۇر سىلاشقا، مۇجۇقداشقا باشلىدى... ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى ئاجراش بىلەن بىر ھازا نەپەس يېتىشتۇرەلمەي ھاسىراشتى. مەستلىكى نەلەرگىدۇر غايىب بولغان پەخرۇللا ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە ئاقىنىسانى ئىتتىرىۋەتتى.

— چىقىپ كېتىڭ... چىقىپ كېتىڭ دەۋاتىمەن... — پەخرۇللا ئېغىر ھاسىرايتتى، — تېز بولۇڭ، تېز...

— ھاكىم، مەن... مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟...

— مەن سىزگە چىقىپ كېتىڭ دەۋاتىمەن. نېمىگە گەپ سوراۋېرىسىز.

ئاقنىسا قارا قاتلاق يوپكىسىنى، ئاق كوپتىسىنى كىيىپ بولۇپ، ئۇزۇن نىلۇن پايپىقىنى كىيىۋاتقاندا يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۇنلۇك يىغلىمىغان بولسىمۇ، ئىچى - ئىچىدىن ئۆرتىلىپ چىققان يىغان ئۇنىڭ ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكتۈرۈۋەتتى.

— مەن... مەن... مېنى نېمە دەپ ئويلىسىڭىز ئويلاڭ. لېكىن، بۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم... چىمەن... چىمەننىڭ ھەممىلا يېرىدە سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلىشىدۇ. چۈنكى سىز ياسالمىلىق قىلماي... چىن كۆڭلىڭىزدىن چىمەنلىكنىڭ بېشىنى سىلىدىڭىز... بىراق... بىر يىلدەك بولدى... ئۆيىڭىزگە بارالمىدىڭىز... — ئاقنىسانىڭ يىغا ئاۋازى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى، — سىز... سىزمۇ ئادەمغۇ! سىز... سىزمۇ ئەركىشىغۇ!... دەپ بېقىڭا، ئەمەلدارلار ئاغۋاتمۇ؟!... سا... ساخاۋەتلىك ئىش قىلىۋاتقان ئەمەلدار كۆڭلىنى ئاچسا بولمامدىكەن؟... ئۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟!...

— ئاقنىسا، خاپا بولماڭ... مېنى كەچۈرۈڭ... دېگەنلىرىڭىز توغرا، ھازىرقى دەۋردە كۆڭۈلگە تالىق ئىشلار جىنايەت ھېسابلانمايدۇ... لېكىن، مەن ئادەتلەنمەپتىكەنمەن...

ئاقنىسا قاچا - قومۇچلىرىنى ئالمايلا يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى. ئۇ ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىدا ئايىغى ئاستىدىكى ئېگىز - پەس يوللارنىمۇ پەرق ئەتمەي كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېسەدىگەن ئاۋازى تۈن جىمجىتلىقىدا نە - نەلەرگە ئاڭلىناتتى. يۈرەكلىرى قەپەستىكى قوشتەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، ۋۇجۇدىدىكى قانلىرى تومۇرلارنى يېرىۋەتكۈدەك تېپىچەكلەپ قىسقىسى، ھېسسىيات شىرنىلىرى راسا قىيامىغا كېلىپ تەرەددۇتلەنگەندە، قوغلاپ چىقىرىلغان ئاقنىسا خورلۇققا چىدىمىغانىدى. ئۇ بۇ چاغقىچىمۇ ھېچقانداق ئەر بىلەن ياستۇققا باش قويغاندا، «كېتىڭ»، «يوقىلىڭ» دەپ باقمىغان!

ئاقنىسا ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىدىن چىقىپ چوڭ

يولدا ئىتتىك كېتىۋاتقىنىدا، سۇسىز چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن بىر سايە، ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى... بۇ چاغدا كارىۋۇتىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان پەخرۇللا ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي خىجىللىق، نومۇس ئىچىدە قالغانىدى. ئاقنىسانىڭ «بۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم...»، «سىزمۇ ئادەمغۇ؟...»، «سىزمۇ ئەركىشىغۇ...»، «ئەمەلدارلار ئاغۋاتمۇ؟»، «ئەمەلدارلار كۆڭلىنى ئاچسا بولمامدىكەن؟» دېگەن سۆزلىرى، ئۇنىڭ نەق يۈرىكىگە قامچىدەك تېگىۋاتاتتى... ئۇئارقا - ئارقىدىن ھەتتا ياتقاندىمۇ بىر قانچە تال تاماكىنى ئوشۇق چېكىۋەتتى. لېكىن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىش بىلەن قىپيالىڭاچ ئاق بېلىقتەك ئاقنىسا ئۇنىڭ قۇچىقىدا پەيدا بولدى! ئۇ كۈلەتتى... قىيىدايتتى... پىچىرلايتتى... زەئىپ ئىڭرايتتى...

پەخرۇللا تاڭ ئاتقىچە قالايمىقان چۈشلەرنى كۆپ كۆرۈپ، تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى.

## ئون يەتتىنچى باب

# يېرىلغان تاش

ئىيۇنىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چىمەنىنىڭ ئاسمىنىغا قارا بۇلۇتلار توپلىنىشقا باشلىدى. چىمەن خەلقىگە ئامەتتىن كۆرە، ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ بۇلۇتلار، كېلىش ئالدىدا تۇرغان كەلكۈننى نەچچە كۈن ئاچ قالغان شىردەك ۋەھشىيلەشتۈرۈۋېتەتتى. بۈگۈندىن باشلاپ تاغ تەرەپتە چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، بىرخىل سوغۇق نەملىك يۈزلەرگە ئۇرۇلاتتى. مانا بۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان قورقۇنچلۇق كەلكۈن ئاپىتىدىن بېشارەت ئىدى. شۇڭا لى شۈجى بىلەن پەخرۇللا ھاكىم پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتتىكى رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە يىغىن ئاچقاندىن كېيىن، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق يېزا، مەيدان، زاۋۇت، كارخانىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئۇلارغا ماشىنا، تراكتور، ھارۋىلىرىغا تاش بېسىپ، كېچە سائەت ئىككىدىن بۇرۇن دەريا بويىغا يىغىلىشنى ئۇقتۇردى. ناھىيە ئىچى ۋە يېزا، مەيدانلاردىكى سودا كوپىراتىپ ۋە مىللىيچە مال دۇكانلىرىغا تاغار، سىم، تۆمۈر كۈرەك، كەتمەن، ئامبۇر، پەلەي ۋەزىپىلىرىنى ئارتىپ، كېچىچە يېتىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى ئالدىنقى سەپكە ئاتلانسا، تا كەلكۈن توختىمىغۇچە كېلەلمەيتتى. شۇڭا، پەخرۇللا ئۆيىگە كېلىپ، كىچىككىنە ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دەرھاللا يېتىپ قالدى. ئارىدىن ئىككى

سائەتمۇ ئۆتمىدى. بولغاي، ئۇ تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. بۇ چاغدا ئۇستەلدىكى سائەت ئىككى يېرىم بولغانىدى، پەخرۇللا تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، پەخرۇللا ھاكىمما؟ سۇنىڭ ئورنى يۇقىرىلاۋاتىدۇ. يەنە يۇقىرىلاش ئېھتىمالى بار. قانداق يوليورۇقلىرى بار؟

— لى شۇجىغا دوكلات قىلدىڭلارمۇ؟

— قىلدۇق، پەخرۇللا ھاكىمغا خەۋەر بېرىڭلار دېگەنىدى.

— سىز دەرھال ئىدارە - ئورگانلاردىكى بارلىق خادىملارنى ئالدىنقى سەپكە تەشكىللەڭ، ھېچكىمنىڭ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىشىگە رۇخسەت يوق، بىر سائەت ئىچىدە دەريا بويىغا يىغىلسۇن.

پەخرۇللا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە تېلېفون قىلدى. چۈنكى، كەلكۈنگە قارشى تەييارلىقلار باشلانغاندىن بېرى شوپۇر ئازاد تۇرسۇن ئىداردىكى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە يېتىۋاتاتتى.

— ماشىنىنى دەرھال ئېلىپ كەل.

پەخرۇللا شاپۇر - شۇپۇرلا يامغۇرلۇق پىلاشنى، رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيىپ تەييارلاندى، ئالدىن باغلاپ تەييارلىۋالغان «داگې دا» بىلەن قولچىرىغىنى بويىنىغا ئېسىپ، سۇ تەگمىگۈدەك يەرگە يوشۇردى. ھاۋا دەھشەتلىك قاراسلاپ، چاقماقلار يالت - يۇلت يورۇغانسېرى پەخرۇللا تېخىمۇ جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆيدىن ئوقچۇپ چىقىشىغا، ماشىنىمۇ قورۇ ئىچىدە پەيدا بولدى.

— ئازاد، تېز، تېز - ھە، تېز بولغىن.

پەخرۇللانىڭ سۆس تىترەۋاتقانلىقى ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تىترىشى «سۇ زادى قانچىلىك كۆتۈرۈلدى؟ قاشقا قانچىلىك خەۋپ سېلىۋاتىدۇ؟» دېگەن ئەنزىراپتىن ئىدى. پەخرۇللا ئىچىدە: نېمىلا بولسا ئۆيدىكىلەر بىلەن تېلېفون ئارقىلىق بولسىمۇ كۆرۈشىۋالدىم، دەپ ئويلىدى. چۈنكى،

ھەربىلى كەلگۈندە ھەرخىل ھادىسىلەردىن ساقلانغىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ ھاكىم بولغۇچى كەلگۈنىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يەرلىرىدە ئۆزى باش بولۇپ ئىشلەيتتى. پەخرۇللا تېلېفوندا نەۋرىسى دىلمۇراتنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن: «بوۋا، مەن شېنى كۆيگۈم كەلدى... خەقلەرنىڭ ئىشى تۈگىمىدىما؟» دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ كۈلۈمسىرىدى، ئەمما كۈلۈمسىرەش بىلەن تەڭ كۆزلىرىنى سۇزۇك تۇمان قاپلىۋالدى.

ماشىنا «پاختا يۇلغۇن» جاڭگاللىقىدىن ئۆتۈشى، دەريا تەرەپتىن سوغۇق نەم شامال ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ئوت ئۇستىگە ماي چاچقاندەك كەلگۈننى ھەسسىلەپ ۋەھشىيلەشتۇرۇۋېتىدىغان يامغۇر شەپىسى ئىدى.

— ئازاد تېزراق بول، ماشىنانىڭ بىر يەردە تۇرغاندەكلا قىلىدا.

— ھاكىم، سىلىگە شۇنداق بىلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ...

ئازاد تۇرسۇن تېرىكىپ تۇرغان پەخرۇللا بىلەن جاۋابلىشىشنى خوپ كۆرمىدى بولغاي، گېپىنىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋېتىپ، ماشىنىغا مايىنى كۈچەپ باستى.

ماشىنا دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە، قاش ئۈستىدە نەچچە يۈزلىگەن كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرى سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشاتتى. ئەتراپىنى يالت ـ يۇلت يورۇتۇۋاتقان قولچىرىغى، تاشپەنەر، مەشئەل، گۈلخانلار پىلاش، يامغۇرلۇق يېپىنغان، تاغار، سۇلياۋلارنى ئارتىشقان، چىغ قالپاقلارنى كىيىشكەنلەرنىڭ سۇرلۇك ۋە ئەندىشىلىك چىرايلىرىنى يورۇتماقتا ئىدى. پەستە بولسا ھەرخىل يۈك ماشىنىلىرى، تراكتور، ھارۋىلار تاش ـ شېغىللارنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا چۈشۈرۈۋاتاتتى. سودا كوپېراتىپ ۋە مىلىچمال دۇكانلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن باغلام ـ باغلام تاغار، ئورام سىملارنى بالداقلارغا ئۆتكۈزۈپ قاش ئۈستىگە توشۇۋاتقانلار «ھە ـ

ھۇ»، دېيىشىپ، يۇقىرىغا تەستە ئۆرلەۋاتاتتى. پەخرۇللا ھاكىم ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئاق يېغىن سىمىلداپ چۈشۈۋاتقان ئاسمانغا قارىدى. ئاندىن قاش ئۈستىدىكى ۋە پەستىكى ئادەملەرگە ئېغىر نەزەردە باقتى ـ دە، كۆڭلىدىنلا: ئىدارە ـ ئورگان، زاۋۇت، كارخانا، مەكتەپتىكىلەر كېلىپ بوپتۇ، دېگەن ئويى لىپ قىلىپ ئۆتتى. بۇ چاغدا ئالىمان ئارىسىدىن «ھاكىم كەپتۇ، پەخرۇللا ھاكىم كەپتۇ....» دېگەن گەپلەر ئاڭلاندى.

قۇم، لاي، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان بوتقىدەك لاي سۇ، شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرگىنىچە خۇددى يارىلانغان ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئۆزىنى قاشقا ئۇرماقتا ئىدى. دەريا قېشىنى قوغداۋاتقانلار پاتىپاراق بولۇپ ھەر تەرەپكە چېپىشاتتى. پەخرۇللا جىددىيلەشكەن ھالدا، دەريا قېشىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بارغانسېرى ئىتتىكلەۋاتقان ئۇششاق ئاق يېغىن، ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىنى بىردەمدىلا سۇغا چىلىۋەتتى.

— پەخرۇللا ھاكىم، ئەھۋال قانداقراق؟ — پارتكوم شۇجىسى لى يۇڭچى يىراقتىنلا ۋارقىراپ يېتىپ كەلدى، — ھاي، ھاي، خەتەرلىك جۇمۇڭ، قاشنىڭ بەك قىرىغا كېلىۋاپسىز.

— لى شۇجى، ئەھۋال يامان. سەھەرگىچە قاشنى ساقلاپ قالالىساق چوڭ گەپ.

لى يۇڭچى بىلەن پەخرۇللا، تۇراپ ئەيسا، ئايشەم چاڭۋېي ۋە ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى سۇ ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش ئاجىز قىرغاقلارغا توپا، قۇم، شېغىل قاچىلانغان تاغارلارنى بېسىش، ئىككىنچىدىن، سۇ يېتىۋالغان خەتەرلىك قىرغاقلارغا چۇراڭ تاشلاش، ئاندىن قالسا، دەريانىڭ شەھەر تەرەپ قىرغاقلىرىنىڭ بېسىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، شاخ ـ شۇمبا، ياغاچ قوزۇق، توپا ـ شېغىل، تاشلار ئارقىلىق دەريا ئىچىگە يانتۇ «كالتەك تام» لارنى سېلىپ، كەلكۈننىڭ شەھەرگە خەۋپ سېلىۋاتقان تېز ئېقىنىنى

تىزگىنلەش قاتارلىق بىرقانچە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى بېكىتكەندىن كېيىن، مىڭلاپ كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلار ھەتتا دوختۇرلار قاش ئۆستى ۋە ئاستىلىرىغىچە توپلاندى. پەخرۇللا ھاكىم باتارېيىلىك كاناي ئارقىلىق ئۇلارغا خىتاب قىلدى:

ـــ ئەلمىساقتىن تارتىپ چىمەننى كەلكۈن، قۇم ـ بوران ئاپەتلىرىدىن ئۈزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى، ئاچچىق تەرى، ھاياتى بەدىلىگە قوغداپ كېلىۋاتقان قەھرىمان چىمەن خەلقى، بىز بۈگۈن كەلكۈندىن ئىبارەت تاش بېغىر، رەھىمسىز، ۋەھشىي دۈشمەنگە دۇچ كەلدۇق! مەن ھازىر يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىمەن! ـــ پەخرۇللانىڭ ھاسىرىغىنى كانايدىن ئېنىق ئاڭلاندى، ـــ ھازىردىن باشلاپ، سودا ئىدارىلىرى ئېلىپ كەلگەن تۈرمەل سىىملارنى، تاغارلارنى، كەتمەن ـ كۈرەك، ئامبۇر، ئارقان، پەلەيلەرگىچە بەلگىلەنگەن ئىدارە ـ ئورگان ئادەملىرى بىلەن قاش ئۈستىگە يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىسە، كېلىپ چىققان ئاقىۋەتنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ناھىيە، يېزا ـ كەنتلەردىكى ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ يۈك ۋە كىرا ئاپتوموبىللىرى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ تاش يۆتكەيدۇ. چۇراڭغا قاچىلىنىدىغان ۋە قاشقا بېسىلىدىغان تاش ئۆلگۈرمىسە، مەسئۇل بولغان كادىرلار قاتتىق جازالىنىدۇ. يېزا باشلىقلىرى ئادەملىرىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، شاخ ـ شۇمبا، ياغاچ توشۇش، چۇراڭ توقۇش، يۈز مىڭلاپ تاغارلارغا توپا ـ شېغىل، قۇم قاچىلاپ خەتەرلىك قاش قىرلىرىغا توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. كىمكى بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى جەڭگە سەل قارايدىكەن، ئەمەلدار بولسا ئەمىلى، كادىر بولسا كادىرلىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. كەلكۈن ھەربىر چىمەنلىكنى ئۆلچەيدىغان تارازا ـ مىزاندۇر!

ئالىمان ئارىسىدىن:

— يۇرتىمىزنى جان تىكىپ قوغدايمىز!

— چىمەنلىك ئىرادە، كەلكۈن سىناقتۇر!

— قېرىنداشلار، — لى يۈڭچى كانايىنى قولىغا ئالدى، — ھازىر ھەربىر ئىدارە، ئورگان، زاۋۇت، كارخانا، مەكتەپ ۋە يېزا باشلىقلىرى قېپقېلىپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى پەستىكى تاشنى قاش ئۈستىگە يۆتكەڭلار! تېز... تېز بولۇڭلار! كەلكۈن ۋاقتىنى قولدىن بەرمىگەنلەردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، دەرھال ئاتلىنىڭلار!

پەخرۇللا بىلەن لى يۈڭچى ئىدارە ـ ئورگان، زاۋۇت، كارخانا، مەكتەپ ۋە يېزا باشلىقلىرىغا كونكرېت ئىش تەقسىماتىنى بەلگىلەپ بەرگەندىن كېيىن ھەممىسى تېزلىك بىلەن ئۆز ئادەملىرى توپىغا يۈگۈرۈشتى. لى يۈڭچى بىرقانچىلىغان سۇ تېخنىكلىرى بىلەن دەريانىڭ سۇ پومپىسى ئورۇنلاشقان جايىغا مەسئۇل بولدى. ئەگەر بۇ يەردىكى قاش خەتەرگە ئۇچرىسا ئېلېكتر ئىستانسىسى سۇ ئاستىدا قېلىپ، ناھىيىنىڭ توك ـ ئېلېكتر ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى. لى شۇجى، ئايشەم چاڭۋېي قاشنىڭ ئاستى ئۇلىدىن باشلاپ، قۇم ـ شېغىل، توپا قاچىلانغان تاغارلارنى قاتمۇقات بېسىشقا باشلامچىلىق قىلدى. شۇڭا، خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك قاتناۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن تاغارلىرىنى «ئۇياققا باس، بۇ ياققا قوي» دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

پەخرۇللا كەلكۈننىڭ تاغ قاپتاللىرىدىن ئېتىلىپ چىققان جايىدىن ئۈچ كىلومېتىردەك ئارىلىقتىكى بىرقانچە ئاجىز ئورۇنلارغا مەسئۇل بولدى. ئۇ قاش ئۈستىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ھەرقايسىسىغا يوليورۇق بېرەتتى، بۇيرۇق قىلاتتى. پۇچقاق ۋە يەڭ تۈرۈپ ئۆزى سەكرەپ چۈشەتتى. ئەگەر ئۇ مەسئۇل بولغان ئاجىز ئورۇنلارنىڭ بىرەرى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن ھامان كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، ناھىيە ۋە ناھىيە ئەتراپىدىكى بىرقانچە





يېزىلار سۇ ئاستىدا قالاتتى. نەچچە يۈز مىڭ مو زىرائەتلەر، باغۋارانلار ھەتتا چارۋىلار لاي - پاتقاق دېڭىزىغا غەرق بولاتتى.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دەريا بويى سان - ساناقسىز ئادەملەر توپى بىلەن تولدى. يامغۇرنىڭ تېزلىششى كەلكۈننى شىددەت ھۆركىرىتىپ، قاباھەتلىك مەلئۇنغا ئايلاندۇردى. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان يۇندى رەڭ دولقۇنلار قىرغاقلارغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. قاشتىن بىرەر يەرنى يىقىتمىغىچە قەھر - غەزىپى يانمايتتى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئۆرۈلگەن يەرگە توپا، قۇم، شېغىل قاچىلانغان تاغارلارنى گۈلدۈرلىتىپ ئېتىپ، بىردەمدىلا چوقچايغان بارخان ھاسىل بولاتتى. بىراق ئاچ قالغان بىرتقۇچتەك ئۇرۇلغان دولقۇنلار نەچچە يۈزلىگەن تاغارلارنىمۇ بىردەمدە يۇتۇپ، بارخان ئورنىدا يەنىلا ۋەھشىي سۇ شاۋۇلدايتتى. ئادەملەر شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ئۇيان - بۇيانغا توختىماي چېپىشاتتى. كىمدۇر «تاغار» دەپ ۋارقىرىسا، «ئارقان»، «سىم» دېگەن چىرقىراق ئاۋاز ياندىلا ياڭراتتى. يەنە كىملەر: «ۋۇي ئاناڭنى... نېمىگە مىسىلدايسەن؟» دەپ تىللىسا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى تراكتورلارنىڭ تاتاتلىشى، ماشىنىلارنىڭ ئاچچىق سىگناللىرى بېسىپ كېتەتتى. تاغار، سېۋەت، زەمبىللەردە تاش توشۇۋاتقانلار قاش ئۈستىگە چىقىپ بولغۇچە، يانباغرىدىكى پاتقاق يوللاردا تېزلىنىپ قالاتتى. بەزىلىرىنىڭ مۇرىلىرىدىن، قايسىبىرىنىڭ تىزلىرىدىن، جەينەكلىرىدىن ئاققان قان، يامغۇر سۈيىدە يېيىلىپ كۆڭلەك، ئىشتانلاردىن تەپچىرەپ ئېقىۋاتاتتى. كەتمەن، كۈرەكلەر داراڭلايتتى. ماشىنا - تراكتورلار جان ئاچچىقىدا بەس - بەس بىلەن سىگنال بېرەتتى. ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋاتقان تاشلار قارسىلداپ، بىر - بىرىگە تەگسە، توپا، قۇم، شېغىل قاچىلانغان تاغارلار گۈپۈلدەپ قاش ئۈستىگە چۈشەتتى. ئاتلار كىشنەپ، ئېشەكلەر ھاڭراپ، ئادەملەر ئالىتاغىل ۋاقىرىشىپ، بەجايىكى قاتتىق سارامسىگە تولغان يەر تەۋرەشنى

ئەسلەتسە، گۈركىرەپ يېنىۋاتقان گۈلخانلار، مەشئەللەر، يالت ـ يۇلت چاقناۋاتقان قولچىراغ، تاش پەنەرلەر گويا كى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغان جەڭگاھقا ئوخشايتتى.

مۇشۇنداق چۇقان ـ سۈرەن ئىچىدە ناۋايلار، سامسىپەزلەر ئىشلەۋاتقانلارغا ھەقسىز نان، گۆشگىردە، سامسا، گىردە، ئارپا كۆمىچى تارقىتىپ يۈرەتتى. تېخى ھەربىر ئىشلەۋاتقان سورۇنلاردا ئاپئاق چاچلىق مومايلار، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش چوكانلار چېلەك، كورا ۋە ياغاچ تۇڭلاردا ئېلىپ كەلگەن سۈيۈقئاش، يوبدان، ئۇماچ، شوۋىگۈرۈچ قاتارلىق تاماقلارنى كىشىلەرنىڭ چىنە ـ كۈرۈشكىلىرىگە پەقەت بىر چۆمۈچتىن ئۇسۇپ بېرەتتى. ئۇلار قاتتىق ـ قۇرۇق نانلىرىنى چىلاپ يېيىشكەنلىرىدە، خۇددى جەننەت نېمەتلىرىدەك تېتىپ، ئاغزىلىرىنى تامشىپ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتاتتى. چىت كۆڭلەكلىرى يامغۇردا بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ، سوغۇلۇپ خالتىلىشىپ كەتكەن ئەمچەكلىرى «بارىم شۇ...» دېگەندەك سالپىيىپ تۇرغان ئاپئاق چاچلىق موماي، بىر چىنە ئوماچنى ئالدىدىكى ئېگىز، گەۋدىلىك ئادەمگە سۇندى:

— ھاكىم بالام، شاپۇر ـ شۇپۇرلا ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا، يائاللا، ئۈچ كۈندىن بېرى دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتىدىلا.

ھاكىم ئاپئاق چاچلىق مومايىنىڭ قولىدىن «ھەشقاللا» دەپ ئېلىپ، لاي ئېقىۋاتقان توپا تاغىرىدىلا ئولتۇردى. ئۇنىڭ رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ بىرقانچە يېرى يىرتىلغان بولۇپ، پايپىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھاكىمنىڭ لاي تاغارلار ئۈستىدىلا ئولتۇرۇشىدىن ئۇيقۇسىزلىقتا يەر تاللىماس بولۇپ قالغانلىقى ئېنىقلا ئىدى. بۇ زادى كىم؟ بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ! ھەرقاچان، ھەر زامان ئەڭ جاپالىق ئورۇنلاردا، ھاجەتمەن يوقسۇللار ئۆيلىرىدە، قوي ـ قوزىلار مەرىگەن ئېغىل ـ قوتانلاردا پەيدا بولىدىغان پەخرۇللا ھاكىم شۇ ئەمەسمۇ!

پەخرۇللا چىرايى تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ياڭاق سۆڭەكلىرى پۇلتىيىپ چىققان. ئۇستىۋاشلىرى لاي بىلەن بولغانغانىدى. ئۇ ئاق چاچلىق موماي بەرگەن ئۇماچنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋاتقىنىدا، چىنىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە تامچە سۇ چۈشتى. بۇ... يامغۇر تامچىسىمۇ ياكى ئۇنىڭ كۆز ـ يېشىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. راست، پەخرۇللانىڭ قەلبىنى چاقماقتەك يالت قىلىپ يورۇتۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى مانانلاشتۇرغانىدى:

— مانا بۇ چىمەن خەلقى! — دېدى پەخرۇللا ئىچىدە پىچىرلاپ، لېكىن ئۇ ئۇماچنى ئىچىپ تۈگەتمەيلا، ئىككى دېھقان يۈگۈرۈپ كېلىپ ھاسىرىغىنىچە دېمىنى يەتكۈزەلمەي دۇدۇقلاپ كەتتى:

— ھا... ھاكىم، تېز... تېز ئېقىن توسمىسى... توسمىسىنى سۇ... سۇ ئەپقاچتى.

پەخرۇللا ئىچىۋاتقان ئېشىنى يەرگە قويدى ـ دە، ئىچى لاي، سۇ بىلەن تولغان رېزىنكە ئۆتۈكىنى كولۇلدىتىپ يۈرگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇ يېزا دېھقانلىرى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كەلكۈن بىۋاستە ئۇرۇلىدىغان قاشنى بويلىتىپ ھەر 100 ۋە 150 قەدەمدە بىر كالتە توسما ياسىغان بولۇپ، بۇ توسما كەلكۈننىڭ شىددەتلىك سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، قىرغاققا خەتەر سالالمايدىغان رولى بار ئىدى. پەخرۇللا يېتىپ كەلگەندە ئۈچىنچى توسما ئورنىدا سۇنغان بىر نەچچە قوزۇق ۋە ئۇنىڭغا ئىلىشىپ قالغان شاخ ـ شۇمبىلار شالاپلاپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە غالجىرلاشقان سۇ كۆپۈك قاينىتىپ، تۆۋەندىكى تۆتىنچى كالتە توسمىغا جان ـ جەھلى بىلەن ھۇجۇم باشلىغانىدى.

— يارام قوزۇقتىن بىر نەچچىنى ئەپكېلىڭلار، — ۋارقىرىدى پەخرۇللا ئۈچىسىدىكى يامغۇرلۇقنى سېلىپ تاشلاپ، — قېنى سەن، سەنمۇ بار، بۇ ئارغامچىلاردا بېلىڭلارنى باغلاڭلار،

ئەمىسە بىر نەچچىمىز سوغا قىرىپ قوزۇقنى تۇتۇپ بېرىمىز. ئادەم توختىسا مەيلى، كۆتەك بازغان توختىمىسۇن.
پەخرۇللامۇ بىر ئارغامچىدا بېلىنى يۆگەپ باغلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇچىنى باشقىلارغا تۇتقۇزدى. ئۇ بېلىنى باغلاپ تەييار بولغان ئىككى ئادەمنى باشلاپ، قىرغاققا ھەدەپ ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان لاي سوغا كىردى.
— ھاكىم، ئۇنداق قىلمىسىلا، — ۋارقىرىدى بىر ئوقۇتقۇچى، — مانا بىز چۈشەيلى.
— ھاكىم توختىسىلا، سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا مەن چۈشەي، — ۋارقىرىدى بىر ياش دېھقان يىگىت، — تېز قايتىپ چىقسىلا.
— تالىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، سىلەر ئارغامچىلارنىڭ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇڭلار، — پەخرۇللا بازغانچىلارغا ۋارقىرىدى، — كۆتەك بازغان ئېغىر، ئارقا - ئارقىدىن ئالمىشىڭلار.
پەخرۇللا ئىككى ھەمراھى بىلەن بىرىنچى قوزۇقنى سۇ ئاستىدىكى لايغا قاداپ تۇتۇپ تۇرۇشى، ئۆركەشلەپ كەلگەن دولقۇنلار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە شاپىلداپ ئۇرۇلدى. كۆتەك بازغان ھەر قېتىم گۈپ قىلىپ ئۇرۇلغاندا، قوزۇقنى تۇتۇپ تۇرغانلارنىڭ قوللىرى سىرقىراپ كېتەتتى. ئون نەچچە قېتىم ئۇرۇلغاندا باشقىلار شاخ، ياغاچلارنى قوزۇققا يۆلەپ باسقاندىن كېيىن ئۈستىگە تاش، توپا، قۇم قاچىلانغان تاغارلارنى گىرەلەشتۈرۈپ تىزىپ چىقاتتى. مۇشۇ رىتىم بىلەن قوزۇقلار ئارقا - ئارقىدىن قېقىلىپ، «تېز ئېقىن توسمىسى» ياسىلاتتى.
قوزۇق قېقىلىپ بولۇش بىلەن تاغ سۈيىدە تىترەپ، كۆكىرىپ كەتكەن ئىككى ئادەمنى قىرغاقتىكىلەر تارتىپ چىقىرىشتى. لېكىن پەخرۇللا گەۋدىلىك، كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولغاچقىمۇ، پۇتلىرى سۇ ئاستىدىكى لايغا تىزىغىچە پېتىپ كەتكەچكە خېلىلا ھەپىلىشىپ، بەكمۇ تەسلىكتە تارتىۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ بىر

يۆتىدىكى رېزىنكە ئۆتۈك لاي تېگىدە قالغانىدى. پەخرۇللا قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن يەنە بىر پۇتىدىكى ئۆتۈكنىمۇ سېلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن پۇچقاقلىرىنى تۈرۈپ يالاڭ ئاياغ بولۇۋالدى.

— بۇرادەرلەر، مۇشۇ ئۈچ توسما ئارىلىقىدىكى قاش بەكمۇ مۇھىم، — دېدى پەخرۇللا يۈزلىرىدىن ئېقىۋاتقان يامغۇر سۇلىرىنى ئالىقىنىدا سىيرىۋېتىپ، — ئەگەر كەلكۈن ئېلىپ كەتسە، پاختا يۇلغۇن جاڭگاللىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شەھەرنى لاي ــ پاتقاققا غەرق قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ئارىلىقتىكى بىرقانچە توسما ئالدىغا چوڭراق تاشلايلى.

— شۇنداق قىلايلى! — ۋارقىراشتى يۈزلەپ ئادەم.

قىرغاق ئۈستىدە ئەر ــ ئاياللار توپ ــ توپ بولۇشۇپ، چوڭراق ياساشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىرقانچىلىغان تاش پەنەرنىڭ يورۇقىدا سىملارنى ئېگەتتى، قايرىيتتى، يۆگەپ باغلايتتى. قوللىرىدىكى ئاق پەلەي، ئامبۇرلارغىچە قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچنېمە بولمىغاندەك ئىشلەۋاتاتتى. توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇردا بۇ ئادەملەر خۇددى لايدىن سوزۇۋالغان قوزۇقتىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۈستۈنكىدىن تارام ــ تارام ئېقىۋاتقان سۇ ئولتۇرغان يېرىگە شورقىراپ چۈشۈۋاتاتتى.

تۆت ــ بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭراقلارنىڭ ئىچىگە تاش قاچىلاپ بىر قەدەم سىلجىتىش مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭا ئۇنى چوڭراق تاشلايدىغان قاش لېۋىگە ئەكېلىپ، ئىچىنى تاش بىلەن تولدۇرغاندىن كېيىن ئاغزىنى بوغۇپ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر بادرا ياغاچلار ئارقىلىق يۇمىلىتىپ سۇغا چۈشۈرەتتى. پەخرۇللا بىر توپ ئەمگەكچىلەر بىلەن بىرقانچە چوڭراقنى تېز ئېقىن توسمىسى ئۈستىگە ئاپىرىپ، ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈزلىگەن ئادەملەر تاش توشۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

— ھاكىم، ۋاي ھاكىم، چاتاق بولدى، — كەتمەن كۆتۈرگەن

بىر يىگىت يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى، — تۆۋەندىكى ئىككى توسما ئالدىغا سۈرۈلۈۋاتىدۇ.

— قوزۇقنى كۆپرەك قاقمىدىڭلارمۇ؟

— قوزۇقلارنىڭ ھەممىسى قىيسىيىپ سۇنۇپ كەتتى.

— ئەمىسە چۇراڭ تاشلايلى، — پەخرۇللا كۆپچىلىككە قارىدى، — سىلەردىن ئوتتۇزدەك ئادەم مەن بىلەن مېڭىڭلار.

يالاڭ ئاياغ بولۇۋالغان پەخرۇللا كەتمەن، كۈرەك، بالداق كۆتۈرۈشكەن بىر توپ ئادەملەرنى باشلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. قاش ئۈستىدىكى پېتىق لايدا مۇدۇرۇپ، تېيىلىپ، يىقىلىپ كېتىۋاتقانلار لايلارنى شالاپلىتىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى.

چىمەن خەلقى كەلكۈننىڭ تۆتىنچى كۈنىدىكى سەھەرنى ئامان ـ ئېسەن كۈتۈۋالدى. جېدەللەپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئەمدىلىكتە ئاق يېغىنغا ئايلىنىپ، ئۈششاق چۈشۈشكە باشلىدى. دەريا كەلكۈنى غالجىرلىقتىن سەل پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق بۇنداق ئەھۋال مۇقىم ئەمەس ئىدى. خۇددى ساراڭنىڭ غىژمانلىقى قەرەلسىز بولغىنىدەك، كەلكۈنمۇ بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيەتتى. ھەر كېچىسى توپا ئالغان لاي تاغارلاردا، دۆۋىلەنگەن تاشلاردا ئولتۇرۇپ 10 ـ 15 مىنۇت كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ تۆت كۈننى ئۆتكۈزگەن پەخرۇللا ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ دەريا قېشىنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ھەممىگە يوليورۇق بېرەتتى، بۇيرۇق قىلاتتى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنى تەنقىدلەيتتى، تەنبىھ بېرەتتى. چۇراڭ توقۇۋاتقان، دەرياغا «ھە ـ ھۇ...» دېيىشىپ چۇراڭ يۇمىلىتىۋاتقان، تاش توشۇۋاتقان، شاخ ـ ياغاچلارنى سۆرەپ كېتىۋاتقان، تۇرمەل سىملارنى بادرىلار بىلەن قاش ئۈستىگە ئەچىقىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە «ھارماڭلار يىگىتلەر...»، «سىلەر ئەرلەرگە تېگىشكۈسىز چوكانلار ـ دە...»، «چوڭ دادا، سىلى نېمىگە

كەلگەنلا...»، «چوڭ ئانا، يوبدانىنى ئەجەبمۇ ئوخشىتىپلا...» دەپ ھال سورايتتى، مەدەت بېرەتتى. ئۇلارمۇ ھاكىمنىڭ بىر ئېغىز لەۋزىدىن تارتقان جاپالىرى بىر يولىلا يۇيۇلۇپ كەتكەندەك يېنىكلەپلا قالاتتى. تېخى ئۇ شېغىل، تاش، ياغاچ، شاخ يۆتكەۋاتقان ھەرخىل ماشىنا ـ تراكتور، ھارۋىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، شوپۇر، ھارۋىكەشلەرگە بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى.

— ھەي يىگىت، — دېدى پەخرۇللا ھارۋىكەش بالىغا، — ئۆيلەندىڭمۇ؟

— ياق ھاكىم.

— ئۇنداقتا، چىمەندىن ئەڭ چىرايلىق قىزدىن بىرنى تاپ، مانا ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ ئېلىپ بېرىمەن.

ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى كىمنىڭدۇر ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى بېسىپ كەتتى.

— ھاكىم... ھاكىم... لى شۇجى... لى شۇجى ئۇ...

— لى شۇجىغا نېمە بولدى؟

— ھو... ھوشىدىن كەتتى.

پەخرۇللا پېتىقدىلىپ كەتكەن پاتقاقتا مۇدۇرۇپ، يىقىلىپ يۇرۇپ، سۇ پومپىسى مەيدانىغا كەلگەندە ساپسېرىق سارغىيىپ كەتكەن لى يۈگچىنى بىر نەچچە تاغار ئۇستىگە ياتقۇزۇپ قويغان بولۇپ، بىر مۇنچىلىغان ئادەملەر ئۇنى ئورىۋالغانىدى. بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئۇستىگە كۇنلۇك تۇتۇپ تۇراتتى.

— لى شۇجى، لى شۇجى، — پەخرۇللا لى يۈگچىنىڭ قولىنى تۇتۇشى، ئۇ كۆزىنى ئارانلا ئاچتى، — سىزنى دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكەيلى. بېرىڭلار شوپۇر ئازاد تۇرسۇننى چاقىرىپ كېلىڭلار.

— ئۇ مەشەدە تاش توشۇۋاتىدۇ، — دېدى بىر يىگىت، —

ئەنە ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى. ئازاد، ھاكىم چاقىرىۋاتىدۇ.

پەخرۇللا، ئازاد، ئوقۇتقۇچى، تۇراپ ئەيسا قاتارلىقلار لى يۇڭچىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا، ئۇ زەئىپ ئىڭرىدى:

— پەخرۇللا ھاكىم، سىز بۇ يەردىن ئايرىلماڭ...

چىمەن دەرياسىدىكى زور كەلكۈنگە قارشى جەڭگە قوماندانلىق قىلىش پەخرۇللانىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇ كېچە - كۈندۈز قاش ئۇستىدە، دەريانىڭ باش - ئاخىرى ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا جۇدەپ كەتتى. ئۇ قاچانلاردا 10 - 15 مىنۇت كۆز يۇمۇۋالدى، ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك تامىقىنى نېمە يېدى؟ ئۇلارنىمۇ ئەسكە ئالالمايتتى. بەزىدە ئادەملەر بىلەن بىرلىكتە مۇزدەك سۇغا چۈشۈپ قوزۇق قېقىپ، شاخ بېسىپ، تېز ئېقىن توسمىسى قۇرۇلۇشىغا قاتناشسا، تۇرۇپلا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن «ھە - ھۇ...» دەپ نەرە تارتىپ، خەتەرلىك ئېقىنلارغا چۇراڭ تاشلايتتى. بەزىدە قول - جەينەكلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا چۇراڭ توقۇيتتى. سېپىلدەك كۆتۈرۈلگەن تاغارلارنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ، ئېغىر تاغارلارنى گىرەلەشتۈرۈپ تىزاتتى.

كەلكۈننىڭ يەتتىنچى كۈنى تاڭ يورۇشى، يامغۇر توختاپ، قارا بۇلۇتلار تارقىدى. كەلكۈن سۈيىمۇ پەسەيدى. بولۇتلار ئارىسىدىن خۇددى قان ئۇيۇتمىسىدەك قىپقىزىل قۇياش كۆرۈندى. قاش ئۇستى، يانباغرى ۋە پەستە مىڭلىغان چىمەنلىكەر دوپپا، كۆڭلەك، چاپانلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ۋارقىراشماقتا... كەلكۈن ئۇستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىشماقتا... ئۇستۇپشى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن يالاڭ ئاياغ پەخرۇللا قاشقا تىزىلغان لاي تاغارلار ئۇستىگىلا يىقىلدى. تۇراپ ئەيسا، ئازاد، ئايشەم چاڭۋېي قاتارلىق بىر توپ ئادەملەر ئۇنى «كۆتە - كۆتە» قىلىشىپ ماشىنىغا سالدى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەر ماشىنىنى ئورىۋېلىپ يىغلاشماقتا ئىدى. پەخرۇللاغا

ئۇماچ بەرگەن ئاپئاق چاچلىق مومايىنىڭ قورۇقلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلار ئېرىق - ئېرىق بولۇپ مەيدىلىرىگە تۆكۈلۈۋاتاتتى:

— جېنىم ھاكىم بالام! چىمەنلىك ئۇچۇن تۇغۇلغان بالام!...چىمەنلىككە قوللىرى ھىممەت بىلەن ئېچىلغان بالام!!

ماشىنا ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، مومايىنىڭ قوشاق قېتىپ يىغلىغان ئاۋازى خېلىغىچە توختىمىدى.

پەخرۇللاغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن تۇراپ ئەيسا ئازادقا ماشىنىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ھەيدەشنى بۇيرۇدى. ئۇ «داگې دا» ئارقىلىق ئالدىن خەۋەر بېرىۋەتكەچكىمۇ، ماشىنا دوختۇرخانا ھويلىسىغا كىرىشى بىلەن بىرمۇنچىلىغان دوختۇر، سېسترالار پەخرۇللانى نوسىلكىغا سالدى. ئاندىن پاتىپاراق بولۇشۇپ، ئۇنى يالغۇز كىشىلىك ئايرىم ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. بىرقانچە سېسترالار پەخرۇللانىڭ لايدا بۇلغىنىپ كەتكەن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، بىمارلار كىيىمىنى كىيگۈزدى. ياشانغان بىر دوختۇر ئايال ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، تۇراپ ئەيساغا قارىدى:

— ھاكىم قاتتىق چارچاپ كەتكەن، بىرقانچە كۈن قۇۋۋەت تولۇقلايدىغان ئوكۇللارنى سالىمىز. سىلەرمۇ قۇۋۋەتلىك تاماقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇڭلار.

— بولىدۇ، بولىدۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىمىز.

— ھاكىمغا قارايدىغان ئادەم بارمۇ؟ ئەگەر بولمىسا بىرەر سېسترانى بەلگىلەمدۇق؟

— بار، بار، — تۇراپ ئەيسا دەرھاللا جاۋاب بەردى، — ھاكىمنىڭ ئائىلىسى ئاقتامدا بولغاچقا، ناھىيىلىك كومىتېت مۇزاكىرىلىشىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا قارايدىغان ئادەم بەلگىلەپ قويغان.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا ئۇنى دەرھال ئەۋەتىڭ.

دوختۇر، تۇراپ ئەيسا، ئازادلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر سېسترا پەخرۇللاغا ئاسما ئوكۇل سالدى.

— ھاكىم، ئوكۇل قولىڭىزنى ئاغرىتسا ياكى ئوكۇل سۈيى تۈگىسە، — سېسترا تۈكقا ئۇلانغان كۇنۇپكىنى ياستۇققا قويدى، — مۇشۇنى بېسىپلا قويسىڭىز كىرىمەن.

سېسترا چىقىپ كەتتى. تىنچ مۇھىتنى خالاپ قالغان پەخرۇللا كۆزىنى يۇمدى. ئۇ بەكمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ۋۇجۇدىدىكى ئىسسىق قانىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. گويا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى. دەرۋەقە، تاغنىڭ سوغۇق كەلكۈنى، يەتتە كۈنگىچە بەدىنىدىن ئاققان يامغۇر سۈيى، كېچە - كۈندۈز شالاپلاپ كەچكەن لاي، ئۇيقۇسىزلىق، ئاچ - توق قېلىشلار ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى شورىۋالغاندەك قىلاتتى.

پەخرۇللانىڭ كۆڭلى بىردىنلا بۇزۇلدى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىنى قاپلىۋالغان سۇزۇك ياشلار ئارا قىزى گۈلپىيە، ئوغۇللىرى ئەزھەر، ئەليار، نەۋرىسى دىلمۇراتلار پەيدا بولدى. ئۇلا پەخرۇللاغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراۋاتقاندەك، «ئىسسىت» دەپ باشلىرىنى چايقاۋاتقاندەك بىلىندى. تۇۋا، ئەجەب ئىش، پەزلىيە سۇسلا كۈلۈمسىرەپ يوقاپ كەتتى... ئەمما ئاقنىسا بىردىنلا شۇنچە روشەن ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھاكىمنىڭ يۈزلىرىنى سۇرتكىنىچە ئاستا شىۋىرلايتتى: «ھاكىم ئاچ قورساق يېتىپ قالدىغان بولدى، دەپ ۋايىم يەيمەن...»، «ۋاي خۇدايىم، بىر كورا ئاشنى ئىچىۋېتىپسىز - ھە؟...» «سىزمۇ بىز ئۇچۇن كۆلدە كۆمەچ بولۇۋاتىسىزغۇ...»

— «بۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم!...»، «بىرەر يىلدەك بولدى، ئۆيىڭىزگە بارالمىدىڭىز!...» «سىزمۇ ئەركىشىغۇ ياكى ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئەمەلدار كۆڭلىنى ئاچسا بولمامدىكەن...»، «ئۇھ...» پەخرۇللا چوڭقۇر تىندى، «ئۇنىڭغا

ئەجەب قوپاللىق قىپتىمەن ـ ھە! ئۇ... ئۇ ئانچە يامان چوكانلاردىن ئەمەسكەن...»

توۋا، جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمانچە مۇرەككەپتۇ؟ بىرقارىسالڭ ھەممىلا ئىشلار پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك ئاسانلا كۆرۈنىدۇ. بەزىدە بولسا چىگىشىنى تاپقىلى بولمايدىغان بىر كاللەك يىپ! قاراڭ! ئاقنىسا ھاكىمنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ، شۇنچە ھىممەت كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، قوپاللىق بىلەن قوغلاندى! مانا ئەمدى ھەقىقىي مېھىر بىلەن ئەسلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، دۇنيادا مەڭگۈ زىمىستان قاپلىغان كۆڭۈل، ئېتىقاد ئۇچۇن توڭلىۋالىدىغان يۈرەك يوق ئوخشايدۇ!

پەخرۇللا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. بالىنىست ئىشىكى تىۋىشسىز ئېچىلىپ، كورا كۆتۈرگەن ئاقنىسا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا مەيدىسى كەشتىلەنگەن ئاق كوپتا، سەل ئاقارغان پادىچىلار ئىشتىنى كىيىپ، بويىنىغا سۇس ھاۋارەڭ ھىلھىلە رومال ئارتىۋالغانىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنى تېخىمۇ جازىبىدار كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاقنىسا داستىخانغا ئورالغان كورىنى ئۈستەلگە قويدى. ئاندىن ئورۇندۇقنى كارىۋات يېنىغا سۈرۈپ پەخرۇللاغا قاراپ ئولتۇردى. ئىچىدە بولسا «بىچارە ھاكىم» دەپ پىچىرلىدى. دوختۇر سېستىرالار باشلىقىغا ھاكىمنى پات ـ پات كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇغانمۇ، ئىشقىلىپ ئوكۇل سالغان سېسترا كىرگەنچە ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا قارىدى. ئاندىن ئۇ ئاقنىسادىن:

ـــ سىز ھاكىمغا قاراشقا كەلدىڭىزما؟ ـــ دەپ سورىدى. ئاقنىسامۇ:

ـــ شۇنداق ناھىيىلىك كومىتېت ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيسا ئەۋەتتى، ـــ دەپ ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى.

ـــ ئەمىسە ئوكۇل سۇيۇقلۇقى توگىگەن ھامان ماۋۇ كۇنۇپكىنى بېسىڭ.

سېسترا بىلەن ئاقنىسا قانچە ئېھتىيات بىلەن گەپلەشكەن بولسىمۇ، پەخرۇللا كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ئاقنىساغا قارىدى ـ دە، ھېلىقى «ئىش....» ئېسىگە كەلدى بولغاي، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. سېسترا ھاكىمدىن قىسقىچىلا ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن تىڭشىغۇچ بىلەن يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ بولۇپ، «نورمال» دەپ چىقىپ كەتتى. شۇندىلا پەخرۇللا يانتۇ بولۇپ ئاقنىساغا يۈزلەندى. بۇ چاغدا ئاقنىسانىڭ كۆڭلىدىن نېمە ئىشلار كېچىپ ئۆتتى، بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇمۇ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— كەلدىڭىزما؟— پەخرۇللانىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى، — سىزنى يەنە... يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— شۇنداق، قېلىنلىق قىلىپ يەنە كەلدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ، تۇراپ ئەيسا سىزنى «سىياسىي ۋەزىپە» دەپ ئەۋەتكەندۇ؟

— سىزگە قاراش، سىزدىن خەۋەر ئېلىش، ئەلۋەتتە سىياسىي ۋەزىپە بولىدۇ ـ دە.

— «سىياسىي ۋەزىپە» بولمىغان بولسا، كەلمەي قويامتىڭىز؟

— ھېلىغۇ سىياسىي ۋەزىپە ئىكەن، كۆز ئىشارىسى قىلىپلا قويسا كېلىۋېرەتتىم. سىزنى كۈتۈش، ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— چۈنكى بۇ چاغقىچە كەلگەن ھاكىملارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايسىز.

— نەرىم ئوخشىمايدۇ؟

— نېمە دېسەم بولا، — ئاقنىسا چەمەك بارمىقىنى تومپىلاق لەۋلىرى ئۈستىگە قويدى، — سىز دېگەن خەلقنىڭ ھەقىقىي چاكىرى. ئادەملەر سىزدىن قورقۇپ، ھېيىقىپ يۈرمەيدۇ، يېقىن

بۇرادىرىدەك، تۇغقىنىدەك كۆرىدۇ.

— ئەمىسە، ئۆتكەندە سىزنى قوپاللىق قىلىپ يىغلىتىپ قويدۇمغۇ.

— سىز... سىز... — ئاقنىسا جەينىكى بىلەن يۈزىنى تۇسۇۋالدى، — ئۇ... ئۇ... تۇنجى قېتىم... بولغاچقا، بولدىلا، ئەمدى قوغلىمىسىڭىزلا مەن خۇشال بولىمەن.

— راستما؟

— ئەلۋەتتە. ۋاي جېنىم، تاتلىق گەپلەرنى قىلىشىپ، شورپىنى تاسلا قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى. سوۋۇپ قالمىغاندۇ - ھە؟

ئاسما ئوكۇل سۆيۈقلۇقى تۇگىگەندى. ئاقنىسا كۇنۇپكىنى بېسىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سېستىرا كىرىپ كەلدى. ئۇ يەنە بىر بوتۇلكا ئوكۇل سۆيۈقلۇقىنى ئېسىپ قويۇپ، قۇرۇق بوتۇلكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاقنىسا داستىخاننى ئېچىپ كورىنىڭ سىرتىغا قولىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ «قىزىقكەن» دەپ قويدى. ئۇ گۆش، سەۋزە، چامغۇرلارنى بىر تەخسىگە سۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن شورپىنى چوڭ ئاپقۇرغا قويۇپ، ئازراق نان چىلىدى.

— مەن سىزنى يۆلەپ قوياي، — ئاقنىسا پەخرۇللانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئىككى ياستۇققا يۆلىدى. ئاندىن قوشۇقتا شورپىنى ئىچۈرۈپ، ناننى يېگۈزدى. ئۇ پات - پاتلا ئاپىئاق لۆڭگىدە پەخرۇللانىڭ ئاغزى، ئېڭەكلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. بەزىدە: «ئانام... ئانام... بىر يەۋېلىڭا غوجام....» دەپ پەخرۇللانى كۈلدۈرەتتى. ئىككىسىنىڭ يۈزىنىڭ ئارىلىقى ئىككى غېرىچمۇ كەلمەيتتى. پارقىراپ تۇرغان قاپقارا تۇز قاشلار... قاتمۇ قات جىيەكلىك چوڭ كۆزلەر... «چېقىر كۆز» دەپ ئاتىلىدىغان بوزرەڭ قارىچۇقلار... قارىچۇقلارنى چۆمپەردىدەك يېپىۋالغان ئۇزۇن، ئەگرى كىرپىكلەر... پەخرۇللاغا شۇنچە يېقىن ئىدى.

— پاھ، تېمىدېگەن چىرايلىق كۆز - قاشلار بۇ!؟

بۇ مەدھىيە گەرچە چىن يۈرەكتىن ئېيتىلىپ چىققان سۆزلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز پۇتىغا سىيپىلىدىغان قاپقان ياكى قوناقلىقتا كىرىپ دەسسىۋالىدىغان بىر كاللەك نىجاسەت بولۇشىدىن تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

سېلىنىدىغان ئاسما ئوكۇللارمۇ تۈگىدى. بىرنەچچە پارچە مايلىق گۆش يەپ، شورپا ئىچكەن پەخرۇللانى ئۇيقۇ باستى. تېخى يوتقان ئىچىدىكى ئىككى يۇمران قولىنىڭ، پۇت ئالىقانلىرىدىن باشلاپ، پاچاق، چوڭ يوتىلارغىچە سىلاپ ـ سىيپاپ تۇتۇشى جەننەت ھۇزۇرىنى بەرمەكتە ئىدى. بۇ قوللار «ئېھتىياتسىزلىق» تىن تېگىشلىك بولمىغان جايلارغا تېگىپ كېتەتتى. بۇنداق تېگىپ كېتىشلەر، مەنئى قىلىنىغان «رايون» لارغا بۆسۈپ كىرىشلەر، پەخرۇللانىڭ ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ھېسسىياتىنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، تولغىناتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى مۇسكۇللار كىرىشىپ، ئۇنى شېرىن ئازاب ئوچىقىدا قىيناپتتى... ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايلىرى ھۆپپىدە ئېسىلىپ، كۆزلىرىدىن ئىشق لەززەت شەھۋەتلىرى يېلىنجاپ، يۈرەكلىرى تەرتىپسىز ئۇرۇپ، پات ـ پاتلا يۇتۇنۇپ، بەش كۈننى بەكمۇ تەسلىكتە ئۆتكۈزدى. ھەتتا ئاقنىسا كېچىلىرى يالىڭاچلىنىپ، كارىۋاتقا چىقىۋالغۇسى كەلدى. بىراق ئامال يوق ئىدى. نۆۋەتچى سېستىرا، دوختۇرلارنىڭ ئارىلاپلا تەكشۈرۈپ كىرىشى، ئۇنىڭ ئوت كەتكەن نەپسى بالاسىنى چەكلەپ تۇراتتى. ئەمما، ئالتىنچى كۈنى خېلىلا ئەسلىگە كەلگەن پەخرۇللا دوختۇرخانىدىن چىققان بولسىمۇ، تۇراپ ئەيسا ئۇنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر مەزگىل دەم ئېلىشىنى ئۇقتۇردى. چۈنكى، ناھىيىلىك كومىتېت رەھبەرلىرى پەخرۇللانىڭ سالامەتلىكىنىڭ تولۇق ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن شۇنداق مۇزاكىرە قىلغانىدى.

پەخرۇللا دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى، تۇراپ ئەيسانىڭ

ھەممىتى بىلەن ئاقنىسا ناھىيىلىك كومىتېت كادىرلار ئاشخانىسىدىن گۈرۈچ، ماي، گۆش، سەۋزە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئوخشىتىپ پولۇ ئەتتى. ئۇلار شوخلا، كۆك مۇچلاردا قىلىنغان سوغۇق سەي، قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن ھۇزۇرلىنىپ پولۇ يېيىشتى. پولۇ يۇمشاقمۇ ئەمەس، يىرىكمۇ ئەمەس راسا يېيىشلىك بولغانىدى. پەخرۇللا قاقتەك توغرالغان گۆشلەرنى پولۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. ئاقنىسا ئۇنىڭ چىنىسىنى ھېلىدىن - ھېلى لىقلاپ قوياتتى.

— پولۇغا ئۇستىكەنسىز جۇمۇڭ، — دېدى پەخرۇللا مەمنۇن بولغان ھالدا، — بەك ئوخشاپتۇ.

— مېنى كىچىكلا ياتلىق قىلغاچقا، ھەممە تاماقنى لايىقىدا ئېتەلمەيمەن.

— راست، ئۆتكەندە دەپ بەرگەن ئىدىڭىز.

— ھاكىم، چارچاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، يېتىڭ، — ئاقنىسا پەخرۇللانىڭ كۆزلىرىگە قارىدىيۇ قىزىرىپ كەتتى، — مەن... مەن ئۇچىلىرىڭىزنى تۇتۇپ قوياي.

باياتىن بېرى، ئاقنىسانىڭ ئويما ياقىلىق مايكىسىدىن دەممۇ دەم كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق ۋە دۇپدۇگىلەك بىر جۇپ كۆكسىگە كۆزى چۈشكەنسېرى، دوختۇرخانىدىكى شېرىن دەقىقىلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان پەخرۇللا ياستۇققا باش قويغانىدىمۇ، ھاياجان تىترىكىنى باسالمىدى. ھاكىمنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاش، تۇتۇش ۋە سىلاشتا ئەڭ ئىنچىكە ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاقنىسا يوتقان ئىچىگە قول تىقا - تىقمايلا ھاكىمنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدەنلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. پەخرۇللا ھەممىنى ئۇنۇتتى! يەتتە كۈنلۈك كەلكۈن بىلەن بولغان قاتتىق جەڭ!... جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كېچە ۋە كۈندۈزلەر... ئاچ - توق ئۆتكەن كۈنلەر... ئۇيقۇسىز تۈنلەر... ھەممە، ھەممە جاپايۇ ئازابلار ئۇنتۇلدى! ئاجايىپ يۇمشاق، سىرلىق قوللار ئادەم بىھوش بولغۇدەك روھى

لەززەتنى ئېلىپ كەلدى. بۇ لەززەت ئالدىدا ناۋاتچىنىڭ يىپلىرىغا ئۆيۈغان ناۋات، قەندەلچىنىڭ ئەيلەۋاتقان مەنپەزە خېمىرلىرى، شەربەتچىنىڭ قازىنىدا قايناۋاتقان ئېرىس قىياملىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى...

ئاقنىسا ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا يوتقان ئىچىگە كىرىشى، پەخرۇللا ئۇنى باغرىغا باستى. ھەر ئىككىلىسى ھاياجان ئىزتىراپىدا ھاسىرايتتى.

— توختاڭ، ئىچ كىيىملىرىمنى سېلىۋېتەي، — ئاقنىسا بوش شىۋىرلىدى.

— ئاقنىسا، ئىشىك... — ئەنسىز پىچىرلىدى پەخرۇللا.

— بايىلا تاقىۋەتكەن...

... ئاقنىسا تۇن نىسپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. ئۇ گەرچە «ھۇنەرلىرى» نىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ ئىشقا سالمىغان بولسىمۇ، پەخرۇللا ئۇنىڭدىن ئۇمىد ئۈزەلمەيلا قالغانىدى. ئۇ ئاقنىسانىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ كېچىدە نەگە بارىسىز؟ سىز ماڭا قارايدىغان تۇرسىڭىز.

— ئۇنى ئانام بىلىدۇ، لېكىن قونۇپ قېلىشىمنى بىلمەيدۇ. دەپ قويمىسام ئەنسىرەپ قالار.

— ئەمىسە كېلەمسىز؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ مەن سىزگە تېخى...

ئاقنىسا پەخرۇللانى قاتتىق سۆيگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئۇ تىۋىش چىقارماي دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ يورۇپ تۇرغان دېرىزىسىگە قارىدى. نۆۋەتچى قاراۋۇل كىيىملىرى بىلەنلا كارىۋات ئۈستىدە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئاقنىسا كىلىتانى ئاستا چىقىرىپ، دەرۋازىنىڭ كىچىك قانىتىنى تۇيدۇرماي ئاچتى - دە، غىپپىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىغىنىچە كىمنىدۇر

ئىزدىگەندەك قىلاتتى. ئۇ يول چېتىدىكى بولجالىققا كېلىپ ئالىقانلىرىنى كاناي قىلىپ ئاستا توۋلىدى:

— تۇراپكا!... ھەي تۇراپكا... قېنى سىز؟

دەقىقە ئۆتمەي، شاخلار شىلدىرلاپ، دەسسەلگەن قەدەملەر پىسىرلاپ، بىر قارا كۆلەڭگە بولجالىقتىن ئېڭىشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ چوڭ ئېرىقتىن بىرلا سەكرەپ، ئاقنىسانىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— ھەي، نېمانداق كېچىكىپ كەتتىڭ؟ ساقلايدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، — ئاستا غوتۇلدىدى تۇراپ ئەيسا، — ساقلا، ساقلا بىردەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

— قارماققا ئاسان ئىلىنىدىغان بېلىق ئەمەسكەن ئۇ!

— قانداق، ئىلىندىمۇ؟

— مەن كىم، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ!

— جۇر، ئۆيگە بېرىپ پاراڭلىشايلى.

— بۇ كېچىدە يەڭگىمىز نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟

— ئۇ كېسەل كۆرپىسىنى قىزىم يېزىدىكى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

— بولدىلا بارمايلى.

— جۇر، جۇر، تولا ئەزمەڭنى ئەزمە.

تۇراپ ئەيسا ئاقنىسانىڭ بىلىكىدىن ئۇچلاپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىرىنچى كوچىدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئولتۇراق قورۇسى بار ئىدى. تۇراپ ئەيسا دەرۋازىدىكى يوغان قارا قۇلۇپنى ئېچىپ، ئاقنىسانى ئۇدۇللا مېھمانخانىغا باشلىدى. ئۇلار ئۆز ئارا تەكەللۇپ قىلىشمايلا، دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان خىزمەت ئۈستىلى ئەتراپىدىكى يۆلەنمە ئورۇندۇقلاردا بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشتى. تۇراپ ئەيسا پارقىراپ، سىلىقلىشىپ كەتكەن مىس قوتىنى ئېلىپ تاماكا ئورىدى. ئۇ ئاقنىساغا يەر ئاستىدىن

قاراپ، غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى.

— يائاللا، بۇ كەلگۈندىنى ئىندەككە كەلتۈرمەك ئەجەب تەس بولدى، — ئۇ تاماكىنى تۈتاشتۇردى، — بەك يامان جۇمۇ سەن، توغراقتەك مەزمۇت ئادەمنى ئاخىر مومدەك ئېرىتىۋەتتىڭ.

— ئەمدىغۇ مائاشىمنى ئۆستۈرۈپ بېرەرسىز؟

— ئىشلىگىنىڭنىڭ تايىنى يوق ھەرئايدا مۇكاپات پۇلى ئېلىۋاتىسەنغۇ، بۇ كىمنىڭ ئىلتىپاتى؟ مائاش ئۆستۈرۈشنى شۇنداق ئاسان دەپ چاغلامسەن؟

— ناھايىتى شۇئاغزىڭىزنىڭ يېلى.

— مەن يوللىغىنىم بىلەن نەچچە تۆشۈك، نەچچە باشلىقنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىسە بولمايدۇ ـ دە.

— كۆتكۈچىلەرنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى قىلىمەن دەپ ئالدىغىلى تۇرغىلى نەچچە يىل بولدى.

— مېنى تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدى دەمسەن؟ لېكىن كۆتكۈچى ۋە باشقا خادىملارنىڭ ساڭا پىكرى تۇرسا، ماڭا نېمە ئامال.

— ئەمدى مېنى يەنە نېمە قىل دەيسىز؟ بولمىسا مەن چىقىپ كېتەي، — ئاقىنسا ئورنىدىن تۇردى، — ئۈيقۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئولتا، گەپ تېخى تۈگىمىدى، — تۇراپ ئەيسانىڭ كۆزلىرى خىيال بىلەن قىسىلدى، — بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇسەنكى، يىراقلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ دېگەن سىياسىي ۋەزىپە.

— پەخرۇللا ھاكىمنى، ھېلىقى مۇئاۋىن ھاكىم ئەمرىدىن ئىسلامدەك قىلامسىز؟

— ئۇنى مەن نېمە قىپتىمەن؟ ئۇ چىمەندە ئوينىمىغان ئايال قالماي ئۆزلۈكىدىن سېسىپ كەتمىدىمۇ.

— ئاشۇ ئايالىلارنىمۇ سىز تونۇشتۇرغان تۇرسىڭىز.

— ئاغزىڭنى يۇم.... نېمە ئىسپاتىڭ بار؟

ئاقنىسا تۇراپ ئەيسانىڭ دۇپدۇگىلەك تاقىر بېشىنىڭ قىزىرىپ، كۆزلىرىنىڭ ئالىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ جىم بولۇۋالدى. ئەلۋەتتە ئۇ ئىشلەۋاتقان ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. «ئادەم پىلاندىكىدىن ئېشىپ كەتتى. پالانى - پوكۇنىلارنى قىسقارتايلى» دېسىلا ئىش تامام، ۋەسسالام بولاتتى. ناھىيىلىك مېھمانخانا، ناھىيىلىك كومىتېت كادىرلار ئاشخانىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئاغزىغا زورلاپ قويۇپ، كۆتى كۆك توپىدا قالغىنى ئازمۇ؟! شۇ تۇرقىدىمۇ تۇراپ ئەيسانىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ ئولتۇرۇشىدىنلا ئۇنىڭ غەزەپتىن ئۆتى تېشىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن بىر بولغىنىڭدا ئۇنىڭ خوتۇنى توغرۇلۇق گەپ ئېلىپ باق.

— خوتۇنى؟ — تۇراپ ئەيسانىڭ قاپىقىدىن يۇرىكى قارتىلا قىلىپ قالغان ئاقنىسا دەرھاللا «ماقۇل» دەۋەتتى.

— ھەببەللى، ئەمدى چىرايلىق ئاقنىسا بولدۇڭ.

— ئەمما... ئەمما... تاشتوختى بىلىپ قالسا، جېدەلنىڭ يوغىنى تېرىلارمىكىن دەيمەن. ئۇ... ئۆتۈپ كەتكەن تەلۋە ساراڭ.

— ئۇ بىر نېمەڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قېچىپ يۈرسە ياكى قانۇنلۇق ئەر - خوتۇن بولمىساڭلار.

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن بەزىدە ئەسكى ئىشتاندىن بىر نېمە چىققاندەك، پولۇڭگىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

— ئەگەر پەيدا بولۇپ قالسا ماڭا خەۋەر قىلغىن، ئۆزۈم جاجىسىنى بېرىمەن.

— ساقچىلارغا تۇتۇپ بېرەمسىز؟

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇ شۇۋىچى تاياقچى گۇيغا پايلىمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ياقەي.

— ياقەي، دەپ ھىجىيىسەنغۇ، ئۇنىڭ دۇمبا - تېپىكلىرى ساڭا دورا دېگىنە، — تۇراپ ئەيسا كۆزىنى قىسىپ ھىجايدى، — كېلە، ئاۋۇ يەردە... بىر دەم ياتىلى.

تۇراپ ئەيسا ئاقنىسانى كۆرپىگە تارتقانىدى. لېكىن ئۇ تىرەجەپ ئۇنىمىدى.

— بولدىلا مۇدىر. ئۇلۇشكەن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىڭىز، لېكىن كارغا كەلمىدىڭىز... ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئاۋارە قىلماڭا...

ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىگە راسا ئىشىنەلمەي تۇرغان، لېكىن ھەۋەس قويماي ۋاتقان تۇراپ ئەيسا، ئاقنىسانىڭ ئاچچىق گېپىدىن لاسسىدا بوشاپ كەتتى. ئۇ ئاقنىسانىڭ بىلىكىنى قويۇۋېتىپ:

— پەخرۇللانىڭ بەك تېتىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ، — دەۋەتتى.

— ھالۋىدىن كېيىن ماز چاينىغاندەك بولۇپ قالماي دەيمىنا...

گەپنىڭ ئۇرانغا يەتكەن تۇراپ ئەيسا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، تاماكا ئوردى. ئاقنىسانىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، روھنى ئۆلتۈرىدىغان بىر ئېغىز گېپى تۇراپ ئەيسانىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك ئارانىلا ساقلاپ تۇرغان نېرۋا تەلپۈنۈشلىرىنى توزغاقتەك توزۇتۇۋەتتى. ئۇ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككەچ ئاقنىساغا قارىمايلا:

— بولدى چىقىپ كەت، لېكىن دېگەنلىرىم ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدى.

پەخرۇللانىڭ كۇچلۇك بىلەكلىرى، قاتتىق ئەمما سىلىق كەڭ كۆكرەكلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتقان ئاقنىسا «ماقۇل» ياكى «خوش» مۇ دېمەي، ھەتتا ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي لىپلا قىلىپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن قورسىقى كۆپكەن، غۇرۇرى ئەدەپ يېگەن تۇراپ ئەيسا بىر ھازا ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىپ

ئولتۇردى. تەرەببا ئاقنىسانىڭ: «ھالۋىدىن كېيىن ماز چايننغاندەك بولۇپ قالماي دەيمىنا...» دېگەن ھىڭدىن سىيىق سۆزى ئېسىدىن كېچىش بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى:

— رەسۋا جالاپ، خەقلەر سېنى بىكاردىن ـ بىكار «ئاقنىسا ئون تىيىن» دېمەيتىكەن ـ دە ... ئەمىرىدىن ئىسلامدەك پاھىشىۋازمۇ «ئون تىيىن» دېگەن لەقىمىڭنى ئاڭلاپلا يۈز ئۆرىگەن ئەمەسمىدى.

ئاقنىسانى غايىۋانىسىگە تىللاپ قورسىقى خېلىلا بوشىغان تۇراپ ئەيسا كۆلدان، تاماكا، سەرەڭگىلىرىنى ئەكېلىۋېلىپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئۇ ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ، تاماكىنىڭ ئىسىنى تۈرۈسقا پۈۋلىگىنىچە: «ھەي... تەتۈر پەلەك...» دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات، خىزمەت مۇساپىسىنى ئويلىمىسا ياخشى، قانداقتۇر باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئېسىگە كېلىپ قالدىيۇ، ئوغا يەپ، يىڭنە يۇتقاندەك ئازابلىنىپ، تولغىنىپ ياتالمايتتى. كونىلار: «ئوغۇل بالىغا ئۆمرىدە بىر قېتىم ئامەت كېلىدۇ. بۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالالمىسا مەڭگۈ داغدا قالىدۇ...» دەيدىكەن. لېكىن تۇراپ ئەيساغا ئاشۇ «بىر قېتىم» لىق پۇرسەتمۇ كەلمىگەن تۇرسا، ئۇ ئامەتنىڭ ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتىكەنمۇ ياكى سۇغا چىققان مومىسىنىڭ چېلىكىنى سۇغا تاشلىۋېتىپتىكەنمۇ؟! تەقدىر قىسمەت ئۇنى نېمانچە بوزەك قىلىدۇ؟ قاچانغىچە ئانىي تاپىدۇ؟

تۇراپ ئەيسا 1960 ـ يىللاردا بوستان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، يۇرتى چىمەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەنتىدە بوغالتىرلىق قىلىپ، ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، ھەرقانداق ئىشنى تۇجۇپىلەپ قىلىدىغان زېرىكىلىقى، ھېساباتتىكى قىلنى قىرىق يارىدىغان ئۆتكۈرلۈكى رەھبەرلەرنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى بولغاي، ئۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا ئىشخانىسىغا يۆتكىدى.

ئـۇ بۇ يەردە بەش يـىـل بۇغداي، قـوناق، ئارپا، تـېرىق، پـۇرچـاق، ياغلىق دان، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، قوي يۇڭى، ئۈچكە تىۋىتـى... دېگـەنـدەك مـەھـسـۇلاتـلارنـىـڭ ئـېـشـىـشـى، كـېـمـىـيـىـش سـتاتىسـتـىكـىـلـىرىـنـى جەدۋەللەشـتۈرۈپ ناھـىـيـگە يـوللايتتـى. تۈۋەندىن يوللانغان سانىنى نەقلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇرۇن كەنتتىن كـىـچـىـك ئەتـرەتـلـەرگـە قـاتـرىـغـان بـولـسـا، ئـەمـدى يـېـزىـلـىـق ھۆكۈمەتتىن، كەنتلەرگە چاپـىـدىغان بولـدى. ئۇ مۇرىسـىـگە بـىـر سېرىق لاتا سومكىسىنى ئېسىۋالسا، يولدا كېتـىـۋېتىپ ئـۇنىڭغا قولـىـنى تـىـقـىـپـلا بـىـرەر پارچـە زاغـرا ئـالاتتـى ـ دە، غـاجـاپ كـېـتـىـۋېرەتـتـى. ئـۇنـىـڭ جـاپـالـىـق ئـەمـگـىـكـى يـۇقـىـرىـنـى تەسىرلەندۈردىمۇ ياكى ھېساباتتىكى قابىلـىـيـىـتـىگە قـىـزىـقـىـپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنى ناھىيىگە يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى.

تۇراپ ئەيسا بۇ يەردىمۇ يەنـىـلا جەدۋەل، گـرافـا، ستاتـىـسـتـىـكـا دۆۋىلىرىگە چۆكۈپ قالدى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ قۇلاقلىـرىغا چـوت ئۇرۇقلىرىنىڭ تاراقلىشى سىڭىپ كەتكەچكە، كـېـچـىـلـىـرىـدىـمۇ «تاراق ـ تۇرۇق»، «شـاق ـ شۇق...» قـىـلـغـان ئاۋاز ئـاڭـلـىـنـىـپ ئۇيقۇسىنى ھـارام قىلسـا، مىڭلـىـغان ـ ئونمىڭلـىـغان سـانـلار چۈمـۈلـىـدەك ئۆمـىـلـەپ كـېـلـىـپ ئۇنـىـڭغا يـامـشاتـتـى. شۇڭا يـاش تۇرۇپلا چاچلىرى چۈشۈپ، مېڭىسى ئاغرىيدىغـان بولۇپ قالـدى. تەشكىل ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللىق جاپاسىنى، سالامەتلىـكىنى كـۆزدە تۇتتى بولغاي، ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ كاتىپلىقىغا ئۆستۈردى. كاتـىـپـنـىـڭ ۋەزىـپـىـسـى ئـىـدارىدە رەھـبـەرلەر بولـمـىـسا شـۇلارغـا ۋاكالـىـتـەن ھـوقـۇق يۈرگـۈزەتـتـى. بـىـراق ئـۇ بـەزىـدە ھـەددىـدىـن ئاشۇرۇۋېتىپ، شۇجى، ھاكىملاردىن تەنبىھ ئاڭلايتتى. ھەتتا بـىـر ـ ئـىـككى قېتـىـم پرىنـسـىـپ جەھـەتـتـىـن بـېـجـىـرىـشكە بولـمايدىغـان ئىشنى تەستىقلاپ قويۇپ «تەكشۈرۈشـنـامە» مۇ يـازدى. ئادەمنىـڭ روھىنى ئۆستۈرىدىغان، ئۇلۇغلۇق تەختـىـگە ئولتـۇرغۇزىدىغـان، مەنمەنلىك جاسارىتىنى يـۇقـىـرى كۆتـۈرىدىغان سـىـرلىق كـۈچ ـ

قۇدرەتنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان تۇراپ ئەيسا، بىرەر ھوقۇققا ئېرىشىشنى ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىدىنمۇ تۇتىيا بىلىدىغان بولدى.

خۇددى مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز، دېگەندەك ئۇ يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ كويىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنى ناھىيىلىك كومىتېت ئىشخانا مۇدىرلىقىغا ئۆستۈردى. بۇنى «ئۆستى» دېگەندىن كۆرە، «چۈشتى» دېگەن تۈزۈك ئىدى. كاتىپ ۋاقتىدا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت، مەيدان، زاۋۇت، كان - كارخانا، شىركەت ھەتتا چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭمۇ ئىشلىرىغا قول تىقالايتتى. ھازىرچۇ؟ ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى «مېھمانخانا»، «كادىرلار ئاشخانىسى»، «ناھىيىلىك كومىتېت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى» نى باشقۇرۇپ، «ئۇياققا ئۆت، بۇياققا كەل، نېمانداق كۆزۈڭ يوغان، بۇرنۇڭ پاناق» دېگەندەك باشقىلارغا قورقاق سېلىپ يۈرمەمدۇ! يېقىن - يورۇقلىرى ئۇنىڭغا: «بالداقمۇ بالداق ئۆسۈۋاتىسىلەر» دېسە ئۇ: «بۇنى ئۆسۈش دېمەيمىز، مەدىكارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى دەپ ئاتايمىز» دەيتتى.

«ئامەت» تۇراپ ئەيساغا ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە دۈمبىسىنى قىلىۋالغىنى يوق! بىر قېتىم ۋىلىلدە چىراي ئېچىپ كۈلگەنلىكى راست! ئۇ بولسىمۇ ناھىيىگە ھاكىم نامزاتىنى كۆرسىتىش سايلام يىغىنىدا قايسى شاپائەتچى تاشلىغانكىن - تاڭ... ئۇنىڭغا ئىككى بېلەت چۈشكەنىدى! شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تالاي يىللارنى تەمە بىلەن ئۆتكۈزدى. بىراق، ھاكىملىق ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. يۇقىرى رەھبەرلىك ھاكىمنى بەزىدە بوستاندىن ئەۋەتسە، بەزىدە باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن يۆتكەپ كېلەتتى. تۇراپ ئەيسا ئىچىدە: «ياندىكى توپاق ئۆي بولماپتۇ» دېگەن شۇدە. نەدىكى كەلگۈندىلەرنى ئەكەلمىسىمۇ، چىمەننى ئالىقىنىدا چۆرگىلەتكۈدەك بىرەر چىمەنلىك چىقمامتى؟ دەپ غوتۇلدايتتى.

شۇڭا، سىرتتىن بىرەر باشلىق كەلگەن ھامان، ئۇ ناھايىتى قىزغىن بولغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئىچى ـ ئىچىدىن ئۇغا قايناتتى. ئالدىنقى ھاكىم ئەمىرىدىن ئىسلام كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاراق بىلەن قىز ـ چوكانلارغا ئامراقلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئاقنىسانى بىر ـ ئىككى قېتىم ياتاق، ئىشخانىلىرىنى «تازىلاش» قا كىرگۈزدى. دەسلەپتە سەل قىزىققان ئەمىرىدىن ئىسلام بۇ «مال» نىڭ «ئورۇق ـ سېمىز» لىكىنى بىلمەكچى بولدىمۇ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ، مۇجۇقداپ باقتى. ئەمما ئىدارە ـ جەمئىيەت باشلىقلىرى چاقىرغان بىر ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپلا، تۇراپ ئەيساغا چېچىلىپ قالدى:

ـــ ھوي، چىمەندىن كۆتكۆچى چىقمىغاندەك «ئۇن تىيىن» دېگەن سەت لەقىمى بار چوكاننى يېنىمغا كىرگۈزدىڭىزما؟ ئۇ ياتاق ـ ئىشخانىلىرىمغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرسە، خەقلەر مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ مەن خىزمەت ئىشلەمدىم، ئىشلىمەمدىم؟

تۇراپ ئەيسانىڭ سىرتتىن كەلگەن كادىرلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ئوتى ئۇنداق ـ مۇنداق باشلىقلارنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قىلغان تەنبىھلىرىگە، جىملەشلىرىگە، نوقۇشلىرىغا ئۆچۈپ قالىدىغان ئوت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇيان ئويلا ـ بۇيان ئويلا ئاخىر ئاقنىسا ئارقىلىق ئۇنىڭ دوستلىرىنى ھەر تۈرلۈك ئولتۇرۇشلارغا جەلپ قىلىپ، ئەمىرىدىن ئىسلامنى چاقىرىشتى. ئەزەلدىن ھاراق، قىز ـ چوكانلارنى كۆرسە ئولتۇرالماي قالىدىغان بۇ ھاكىم باي سودىگەرلەر، ھەرخىل رېستوران، شىركەت خوجايىنلىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەت باشلىقلىرىنىڭ قاتارچاي، ئولتۇرۇشلىرىدىن قالمايدىغان بولدى. قىز ـ چوكانلارنى ئەپكېلىشتىن تارتىپ، ئولتۇرۇشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغىچە تۇراپ ئەيسا تېلېفون ئارقىلىق يولىيورۇق بېرەتتى.

قانچە چوڭقۇر كۆمۈلسىمۇ قار تاپنى يوشۇرۇپ قالالمىغاندەك

ئاقىۋەت ئەمىردىن ئىسلام ئىككى يىل ئىچىدە سىبىسىپ، بەتبۇي پۇرىقى چىمەننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تاراپ، پۇت دەسسەپ تۇرالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغاندىلا، يۇقىرى رەھبەرلىك ئۇنى ئېلىپ كەتتى. بارلىق ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان ئەمىردىن ئىسلام ئادەتتىكى بىر ئىدارىنىڭ ئىشىك باقىدىغان قاراۋۇلى بولۇپ قالدى. «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە»، «قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقار» دېگەن دۇردانىلەرنى قايسىبىر زاتى مۇبارەك دېگەن بولغىيتتىكىن، ئەجەبمۇ راست دەپتىكەن. ئەمىردىن ئىسلامنىڭ تامىقىدىن بۇرۇنقى شەھۋەت شالتاقلىرىنىڭ تەمى كەتمىگەچكە، يەنىلا ئوچۇق ئىشىكنى كۆرسىلا كىرىپ كېتىۋېرىدىغان لالما ئىتتەك كونا يولدا مېڭىۋەردى. بىر قانچە قېتىم كىملەردىندۇر قاتتىق تاياق يەپ، ساقچىخانىلاردا يېتىپ چىقتى. ئاخىر ئىدارىدىن قوغلىنىپ، جەمئىيەت داشقىلىغا ئايلاندى. لېكىن، تۇراپ ئەيسا ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئاق بالىخان بولۇپ قىرغاقتا چىقىپ ئولتۇردى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن گۇمانمۇ قىلمىدى. قوي ئۆز يۇڭىدىن قىلىنغان ئارغامچىدا ئېسىلغىنىدەك، ئەمىردىن ئىسلاممۇ ئۆزىنىڭ خۇي ـ پەيلى ئارقىنىدا دارغا تارتىلدى! لېكىن پەخرۇللا بىر پارچە گرانىت تاشنىڭ ئۆزىكەن! ئۇنىڭ ئاقىنىساغا قىلغان نەچچە قېتىملىق قاتتىق قوللۇقىدىن ئۇمىد قالمىغانىدى. شۇڭا، تۇراپ ئەيسا، ئاقىنىساغا: «بۇ ئادەمگە ھاياسىزلىق بىلەن يېپىشما، يۇرىكىنى ئىللىتقۇدەك سەممىمىي گەپلەرنى قىلىپ ئىندەككە كەلتۈر، ھەم ياخشى كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋال، قىسقىسى، پۈتۈن ھۈنەرلىرىڭنى ئىشقا سال» دەپ ئۆگىتەتتى. ئەمما يەتتە كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەك ئازابى، يالغۇزچىلىق، غېرىبلىق ئەسەر قىلغان تۈن كېچىلەر... ھارغىن تەنلەرنىڭ، ھارارەتلىك يۇمران تەنلەرگە تەلپۈنۈشى... تاقەتسىز سىغىنىشى... قاتتىق ئىچى پۇشۇش... تىن ئىبارەت چېقىلغان

چاقماق بۇ گرانىت تاشنى ۋاككىدە يېرىۋەتتى!... ئاقنىسادەك ياش، چىرايلىق، نازىنىن ھەم تەجرىبىلىك سېھىرگەر بۇ پارچىلانغان تاشنى مومدەك ئېرىتىۋەتتى!... ئەمدى بۇنىمۇ سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈش كېرەك. ئۇمۇ پات ئارىدا سېسىپ قايسى تۆشۈكتىن چىققان بولسا، شۇ تۆشۈككە كىرىپ كېتىدۇ. تۇراپ ئەيسانىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئۇياق - بۇياقتا سۆز - چۆچەك قىلىشى، يۇقىرىغا مەلۇمات سۇنۇشى ھاجەتسىز. سېسىغان تاپ ھامان پۇرايدۇ. تۇراپ ئەيسا بولسا تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق ياشاۋېرىدۇ. ئاخىر ھاكىملىق ئەمەل ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئاقنىسادەك ئاق بىلىقا «ئايلىق مۇكاپات»، «نەمۇنىچى»، «مائاش ئۆستۈرۈش» تەك يەمچۈكلەرنى كۆرسىتىپ قويۇپ، نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

تۇراپ ئەيسا تاماكا ئىسى قاپلاپ كەتكەن ھۇجرىسىدا ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# خەلق چاكىرىنىڭ كۆڭلى

ئايدىڭ كېچە، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئىچىدە سەيلانە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي ئورغىقى، گاھ نېپىز بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ كائىناتنى قاراڭغۇلۇق باسسا، گاھ چۈمپەردىسىنى قايرىۋەتكەن گۈزەلدەك لەپپىدە كۆرۈنۈپ، يەر ـ جاھاننى سىرلىق كۆكۈچ نۇرىدا بېزەيتتى. ئىمتاسلىقتا چۆمگەن يوللار، باغلار، ئورمانلار، ئۆي ـ ھويلىلار ئاي نۇرىدا رىۋايەتلەردىكى قورقۇنچلۇق تىلسىملارغا ئوخشاپ قالاتتى. ئۆگزىلەردىكى چوقچىيىپ تۇرغان مورا، كەپتەر پەغەزلىرى، بىرەر قاقشال دەرەخكىچە شۈنچىلىك روشەن كۆرۈنەتتى.

ناھىيىلىك كومىتېت بېغىنىڭ ئارقىسىدا بىر نەرسە كۆتۈرگەن قامەتلىك بىر گەۋدە ئىمىسقىلاپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى ئورۇندۇقنى تام تۈۋىگە قويدى. ئۇ ئەتراپىغا بىرقارىۋەتكەندىن كېيىن ئورۇندۇققا چىقىپ ئاستا تۈۋلىدى:

ـــ ئاقنىسا، ساقلاپ قالدىڭىزما؟ ئەكېلىڭ قولىڭىزنى، ھەبيەللى.

ئىككى گەۋدە تام ئۈستىدە قىسقىلا سۆيۈشكەندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ، باغ ئىچىدىكى خىش يېيىتىلغان چىغىر يوللار بىلەن كارىدورلۇق ئۆيگە كىردى ـ دە، قايتىدىنلا قۇچاقلىشىپ قانماي ـ قانماي سۆيۈشتى.

ـــ ھاكىم، ئىشىك ئوچۇق قالدى، مەن...

— بولدى، ئۆزۈم ئېتىۋېتەي.

پەخرۇللا ھاكىم ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، ئاقنىسانى دەس كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. ئاندىن ئۇلار چوڭ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئۇستەل چىرىغى يورۇقىدا كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى.

— يوتقاندا ئادەم تەرلەپ كېتىدىكەن، — دېدى پەخرۇللا ھاياجان تىترىكى بىلەن، — شۇڭا، يازلىق يىپ ئەديال سېلىپ قويدۇم.

— ئوبدان قىپسىز، جېنىم پالۋىنىم، تاتلىق ئامرىقىم، چوكا ناۋىتىم... — ئۇلار ئەديال ئىچىگە كىرىپلا تويماي - تويماي سۆيۈشۈپ كېتىشتى، — يائاللا تۆت كۈندىن بېرى ساراڭدەكلا بولۇپ قالدىم.

— بۇ... بۇ... تۆت كۈن، — پەخرۇللا ئاقنىسانىڭ لەۋ، يۈز، بويۇنلىرىغىچە سۆيمەكتە ئىدى، — ماڭا تۆت ئاي، ياق تۆت يىلدەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى!

— ئاھ خۇدايىم، — ئاقنىسا لېپىتكىنى بېشىدىن سۇغۇرۇپ تاشلىدى، — بۇ... بۇ...ئادەمنى نېمىشقا بالدۇرراق نېسىپ قىلمىغانسەن؟

— دۇنيادا... مۇنداقمۇ... مۇنداقمۇ... شېرىن... لەززە... تاتلىق....

— بىر يېرىم يىلدەك بولۇپ قالدى. سىزگە يول ئاتلىق جىن چاپلاشقىلى، ھەر قېتىم كەتسىڭىز ھەپتە - ئون كۈنلەپ يوقاپ كېتىسىز، قاچانمۇ تۈگەر ئۇ دەردىسەر يول.

— يول قۇرۇلۇشى ئەمدىلا باشلاندى، ئۇ يەردە مەن بولمىسام بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا، يەنە بارىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— يول قەيەرلەردىن ئېلىنسا قىسقىرايدۇ، بۇلار خەرىتىدە بەلگىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئېگىز دۆڭ، چوڭقۇرلۇق، ئورمان

دېگەندەك ئەمەلىي توسقۇنلارنى مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ.

— مەن... مەن... ۋايجان، ئاستا... تۆت كۈنگىچە ئوت ئىچىدە ياتتىم... يەنە كەتسىڭىز...

— سىز... سىزمۇ، بىرەر نەپەس ئېسىمدىن چىقمىدىڭىز... سىزنىڭ ئەركىلەپ سۆيۈشلىرىڭىز... قېيىداپ تۇرۇپ تولغىنىشلىرىڭىز... چوڭ كۆزلىرىڭىزنى ئېلىپ قېچىپ، بارماق ئارىلىقلىرىدىن قاراشلىرىڭىز، — شەھۋەتكە چىلىشىپ قالغان پەخرۇللا ھاسىرىماقتا ئىدى، — بەدەنلىرىمنى سىلاشلىرىڭىز... تۇرۇپلا كۆز ياشلىرىڭىز بىلەن كۈلۈشلىرىڭىز... ھەممە.... ھەممە شوخلۇقلىرىڭىز كۆز ئالدىمدا تۇرۇۋېلىپ، يۈرەكلىرىم سىلىپ كەتتى... زادىلا چىدىيالمىدىم!....

— «ئەگەر تۈيۈقسىز مېنى تاشلاپ كېتىپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن» دېگەن شۇم ئوي كېلىش بىلەن ئورنۇمدىن تۇرغانچە تامغا ئۇستۇم... — ئاقنىسانىڭ ھەرقېتىمقى «ھۈنەر» لىرى ئۆزگىچە ئىدى، — ئاھ جېنىم، مەن... مەن سىزدەك ئەرنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ئوقۇرمەنلىرىم، پەخرۇللا بىلەن ئاقنىسا ئەنە شۇنداق بىر - بىرىدىن ئايرىلالماس ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ كەتتى. گەرچە لى يۈگچى شۇجى يەتتە - سەككىز ئاي ئىلگىرىلا تۇراپ ئەيساغا: «بۇندىن كېيىن ئۇ چوكاننى ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزمەڭ...» دەپ چەكلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار كېچىلىرى ئىنسۇجىنغا تۈيدۇرماي ئۇچرىشاتتى، كۈندۈزلىرى بىر - بىرىنى تونۇماسقا سالسىمۇ، ئەمما ئوغرىلىقچە كۆز سالىمى قىلىشىپ، كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئىما - ئىشارىلەر بىلەن ئۇقتۇرۇشاتتى.

پەخرۇللا ئۇنىڭ بىلەن بىرىنەچچە قېتىم بىللە يېتىپلا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئاقنىسانىڭ «كۆڭۈل ئېلىش» تىكى ماھارىتى، پەخرۇللانىڭ كۆزىنى

ئېچىۋەتتى. ئۇ بۇ چاغقىچە ئەر - خوتۇنچىلىق ئىتاپلىرىدا خۇددى «ئەر ماشىنا» بولۇپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قاتتىق ئۆكۈندى! پاھ، ئەسلىدە بىر - بىرىنى چىن ئېتىقاد بىلەن سۆيۈشكەن ئەر - ئاياللار جەننەت ھۇزۇرىنى ئۆزلىرى پەيدا قىلىدىكەن ئەمەسمۇ! ئادەم ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ خۇلق... ھېسسىياتنى ئۆرلىتىدىغان شېرىن پىچىرلاشلار... تاتلىق كۈلۈپ كۆز بېقىشلار... (بولدىلا، ئاقىنسانىڭ ھۇنەرلىرىنى يېزىشتىن قەلەمنى ئازاد قىلايلى) قىسقىسى، پەخرۇللا ئەرنى خۇش قىلىش، كۆڭلىنى ئېلىش، چەكسىز لەززەت بېغىشلاش، ئەدناسى ئەر - ئايال جۈپتى ھەمراھلىقىغا تالىق نۇرغۇن - نۇرغۇن «ھۈنەر»لەرنىڭ مېغىزىنى چاقتى... ھەتتا ئۇ پەزلىيە بىلەن بولغان كونا - يېڭى خاتىرىلەرنىمۇ ئۇنۇتتى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان تۇرمۇش «ئەۋلاد قالدۇرۇش» يولىدىكى شەرتلىك رېفلېكس ئىكەن دەپ باھا بەردى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەلق كومىتېتىغا مائاش ئۆستۇرۇش ھەققىدە ھۆججەت چۈشتى. مېھمانخانا تەركىبىدىكى بارلىق كەسپىي بۆلۈملەردە، مائاش باھالاش شەرتلىرى ئاساسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇتۇق - كەمچىلىكلەر سۆزلىنىپ بارلىق خادىملار بىر قېتىمدىن تاسقالدى. لېكىن، ئاقىنسا باھالانمىدى. ئۇ ئىچىدە تۇراپ ئەيسانى تىللاپ، قارغاپ ئاخىرى يىغلىۋەتتى. لەنىتى تاقىر باش، شۇم نىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋاستە تاللىماي ھەممىنى قىلدۇرىدۇ. تېخى تايىنى قىستاپ قالسا خالتىلىشىپ كەتكەن خۇرجۇنلىرىنى سۇۋاپ جان قىينايدۇ. ئەسقاتىدىغان چاغدا مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋالىدۇ. خەپ توخۇ پوقى شوۋىچى، سەن بىلەن تۇتۇشمىسام...

شۇ كۈنى كەچتە ئاقىنسا تۇراپ ئەيسانىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى - دە، دەيدىغاننى دەپ ئىچ - قارنىنى بىر يولىلا

بوشىتىۋالدى. ئۇنىڭ قاتتىق ـ يىرىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ قورسىقى كۆپكەن تۇراپ ئەيسا:

ــ بۇ ماڭا مىننەت قىلغىنىڭما، پەخرۇللا بىلەن ئويناپ زىيان تارتمىغانسەن، تاغاڭنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ 3 يىل تۈرمىدە ياتقان ئوغلىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىڭ. مەن ساڭا يامان قىلمىغاندىمەن، ــ دەپ ۋارقىراپلا كەتتى.

ــ مەنمۇ سىلىنىڭ سىزغان سىزىقلىرىدىن چىقماي نېمىنى قىل دېسىلە شۇنى قىلىۋاتقاندىن كېيىن، سىلىمۇ ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا، ئۆلمەيلا.

ــ ھەي ئاقىنسا، ــ تۇراپ ئەيسا تاپسىغا شالاقىقىدە تۈكۈردى، ــ مائاش ئۆستۈرۈش، دەپ داۋرىڭى يوغان بولغىنى بىلەن ئۆسكىنى ناھايىتى ئايدا ئالتە سوم يىگىرمە تىيىنغۇ. بۇنىڭغا نېمانچىۋالا قىلىپ كەتكۈلۈك، پەخرۇللا بىلەن بىللە بولغىنىڭدا تاتلىققىنا بىر ئەركىلەپ بەرسەڭ ئۇنىڭغا بىر ـ ئىككى مىڭ سوم دېگەن نېمىتى. بىر نەچچە يىللىق ئۆستى مائاشىڭ چىقمامدۇ. كارخانا، شىركەت، رېستوران، مېھمانخانا، زاۋۇت خوجايىنلىرى خۇشامەت قىلىپ سۇڭگۇتۇۋاتقان پۇللىرى ئازما!

ئاقىنسا چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئۇنى غەلىتىلا بىر ئوي بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن تۇراپ ئەيسا «ھەيدىۋېتىمەن»، «كۆتۈڭگە تېپىمەن» دېگەندەك قوقاقلارنى سالالمايدۇ. يولۋاسنىڭ سايىسىدا ياشاۋاتقان قارا قولاق ئۆز غوجىكىسىغا قانداقمۇ پەنجە ئۇرالىسۇن! تۇراپ ئەلۋەتتە پەخرۇللادىن تەپ تارتىدۇ. ئاقىنسا ئۇ تاقىر تازنىڭ نەچچە يىللار تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان خىزمىتىنى قىلدى. كۆڭلىنى ئالدى... يەتكىنى نېمە بولدى؟ بىر نەچچە ئايدا بېرىدىغان يىگىرمە، ئوتتۇز سوم مۇكاپاتى، يەنە تېخى «نەمۇنىچى» دېگەن قۇرۇق سوسكىدىن باشقا ئۇنىڭ نېمە خوۋلۇقىنى كۆردى. بىراق،

پەخرۇللانىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ بىرەر يىل بولا ـ بولمايلا تاغىسىنىڭ ئوغلىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ئاقىنىسا ھاكىمنىڭ سايىسىدا تاغىسىدىن بەشيۈز سوم شىرىنكانە ئالدى. تېخى ئۆتكەندە كېسەلچان ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى دېۋىدى، پەخرۇللا ئۇنىڭغا «ئاز بولسىمۇ يېنىمدا بارى شۇكەن» دەپ بىرمىڭ ئىككى يۈز سوم پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى. مانا ھازىر كىچىك ئانىسى قىزىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. تېخى ئۆزىنىڭ مىيىپ ئاكىسىمۇ ھاكىمنىڭ ھىممىتىنى ساقلاۋاتىدۇ. ئۇلارنى ھاكىمنىڭ ساخاۋەتلىك قوللىرى ئارقىلىق بىرەر ئورۇنغا تىقىمىسا بولامدۇ! لېكىن مۇشۇنداق ساخاۋەت ۋە شاپائەتلەرنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇۋاتقان، بولدۇقلاپ زەمزەم چىقىۋاتقان بۇلاقنىڭ كۆزىگە لاي تاشلاۋاتقان ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكىنىدە، بىردىنلا ئەنسىرەپ قالدى. ئاقىنىسا يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئاخبارات» ئارقىلىق پەخرۇللانى بۇ يەردىن ھەيدىۋەتسە مىڭ يىلدا بىر قېتىم قولىغا قونغان ھۇمايۇن قۇشى ئۇچۇپ كەتمەمدۇ! يا... ياق بۇنىڭدىن كېيىن ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ ئىش تۇتمىسا، سۇپۇرگە زىيانكەش بولۇپ قالغۇدەك!

يولى كەلگەندە ئاقىنىسانىڭمۇ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقايلى. ئۇ ئەسلىدە تۇراپ ئەيسانىڭ چىرىتكۈچ چىۋىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قونغان نېمەتلەرنىڭ قۇرتلاپ، چىرىپ ئاخىر بىر دۆۋە ئوغۇتقا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى راست، ئەمىرىدىن ئىسلام، پەخرۇللا مۇزەپپەرلەر پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى كادىرلىرى ئىدى. ئۇلارغا نېمە بولدى؟ بىراق ئاقىنىسا كېيىنكى كۈنلەردە پەخرۇللانىڭ پوستىغا كىرگەن چىرىتكۈچ قۇرت بولۇشنى خالىمىدى. تۇراپ ئەيساغا ھاكىمنى قەستلەيدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشتىن قول ئۈزدى. چۈنكى پەخرۇللا ئۆزىدىن خېلى بەك چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاكىملىق يۇقىرى مائاشى،

ھاكىملىق ھوقۇقى، بانكىدىكى پۇللىرىدىن ئىبارەت ئىمتىيازلار ئاقىنسانىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغان، لېكىن يېتەلمەيدىغان تىلسىمدەك شان ـ شۆھرەت خەزىنىلىرىگە ئاپىرىدىغان كۆۋرۈك ئىدى! شۇڭا، ئۇ پەخرۇللانىڭ پېشىنى چىڭ تۇتقۇسى كەلدى.

تېخى ئۇ ھازىر كۈچىدىن قالمىدى، ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئاياشلىرى، سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىلىرى، لېكىن ئەرلىك غۇرۇرى، كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلىقى، بەللىرنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك قاۋۇل قوللىرى، ئاچ كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەرلىك ھىدى، ئايالىق يۇمران تەنلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ قاتتىق قۇچاقلاشلىرى... ئاقىنسادەك كۆزى ئاچ چوكاننى قايىل قىلىپ قويغانىدى... شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىدىن بىرەر دەقىقىمۇ ئايرىلىشنى خالىمايتتى. ئاقىنسا ھازىر تۇراپ ئەيساغا ئۇشۇقچە گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ بۇ قېرى تۈلكە ئاقىنساغا ھەرخىل بېسىم، قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش ئارقىلىق يەنىلا بەزى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى.

ــ كىچىك ئوغلىڭىز ئەلىيار مېنى كۆرسىلا ئالىيىپ يۈرىدۇ، ــ دېدى ئاقىنسا پەخرۇللانىڭ مەيدىسىنى ئاپئاق لۆڭگىدە سۈرتۈۋېتىپ، ــ كوچىلاردا ئىككىمىز توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەيمەن.

ــ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ھېچكىم بىلمىسە ياكى كۆرمىسە، بىكاردىن ـ بىكار گەپ تارقىلامدۇ؟ سەككىز ـ توققۇز ئايدىن بېرى، ئادەم بار يەردە گەپلەشمىسەك، مېھمان كۈتۈش ياكى كادىرلار ئاشخانىسىغا كىرگەندىمۇ تونۇماس ـ بىلمەس بولۇۋالدۇق. ھەتتا تۆشۈك ئالدىدا ئۈچرەت تۇرغاندىمۇ قاراشمىغان تۇرساق.

ــ ئەليار ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندىلا چىمەنگە ئەكەلگۈلۈك ئەمەستى، ــ ئاقىنسا پەخرۇللانىڭ سۆزلىرىدىن دەرھاللا ئۆزىنى

قاچۇردى، ــــ ئۇ كادىرلار ئاشخانىسىغا تاماقفا كەلـدىيۇ، ماڭا يەۋەتكۇدەك ئالىيىپ قارايدۇ.

ــــ ئەليار ئۇزى دادامنىڭ قېشىدا ئىشلەيمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ماڭا نېمە ئامال! بولدى قىلىڭ ئاقىنسا ئاپىئاق، ئوشۇقچە خىياللارنى قىلماڭ، بولامدۇ؟

ــــ ماقۇل، ھە راست، ــــ ئاقىنسا ئەدىيالنى قايرىپ سۇتتەك ئاق، دۇپدۇگىلەك چىڭ كۆكسىلىرىنى يېرىم ئېچىپ قويدى، ــــ ئۆتكەندە يىغىنغا مېڭىش ئالدىدا «پەرلىيەنى بوستانغا يۆتكەيمەن» دېگەنىدىڭىز، قانداق بولدى؟

ــــ بۇ چاغقىچە بوستان ئارخىپ ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ بولدى.

ــــ ئەگەر خوتۇنىڭىز چىمەنگە يۆتكىلىپ كەلگۇدەك بولسا، ــــ ئاقىنسا پەخرۇللانى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆزلىرىگە قارىدى، ــــ مېنى... مېنى ئۇنتۇپ كېتەرسىزمۇ؟

پەخرۇللا بۇ سوئالنى ئۆزىگە نەچچە قېتىم قويۇپ باققان ئىدى. ئۇ خىزمەت بىلەن يىراق يېزا، مەيدان، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا يۈرگەنلىرىدە، ئاقىنسا زادىلا كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇ بىرەر ھەپتىلىك خىزمەت پىلانى تۈزۈپ يولغا چىقسىمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈنگە ئارانلا چىدىيالايتتى. چۈنكى، ئاقىنسانىڭ ھەربىر قىلىق ـ خۇيلىرى، خۇلق ـ نازلىرى، چىرايلىق سىن ـ سىپاتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، سېغىنىش، پىراق ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ: ئەگەر ئاقىنسا ئايرىلسام، دەپ قالسا تەس كۈنگە قالغۇدەكمەن... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشكە، يۈرىكىگە غاسسىدە پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىپ كېتەتتى. مانا ئەمدى بۇ سوئالنى ئاقىنسا ئۆزى سوراۋاتىدۇ. نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەن پەخرۇللا، يالىڭاچ بەدەن ئاقىنسانى باغرىغا باسقىنىچە، قارىقويۇق سۆيۈپلا كەتتى. «مەن سىزگە پايلىمايمەن...

چىدىمايمەن... ھەرگىز چىدىمايمەن...» دېگەن سۆزنى يېنىش ـ يېنىشلاپ تەكرارلىغىنىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇنىڭ ئىشتىياق بىلەن سۆيۈشلىرىدىن، كۈچلۈك بىلەكلەرنىڭ قاتتىق قۇچاقلاشلىرىدىن، «ھەرگىز چىدىمايمەن» دېگەن تاتلىق سۆزلىرىدىن بولۇپمۇ ئەرلىك ۋۇجۇدىدىن تارقىلىۋاتقان كۈچ ۋە ھارارەتتىن، باشقىدىنلا تەرەددۇتلەنگەن ئاقنىسامۇ پەخرۇللاغا يىلاندەك چىرماشتى ـ دە، ئىككىسى ھاسىراشقىنىچە بىر تەن، بىر جان بولۇپ كېتىشتى... ئەگەر ئۈستەلدىكى سائەت چىرقىراپ سىگنال بەرمىگەن بولسا، ئۇلار قاچانغىچە ئىشرەت شالتىقىغا پېتىپ ياتىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

— ئاقنىسا، سائەت تۆت بوپتۇ، تۇرامدۇق؟

— ۋاي ـ ۋۇي، بىردەم ياتايلىچۇ، — ئوڭدىسىغا پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان ئاقنىسا دېرىزىگە قارىدى، — تېخى قاراڭغۇ تۇرمامدۇ. ھە، راست، كىچىك ئانامنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن قىزى بارئىدى، شۇنى...

— ئۇمۇ تۇرمىدە يېتىپ چىققان قىز ئەمەستۇ؟ لى شۈجى نەدىن ئاڭلىغان ماڭا كايىپ كەتتى.

— تاغامنىڭ ئوغلى ياخشى بالىتى، لېكىن ئەترەت باشلىقى قېرىشىپ قېلىپ...

— ئوغرىلىق قىلسا ياخشى بالا بولامدا؟ بولدى كىچىك ئانىڭىزنىڭ قىزى ساقلاپ تۇرسۇن. ئىدارە، جەمئىيەت، كارخانا، شىركەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بىرەر ھاجەت بىلەن كېلىپ قالسا، شۇ چاغدا ئېيتىپ قىلاي، ئەمما ھېلىقى مېيىپ ئاكىڭىزنىڭ ئىشى ھەل بولدى. ئەتىلەتىن ئىشقا چۈشىدۇ.

— راستما، — ئاقنىسا بېشىنى كۆتۈرۈپ پەخرۇللانىڭ مەڭزىگە سۆيدى، — سىزدەك شاپائەتچىم تۇرغۇچىدا مەن ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمەن.

— ئەمدى تۇرۇڭ، تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق، ئەڭ ئەپلىك

چاغ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپلا كەتسە جاھان يورۇپ كېتىدۇ، — پەخرۇللا ئاقنىسانى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، — قېنى تۇرۇڭ.

— ۋاي خۇدايىم، — يالىڭاچ ئاقنىسا ئەسنىگەچ كېرىلدى، — قاچانمۇ ئەر - خوتۇندەك بەخىرامان، راھەتلىنىپ ياتقىلى بولار.

— ئۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىپقالار، — پەخرۇللا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئەكېلىپ بەردى، — تېزرەك كىيىڭ.

— لىپتىكىمنىڭ ئارقىسىنى ئېتىپ قويۇڭا.

ئاقنىسانىڭ كىيىنىشىگە ياردەملەشكەن پەخرۇللا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى ئېلىۋالدى. ئۇلار كارىدورغا چىققانىدا، ئايرىلىشقا قىيالماي يەنە سۆيۈشتى. زېھنىياتلىق كىتابخانىنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، پەخرۇللانىڭ ئۆيى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېغىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش زالىغا يانداپ سېلىنغان كىچىك قورۇ ئىدى. بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن باغ ئىچىدىن خىش يېيىتىلغان چىغىر يوللار بىلەن مېڭىلىك قاتارلارنى، توپ - توپ خىش گۈللۈكلەرنى ئايلىنىپ كەلگىلى بولاتتى. شۇڭا پەخرۇللانىڭ كىچىك قورۇسىنىڭ ئارقىسىدىلا باغنىڭ پاسىل تېمى بولۇپ، ئۇ تەرەپ كۆچەتلىك ئورمان ئىدى. پەخرۇللا ئاقنىسانى باشلاپ، تامنىڭ داۋاملىق چىقىپ - چۈشىدىغان ئەپلىك يېرىگە كەلدى - دە، ئورۇندۇقنى قويدى. ئاقنىسا ئورۇندۇققا چىقىشى بىلەن پەخرۇللا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— بىر پۈتىڭىزدا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە دەسسەڭ... ھەببەللى، بەك چاققان جۇمۇڭ سىز.

ئاقنىسا تام ئۈستىدە ئولتۇرۇشى، پەخرۇللا ئورۇندۇققا چىقىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار بۇ يەردىمۇ بىر - بىرىنىڭ يۈزلىرىنى قاماللاپ تۇرۇپ سۆيۈشتى.

— يول ئىشى توغرۇلۇق قۇملۇققا قاچان ماڭىسىز؟

— قېنى بۇگۈن تاڭ ئاتسۇن، لى شۇجى بىلەن

مەسلىھەتلىشىپ ماڭىمىز.

— قاچان قايتىپ كېلەلەيسىز؟

— تۆت - بەش كۈن ھايال بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

— ۋاي - ۋۇي، ئادەمنى تەقەززا قىلىپ، چاپسانراق يېنىپ كېلىڭ.

— بۇ قېتىم ئوتتۇرا تارىم قۇملۇقىغا كىرىمىز، ئىلاج بار تېزراق قايتىپ كېلەرمەن، ئەكېلىڭ قولىڭىزنى.

پەخرۇللا ئاقنىسانى پەسكە چۈشۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى بىر ھازا قويۇپ بەرمىدى.

— ئاقنىسا تام تۈۋىدىكى ئىزلىرىڭىزنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

— ھەر قېتىمدا شۇنداق دەيسىز، خۇددى مەن ئۇنتۇپ قالىدىغاندەك. قاراڭ، مەيەرگە قويۇپ قويغان شېخىممۇ بار.

ئاقنىسا شاخ بىلەن ئىزىنى ئۆچۈرگەچ، ئارقىچە مېڭىپ ئوتلاق يولغا چىقىۋالدى. ئاندىن تام ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان پەخرۇللاغا قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇزاپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا پەخرۇللا ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ، بۇك باراقسان قاراڭغۇ باغقا زەن سالدى. گۈللۈكلەر ئارا چېكەتكىنىڭ ئاچچىق چىرىلدىشىدىن، يېقىنلا بىر يەردە يىلتىز غاجاۋاتقان كىرپىنىڭ كىتىرلىشىدىن، يەنە نەلەردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان توخۇلارنىڭ چىللىشىدىن باشقا ھېچ سادا يوق ئىدى. تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقى تولىمۇ سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. پەخرۇللا تام تۈۋىگە يېيىستىلغان سېمونتتا غادىيىپ تۇرغان ئورۇندۇقنى ئېلىپ، قورۇسىغا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ شاپۇر - شۇپۇرلا مۇنچىغا چۈشۈۋالدى. ئاندىن قىزىققىنە چاي دەملەپ ئىچتى. ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ھۇزۇرلىنىپ چەككەندىن كېيىن، كارىۋات يۆلەنچۈكىگە ئىككى ياستۇقنى قويۇپ يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، يېنىغا كۈلدانىنى

ئەكېلىۋېلىپ، تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى. ھازىر ئۇ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى، پىكىر جەۋھەرلىرىنى ياسىلىشقا باشلىغان يولغا مەركەزلەشتۈردى. بۇ يولنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، پەخىرۇللا ئۈچۈن خۇددى مارافونچە مۇسابىقىگە قاتناشقاندەك ئۇزۇن بىر جەرياننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ!

... چىمەن بەكمۇ چەت ناھىيە بولۇپ، ۋىلايەتكىلا مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە ئىدى. شۇڭا خەلق ساتىدىغان نەرسىلىرىنى ئاپىرىپ ساتالمايتتى. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ماللارمۇ ئەسلىي باھاسىدىن قىممەت توختايتتى. بولۇپمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، يولنىڭ يىراقلىقى چىمەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. پەخىرۇللا ھەر قېتىم خىزمەت بىلەن بوستانغا ماڭغان، قايتقان چاغلىرىدا، مۇشۇ چەكسىز يولغا قاراپ ئېغىر خورسىناتتى:

«مەنغۇ كىچىك ماشىنىلاردا ئولتۇرۇپ يول جاپاسىنى ئانچە تارتمايمەن. ئاپتوبۇستا قاتنايدىغان يولۇچىلار، يۈك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى چىمەنگە بارغۇچە، دېمى كېسىلىپ، جانلىرى سىرقىراپ كېتەر. خەلقنىڭ ئارزۇسى، چىمەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يولنى قىسقارتىشنىڭ چارىسى چىقماسمۇ؟!» مانا بۇ پەخىرۇللانىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، بۈيۈك ئارزۇ - ئارمىنى ئىدى!

كونىلار: «نىيىتىڭ دۇرۇس بولسا، يولۇڭ راۋان بولۇر» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، پەخىرۇللا بۇلتۇر ئەتىيازدا ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بېرىپ قايتىشىدا، بىر بۇرادىرىنى ئىزدەپ قاتناش نازارىتىگە باردى. ئۇ بۇرادىرىنىڭ ئۆيىدە تامغا ئېسىلغان رامكىلىق شىنجاڭنىڭ قاتناش خەرىتىسىنى كۆرۈپ قالدى. خەرىتىدىكى ئىمىر - چىمىر نۇقتىلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كۆردى. ئۆزىگە تونۇش ياكى چۈشىنەلمىگەن سىزىق، شەرتلىك بەلگىلەرنى بۇرادىرىدىن سورىدى. بىردىنلا

ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈلۈپ چىقتى. پەخرۇللا خەرىتىنى سورىغانىدى، بۇرادىرىمۇ كۆلۈپ كېتىپ، «بولدى ئەپكەت» دېدى. ئۇ ئوتتۇرا تارىمدىن يول ئېلىش پىلانىنى يېزىپ چىقىپ، پارتكوم يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر: «نەچچە يۈز مىليونلاپ مەبلەغنى كىم بېرىدۇ؟» دېسە، يەنە بەزىلەر: «بۇ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئىشى!» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ھەتتا خېلىلا پېشقەدەم بىر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى: «بۇ بىر بالىلارچە خىيال، توپتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان 40 نەچچە كىلومېتىر تاشيولنى ياساشقا قانچىلىك ھاشار، قانچىلىك مەبلەغ، قانچىلىك ماشىنا، تراكتور كەتتى. يول پۈتۈپ بولغىچە بۇرنىمىزنىڭ يىلىكى توختىمىدى... ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق، جاڭگاللىق، چاتقاللىقلىرىدىن مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يول ئېلىش بۇ... بۇ ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرگەنلىك...» دېيىشى، يىغىندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. قىسقىسى، رەھبەرلەر بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە تازا ئىشىنەلمىدى. لېكىن لى يۈڭچى شۇجى پەخرۇللانى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ:

— سىز يولداشلاردىن ئاغرىنماڭ، چۈنكى ياسىلىدىغان يول مۇساپىسى بەك ئۇزۇن، يەنە ئادەمنى چۆچۈتكىدەك مەبلەغ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بۇنى ئوختاسىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. سىز بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟ — دېدى.

— ئەگەر ھەل بولىدىغانلا ئىش بولسا، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ماڭىمەن.

— ئەمىسە مېنىڭ پىكرىم، پىلانىڭىزنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى فاڭ جىڭچىڭغا كۆرسىتىپ بېقىڭ، — لى يۈڭچى پەخرۇللانىڭ دولىسىغا ئۇردى، — ئاڭلىسام ئۇ چىمەنگە شۇجى بولغاندا، يول ھەققىدە كۆپ سورۇنلاردا سۆزلەپتىكەن.

پەخروللا شۇ كۈنى كېچىدىلا شوپۇر ئازاد تۇرسۇن بىلەن يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىڭچىڭنىڭ ھوزۇرىدا ھازىر بولدى. ئۇ بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى بىر ھازا چۈشەندۈردى.

— قاراڭ، — دېدى پەخروللا خەرىتىنى يېيىپ، — چىمەن، بۇيا ناھىيىلىرى بىلەن ئوتتۇرا تارىمنى تۇتاشتۇرۇپ كۆرسەك، تەڭ يانلىق ئۈچ بۇلۇڭغا ئوخشايدۇ. چىمەن بولسا ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئاساسى، تەڭ يانلىق ئۈچ بۇلۇڭدا ئاساس ھەرقانداق بىر يېنىدىن قىسقا بولىدۇ. مۇبادا ئوتتۇرا تارىم ئارقىلىق چىمەنگە يول ئالساق 380 كىلومېتىر قىسقىرايدىكەن.

— يارايسىز جۇمۇڭ. مەنمۇ يول ھەققىدە خېلى ئويلانغان. لېكىن سىزدەك مۇنداق مۇكەممەل تەسەۋۋۇرنى ئويلاپ چىقالمىغانىدىم، — فاڭ شۇجىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ پەخروللانىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلىدى، — ماتېماتىكىدىنمۇ خەۋىرىڭىز باركەن. سىلەر ئۇيغۇرلاردا يول ياسىغان، كۆۋرۈك سالغان جەننەتكە كىرىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ھېلىتىن جەننەتكە كىرىشنىڭ كويىدا بولۇۋېتىپسىز دە.

ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— يەنە بىر مۇھىم ئىش، — دېدى فاڭ شۇجى ئويلانغان ھالدا، — مەبلەغ مەسىلىچۇ؟ بۇتەرەپلىرىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

— يۇقىرىدىن مەبلەغ ھەل قىلىشقا مانا مەن ماڭاي، — پەخروللانىڭ تەلەپپۇزى جىددىي ئىدى، — قانچىلىك ھەل بولسا، شۇنچىلىك ھەل قىلايلى، ئاسفالت يول ياسىيالمىساق تاشيول ياسايلى.

پەخروللانىڭ چەكسىز ئۈمىد، كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئېيتقان سۆزى فاڭ شۇجىنىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

— بولدى، ياسىساق ياسايلى.

يول ياساش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر بەش بەنزە يىغىنىدا بىردەك

ماقۇللانغاندىن كېيىن دەرھال ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىغا بىر تور سۇپىتىدە دوكلات يوللاندى. ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى بۇ دوكلاتنى قىزغىن قوللاپ، تېزلا ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىغا يوللىغۇدەتتى. خۇددى يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمىغاندەك، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۇچرايدىغان ھەرخىل دوقاللار، رىيازەتلەر، تولىمۇ نامۇ يىدىن بەدەللەرنى ئالدىنىۋالىشىنى ئۇيلىنىشىپ قويغان پەخرۇللا ناھىيىدىن بىرقانچە ئادەمنى ئېلىپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنى مەخسۇس مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئىزدەپ باردى. رەھبەرلەر بۇ دوكلاتنى ئىنتايىن مۇھىم تورلەر قاتارىدا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىگە بۇ يولنى رەسمىي ياساش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، قاتناش نازارىتىدىن كەسپىي خادىملار ئاجرىتىلىپ، يولنى ئۆلچەش ئىشى باشلاندى. يول تەكشۈرۈش ئىشى بىرنەچچە ئايدا ئاياغلىشىپ يولغا كېتىدىغان تەخمىنىي مەبلەغ 100 مىليون يۈەن دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. پەخرۇللا يول ئۆلچەش باشلانغاندىن تارتىپ ئۇرۇمچىگە بارىدىغان مۇكىمەل قاتناپ جۇلۇقى چىقىپ كەتتى. بەزى باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۈمىد چېچەكلىرى ئېچىلىپ چىقسا، بەزىلىرىنىڭكىدىن ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ چىقاتتى. تېخى بەزىلىرى قورۇق سوسكا بىلەن يولغا سالاتتى. ئاخىر ئۇ:

— بىيجىڭغا بېرىپ مىنىستىر ئەنەيتۇللا ئەھمەدكە قىسىنچىلىقىمىزنى دوكلات قىلساق قانداق بولار؟ — دېگەن خىيالغا كېلىپ، بېيجىڭدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان فاڭ جىژىچىڭغا تېلېفون قىلدى. فاڭ شۇجى: «ناھايىتى توغرا ئويلاپسىز، دەرھال كېلىڭ» دەپ جاۋاب بەردى.

پەخرۇللا ھاكىم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئېلىپ بارغان

مەزگىلدە، بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. پەخرۇللانىڭ بېيجىڭنىڭ كوچىلىرىدىن، باغچىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشىغا ھەپىسىلىسى يوق ئىدى. ئۇ فاڭ شۇجى قاتارلىقلار بىلەن ئەنەيتۇللا ئەھەدنى ئىزدەپ بارغاندا، بۇ ھۆرمەتلىك دۆلەت رەھبىرى ئۇلارنى خۇش مۇئامىلىدە كۈتۈۋالدى.

— ناھايىتى گۈزەل ھەم ئۇلۇغ پىلان تۈزۈپسىلەر، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەن چىمەنگە بارغان. چىمەن خەلقى مېھماندوست، ئۆزىمۇ چىرايلىق، مېھرى ئىسسىق يۇرت! ئەينى يىللاردا مەنمۇ بۇ يەرگە يول ياساشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانىدىم. سىلەر پىلانىڭلار بويىچە ئىشىڭلارنى باشلاپ كېتىڭلار. مەن سىلەرگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىمەن.

ئەنەيتۇللا ئەھەد مىنىستىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ پەخرۇللانىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. مانا ئەمدى يولنى ياساش ئىستىكى ھەممەيلەننىڭ ئورتاق نىشانىغا ئايلانغانىدى. پەخرۇللا بىلەن فاڭ شۇجى بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لىمىڭنى ئىزدەپ، ئۇ تۇرۇۋاتقان مېھمانسارايغا باردى. ۋاڭ لىمىڭ شۇجى دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. پەخرۇللا خەرىتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا يېيىپ، ئىلمىي ئاساسلار بىلەن بۇ يولنى ياساشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلىگەندە، ئۇ قايىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يولنى ياسىمىساق زادى بولمايدىكەن، — دېدى ۋاڭ لىمىڭ شۇجى جىددىي تەلەپپۇزدا، — بۇ سىلەرنىڭلا مەجبۇرىيىتىڭلار بولۇپ قالماي، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭمۇ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ بىرى. مەن ھازىرلا تەستىق سالاي، بۇ يولنى كۆپ تەرەپ مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى بىلەن پۈتكۈزەيلى.

فاڭ جژچىڭ شۇجى بىلەن پەخرۇللا مېھمانسارايدىن چىقىپلا قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— يارايسىز، پەخرۇللا ھاكىم، سىز چىمەن خەلقى ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدە قالدۇرىدىغان بولدىڭىز.

— فاڭ شۇجى، سىزنىڭ بېيجىڭدا بولغىنىڭىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن زور ئامەت بولدى.

شۇنداق قىلىپ يول ياساش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. پەخرۇللا يول ئېلىنىۋاتقان پەللىگە پات ـ پاتلا كېلىپ، يول خادىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ياسىلىۋاتقان يول قۇرۇلۇشى، توسالغۇلار، كەلكۈننىڭ يۆنىلىشى، كۆۋرۈك سېلىشقا ۋە سېمونت نور قۇيۇشقا تېگىشلىك ئورۇنلار ھەققىدە يىغىن ئېچىپ، سۆھبەت مەسلىھەتلەر قىلىشاتتى. قىسقىسى، ئۇ بۇ يول ئۈچۈن بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، كۆپ ھەرەجلەرنى تارتقانلىقى ئۈچۈنمىكىن قۇرۇلۇش مەيداندىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭغا يۈز مىڭلىغان چىمەن خەلقى «يول قېنى؟» دەپ سوراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ قېتىم ئوتتۇرا تارىمغا بېرىپ، توپا تۇرتۇش ماشىنىلىرىنىڭ بىردەك ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نەق مەيداندىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەي تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى. ئاقنىسانىڭ «تۆت كۈندىن بېرى ساراڭدەكلا بولۇپ قالدىم...»، «تۆت كۈنگىچە ئوت ئىچىدە ياتتىم...» دېگەنلىرى ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئىدى.

... تاڭ ئېتىپ، ئەتراپ ئايدىڭ يورۇپ كەتتى. پەخرۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە پەردىلىرىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ مۇنچىخانىدىكى ئابدەستىدە يۈزىنى يۇغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك كومىتېت كادىرلار ئاشخانىسىغا كىرىپ، يېرىم زاغرا بىلەن بىر ئىستاكان سۈت ئالدى. ئاشخانىدا ئەتىگەنلىك تاماق بەك ئاددىي بولۇپ، ھورنان، زاغرا، ئاق نان، سۈت، ئۇماچ، شوۋگۇرۈچ، تۇزلۇق سەي دېگەندەك پۈلى ئەرزان، يېنىك تاماقلار سېتىلاتتى.

كادىرلارمۇ ئەتىگەنلىك تامىقىنى ئاددىيلا يەپ، ئىشقا چۈشۈپ كېتەتتى. پەخرۇللا ئىشىك تەرەپكە قاراپ، تامىقىنى ئالدىرىماي يېدى. ھەر ئەتىگەنلىكى ئاقنىسا قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىرىپ كېلەتتى. ئۇلار كۆز بېقىشىپ، سۆس تەبەسسۇم قىلىشىپ كۆيۈۋاتقان ئوتلارنى باساتتى. ئاشۇ ئۇسۇلدا كۆرۈشۈۋېلىپ ئارام تاپاتتى. ئەگەر ھەر ئىككىسى ئىشقا چۈشۈپ كەتسە، كەچكىچە كۆرۈشمەيتتى. پەخرۇللا زاغرىسىنى بىرچىشلەپ، سۈتتىن ئازغىنە ئوتلاپ، ئىشىك تەرەپتىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئۇ كۆڭلىدە: تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىغاچقا، ئۇخلاپ قالدىمۇ ـ يە، دەپ تۇرۇشى، لى يۈگچى شۈجى قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ پەخرۇللاغا قاراپ باش لىشتىپ قويغاندىن كېيىن، بىر ھورنان، يېرىم قاچا شوۋىگۇرۇچ، ئىككى قوشۇقتەك تۇزلۇق سەي كۆتۈرۈپ كېلىپ، پەخرۇللاغا روبىرو ئولتۇردى.

ــ قورسىقىڭىز بەك ئاچقان ئوخشىمامدۇ؟ ئاشخانىغا ئەتىگەنلا كىرىۋاپسىز.

ــ يول ياسىلىۋاتقان ئوتتۇرا تارىمغا بارماقچى ئەمەسمىدۇق، ــ دېدى پەخرۇللا سۈتتىن بىر ئوتلاپ، ــ شۇڭا، تاماقتىن كېيىن سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا كىرمەكچى ئىدىم.

ــ ئەمدى بارالمايدىغان بولدۇق. بۇ يىل كەلكۈن بالدۇر كېلەمدۇ نېمە؟ «تەتۈرقاش» سۇ بېشىدىن تېلېفون كەلدى. «تەتۈر قاش» يەنە يار ئېلىپ كېتىپ، ئەتراپتىكى زىرائەتلەر لاي تېگىدە قالغان ئوخشايدۇ.

ــ يەنە يار ئېلىپ كېتىپتۇما؟

ــ شۇنداق، ھەر يىلى يار ئېلىپ خەلقنىمۇ، دۆلەتنىمۇ زور زىيانغا ئۇچرىتىۋەتتى. بۇنىڭغا بىرەر ئامال قىلساق بولاتتى.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، تەتۈر قاشنى ئۆزگەرتىپ ياساش لايىھىسىنى ئاللىبۇرۇنلا تۈزۈپ قويدۇم.

ــ نېمە دەيدىغانسىزۇي، قانداقلارچە بۇ ئىش ئېسىڭىزگە

كېلىپ قالدى؟

— بۇ يىل ئىككىمىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغانلىقى ئېنىقلىنغۇ.

— لايىھىڭىزگە ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— ئىشەنچىم بولمىسا سىزگە دەپ يۈرەتتىممۇ. ئاز بولغاندا ئالتە ـ يەتتە يىل، بولمىسا 10 يىل چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

— باريكاللا، ئاپىرىن سىزگە، سىز ھەممىگە يېتىشلىك جۇمۇڭ، ئەمىسە تاماقتىن كېيىنلا ماڭايلى.

— بولدى، مەن تۇراپ ئەيسا بىلەن باراي، سىزگە سۇ سوغۇق كېلىدىكەن، ئۆتكەنكىدەك يىقىلىپ قالماڭ يەنە.

— سىزگە سۇ سوغۇق كەلمىگەن بولسا، نېمە ئۇچۇن ئايلىنىپ قالدىڭىز؟ — ئىككىسى تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى.

— سۇنى باشتىن بوغۇۋېتىپ، تۆت ـ بەش كۈن ئىشلەيدىغان گەپ. ئىككىمىزلا كەتسەك بولماس. ئىدارىدە سىز قېلىڭ.

پەخرۇللا ھاكىم، ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيسا، شوپۇر ئازاد تۇرسۇنلار چىمەندىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «تەتۈر قاش» قا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يېتىپ بارغاندا، بۇ يەردىكى كەنت كادىرلىرى، دېھقانلىرى ھەممىسى يىغىلىپ بولغانىدى. ئۇلار تاش، توپا، شېغىل، سېمونت، ياغاچ قوزۇق، سىم قاتارلىق ماتېرىياللارنى تەييارلاپ قويۇپ، پەخرۇللا ھاكىمنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار خېلى نۇرغۇن ئەمگەكچىلەر بىلەن باش ئېقىنغا بېرىپ سۇنى بوغۇپ، دەرياغا ماڭدۇرۇۋەتتى. ئاندىن تەتۈر قاشنى ياساشنىڭ يېڭى لايىھىسى بويىچە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە «تەتۈر قاش» بەشىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئاياغلاشتى. پەخرۇللا، تۇراپ ئەيسا، ئازاد تۇرسۇنلار بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە بىر قاچىدىن «زاڭ» يېگەندىن كېيىن قايتىشتى. ماشىنا كەنت ئىچىدىكى قاتتىق ھەم كاتاڭسىز

يوللاردىن چىققاندىن كېيىن، پاكار ئۆسكەن ياۋا قومۇشلۇق ئىچىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى قۇم ـ توپىلىق يوللاردا ئىرغاڭلاپ مېڭىشقا باشلىدى. ماشىنىنىڭ ئارقا دىۋانىدا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇخلىغاندەك بولۇپ ئولتۇرغان تۇراپ ئەيسا ناگان ـ ناگاندا كۆزىنى پاللىدا ئېچىپ ئالدىدا ئولتۇرغان پەخرۇللانىڭ ئەينەككە چۈشكەن سىياقىغا قاراپ قوياتتى. پەخرۇللانىڭ قىسىلغان چوڭ كۆزلىرى چەكسىز ياۋا قومۇشلۇق چۆللىرىگە قادىلىپ قالغانىدى، ئۇ يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ دېگەن ئوي كاللىسىدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈشى بىلەن تۇراپ ئەيسا ئېغىر پۇشۇلدىدى. توغرا، پەخرۇللا كەلگەن ئىككى يىلدىن سەللا ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تالاي ئىشلارنى روياپقا چىقاردى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈلدى. ناھىيىلىك قاشتېشى كېنى ۋە شېكەر، تاماكا، ھاراق شىركىتىنىڭ تۈزۈلمىسى پاي ھەمكارلىق كارخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، بىردىنلا پايدا ياراتتى. ئېلېكتر شىركىتى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى كۈچەيتىلدى. ئاشلىق، ماي، سانائەت ـ سودا شىركىتىنىڭ تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە راۋانلاشتۇرۇلدى. مائارىپ ئىسلاھاتىدا ئۈنۈم كۆرۈلدى. 60 كىلومېتىر ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ياسالدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 150 مىڭ سوم بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.6 پىرسەنت كۆپەيدى. كەلكۈن ئاپىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلەندى. ناھىيىلىك كومىتېتتىكى ھېچقانداق رەھبەرنىڭ كۆزى يەتمىگەن ئوتتۇرا تارىم ئاسفالت يولى ئىش باشلىدى! پاھ، بۇ، تارىم قۇملۇقلىرىدىكى توغراقتىنمۇ مەزمۇت ئادەمكىنا، جاپا ـ مۇشەققەت، ئېغىر ئەمگەك، قىيىنچىلىق دېگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە

ئەرزىمەيدىكەن، ئەدناسى بەش كۈندىن بېرىقى سۇ ئىچمىنىنى بوغۇش، تەتۈر قاشنى ياساشتا ئۇ ئىشتان پۇچقىقىنى تۈرۈپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، يالاڭ ئاياغ پاتقاق كېچىپ ئىشلەپ كەتكەنلىرىنى قارا. بىلمىگەنلەر ئۇنى تۆگىدەك يوغان دېھقانكەن دەپ قېلىشى ئېنىقلا. ئۇنىڭدا كۈچ ـ قۇۋۋەتلا ئەمەس، ئەقىل ـ پاراسەتمۇ بولىدى دېگۈچە بار ئىكەن. تەتۈر قاشنى يېڭى لايىھە بىلەن بۇنداق مەزمۇت ياساش كىمنىڭ ئويىغا كەلگەن! دېھقانلار ھېلىتىنلا ئۇنىڭغا «ھاكىم قېشى» دەپ ئىسىم قويۇۋاپتۇ. ئەگەر بۇ كەلكۈندىن يەنە تۆت ـ بەش يىل تۇرۇپ قالسا، چىمەنلىك كادىرلار، رەھبەرلەرنىڭ ھۆرمەت ـ تۆھپىسىنى بىر كۆشۈككە ئالغۇسىز قىلىنۇەتكۈدەك... يا... ياق... ئۇ چاغقىچە پەخرۇللانىڭ نام ـ ئەمىلى، ئىپتىخار، ئىناۋەتلىرى ئاقىنىسا ئۇن تىيىن تەرىپىدىن بۇلغىنىپ، ئۆزى بىر پارچە نىجاسەتكە ئايلانغۇسى!

تۇراپ ئەيسانىڭ ھەسەت، كۆرەلمەسلىك، قىتىغۇرلۇق، مەنمەنلىك، سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يۇغۇرۇلغان شۇم خىياللىرى يەنىمۇ داۋام ئەتكەن بولارىدى، ئەمما پەخرۇللانىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئازاد تۇرسۇن، قۇمسايغا كېلىپ قاپتىمىز، ماشىناڭنى بىر پەس توختىتامسەن، — دېدى پەخرۇللا ئازاد شوپۇرغا، — سەنمۇ ئۆزۈڭنى تەڭشىۋال، بىزنىڭمۇ پۇت ـ قوللىرىمىز كۈيۈشۈپ كەتتى. قانداق دېدىم، تۇراپ ئەيسا.

— توغرا، توغرا، پەسكە چۈشۈپ بىرئاز ھەرىكەتلىنەيلى.

ئۇلار يۇمشاق قۇملۇققا چۈشۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشتى. پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇردى. پەخرۇللا تۇراپ ئەيساغا بىر تال تاماكا سۇنۇۋىدى، ئۇ «خوش، خوش» دەپ تۇرۇۋالدى.

— سىز ئەسلىدە موخۇركا چېكىسىزغۇ دەيمەن، — پەخرۇللا ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرىغا قاراپ قويدى، — موخۇركىنى مەيدىنى بوشىتىدۇ، بەلغەمنى ياندۇرىدۇ،

دېيىشىدىكەن.

— شۇنداق، شۇنداق ئوخشايدۇ.

پەخرۇللا تۇراپ ئەيسانىڭ گەپ خۇشياقمىغاندەك ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكى تۆگە لوكىلىرىدەك چوقچايغان قۇم بارخانلىرىنى، پاخپاق توغراقلارنى، ھالرەڭ قىزارغان يۇلغۇنلارنى، ئۇچىدىن تارتىپ تۇۋۇگىچە ئاپئاق تور باغلاپ كەتكەن پاختا يۇلغۇنلارنى كۆرۈپ، تۇغۇلغان يۇرتى تىكەنلىك، ئىكرام بىلەن تىكەنلىكتە ئۆتكەن بالىلىقى، جاپاكەش دادىسى مۇزەپپەر، مېھرىبان ئانىسى ھەلىمىخانلار بىردىنلا ئەسكە چۈشتى. خىزمەت، دەپلا ئانىسىنى كۆرمىگەنگىمۇ بىرنەچچە يىللار بولۇپ كېتىپتۇ. ھەرقېتىملىق ھېيتتا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلاتتى. ھەي... پەلەك، ئۇ ئەمەل تۇتقان ئون نەچچە يىللاردىن بېرى ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىنىمۇ يوقلىيالماپتۇ. ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىسھاق بىلەن پەزىلىيەنىڭ سىڭلىسى ئابىدەلەرنىڭ تويى بولغاندا، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاچقا، قاتنىشالمىغانىدى. كېيىن سىڭلىسى گۈلىستان بىلەن پەزىلىيەنىڭ ئىنىسى ئەركىننىڭ تويى بولدى. ئاددىيسى قىزى گۈلپىيە بىلەن ئەختەم كەم سۆزنىڭ تويى بولغىنىغىمۇ ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ ئوماق ئوغلى دىلمۇرات چېغىدا ئىككى يېرىم ياشقا كىرىپ قالدى. قايچىقۇدا بولۇپ توي قىلغان ئىسھاق ھەم ئابىدە، گۈلىستان ۋە ئەركىنلەرنىڭمۇ بىر - ئىككىدىن بالىلىرى بار. تېخى بۇلتۇرلا تويىنى قىلغان چوڭ ئوغلى ئەزھەر چېغىدا بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئارزۇگۈل خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغاچقا، خىزمىتىدىن توختاپ ئۆيدە دەم ئېلىۋېتىپتۇ. ھەي... ھېلىقى ئاچچىقى يامان ئىكرام بىلەن ئۇزۇن بوپتۇ ئۇرۇشمىغىلى، ئىككىسى بىر - بىرىنى بىر كۈن كۆرمىسە چىدىيالمايتتى. ئەمما بىر يەرگە كەلسىلا

تاكاللىشاتتى، تىلىشاتتى. ئاشۇ ۋارقىرىشىشلارنى ئەجەب سېغىنىدا كىشى! ئۇ ھازىرمۇ سەككىزىنچى كالونىنىڭ باشلىقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى پەرۋىنە ئۆزى ئوقۇغان 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوغلى يۈسۈپجان بوستان ۋىلايىتى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ رادىئو بۆلۈمىدە، قىزى رازىيە بولسا قاراتال ناھىيىسىنىڭ تەمىنلەش ئىدارىسىدا ئىشلەيدىكەن. خەپ، پەخرۇللا پېنسىيىگە چىققاندا ئاشۇلارغا قوشنا ئولتۇرۇپ، ئىكرام بىلەن ھەر كۈنى ئۇرۇشمىسا ھېساب ئەمەس.

پەخرۇللا ئوپئوق تامان گۈڭگا مانانلار ئىچىدە غايىب بولغان چەكسىز قۇم دەشتىگە قارىغىنىچە، ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە يۇرت ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئەسلەپ، يۈرىكى ئەلەمزىدە بولدى. يىراق ئۇنىڭ دىققىتىنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن بىر جىپ ماشىنا ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرى بولۇشىغا قارىماي، تەكلىماكان قۇملۇقى تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ھېلىقى ماشىنا بىر نەچچە قېتىم كۆچەپ گۈركىرىدى ـ دە، چىپپىدە توختاپ ئوتى ئۆچتى. ماشىنىدىن ئىككى چەت ئەللىك، بىر خەنزۇ يىگىت چۈشۈپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. ئۇلارنىڭ جىددىيلەشكەن تۇرقىدىن قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ئازات، بېرىپ ئۇقۇپ باققىنا ئۇلارغا نېمە بولدىكىن؟ — دېدى پەخرۇللا قۇم جىلغىسىغا قاراپ، — ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇلارنى بىز ئېلىپ كېتەيلى.

ئازات تۇرسۇن يۈگۈرۈپ كېتىپ، دەرھاللا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ماشىنىسىنىڭ مېيى تۈگەپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ جەزىرە قۇملۇقتا ماينىڭ تۈگىشى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى.

پەخروللا دەرھاللا ئازاد تۇرسۇنغا قارىدى.

— ئازاد، ناھىيىگە كىرگۈدەك ماينى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى ئۇلارغا بەر.

— ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا بەش كىلولۇق سۇلياۋ باكتا زاپاس مېيىم بار، شۇنى بېرەي.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بەش كىلوگىرام ماي بىلەن 100 كىلومېتىر باسقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ئازاد ماينى ئېلىپ كېتىپ ئۇلار بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. چەت ئەللىكلەر باش بارماقلىرىنى چىقىرىپ، پەخرۇللاغا قاراشتى ۋە دەرھال يېتىپ كەلدى. خەنزۇ تەرجىماننىڭ دېيىشىچە ئۇلار دۆلەتنىڭ چوڭ تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىۋاتقانلار بولۇپ، پامىر، كۇئېنلۇن، ئالتۇن تاغدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ جايلىشىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ بېكىتىدىكەن.

— سىز چىمەننىڭ ھاكىمى ئىكەنسىز، — دېدى خەنزۇ يىگىت مىننەتدار بولغان ھالدا، — قۇتقازغۇچ ئىلاھتەك ئەجەب ۋاقتىدا ئەسقاتتىڭلار. بولمىسا ئاش - ئوزۇق، سۇدىن قىينىلىپ قانداقمۇ قىلارىدۇق.

بۇ ئەسنادا ئىككى چەت ئەللىك باش بارماقلىرىنى چىقىرىپ نېمىلەرنىدۇر كالدىرلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇ - قالمىغان پەخرۇللا تەرجىمان خەنزۇ يىگىتكە قارىۋىدى، ئۇ مۇنداق تەرجىمە قىلدى:

— سىز ھەقىقەتەن ئالىيجاناب ھاكىمكەنسىز، سىزنىڭ پۇقرالىرىڭىزمۇ ئالىيجاناب، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئىكەن.

— پاھ، خۇشامەتمۇ يۇقۇملۇق ئوخشىمامدۇ، بۇلارمۇ خۇشامەتنى ئۆگىنىۋاپتۇ - ھە، — دېدى پەخرۇللا ئۇيغۇر تىلىدا، لېكىن خەنزۇ تىلىدا تەرجىماندىن سورىدى، — ئۇلار پۇقرالىرىمىزنىڭ ئالىيجاناب، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىكىنى

ئەدىن بىلىدىكەن.

— بۇنىڭدىن ئەچچە كۈن ئىلگىرى ماشىنىمىز سايلىقتا بۇزۇلۇپ قېلىپ، ياسىيالماي تۇرغىنىمىزدا، — دېدى خەنزۇ يىگىت چۈشەندۈرۈپ، — چىمەن يول ئاسراش ئۆچاستىكىسىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان شوپۇرى ئابدۇكېرىم ۋە ئۆچاستىكا باشلىقى فۇجۈن بىزنىڭ ماشىنىمىزنى سۆرىتىپ ئەكېلىپ، ياساپ بەردى. بىز ئۇلارغا ھەق بەرسەك زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ھىم، مۇنداق ئىشكەندە، — پەخرۇللا كۈلۈپ قويدى، — ئۇلار بىر ساۋابلىق ئىش قىپتۇ. تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىكەن.

— ھاكىم، بۇ ئىككى چەت ئەللىك ئالىمنى تونۇشتۇرۇپ قويay، — خەنزۇ يىگىت ئورۇق، قىزىلكوس، يۇمشاق سېرىق چاچلىق بىرىنى كۆرسەتتى، — بۇ كىشى ئامېرىكىلىق دوكتور ئالىك ئەپەندى، بۇ سېمىز تەمبەل كىشى بولسا فرانسىيىلىك دوكتور سىماس ئەپەندى بولىدۇ.

چەت ئەللىك ئالىملار نېمىلەرنىدۇر دېيىشى، خەنزۇ يىگىت بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ تۇردى. پەخرۇللامۇ ئۇلارنىڭ مىننەتدارلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىزنىڭمۇ بۇرچىمىز، چىمەنگە بارغاندىن كېيىن قانداق قىيىنچىلىقىڭلار بولسا بىزگە دەڭلار، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىمىز.

پەخرۇللا، تۇراپ ئەيسا ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشىغا ئازاد تۇرسۇن ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. ئۇ خوتۇنى رەيھانگۈلنىڭ لەڭمىنىنى سېغىنغانمۇ ياكى گۆشراپ ئۆمىلەپ يۈرگەن ئوغلىنىڭ «دەددە...» دېگەن تاتلىق تىلى ئېسىگە كېلىپ قالغانمۇ، ماشىنىغا مايىنى بولدى دېگۈچە بېرىپ تېزلا قومۇلۇقتىن چىقىپ كەتتى. چىمەننىڭ كۆپكۆك گۈلىستان سىيماسى يىراقتىن كۆرۈنۈش بىلەن ماشىنىنى قۇيۇندەك قويۇۋەتتى. ماشىنا شەھەرگە كىرىشىگە، ئاقىنسانىڭ ھىدلىرى دىماغلىرىغا

ئۇرۇلۇپ، شېرىن ـ سۇخەن سۆزلىرى، قوينىدا ئەركىلەپ تۇرۇپ قېيىداشلىرى، قىيا بېقىپ كۆز تاشلاشلىرى، تىرىسىدە چىڭقىلىپ تۇرغان كۆكسىنى كەڭ كۆكرەكلەرگە بېسىپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرى... كۆز ئالدىدا ئايان بولۇش بىلەن پەخرۇللا تۈيدۇرماي تۈكۈرۈكىنى يۇتتى... ئۇ بەش كۈندىن بېرى ئاقىنىسانى شۇنچىلىك كۆپ ئويلىدى ھەم سېغىندىكى، بۇ چوكاننىڭ جاننى ئېلىپ، جەھەننەمدە قويغۇدەك خۇلقلىرى، ناز ـ كەرەشمىلىرى، سەرۋىدەك نازۇك تېنى... كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر دەقىقە نېرى كەتمىدى!.... بىچارە ئوماق قىز، قانچىلىك تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندۇ؟ ئۇ ئىشلەۋاتقان بولسا، مېھمانخانا دېرىزىلىرىدىن ھويلىنى كۆزىتىۋاتىدۇ. ئەگەر نۆۋەت ئالماشقان بولسا، دەرۋازا ئەتراپىدا مېنى ساقلاۋاتىدۇ... بۇ خىيال كۆڭلىدىن كېچىش بىلەن پەخرۇللا ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا زەن سېلىشقا باشلىدى. ئۇ يىراقتىنلا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دەرۋازىسى ئالدىدا بىر توپ ئادەملەرنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ماشىنا يېقىن كېلىشى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. چۈنكى، ئايالى پەزىلىيە، قىزى گۈلپىيە، كۈيئوغلى ئەختەم، سۇپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان كىچىك ئوغلى ئەلىيار، نەۋرىسى دىلمۇرات، يازغۇچى ئەزىمجان يارئەلىلەر ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇراتتى.

پەخرۇللا، تۇراپ ئەيسا، ئازاد تۇرسۇنلار ماشىنىدىن چۈشۈشى، ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كەلگەن گۈلپىيە دادىسىنى قۇچاقلاپ، يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى. پەخرۇللا ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ: «يىغلىماڭ، يىغلىماڭ...» دەپ قويدى. ئاڭغىچە ئەختەم، ئەلىيار، ئەزىمجانلار كېلىپ كۆرۈشتى. پەخرۇللا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان پەزىلىيەگە «تىنچلىقمۇ؟» دەپ قويۇپلا نەۋرىسى دىلمۇراتنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەتتى. ئۇلار

ناھىيىلىك كومىتېت قوروۋسىغا ئەمدىلا قەدەم ئېلىشى، دەۋازا ئارقىسىدا ساقلاپ تۇرغان ئاقنىسا چىقتى ـ دە، پەخرۇللاغا لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۇنداشلىق، ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك چېقىنلىرى چىقىپ تۇراتتى. تەڭلىك، تاقەتسىز سېغىنىش ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇۋاتقان ھاكىممۇ ئىختىيارسىز بىرنەچچە دەقىقە ئۇنىڭغا قادىلىپ قالدىيۇ، نائىلاج كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ ئىچىدە: «قاسسا ـ ۋاسسادەك نەدىنمۇ ئۇندى بۇ خەق» دەپ غىجىندى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى باغ ئىچىدىكى ئۆيگە باشلىدى. گۇلپىيە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چاي دەملەپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن توقاچلارنى ئۇشتۇپ قويدى.

— چاي ئىچكەچ تۇرۇڭلار، — دېدى پەخرۇللا يالغان ھىجىيىپ، — كەچلىك تاماققا ئاز قالدى، مەن سىلەرنى كادىرلار ئاشخانىسىغا ئەپچىقىپ مېھمان قىلىمەن.

— ئۆي تۇرسا، ئاشخانىغا چىقىپ يۈرىمىزمۇ، — دېدى پەزلىيە پەخرۇللانىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — ئولاش ـ چولاش ئۆيدىلا ئەتمەيلىمۇ.

— ئايال كىشى بولمىغاندىن كېيىن، — تېرىكىپ تۇرغان پەخرۇللا تولغا تەگدى، — ئۆيدە تاماقتا كېتىدىغان خۇرۇچ، ئەسۋاب ـ سەرەمجانلار يوق دېگۈدەك.

ئولتۇرغانلار جىممىدە بولۇپ قېلىشتى. گۇلپىيە يالتىتىدە قىلىپ ئانىسىغا قارىدى. پەزلىيە تەئەددىنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسىمۇ، «ئاخشاملىققا كۆڭلىنى ئېلىۋالسام، ئوڭشىلىپ قالار» دەپ ئويلىدى بولغاي، قېتىغىمۇ ئالمىدى. بۇ ئوڭايسىزلىقنى ياپماقچى بولغان گۇلپىيە دەرھاللا گەپكە تۇتۇنۇپ، ئەزىمجان يار ـ ئەلىنى تونۇشتۇردى.

— دادا، بۇياق ئەختەمنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئەزىمجان يار ـ ئەلى بولىدۇ. ئۇ ۋىلايەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى.

— بۇ بالىنىڭ كاپكازچە قويۇۋالغان بۇرۇتىغا قاراپ، شائىر

ياكى يازغۇچى بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. پەرىزىم توغرا بولۇپ چىقتى.

ــ ئەزىمجان بۇ قېتىم سىنى زىيارەت قىلىپ كەلدى.

ــ بولدىلا، مۇخبىرلار مېنى تولا ئاۋارە قىلىپ، خېلىلا جىق نەرسىلەرنى يېزىشتى. «چىمەن گېزىتى»، «بوستان گېزىت» لىرىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە سانلىرىدا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى گېزىتخانىدىن چاقىرىپ، «ئىككى كەلىمە گەپ قىلىپ بېرىڭ» دېگەن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىن تېلېكامېرالىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ بىر مۇنچە ۋاقتىمنى ئالغان، قىسقىسى، ئادەم ئالدىراش ۋاقتىدا پەقەتلا خۇشياقمايدىكەن.

ــ دادا، ئەزىمجان ماقالە يازمايدۇ، ئەدەبىي ئاخبارات ياكى ئۇچېرك يازىدۇ.

ــ بوستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن تېلېۋىزوردا بەرگەن زىيارەت خاتىرىسىنى كۆردۇق، ــ دېدى پەزىلىيە، ــ شۇنداق سىستېمىلىق سۆزلىدىڭىز.

پەخرۇللا چىللىغان مېھمانلارنى كەچتە كادىرلار ئاشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ ئاشپەزلەرگە ئالدىنئالا تېلېفون بېرىۋەتكەچكىمۇ، ئۇلار ئوخشىتىپ شورپا سېلىپ قويغانىدى. پەزىلىيە، گۈلپىيە، ئەلىيار، ئەختەم، ئەزىمجانلار يۇمشاق پىشقان پاقلان گۆشىنى شۇلۇپ يەپ، شورپىسىغا نان چىلاپ راسا مەززە قىلىشىۋاتقاندا، قاچا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەن ئاقنىسا پەزىلىيەگە شۇنداق ئالايدىكى، چىرايلىق چېقىر كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ناگىھان ھالىتى ئەلىيارنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ باشتىن ــ ئاخىر يوشۇرۇن زەن سېلىپ تۇردى. ئاقنىسا ياشلىرىنى سۈرتمەيلا تۆشۈك ئاغزىغا كېلىشى، پەخرۇللا «گۆشنان بۇيرۇپ قوياي» دەپ ئورنىدىن تۇردى. باشقىلار: «ئەمدى بولدى، تويدۇق» دېيىشىپ كەتتى. لېكىن پەخرۇللا: «ئۆيگە

ئەچىقىپ كەتسەكمۇ بولىدۇغۇ» دېدى - دە، ئاشخانىغا كىرىپلا، تۆشۈك ئالدىدا تۇرغان ئاقىنساغا سىرتنى شەرەت قىلىۋېتىپ، ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئاڭغىچە ئاقىنسا ئاشخانىنى ئايلىنىپ ئارقا تەرەپكە ئۆتتى. ئۇلار ئېگىز دۆۋىلەنگەن توغراق ئوتۇنىنىڭ دالدىسىغا كېلىشى، ئاقىنسا ھېچ ھېيىقمايلا پەخرۇللانى قۇچاقلىدى.

— ئاقىنسا، بولدى قىلىڭ، — پەخرۇللا ئۇنى ئۆزىدىن ئاجراتتى، — مەن ئۇلارنى بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا يولغا سېلىۋېتىمەن.

— ياق، ئۇ چاغقىچە ساقلىيالمايمەن، بۈگۈن كېچىلا چىقىسىز.

— چىققان بىلەن...

— ئاچام بالىلىرىنى ئېلىپ قېيىنانىسىنىڭ يېزىدىكى ئۆيىگە كەتتى. مېنى قاراپ قوي دەپ ئاچقۇچىنى بەرگەن.

— مەن... مەن قانداقمۇ چىقالايمەن؟ — پەخرۇللا تەڭلىكتە قالغانىدى، — ئەگەر چېنىپ قالسا، بەكمۇ سەتچىلىك بولىدۇ.

— بۈگۈن خوتۇنىڭىز بىلەن ياتمايسىز...

— بۇنى دېمىسىڭىزمۇ بىلىمەن، ھازىر مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ياتقۇمۇ كەلمەيدۇ.

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى ئۇخلاپ قالغاندا چىقىڭ... مەن ھېلىقى تام ئارقىسىدا ساقلايمەن.

بوستاندىن كەلگەنلەر شۇ كۈنى سائەت توققۇزلارغىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئەسنەشكە باشلىدى. ئىككى يېرىم ياشلىق دىلمۇرات ئالىلقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن غەيرەتكە كەلگەن پەخرۇللا:

— مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈردۇڭلار، چارچاپمۇ كەتكەنسىلەر، شۇڭا بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئېلىڭلار، — دېدى.

— مەنمۇ ياتقىمغا كېتەي، — ئەليار ئورنىدىن تۇردى، —

خەير، ئەتە كۆرۈشەيلى.
ئەليار چىقىپ كېتىشى بىلەن پەزلىيە پەخرۇللانى ئىشارە قىلىپ كارىدورغا ئېلىپ چىقتى.
— گۇلپىيە، ئەختەم، دىلمۇرات بىر ئۆيدە ياتسا، — دېدى پەزىلىيە پەخرۇللاغا، — ئىككىمىزگە كىچىك ھوجرىنغا سالسام، ئەزىمجانغا مېھمانخانىنغا ئورۇن سېلىپ بەرسەم بولارمۇ؟
— قىزىقكەنسىزغۇ، — پەخرۇللا ئاچچىقلاپ قالدى، — ئەتە بالىلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز. ئۈچ ئەرگە مېھمانخانىنغا سېلىڭ. سىز، گۇلپىيە، دىلمۇرات ئۈچۈڭلار چوڭ ھوجرىدا يېتىڭلار.
— ئەمىسە، سىزگە كىچىك ھوجرىغا ئورۇن سېلىپ بېرەيمۇ؟ ياش بالىلار بىللە يېتىپ يۈرمەڭ.
— ياق بولمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قېشىدا بولمىسام، يەنىلا گۇمان پەيدا قىلىپ قويىمەن.
پەخرۇللا گەرچە شۇنداق دېگىنى بىلەن ئۇ پەزلىيىنىڭ گۇلپىيىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ يېنىغا كىرىشىدىن ئەنسىرىگەندى. ئەگەر كىچىك ھوجرىدا پەخرۇللانىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قالسىلا، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ساقلاشتىن يانمايتتى. بۇ ئەلۋەتتە يۈيۈپ تۈگەتكۈسىز گۇمان پەيدا قىلاتتى. شۇڭا، ئەختەم بىلەن ئەزىمجاننى ئۇخلىتىۋېتىپ، چىقىش بىر ئاز تەسكە توختىسىمۇ ئىشەنچلىك ئىدى. تېخى قانداقتۇر بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىپ بالدۇرراق يېنىپ چىققىلىمۇ بولاتتى.
پەزلىيە بىلەن گۇلپىيە ھوجرىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ كىرىپ كېتىشتى. ئەختەم بىلەن ئەزىمجان چىشلىرىنى چوتكىلاپ، پۇتلىرىنى يۇيۇپ يېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقىنىدا، پەخرۇللا ئۇلارغا:
— سىلەر ياتقاچ تۇرۇڭلار، ۋىلايەتلىك پارتكومغا يوللايدىغان بىر دوكلات بارئىدى. مەن ئاخىرىنى يېزىۋەتمىسەم ئەتىگە

ئۆلگۈرمەيدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ دادا، چىقىۋېرىڭ، — ئاغىنىسى بىلەن قالغىنىغا خۇش بولغان ئەختەم دەرھاللا جاۋاب بەردى، — بىز ئىشىكنى ئەتمەي ياتىمىز.

— مەنمۇ ھايال بولماي يېنىپ كىرىمەن.

پەخرۇللا كارىدوردىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، پەزىلىيە ياتقان ھۇجرىغا قاراپ قويدى. ئۇ باغ ئارقىسىدىكى خىش يېيىتىلغان چىغىر يوللار بىلەن ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن تام تۈۋىگە كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن قول - پۇتلىرىدا ئۇ يەرنى دەسسەپ، بۇ يەرنى تۇتۇپ تام ئۈستىگە چىقتى. بىراق ئارقا تەرەپتىكى كۆچەتلىكتە ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

— ئاقنىسا، — ئۇ پەس ئاۋازدا توۋلىدى، — ھەي، ئاقنىسا.

— مانا مەن، — ئاقنىسا يول ياقىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى، — سىزنى باشقا ئادەم بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالغانىدىم.

— سىز بەك ئەقىللىق جۇمۇڭ، — پەخرۇللا تامدىن سەكرەپ چۈشۈپلا ئۇنى باغرىغا بېسىپ قاتتىق سۆيدى، — مېنى... مېنى ئەجەبمۇ سېغىندۇردىڭىز... سىز ... سىزدە نېمە خىسلەت باردۇ... پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىنتىلىپلا تۇرىمەن...

— مەن... مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالسام ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن... — ئاقنىسا پەخرۇللانىڭ كۆڭلەك تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ، ئۇنىڭ مەيدىسىنى سىلىدى، — سىز... سىزنىڭ مۇشۇ چىڭ كۆكرەكلىرىڭىز كۆكسۈمگە تەگسە... بۇ دۇنيادا بارمۇ، يوق دېگۈدەك ھۇزۇر قىيامىلىرىغا شۇڭغۇيمەن.

ئۇلار بولجاللىق، ئېتىزلىق ۋە ئۆستەڭ قىرلىرىنى ياقىلاپ، بىر دەمدىلا ئاقنىسانىڭ ئاچىسى روزىنساخانىنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. پاكار شور تامدىن ئانچە كۆچىمەيلا باغقا چۈشتى - دە، ئەڭ چەتتىكى ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ چىراغنى

ياقتى. ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاۋار يوتقان ـ كۆرپىلەر تەييار سېلىنغان بولۇپ، ھەتتا ئەتراپىدا بىرنەچچە لۆڭگە قاتلاقلىق تۇراتتى. بۇ ئالدىن تەييارلىقتىن سۆيۈنگەن پەخرۇللا يالتتىدە قارىشىغا، ئاقنىسا كۆزىنى لەپپىدە تاشلىدى ـ دە، تومپىلاق، ھالرەڭ لەۋلىرىنى ئۈچلاپ «سۆيۈش» نىڭ بېشارىتىنى بەردى.

پات ـ پاتلا ئىشق شەھۋەتلىرىگە چۆمۈلۈپ تۇرغان بۇ موزاي كېلىن، ئۆكۈز يىگىت ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىدا ئوخشاشلا ھېسسىيات قىيانلىرىنى بېسىۋالالمايتتى. مانا ھازىرمۇ يوتقانغا كىرە ـ كىرمەي چىرقىراش، قىرقىراش، كۈلۈش، ئىڭراش، شېرىن ـ لەزىز تىللار بىلەن ئەركىلىتىش دېگەندەك بىر ـ بىرىگە شەيدالىقلىرىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى. سىلىق تاۋار يوتقانمۇ بىردە لەپەڭلەپ، بىردە پەسكە چۈشۈپ كېتىپ، بەزىدە بىر يەرگە يىغىلىپ قالاتتى... بىر چاغدىلا ئۇلار يوتقاننى مەيدىلىرىگە تارتىپ، مەھكەم قۇچاقلىشىپ ياتتى...

— ئاكىڭىز ئىش ئورنىغا كۈنۈپ قاپتۇمۇ؟ — سورىدى پەخرۇللا بوينىغا گىرە سېلىۋالغان ئاقنىسادىن، — ئالدىراشچىلىقتا شەھەر كۆكەرتىش ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. كۆڭلىگە ياقمىسا، كېيىنچە يۆتكىۋەتسەكمۇ بولىدۇغۇ.

— ياقەي، ئاكام ئۆزى مېيىپ بولغاچقا، ئاشۇ ئىدارىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. گۈل كۆچۈرۈش، گۈل تەشتەكلىرىنى يۆتكەش، شەھەردىكى قۇرۇغان كۆچەتلەرنىڭ ئورنىغا كۆچەت تىكىش... تەك ئىشلار بەكمۇ كۆڭۈللۈككەن ئەمەسمۇ.

— ئۆزىگە يارىغان بولسىلا بولدى. بىر پۈتىنىڭ ئاقساپ مېڭىشى قانچىلىك ئىشتى.

— مەن... مەن... قاچانغىچە كۈتكۈچى بولۇپ يۈندىپۇرۇچلۇق قىلىمەن، — ئاقنىسا پەخرۇللانى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئەركىلىدى، — ئۆزىڭىزنىڭمۇ كۆڭلى بىر قىسىملا تۇرار. — ئاقنىسا، ھەر ئىشنىڭ بىر ئېپى، بىر پۇرسىتى كېلىدۇ.

شۇ چاغدىلا ئاسان ھەل بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، — پەخرۇللا ئاقىنىسانىڭ ئاپئاق يۇمىلاق، سىلىق مۇرىلىرىگە سۆيدى، — دەڭا قېنى سىزنىڭ نەدە ئىشلىگۈڭىز بار؟

— ئۆزۈم كەسپىي جەھەتتە قىيىنىلىپ قالمايدىغان، مەسىلەن، — ئاقىنىسا پەخرۇللانىڭ كەڭ كۆكرەكلىرىنى سىلىغاچ بىردەم ئويلاندى، — «خەت - چەكلەر ئىشخانىسى»، «خەۋەرلىشىش بۆلۈم»، «ئەرزىيەت ئىشخانىسى» دېگەندەك. ھەر راست، ئۇ يەرگە يۆتكىگەن بىلەن شتاتىم كوللېكتىپ ئىشچى شتات تۇرسا.

— كادىرلار بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈم قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تېلېفون بېرىۋەتسەملا بولىدۇ.

— سىز... سىز... ئەجەبمۇ ياخشى...

— بۇ قېتىم كەلكۈننىڭ ئالدىنقى جەڭ مەيدانىغا بېرىشقا ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى تىزىملىتىڭ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مېنىمۇ ئاياڭ....

— چۈشەندىم، تىلىم ئۆزۈنراق بولسۇن دەيسىزغۇ.

— پاھ، پاھ، سىزدە غۇچچىدە ئەقىلدە. ھەتتا قۇرتلاپ كەتكەن ئەقىل.

— ئەسكى، ئەسكى... ئەقىلمۇ قۇرتلاپ كېتەمدا، — ئاقىنىسا ئىككى مۇشتۇمى بىلەن پەخرۇللانىڭ كۆكرىكىگە ئەركىلەپ بوشقىنا مۇشتىلىغىنىچە قايتىدىنلا پومىداقلىشىپ، يوتقان ئىچىدە كۆڭۈل بوستانلىرىغا سۇ باشلاپ، ئېچىلغان گۈللەرنى ھىدلاپ، ئاق مامۇق كۆللەرگە شۇڭغۇپ، شەربەتتى بۇلاقلاردىن سۇ ئىچىپ، جەننەت مېۋىلىرىنى شوراپ، بۇ دۇنيا غەمخانىسىدىكى تىرىكچىلىك، دىشۋارچىلىق، غەم - قايغۇلارنى ئۇنۇتتى...

ئاقىنىسانىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە ئىشق سەۋدالىرىنى

قاندۇرغان پەخرۇللا سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا ئۆيىگە كىرىۋالدى. يول ھاردۇقىدا قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن ئەختەم، ئەزىمجانلار ھېچنېمىنى تۇيمىدى. تۇيغان تەقدىردىمۇ پەخرۇللانىڭ قايسى ۋاقىتلاردا يېنىپ كىرگەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدى. ئەتىسى ئەزىمجان يارئەلى پەخرۇللا بىلەن يېرىم كۈندەك سۆھبەتتە بولدى. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى كىچىك ئۇنئالغۇغا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كەچتە چىمەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى ئاينۇرنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىقتا بولدى. ئەتىسى گۇلپىيە يالۋۇرۇپ، يىلىنىپ يۈرۈپ دادىسى بىلەن ئانىسىنى رەسىمخانىغا ئاپىرىپ، رەسىمگە چۈشۈردى. ئۇلار بىر نەچچە كۈن ئىچىدە كونا ساۋاقداشلاردىن ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى ئالمۇرات، سودا ئىدارىسى باشلىقى دىلەيسەملەرنىڭ ئۆيلىرىدە بىر كېچە دېگۈدەك بالىلىق، ياشلىق خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر ئىچىگە چۆكۈپ يىغلاشتى، كۈلۈشتى، قىيقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈشتى. پەزلىيە كەلگەننىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەزىمجان يارئەلى پەخرۇللانىڭ ئىشخانىسىدا ئىككى سائەتتەك ئاخىرقى سۆھبەتتە بولغاندىن كېيىن ئەختەم ئىككىسى چىمەن ناھىيە شەھەر ئىچىنى ئايلىنىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشتى. ئۇلار ناھىيىلىك كومىتېت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، چوڭ يولغا قايرىلىش ئارىلىقىدا دەرۋازىغا چاپلانغان بىر پارچە قەغەزنى كۆرۈپ، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قالغىنىچە چىرايلىرى ئاقىرىپ كەتتى. ئۇنىڭدا «شاپاقچى ھاكىم پەخرۇللا، چىمەندىن يوقال» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. ئەختەم دەرھاللا قەغەزنى سويۇۋېلىپ، ئۇششاق پارچىلاپ يىرتىپ، ئېرىققا تاشلىۋەتتى.

— ئەختەم قارا، بۇ يەردىمۇ باركەن، — دېدى ئەزىمجان خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ تېمىغا چاپلانغان قەغەزنى كۆرسىتىپ، ئەختەم تېزلا كەلدى - دە، ئۇنىڭدىكى: «پاھىشىۋاز قېرى پەخرۇللا، ئۆزۈڭگە ھېزى بول....» دېگەن سەھىپىلەرنى ئوقۇپ

ئولتۇرمايلا، جارتلا سۆكۈۋېلىپ، ئۇنىمۇ پارچە ـ پارچە قىلىپ يىرتىۋەتتى.

ــ بۇ قانداق ئەبلەخنىڭ قىلغان ئىشىدۇ؟ ــ دېدى ئەختەم ئوڭۋايسىزلانغان ھالدا، ــ قېيناتامنىڭ چىمەن تۇرماق، بوستاندىمۇ ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىنى قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈۋاتسا، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا يېزىپ، تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىپ، رادىئولاردا ئاڭلىتىۋاتسا.

ــ بۇ چوقۇم پەخرۇللا ھاكىم ئەدىپىنى بەرگەن بىرەر بۇزۇقنىڭ ئىشى، ــ ئەزىمجاننىڭ قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلگەندى، ــ بوستان ساقچى ئىدارىسىدىكى بىر ئاغىنەمدىن ئاڭلىسام، ھازىر بەزى يامان نىيەتلىك ئادەملەر قۇتراپ قالغاچقا، بىرىنچى قول ھاكىم، شۇجىلارغا يان قورال تارقاتقان ئوخشايدۇ.

ــ قارا، بۇ مۇناپىقلارنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى، خەلق بېشىدا كۆتۈرۈپ ئالقىشلاۋاتقان بىر ياخشى رەھبەرنى تۇرمۇش جەھەتتىن سېستىماقچى بولغىنىنى.

ــ ھەرقانداق رەھبەرنى سىياسىي جەھەتتە قارىغاندا، تۇرمۇش جەھەتتىن ئاسان سېسىتقىلى، قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

كالىلىسىغا توقماق تەگكەندەك تەسىر قىلغان بۇ ئىش، ئەختەم بىلەن ئەزىمجاننىڭ بىردىنلا كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۈندىمەي جىمجىتلا شەھەر تەرەپكە ماڭدى. ئەمما بىردىنلا «ئەختەم!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئۇلارنىڭ چىگىش ۋە كۆڭۈلسىز خىياللىرىنى نەگىدىر چېچىۋەتتى. ئاڭغىچە ئوغلى دىلمۇراتنى يېتىلىگەن گۈلپىيە يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

ــ سىلەرنى بازار ئارىلىغىلى كەتتى، دەپ ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىشىم، ــ دېدى گۈلپىيە ھاسىراپ، ــ دىلمۇراتقا ئاياغ ئالماقچى ئىدىم. سىلەرمۇ تاللىشىپ بېرىڭلار.

ــ ئانام، دادام ئۆيدە قالدىما؟ ــ ئەختەم بايىقى ئىشنى

يوشۇرايلى، دېگەندەك ئەزىمجانغا كۆز قىسىپ قويدى، — ھەممىمىز چىقىپ كەتسەك، ئۇلار نېمىدەپ ئويلاپ قالار.

— قارىسام ئانامنىڭ دادامغا گېپى باردەك قىلىدۇ، — گۈلپىيە مەنىلىككىنە كۈلۈپ قويدى، — شۇڭا كۆزگە چىققان يىڭناسقۇدەك ئۇلارغا ئىلىشىۋالماي دېدىم.

گۈلپىيەنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئۇلار كەلگەن كۈنى پەخرۇللا ئەختەم، ئەزىمجانلار بىلەن بىرگە ياتقىنى بىلەن قالغان ئۈچ كۈن ئىشخانا، مېھمانخانىدا خىزمەت بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەتىگەنلىكتە كۆزلىرى قىزارغان، ھارغىن چىراي كىرىپ كېلەتتى. بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي چېيىنى ئىچەتتى. ئاندىن «خىزمەت» دەپ يەنە چىقىپ كەتسە، بىر كۈن كەچكىچە قارىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپقىنا مۇڭدىشالمىغان پەزىلىيە، كۈنلىرىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. مانا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆيدە ئېرى بىلەن يالغۇز قالغان پەزىلىيە «سىزگە گېپىم بار ئىدى» دەپ ئۇنى تۇتۇپ قالدى. تۇۋا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە مېھماندەك تارتىنىپ، قورۇنۇپ، ھېيىقىپ بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا قارىيالماي ئولتۇراتتى. بولۇپمۇ جەينەكلىرىنى تىزىغا قويۇپ بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالغان پەخرۇللا قىسماقتەك ئېگىلىپ جىمىپ كەتكەنىدى. پەزىلىيەمۇ گويا تىل تۇتىقى باردەك دۇدۇقلاپ، كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قالغانىدى:

— بۇرۇنلاردا، — دېدى پەزىلىيە پەس ئاۋازدا، — ئۈرۈمچى، بېيجىڭلارغا يىغىنغا بارسىڭىز ئاقتامغا كېلىپ بالىلارنى يوقلاپ، بىرەر - ئىككى كېچە قونۇپ كېتەتتىڭىز.

پەخرۇللا تاماكىسىنى چەككىنىچە پەقەتلا زۇۋان سۈرمىدى.

— كېيىنچە بوستاندىنلا «مەن پالانى يەرگە يىغىنغا ماڭدىم» دەپ تېلېفون بېرىپ قويۇپ ئۆزىڭىز كەلمەيدىغان بولدىڭىز.

پەخرۇللا ئاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا بېسىقۇيۇپ، ئالدىرىماي يەنە بىرىنى تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن جاۋاب بېرىدىغان ئىپادە زادىلا كۆرۈنمەيتتى. ئوسال ئەھۋالدا قالغان پەزلىيە يەنىلا ئۆزى گەپ قىلدى.

— بۇرۇنلاردا چىمەندىن پات - پاتلا تېلېفون بېرىپ تۇراتتىڭىز. شۇ ئارقىلىقمۇ دىدارلاشقىلى بولاتتى. كېيىنچە تېلېفون بېرىشلەر شالاڭلىشىپ، مېنى ئاقتامدىن بوستانغا يۆتكەپ قويغىنىڭىزدىن كېيىن تېلېفون بېرىشلەرمۇ چورتلا توختىدى. گەپ قىلىڭا، زۇۋانىڭىزنى بولسىمۇ ئاڭلاي.

پەخرۇللا شارتلا بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق سەت ئالايدىكى، پەزلىيە ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى قاچۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېرىگە ناماقۇل بولۇپ، كەچۈرۈم سوراشنى خالايتتى.

— گەپ قىلىڭچۇ، پەخرۇللا، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي...

— ئالدىراش...

— مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەمسىز؟

— شۇنچە چوڭ چىمەن ناھىيىسى، نەچچە يۈزمىڭ چىمەن خەلقى ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلامدىم، كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ، ئاش - تامىقىمنى ئېتەمدىم، كەلكۈن، قۇم - بوران ئاپەتلىرىگە توغرا تۇرامدىم... يۇقىرىنىڭ بېسىمى، سوئال - سوراقلىرىنى قوبۇل قىلامدىم... سىزگە تېلېفون بېرەمدىم؟... مەن ئۆزۈمنى قايسى بىرىگە ئاتاي؟!... — پەخرۇللا بىردىنلا ئۇنلۇك ۋارقىرىۋەتتى، — قېنى سىز دەپ بېقىڭا، ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى!...

پەزلىيەنىڭ بېشى مەيدىسىگە ئېگىلىپ چۈشتى. ئۇ ئىختىيارسىز سىڭلىسى پەرۋىنەنىڭ بىر چاغلاردىكى ئاچچىق سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى:

... — «سەن پەخرۇللانى چىمەنگە يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇپ

خاتا قىلدىڭ. ئەر كىشى دېگەن قورسىقىغا ئامراق بولىدۇ، ئۇ ئۆي تامىقى سېغىنسا قانداق قىلار؟ ئەر كىشى كېسەل بولغاندا، ئايالىنىڭ كۈتۈشىگە مۇھتاج بولىدۇ، ‹دورىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ›، ‹پېشانىڭىزگە لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ قوياي، بېشىڭىز قىزىپ قاپتۇ›، ‹ئۈچىلىرىڭىزنى سىلاپ قوياي...› دېگەن تەسەللىلەر ئەر كىشىنىڭ تېنىگە مادار، يۈرىكىگە قۇۋۋەت بولىدۇ... كىر - قاتلىرىنى قانداق قىلار، ھاكىم جانابلىرى ئۆزى يۇيارما؟ ئەر كىشى خوتۇن سېغىنغاندا، ئۆگزىگە يېيىپ قويغان قىزىل ئىشتان قىز كۆرۈنىدۇ....»

پاھ... نېمىدېگەن ئالدىن كۆرەرلىك، لېكىن بازغاندەك قاتتىق سۆزلەر بۇ! مىچچىدە يىغلىغان پەزىلىيە بىر چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىلىمەن، يالغۇزچىلىق تارتىپ مەندىن كۆپ رەنجىدىڭىز، جاپانىمۇ بولدى دېگۈچە تارتتىڭىز.

— بولدى قىلىڭ، مەن تارتقان كۈنلەرنى ئالدىڭىزدا سۆزلەپ، بىچارە ھالەتكە قالغۇم يوق! مېنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغىنىم ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىدىغان غۇرۇرسىز ئەبلەخلەر... ھازىر ھەممىگە كۆنۈپ قالدىم. ئىشخانىغا كىرسەم كادىر، تالاغا چىقسام ئەر، ئۆيگە كىرسەم خوتۇن كىشى، مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىسەم ھاكىم... ئەمدى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا، غەمخورلۇق قىلىشىغا موھتاج ئەمەس!... يالغۇزچىلىقتا، تەنھالىقىمدا، مۇساپىرچىلىقىمدا، ئۇرۇق - تۇغقانسىز ھەممىنى كۆرۈپ پىشىپ كەتتىم.

كەيپى ئۆرلەپ قالغان پەخرۇللا راسا قايناپ سۆزلەۋاتقاندا، ئىشىك ئېچىلىپ ئاقىنسا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكنىمۇ چەكمەي، مېھمانخانا بوسۇغىسىدا پەيدا بولۇپ، پەزىلىيەگە مىختەك قادالدىيۇ، پەخرۇللانىڭ گېلىنى قىرىپ شەپە بېرىشىدىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ھاكىم، مېنى ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيسا كىرگۈزدى. يۈيىدىغان كىر ـ قاتلىرىڭىز بارمىكىن؟

— مەن سىلەرگە «ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم قىلىمەن» دەپ قانچە قېتىم ئېيتىمەن. يوتقان ـ كۆرپە ئەستەر ـ تاشلىرىنى يۈيۈپ تىكەلمىگەچكە، سىلەر قىلىپ بەردىڭلار. بولدى چىقىپ كېتىڭ.

پەزلىيە چىقىپ كېتىۋاتقان ئۆزگىچە بەرنا ھەم نازىنىن بۇ چوكاننىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازا قاراپ قالدى.

كاربدورغا شەپىسىز كىرىۋالغان ئاقنىسا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى تىنغان ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇ تۆت كۈندىن بېرى، پەخرۇللانى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئېيتىسىدە ئويىنىتىپ ئۇنى خوتۇنى بىلەن يالغۇز ـ يېرىم قالدۇرمىغانىدى. لېكىن بۈگۈن گۈلپىيە، ئەختەم، ئەزىمجانلار بازارغا چىقىپ كېتىپ، پەخرۇللا بىلەن پەزلىيەنىڭ ئۆيدە يالغۇز قالغانلىقىدىن ئىچى تىتىلداپ كەتكەن ئاقنىسا، ئۇ ئۆيگە نېمىنى باھانە قىلىپ كىرىشىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، تۇراپ ئەيسا ئۇنىڭغا:

— ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۈگۈن چوقۇم سوقۇشىدۇ. سەن كاربدوردا ئاڭلىغىن. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى چىقىپ قالغۇدەك بولسا، «كىرلىرىڭىزنى ئالغىلى كەلگەن» دېسەڭلا بولىدى دەپ ئەۋەتكەنىدى. ئاقنىسا پەخرۇللانى يامان ئاتلىق قىلىشنى خالىمايتتى. لېكىن، پەزلىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن غىڭ قىلماي ماڭدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ كىرگىنىنى سەزمىگەن بولسىمۇ، كۇنداشلىقى تۇتقان ئاقنىسا، پەزلىيەگە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىش، پەخرۇللاغا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا ئۇسۇپلا كىردى.

كۆزلىگەن رىجىسىگە يەتكەن ئاقنىسا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنى ئىشخانا مۇدىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خۇشال

كېتىۋاتقىنىدا، تۇراپ ئەيسا ھويلىسىدىكى سامانخانىغا يانداپ سېلىنغان كىچىك بىر ئۆيدە كىمگىدۇر قايناپ سۆزلىمەكتە ئىدى. قاپاقلىرى تۇخۇمدەك پۇلتايغان، يوغان كۆزلىرى چەكچەيگەن، قىزغۇچ مىسرەڭ چىرايىنى قاپقارا داغ ۋە ھۇررەكلەر قاپلىغان 36 ـ 37 ياشلار ئەتراپىدىكى توڭ تېزەكتەك كاللەكلا بىر ئادەم ئېغىر پۇشاڭشىپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئالىسىپ، تۇراپ ئەيسانىڭ گېپىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. بۇ ئەسنادا، ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ئاقنىسا پېشايۋانلىق ئۆيلەرگە چىقىش ئۇچۇن پەلەمپەيگە قەدەم ئېلىشى، ئوتۇنخانا قېشىدىكى ئۆيدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىچىك ئۆيگە يېقىنلاشتى. ئۇ ئىشىك يوچۇقىغا قۇلىقىنى يېقىۋىدى. ئۆي ئىچىدىكى ئاۋاز تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى:

— ئىنامىڭغا پېتىپ يۇر تاشتوختى، ئەگەر گېپىمنى ئاڭلىمساڭ ئۆزۈڭنى تۇرمىدە كۆرىسەن.

ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالغان ئاقنىسا، دەرھاللا ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يوقاپ كەتكەن تاشتوختىنىڭ مۇشۇ ئۆيدە ئىكەنلىكىدىن، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى. لېكىن، ئۆي ئىچىدىن ئاڭلانغان غاراڭ ـ غۇرۇڭ بوم ئاۋازغا قۇلاق ياقتى:

— ئەمىسە، ئۇ مۇناپىق ھاكىم خوتۇنۇمنى ئىگىلىۋالسا، ھەق ئىللا دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرامدىم؟

— دەرۋازا، تاملارغا ھېلىقى خەتلەرنى چاپلاپ، يەنە دەردىڭ چىقمىدىما؟ قاراپ باقسام سەن چاپلىغان ئۇ نەرسىلەر كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنى چوقۇم پەزلىيە دېگەن خوتۇن ياكى ئۇنىڭ بالىۋاقىسى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. بەلكىم ھازىر ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئىلەڭگۈلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقاندۇ!

— سىلى، شۇنداق قىلىپ دەردىڭنى چىقار دېگەچكە،

ئوتتۇرا كېچىدە ئۇيقۇمدىن كېچىپ قىلدىم. بولمىسا ئۆيگە بېسىپ كىرىپ...

— ھە، نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— بوغۇزلايمەن...

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ، سەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغۇچە، سېسىق بەدىنىڭ غەلۋىردەك ئۆتمۆشۈك بولۇپ كېتىدۇ.

— بۇ ... بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— ئۇنىڭدا سەككىز پاي ئوقلۇق «ۋالتېر» تاپانچا بار ئۇقتۇڭما؟...

ماراپ تۇرغان ئاقىنساننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئاڭغىچە تاشتوختىنىڭ گاراڭ ـ گورۇڭ ئاۋازى ئۇنى سەگىتتى.

— ئۇنىڭدا تاپانچا نېمىش قىلسۇن، ئۇ ياكى ساقچى باشلىقى بولمىسا.

— ساڭا ئوخشاش مۇتتەھەملەر قۇتراپ قالغاچقا، ناھىيىنىڭ بىرىنچى قول ھاكىم، شۇجىلىرىغا ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىپ بەرگەن.

ئۆي ئىچى بىر پەس جىمىپ كەتتى. بەلكىم تاشتوختى تاپانچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەنسىز خىياللارغا چىرمىلىپ قالدىمۇ ياكى بىرەر شۇملۇقنى ئويلاۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ، خېلىغىچە بىرەرنىڭ يۆتەلگىنىمۇ ئاڭلانمىدى.

— ئەمىسە، مەن ئاقىنسا دېگەن شاپاقچى جالاپقا ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلسامغۇ بولا؟

— ھەي قاپاقۋاش، ئۆلگۈڭ بار ئوخشىمامدۇ، خېلى كۆپ سودىگەرلەرنىڭ نورغۇن پۇلىنى ئېلىپ قاچتىڭ، ئۇنىڭ دەردىنى ئاقىنسا تارتتى. ئۆيەر ـ بۆيەرلەردە پارتلاتقان ئىشلاردا «شېپىگەرچىلىكى بار» دەپ قانۇن ئورۇنلىرى ھۆكۈم چىقارغان تۇرسا، ئاقىنسا بۇ گەپلەرنى ھاكىمغا دېمەي قالارما؟

— ھەممىسى ئۆسەك گەپ، ئەمىسە قاراپ تۇرۇپ خوتۇنۇمنى باشقىلارغا تاشلاپ بېرەمەنما؟

— ئاقىنسا قاچانلاردىن بېرى سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولۇپ قالدى ـ ھە؟ قولۇڭدا توي خېتىڭ بارمۇ؟

— نىكاھ قىلغان تۇرساق.

— نىكاھنى ھۆكۈمەت پۈچەك پۇلغىمۇ تەڭ قىلمايدۇ، — تۇراپ ئەيسانىڭ ئېغىر ـ ئېغىر تىنىقى ئاڭلاندى، — مۇشۇ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن يات، ئاندىن سېنى ئانچە ـ مۇنچە پۇل ـ پۈچەك بىلەن يولغا سالىمەن...

ئاقىنسا لىپىلا قىلىپ ئارقىسىغا ياندى ـ دە، تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىدىكى ئاياغ ئاۋازىنىڭ پېشايۋان پەلەمپەيلىرىنى تاراقلىتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھويلىغا قايتا يېنىپ كىردى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىپلا ئۇدۇلدىكى ئىشىكنى قاقتى:

— تۇراپكا.... تۇراپكا، مەن كەلدىم.

ئىچكىرىدىن بىر ـ ئىككى قېتىملىق يالغان يۆتەلگەن ئاۋاز كەلگەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، بوسۇغىدا تۇراپ ئەيسا پەيدا بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كېرىلىپ ئەسنەپ، خۇددى ھېلىلا ئۇخلاپ قوپقان ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى.

— قېنى كىر. ھە، ئۇلار ئاناڭ ـ قىزىڭ دېيىشىپ كەتتىمۇ؟

— نېمىشقا ئۇنداق دېيىشكۈدەك، ئۇلارنى غىژ ـ غىژغا سېلىپ قويغۇدەك بىرەر ئىش قىلغانمىدىڭىز؟

— مەن نېمە قىلغۇدەكمەن؟ — تۇراپ ئەيسانىڭ شالاڭ قاشلىرى دىردىيىپ كەتتى، — دېگىنە قېنى، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىدىڭ.

ئاقىنسا كارىدوردا تۇرۇپ ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرىۋىدى، تۇراپ ئەيسانىڭ پۈدەپ قويغاندەك قىزىلكوس





چىرايىنى جۇدۇن قاپلىدى. ئۇ بىرچېكىتكە تىكىلگىنىچە، چەمەك بارمىقىدا بۇرنىنى ئۇزۇنغىچە كوچىلىدى. ھەتتا بۇرۇن تۆشۈكىگە كەپلىشىپ قالغان بارمىقىنى تارتىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بۇ ھال ئاقنىسانىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۈرۈۋەتتى.

— ئىچكىرىلەرگە يىغىنغا بېرىش، ئاقتامدىكى باللىرىنى يوقلاش، تېلېفون ئارقىلىق دىدارلىشىش، كېيىنچە بۇلارنىڭ شالاڭلاپ يوقاپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەشتى، دېگىن، — تۇراپ ئەيسا بۇرۇن تۆشۈكىدىن بارمىقىنى تارتىپ سورىدى، — ئۇنىڭدىن باشقا گەپ ـ كالىچى بولمىدىما؟

— ھە، پەخرۇللا ھاكىم سەل خاپا بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

ئاقنىسا پەخرۇللانىڭ كەيپى ئۆرلىگەن ھالدا دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى، تۇراپ ئەيسا لاسسىدە سولتىيىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە دەرۋازا، تاملارغا چاپلانغان ھېلىقى «جېدەل ئۇرۇقى»، «ھۆرمەت ـ ئىناۋەت شالتىقى» خەتلىرنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەي، ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىچىدە بولسا «بىرىنچى قېتىم ئۇرۇلغان پالتا بىكارغا كەتتى» دەپ ئويلىدى....

## ئون توققۇزىنچى باب

# قۇترىغان توڭگۇز

پەخرۇللا ھاكىم ئائىلىسىدىكىلەرنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئەتىسىلا كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىپ، 10 كۈن بولغاندا قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىم چىمەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسى كەلكۈنگە قارشى ئالدىن تەييارلىق قىلغاچقىمۇ، ۋەھشىيلەشكەن شىردەك ھۆركىرەپ كەلگەن سۇ، سەككىز كۈنگىچە توختىماي ھەيۋىتىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كەنت ـ يېزا، مەيدان، چارۋىچىلىق رايون، قىسقىسى، چىمەن خەلقىگە زور ئاپەت ياغدۇرالماي ئۆتۈپ كەتتى. پەخرۇللا ئۇچۇن بىر يىلدا ئىككى نۆۋەت ئېغىر سىناق ئىمتىھانى بارئىدى. بىرى، 6 ـ ئايلاردىكى كەلكۈن ئاپىتى بولسا، يەنە بىرى، 2 ـ 3 ـ ئايلاردىكى قۇم بوران ئاپىتى ئىدى. گەرچە بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم مەلۇم يېزا ياكى كەنتلەرنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق، باغۋاران، يايلاقلىرىنى بېسىپ كەتكىنى بىلەن پۈتۈن چىمەن خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇم يۆتكەش، كۆمۈلگەن تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىش، زىرائەتلەرنى قۇتقۇزۇش، دەل ـ دەرەخ، مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ تۈۋىنى ئېچىش، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى جىددىي ئېلىپ باراتتى. پەخرۇللا بۇنداق كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان جەڭ مەيدانىدىن بىرەر ـ يېرىم سائەتمۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ تاغار كۆتۈرۈپ، قۇم ئۇسۇپ، سۈپۈرۈپ، ئالىقانداپ قىلىدىغان ئېغىر ئىشلاردا ئۆزى قول

سىلىپ ئىشلىگەچكە، كادىر ـ ئىشچى ـ دېھقان، شەھەر ئاھالىلىرىمۇ ئىلھاملىنىپ، جان ـ دىلى بىلەن ئەڭ ئېغىر مۇشكۇلاتلارغا ئۆزىنى ئۇراتتى. پەخرۇللا ھەرقانچە جاپالىق ئىشلار بولسىمۇ، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىدىن كەتسىمۇ، ئاقىنسا بىلەن ئۆتكەن ئەڭ شېرىن مىنۇتلار كۆز ئالدىغا كېلىشى، ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەركىن، ساغلام، تېتىك ھېس قىلاتتى. بەزى ھاللاردا ئۆزىمۇ ياقىسىنى تۇتۇپ: «توۋا، ماڭا نېمە بولدى؟ باشقىلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئويلاپمۇ قويمىدىمغۇ، ئويلىغىنىم بىلەن نېمە پايدا، ئۇنىڭدىن بەربىر ۋاز كېچەلمىسەم، ئۇ بولمىسا گويا يورۇق جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلسا، ئۇنىڭ ھەربىر ساددا كۈلكىسى، سەممىمىي تۇتۇلۇپ دومسىيىشلىرى، خۇددى بوۋاق بالا دادىسىنىڭ يۈزىنى تاتىلىغاندەك يۈزلىرىمنى مۇجۇپ كېتىشلىرى، تېخى بەزىدە بىلەكلىرىمنى چىشلەپ <ئاغرىدىمۇ> دەپ سوراشلىرى... يا... ياق، ئۇنىڭ ناز كەرەشمىلىرى، تاتلىق خۇي ـ مىجەزلىرى، مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ھېس ـ تۇيغۇلاردۇر...»

پەخرۇللا ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئاشۇ خاتىرىلەرنى ئەسلىگىنىدە، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدۇ. «بۇمۇ تەقدىرنىڭ ماڭا قىلغان سوۋغىسى» دەپ ئۆزىنى بەزلەيدۇ. دېمىسىمۇ ھازىرقى ئۇنىڭ بارلىق خۇشاللىقى، بەختى، ئامىتى ئاشۇ بىرلا «تاتلىق چوكان» غا باغلىق بولۇپ قالدى. پەخرۇللا خىياللار ئىسكەنجىسىدە يېزىۋاتقان ماتېرىيالىنىمۇ توختىتىپ قويۇپ، ئىشخانىسىدا دېرىزىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈۋاتقاندەك، ھەممىنى ئۇنتۇتقانىدى. شۇڭا، ئىشىكنىڭ چېكىلگىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى. پەقەت ئىككىنچى قېتىم خېلىلا قاتتىق ئۇرۇلغاندىن كېيىن چۆچۈپ كەتتى ـ دە، «كىرىڭ» دەپ قويدى. ئىشىك ئېچىلىپ تۇراپ ئەيسا قورۇنۇپ، ھىجىيىپ كىرىپ كەلدى.

— كېلىدىكەن تۇراپ ئەپسا، قېنى ئولتۇرۇڭ.

پەخرۇللا ئۇنى دىۋانغا تەكلىپ قىلىشى، ئۇمۇ «رەھمەت» دەپ قويۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا نە خاپا بولغانلىق ياكى خۇشاللىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت پەخرۇللاغا غىل - پال غىل - پال قاراپ قويۇپ، يەنە يەرگە قارىۋالاتتى.

— تۇ مۇدىر، بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭىز؟ — پەخرۇللا: ئاقىنسانىڭ ئىشىنى مۇشۇ ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇغۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، — ئۆزىڭىز كىرىپ قاپسىز، بولمىسا مەن ئۆزۈم سىزنى ئىزدىمەكچى ئىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ قېنى ھاكىم دېسىلە، قۇلىقىم سىلىدە.

— يا... ياق، سىز مېنى ئىزدەپ كىرگەندىن كېيىن، قانداق ھاجەت، تەلەپلىرىڭىز بولسا ئاۋۋال مەن ئاڭلاي، ئاندىن سىز قۇلاق سالامسىز.

— ئوغلۇم رەخمىتۇللا مالىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگىلى بىرىل بولاي دېدى، — تۇراپ ئەپسا ئۇھسىندى، — لېكىن ھېچقانداق ئورۇندىن بىزگە لازىم دېگەن ئالىقاندەك خەتنى قىلىپ بەرمىگەچكە ھازىرغىچە خىزمىتى يوق يۈرۈۋاتىدۇ.

— نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسىز، بۇ ئۇنچىۋالا چوڭ ئىش ئەمەسقۇ. بىرلا تېلېفون بېرىپ قويسام ئىشلەپ كەتمەمدۇ، سىزمۇزە راسا گىرى ئادەمكەنسىز.

— رەھمەت ھاكىم، رەھمەت، — تۇراپ ئەپسا غەلىتىلا ھىجايدى، — ئەمدى شۇ ئاۋارە قىلغۇم كەلمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ سىلىنى ئىزدەيدىغانلار ئازمۇ؟ خىزمەتلىرى تېخىمۇ ئالدىراش.

— تۇراپ ئەپسا، سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە ئىشلەيدىغان ئاقىنسا ماڭا بىر ئىلتىماس يېزىپتىكەن.

پەخرۇللا ئاقىنسانىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ رېماتىزم كېسىلىنىڭ بارلىقى، ئۇ مېھمان كۈتۈشتە سۇ بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەچكە، ھازىر بۇ كېسەل كۈچىيىپ بوغۇم ئاغرىقىنى

كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بىر ھازا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. شۇڭا تۇراپ ئەيسا رەھبەرلىك نامىدىن بىر ئىلتىماس يازسا، تەستىقلاپ بېرىدىغانلىقىنى پۈرىتىپ ئۆتتى.

— ئۇنىڭ ئورنىنى يۆتكەشتە مۇشۇ ئىدارە ئىچىدىكى بىرەر بۆلۈمگىمۇ ياكى سىرتتىكى ئىدارە ـ جەمئىيەت، كارخانىلارغىمۇ؟ — تۇراپ ئەيسا ئىچىدە: قارا، بىر جالاپنىڭ مېھرىنىڭ يامانلىقىنى، دەپ ئويلىدى، — ئۆزلىرى نەگە دېسىلە، مەن ئىلتىماسقا ئەسكەرتىپ قوياي.

— ئىدارىمىز ئىچىدىكى ئەرزىيەت ئىشخانىسى بولسا قانداق بولا؟

— بولۇشىغۇ بولىدۇ، بىراق ئاقىنسا ئاپئاق كادىرلار شتاتى ئەمەستە.

— ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرسا، كېيىن مۇۋاپىقراق ئورۇن چىققاندا، يۆتكەپ قويىمايمىزمۇ.

— بۇمۇ بولغۇدەك، — تۇراپ ئەيسا: «قارا ئۇستاتلىقىڭنى، بۇ چاغقىچە ئاقىنسانى كادىرلار ئانكىتىغا كىرگۈزۈپمۇ بولغانسەن» دەپ پىچىرلىدى، — ئەمىسە مەن ئۇ توغرۇلۇق بىر ئىلتىماس يېزىپ ئەكېلەي، تەستىق سېلىپ بېرەلا.

— ئوغلىڭىزنىڭكىنىمۇ بىللە يېزىپ كېلىڭ، ئىككىسىگە تەڭلا تەستىق سالاي.

— خوش، خوش...

پەخرۇللا تۇراپ ئەيسانىڭ ئوغلى رەخمىتۇللانىڭ خىزمەت ئورنى مەسىلىسى، ئاقىنسانىڭ يۆتكىلىش ئىشىغا تەستىق سالغاندىن كېيىن، يول قۇرۇلۇشى جىددىي كېتىۋاتقان ئوتتۇرا تارىم چۆللۈكىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يول قۇرۇلۇشى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلگۈرۈپ كېلەلمەيۋاتقان ماتېرىياللارنى سۈيلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ماڭدى. پەخرۇللا كۆۋرۈك، يەر ئاستى سېمونت نور، ئۆتۈشمە يول ماتېرىياللىرىنى

ئۈستىگە ئالغان شىركەت، زاۋۇتلارغا بېرىپ، توختاپ قالغان پولات تاياقچىلار، ھەرخىل تومۇلۇقتىكى سىم، سېمونت، خىمىيىلىك شىلىم ۋە دورىلارنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئوتتۇرا تارىمغا قايتتى. ئۇ يول قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى مەسئۇللار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ چىمەنگە يول ئالدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى يېرىم ئاينىڭ قارىسىنى ئالغاچقا، ئاقنىسانى بەكمۇ سېغىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ناھىيىلىك كومىتېت ھويلىسىدا ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى. بىراق ئاقنىسا ھېچيەردە كۆرۈنمىدى. ئۇ ھەر دائىم سىرتتىن كەلگىنىمدە، مېنى كۆزلىرى بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ئەمدى نېمە بولدىكىنە، مەندىن چېنىپقۇ يۈرمەس، دېگەن ئوي ئۇنىڭ ئىچىدە بىر يېرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئارقا يوللار بىلەن ئاقنىسانىڭ ئۆيىگە بارماقچىمۇ بولدى. پەخرۇللا ئەنە شۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە ئۆيىگە قانداق كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ، ئىشكاپتىن يەڭگۈشلەيدىغان مايكا، كۆڭلەك، كالتە ئىشتانلىرىنى ئېلىپ مۇنچىغا چۈشۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، كىمدۇر بىرى ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن قۇچاقلىۋالدى. قوۋزىقى سويۇۋېتىلگەن دەرەختەك ئاپئاق بىلەكلەر، دۇمبىسىگە ھۆزۈر بېرىۋاتقان يۇمران، يۇمشاق كۆكسىلەر، تونۇش بىر ھىد... قۇلاقىقا سىڭىپ كەتكەن ھاسىراشلار... ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— ئاقنىسا ئاپئاق!... بۇ... بۇ سىز... ئاپئاق قىز...

— ھا، ھا، ھا، — ئاقنىسا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى، ئۇ پەخرۇللانى قۇچاقلاپ، پارقىراپ تۇرغان ھال رەڭ لەۋلىرىنى ساقال باسقان يىرىك لەۋلەر ئۈستىگە بېسىپ ئۆزۈن سۆيدى. گەرچە ئۇ قاقاقلاپ كۈلگەن بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن

تارامىلاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى.

— يىغلاۋاتىسىزغۇ؟ سىزگە بىرەر ئىش بولدىما؟

— بىلمەيمەن. نېمىشقا يىغلايمەنكىن تاڭ.

— بۇ يەرگە قانداق كىردىڭىز، سىزنى بىرەر كىم كۆردىمۇ؟

— مېنى ھېچكىم كۆرمىدى، ھېلىقى تامدىن ئاتلاپ چۈشتۈم.

— مۇنداق دەڭ، — پەخرۇللانىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، — مېنىڭ كەلگىنىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

ئاقىنسا ئەرزىيەت ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىنى كۆزەتكىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان مەريەم، بىر كۈتكۈچىنىڭ ئەرزىيەت ئىشخانىسىغا كېلىپ قالغىنىغا نارازى بولۇپ: «ئارقا دېرىزىدىن كىرگەن مۈشۈك»، «مۇناسىۋەت مەھسۇلى»، «ئېتى مارجان بۇۋى، قوڭىدا ئىشتان يوق...» دېگەندەك گەپلەرنى قاملاشسۇن، قاملاشمىسۇن، چۈشسۇن - چۈشمىسۇن گەپ ئارىلىقلىرىغا قوشۇپ تەنە قىلاتتى. ھەتتا بىر كۈنى ئۇ: «ۋاي جېنىم، ئون تىيىن دېگەننى ئۇ يەردە قويسا، بۇ يەردە يوق ئەرزىمەس بىر نېمە، لېكىن بىر خوتۇن كۆكتاتچى بىلەن ئون تىيىننى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتتى دېسە، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئون تىيىنمۇ خېلى جىق پۇل ئوخشايدۇ، خېلى - خېلى ئادەملەرنىڭ كۆزى چۈشىدىغان» دەپ، ئاقىنسانىڭ نومۇسلۇق لەقىمىنى چىشلەپ تارتىپ تەكرارلاۋەردى. ئاقىنسا پارتلاپ كەتكىلى تاسلا قالدى. بىراق، پەخرۇللانىڭ «خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، سىز تەمكىن، ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇڭ... ئادەم تېرىككەنسېرى گۇمانلىق بولۇپ قالىدۇ...» دېگەن سۆزلىرى ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويغانىدى. بۈگۈنمۇ پەخرۇللا چۈشكەن «قىزىل بايراق» ماركىلىق ماشىنا ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە،

ئاقنىسا دېرىزىدىن كۆرۈپ، يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك ئۆيناپ كەتتى. ئۆزىمۇ كەپتەردەك قانات ياساپ، ئىشخانىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتكۈسى كەلدى. ئەمما، ئۇ مەريەمنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قىلالمىدى.

— بولدى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ... ئۇنداق ۋەت - ۋەت خوتۇنلار بىلەن تەڭ بولماڭ.

— بىر ئېغىزلا گەپ قىلىپ قويسىڭىز ئۇ ئازازۇل خوتۇننى باشقا ئىشخانىغا يۆتكىۋېتىدۇ.

— لېكىن ئۇ ئاغزىنى ئىشخانىغا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتمەس. ئۇ باشقا يەرگە يۆتكەلسە، ئۇنىڭ گېپى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ، بىلدىڭىزما؟ تېخى ئۇ كونا پارتىيە ئەزاسى!

— پارتىيە ئەزاسى دېگەن قانچىلىك نېمىتى؟

— ھەي ئۇنداق دېمەڭ، پارتىيە ئەزاسى دېگەن پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت، ئەڭ ئىشەنچلىك قوشۇنى.

— مۇنداق دەڭ... — ئاقنىسانىڭ كۆزى بىر چېكىتكە تىكىلىپ، ئويلىنىپ قالدى.

— ئاقنىسا، مەن يولدا كەلگۈچە توپىغا كۆمۈلۈپ كەتتىم. مۇنچىغا چۈشۈۋالاي.

— مەنمۇ چۈشىمەن.

— بولامدۇ؟

— خۇددى بىللە چۈشۈپ باقمىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ، مەن سىزنى يۇيۇپ قويىمەن.

ئۇلار مۇنچىدىن پىلىكتەك يېنىكلەپ چىقىشتى. پەخرۇللانىڭ 15 كۈنلۈك ھاردۇقى نەلەرگىدۇر توزۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاقنىسانىڭ ئوت كەتكەن خامانلىرىمۇ ئارام تاپقاندەك قىلاتتى. كەچتە ئاقنىسا پەخرۇللاغا «ھاردۇق» ئېشى قىلىپ بېرىپ، ئىككىسى بىللە ئىچىشتى. ئاندىن يېتىپ قالدى. ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتچە ئوينىشىپ، بىر - بىرىنى شېرىن - سۆخەن تىللار

بىلەن ئەركىلىتىپ، بەزىدە قىچىقلىشىپ، پىخىلداپ كۈلۈشۈپ، 15 كۈنلۈك سىغىنىش ئوتىنى ئىزھار قىلىشتى.

— ھاكىم، ئاشۇ مەريەم دېگەن خوتۇندىن ئەجەبمۇ تويدۇم. بىرەر يەرگە كەتكۈزۈۋەتكىلى بولماسمۇ؟

— بىلەمسىز ئاقىنىسا، كىچىك باللار تامغا لاي ئېتىپ ئوينىغاندا، چاپلاشقانسىرى ئاتقۇسى كېلىدۇ، — پەخرۇللا ئاقىنىسانىڭ يۇمران ئېڭەكلىرىدىن كۆتۈردى، — ئەگەر چاپلاشماي پوكۇلداپ چۈشۈۋەرسە، ئۇلارمۇ زېرىكىپ ئاتمايدىغان بولىدۇ.

— سىز ھېچنېمە ئۇقمىغاندەك يۈرۈۋەر، دېمەكچىمۇ، — ئاقىنىسا دومسايدى، — لېكىن ئۇ خوتۇننىڭ بەزى گەپلىرى بۇ قوۋۇرغامدىن كىرىپ، ئۇ قوۋۇرغامدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئاقىنىسا مەريەمنىڭ «ئون تىيىن» ھەققىدىكى سىپسىق گەپلىرىنى دېگۈسى كەلمىدى. ئۇنى دېسە قانداق بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۆزى ئاچىدىغان ئەخمەق بولمىسا كېرەك. بۇ لەنىتى لەقەم، مەزىن ئاخۇنۇم ئۆلگەندىن كېيىن ئاقىنىساغا سىڭىپ قالغانىدى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرماق تەس بولىدۇ. بىرلا ئېغىزلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ بولماق دەپ خاپا قىلغاندەك، ئاقىنىسامۇ بىر مەزگىل، «بولماق» نىڭ كويىدا ھەرخىل كوچىلاردا مېڭىپ باقتى... كىم نېمە بەرسە رازى بولدى. بەرمىسىمۇ «بولماق» يېگىنىگە خۇش بولۇپ گەپ قىلمىدى. شۇڭا «ئون تىيىن» دېگەن بۇ نومۇسلۇق كېپەن ئۇنىڭغا كىيىلىپ قالدى. بايا پەخرۇللانىڭ «پارتىيە ئەزاسى پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت، ئەڭ ئىشەنچلىك قوشۇنى» دېگەن سۆزىدىن كېيىن، «مەريەم شۇڭا يوغان سۆزلەيدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئۇقۇمغا كەلگەن ئاقىنىسا، بىردىنلا پارتىيە ئەزاسى بولۇشقا قىزىقىپ قالدى.

— ھاكىم، — ئاقىنىسا ئەركىلەپ تۇرۇپ تولغاندى، — مېنى پارتىيىگە كىرگۈزۈپ قويسىڭىزچۇ؟

— نېمە، پارتىيىگە دەمسىز؟ — پەخرۇللا كۈلدى، — تېخى بايىلا «پارتىيە ئەزاسى دېگەن قانچىلىك نېمىتى» دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— مەن... مەن ئۇنى مەريەم دېگەن بىشەم خوتۇنغا قارىتىپ دېگەنىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام ئۇنداق ئەمەسكەن.

— مەسىلەن، قانداقكەن؟

— سىز، لى شۈجى، ئايشەم چاڭۈيې قاتارلىق نۇرغۇن رەھبەرلەر پارتىيە ئەزاسى بولغاچقا، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىكەن.

— ۋۇي، قالتىسقۇ سىز، سىياسىي ئاڭ سەۋىيىڭىز راستتىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ جۇمۇڭ.

— ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەڭ چېكى يۇقىدۇ، دەپتىكەن. بۇمۇ سىزنىڭ تەسىرىڭىزدىن بولدى - دە.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا سىز مېنى ئالدىراتماڭ، بىر يولى كەلگەندە ئۇرۇنۇپ باقاي.

— راستما، — ئاقنىسا يوتقانغا شۇڭغۇغانچە پەخرۇللانى قىچىقلىدى... — سىز... سىزنىڭ نەلىرىڭىزدە قىچىقىڭىز بار، ھەممىنى بىلىپ بولدۇم...

ئەتىسى يەكشەنبە بولغاچقا، سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا چىقىپ كەتمىگەن ئاقنىسا يالىڭاچ پېتى يوتقان ئىچىدە خېلى بىر ۋاقىتقىچە ياتتى. پەخرۇللا مۇنچىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا ئېڭىشكىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاقنىسا، تۇرۇڭ، بۈگۈن يەكشەنبە ئەليار كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ۋاي - ۋۇي، پەقەتلا تۇرغۇم يوق.

ئاقنىسا سوزۇپ ئەسنەپ تۇرۇشى، ئىشىكنىڭ تاقىلداپ ئۇرۇلغىنى ئاڭلاندى. ئىككىسى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئىشىك ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئەليارنىڭ: «دادا، ئىشىكنى ئېچىڭ...» دېگەن ئاۋازى ئېنىق

ئاڭلاندى.

— ئاچماڭ، — شىۋىرلىدى ئاقنىسا، — تۈز قۇلۇپتا ئۆيدە ئادەم بار يوقلۇقىنى بىلەلمەيدۇ.

— ۋۇي، تۈنۈگۈن كەچتە كەپتىكەن، — ئەلىيار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ غۇدۇڭشىدى، — بۈگۈن ئەتىگەندىلا نەگە كەتتىكىنە؟ ماشىنىسىغۇ لەمپە ئاستىدا تۇرىدۇ.

ئەلىيارنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقان ئاياغ شەپىسى بارغانسېرى يەسلەپ يوقاپ كەتتى. ئاقنىسامۇ كىيىملىرىنى قۇچاقلاپ، ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا مۇنچىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مۇنچىدىن چىقىپ بولغۇچە، پەخرۇللا تۇڭلاتقۇدىن گۆش، كۆكتاتلارنى ئېلىپ، لەڭمەننىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. ئاقنىسا مۇنچىدىن چىققاندا ھۆپپىدە ئېسىلىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قوڭۇرغا مايىل دولقۇن ـ دولقۇن چاچلىرى تېقىمىدا تال ـ تال چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ كەلگەنچە ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغان پەخرۇللانىڭ ئارقا تەرىپىدىن قۇچاقلاپ، مەڭزىنى دۈمبىسىگە يېقىپ بىردەم جىم تۇردى ـ دە، «ئىككىمىزنى خۇدايىم تۇتاشتۇرغاندى، ئەمما، بىزنى يەنىلا ئايرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ سىچچىدە يىغلىدى. پەخرۇللا قايرىلىپ ئۇنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ مەززىلىك پۇراپ كەتكەن چاچلىرىنى ھىدلىدى. دەرۋەقە، ئاقنىسانىڭ بۇ بىر ئېغىز گېپى پەخرۇللانىڭ يۈرىكىنى بىغىمچىدىن سوغۇرۇپ ئېلىپ، ئوتقا تاشلىغاندەك بولدى.

— بۇنداق دېمەڭ، تاتلىقىم... مېنىڭ يۈرىكىم ئېچىشىدىكەن. مېنى ھېچكىم سىزدىن مەڭگۈ ئايرىۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر سىزلا تاشلىۋەتمىسىڭىز.

— مەن قانداق تاشلىۋېتكۈدەكمەن، — ئاقنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك ياشلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، بالىلىرىڭىز تۇرسا، ۋاقتى كەلگەندە سىزنى تۇتۇپ

قالالامتىم... مېنىڭ تارتىنشقۇدەك ھېچنېمەم يوق. ھازىر دېسىڭىز ھازىرلا «مەڭگۈلۈك ئېرىم» دەپ ئۆزۈمنى ئەبەدىلئەبەد قوينىڭىزغا ئاتالايمەن...

— مەن دېگەن ئەللىك ياشتىكى ئادەممەن، سىز بولسىڭىز ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياش تۇرسىڭىز.

— كونىلار: «ۋاقتى كەلگەندە، سەكسەن ياشلىق بوۋاي بىلىگە پوتا باغلاپ يىگىت بولالايدۇ، لېكىن ئوتتۇز ياشلىق چوكان ھەرگىز قىز بولالمايدۇ...» دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتىپتىكەن. مەن ئاتمىش ئۈچ ياشلىق مەزىن ئاخۇنۇمغا ياتلىق بولغىنىمدا ئون بەش ياشتا ئىدىم.

ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى بىر - بىرىگە شۇنچىلىك سىڭىشىپ، باغلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا دىل خىرە بولىدىغان ئەنسىزلىكلەر — يۈرەك بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك ئايرىلىش شەپىلىرى... جۇدالىق ھىدلىرى... نادامەتلىك قىسمەتلەر... ئالىيىپ تۇرغان مىڭلىغان چىرايلار... تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەلىك تەقدىرلەر... كۆزىگە كۆرۈنۈپ، بۇرنىغا پۇراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمۇۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئەقىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمى ئارقىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلىشىدۇ. ئەلۋەتتە ھېسسىيات ئالدىدا يۈرگەن ئىكەن، ئەقىلنىڭ ئارقىدا ئۆمىلەپ قېلىشى تەبىئىي ھال ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار لەڭمەن تەييار بولۇپ تەخسىگە ئېلىنغانغا قەدەر گەپ قىلىشماي، يۈزلىرىگە قارىيالماي، بىر - بىرىگە نېمە دېيىشنى بىلمەي تاماق شىرەسىگە كەلدى. «ئېلىڭ، ئېقىڭ» مۇ يوق تەخسىلەرنى قۇرۇقداپ، ئۆزلىرىنى ئاش سۈيى ئەپكېلىپ ئىچىشتى. ئەمما ئاقنىسا تاماق شىرەسىنى يىغىشتۇرۇپ، قاچا - قۇچىلارنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ يۇغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ غەيرىي رەسمىي خىياللاردىن باش كۆتۈرەلمىدى. ئاقنىسا قاچانغىچە دەككە -

دۇككىدە ياشاپ، تۇرمۇش سەھنىسىدە لىڭگىرتاقتاق ئويناپدۇ. ئۇ ئەمدى پەخرۇللانى ئۇزۇل - كېسىل ئالقىنىغا ئېلىشى كېرەك... ئۇ ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەپكۈچ ئەمەس، پەقەت بىرلا ئايالغا مەنسۇپ بولغان زۇننار! ئاقنىسا بۇ زۇننارنى ئىككى يېنىغا قارىماي، ئىشەنچلىك ھالدا ماڭا مەنسۇپ دېيەلەرمۇ؟ شۇنىڭغا ئاساسى بارمۇ؟

«مېنى ئەجەبمۇ سېغىندۇردىڭىز»، «سىزدە نېمە خىسلەت باردۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىنتىلىپلا تۇرىمەن...»، «بۇ تۆت كۈن ماڭا تۆت يىل بىلىندى...»، «دۇنيادا مۇنداقمۇ شېرىن لەزىز، تاتلىق ئىشلار باركىنا...»، «سىز بىرەر نەپەس ئېسىمدىن چىقمىدىڭىز...»، «مەن زادىلا چىدىيالمىدىم...»، «مېنى سىزدىن ھېچكىم مەڭگۈ ئايرىۋېتەلمەيدۇ...»... پەخرۇللانىڭ مۇشۇ سۆزلىرىلا كۇپايە، ئۇ ئەمدى ئاقنىسانىڭ ئىزىدىن چەتنىمەي ماڭىدىغان ئەتىۋارلىق كۈچۈكى، يېتىلەككە كۆنۈك كالىسى، «گەھ» دەپ بولغۇچە قولىغا قونىدىغان قارچىغىسى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا يۆگىشىۋالغان يۆگىمەچ، سېرىق يۆگەيلەرنى يۇلۇپ ئېلىۋەتمىسە بولامدۇ؟ ئاقنىسا ئەمدى راستىنلا قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. پەخرۇللانى ئۆلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ. ھەرقانچە ئەنقانىڭ سۆتىنى ئىچىۋالغان بولسىمۇ، ئاقنىسا قىرىق - قىرىق بەشكە كىرىپ بولغىچە ئۇمۇ لەھەتنى ئۆي تۇتۇپ ياتار! شۇ چاغقىچە ئۇنىڭ دۇنيا دەپىنىسى ئاقنىسانىڭ ئالىقانلىرىغا ئۆتۈپ بولۇشى كېرەك - تە!

— ھاكىم، بولدى بىز ئايرىلىپ كېتەيلى، — ئاقنىسا ئېيتقۇسىز بىچارە ھالەتتە ئىدى، — كېچە ئۇزارسا چۈش كۆپىيىدۇ، دەپ مۇناسىۋىتىمىز چوڭقۇرلاپ، ئۇزاپ كەتكەندە ئايرىلمىقىمىز تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

— ئاق... ئاقنىسا... ئۇ... ئۇنداق قىلماڭ، — پەخرۇللا راستىنلا ئىزتىراپقا چۈشكەنىدى، — مەن... مەن ھازىر

خوتۇنۇمغا بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنى كۆرسەممۇ تەنلىرىم تىكەنلىشىدۇ.

— بولدىلا، ئۇ دېگەن بالىلىرىڭىزنىڭ ئانىسى، ھېسسىياتىڭىز ئۆلگەن تەقدىردىمۇ، كۆڭلىڭىز كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتسىمۇ، ئۇنىڭدىن بەرىبىر ئايرىلالمايسىز.

راست، پەخرۇللا پەزىلىيەدىن ئايرىلىشنى ئويلاپ باقتىمۇ؟! ئويلاندى، ئويلىغاندىمۇ ئەستايىدىل ئويلىدى. بۇ يىل كەلكۈن ئاياغلىشىپ ئاقىنسا بىلەن بىرنەچچە كېچە يوشۇرۇن ئۇچراشقاندىن بېرى، بۇ ئوي ئۇنىڭ كاللىسىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، زادىلا ئارام بەرمىدى... چۈنكى ئۇ ئاقىنسانى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قالدىكى، ھەركۈنى، ھەرزامان ئەركىن ـ ئازادە بىللە بولۇشنى چىن كۆڭلىدىن خالاپ قالغانىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق شەيدالىق كوچىسىغا كىرگەندىن كېيىن، خوتۇنىغا بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كەتتى. شۇڭا، پەزىلىيە بالىلىرىنى باشلاپ كېلىپ تۇرغاندا، ئۇ بەش كۈنگىچە تۇتۇق بەرمەي، ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىدى.

— ھاكىم، ئويلىنىپ بولغانسىز، ئەمىسە مەن چىقىپ كېتەي...

ئاقىنسا ئىشىك تەرەپكە مېڭىشى، پەخرۇللا ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ كېلىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى... ئۇنىڭ كوپتىسىنىڭ تۈگمىلىرى قاچانلاردا يېشىلىپ كەتكەن بولغىيتتى، بىر جۈپ پارقىراپ تۇرغان مامۇقتەك كۆكسى يېرىم ئېچىلىپ، قايرىلىپ كەتكەن يوپكىسى تېگىدىن بەكمۇ چىرايلىق، تولغان، سىلىق يوتىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەخرۇللانىڭ شەھۋانىيەتكە تولغان كۆزلىرى يالتىراپ غۇرتىتىدا يۇتۇندى ـ دە، ئەدىيالنى شارتىلا تارتىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە ياپتى ھەم ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— كىيملىرىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، — دەپ پىچىرلىدى.

پەخرۇللا شاپۇر ـ شۇپۇر ئىستاكانلارغا سوغۇق چاي قۇيۇپ، ئىچىپ قالغان لەگەننى قورۇمىسىدىن بىر تەخسە ئەپكەلدى. ئاندىن ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا ئاق هاراقنى ئالدى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان رومكىلارغا يېرىمىراق قويۇپ، بىرىنى ئۆزى، يەنە بىرىنى ئاقنىساغا تۇتقۇزدى. چۈنكى ئۇ ئاقنىسانىڭ كەيپىلىكتە چىقىرىدىغان ئاجايىپ لەزىز «ئويۇن» لىرىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى.

— هاكىم، بۇنى... ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش شارابى دەپ ئىچەمدۇق؟

— ياق، — پەخرۇللا كەسكىن جاۋاب بەردى، — بۇنى مەڭگۈ ئايرىلماسلىق شارابى دەپ ئىچىمىز!

ئۇلار رومكىلىرىنى بىكارلاپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئاغزىغا قورۇما سالغاندىن كېيىن، بۇ قېتىم رومكىلىرىنى خېلىلا توشتۇرۇپ قۇيدى.

— هاكىم... جېنىم هاكىم... — چوڭ رومكىلىرىدىكى يېرىم هاراق ئاقنىسانىڭ تىلىنى بىردەمدىلا كالۋالاشتۇرۇپ قويدى، — ئەمدى بۇنى نېمىدەپ ئىچىمىز ـ هە؟

— بۇنى مەڭگۈلۈك قوشۇلۇش ئۈچۈن!

— خوش ئەمىسە، مەڭگۈلۈك قوشۇلۇش ئۈچۈن!

ئۇبدانلا تەڭشىلىپ قالغان پەخرۇللا كىيىملىرىنى سېلىپ، ئەدىيال ئىچىگە كىردى ـ دە، ئاقنىسانى قۇچاقلاپ تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتى. ئۇ هاياجاندىن هاسىراپ، ئەمدىلا تەرەددۇتلەنگەندى، ئاقنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى كۆرگەن پەخرۇللا ئاستاغىنە قېشىغا كەلدى.

— سىز... سىزگە... نېمە بولدى ئاپپىقىم...

— سىز مېنى... مېنى... ئالداۋاتىسىز.

— نېمە... نېمە دەپ .... ئالداپتىمەن؟

— «مەڭگۈ قوشۇلۇش ئۈچۈن» دېگەن گېپىڭىزنى مېنىڭ ئالدىمدا ئىسپاتلاپ بېرەلەمسىز؟

— قانداق ئىسپاتلىسام بولىدۇ؟

— ئاۋۇنىڭ بىلەن... — ئاقنىسا تېخى بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا خەلق كومىتېتىدىن بەرگەن قول تېلېفوننى ئىشارە قىلدى، — خو... خوتۇنىڭىزغا... نېمىدەپ تېلېفون... ھە،... تېلېفون بەرسىڭىز... بولىۋېرىدۇ... ئىشقىلىپ ۋەدىڭىزنى ... ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلسىڭىزلا بولىدۇ.

ئېغىر مەست ئەمەس، ھوش ـ كاللىسى جايىدا پەخرۇللا قول تېلېفوننىڭ نومۇرلىرىنى بېسىپ قۇلىقىغا تۇتقان مۇشۇ پەيتتە، پەزىلىيەنىڭ بوستاندىكى قورۇسى خۇشاللىققا چۆمگەنىدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ئەختەم كەم سۆز، گۈلپىيە ئىككىسى ئوغلى دىلمۇراتنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار دەسمال، چوتكىلاردا ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى يۇيۇپ تازىلاۋاتاتتى. مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرۇۋاتقان چوڭ ئوغۇل ئەزھەر ساقچى فورمىلىرىنى سېلىۋېتىپ، ھويلىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغان ئايالى ئارزۇگۈل بولسا، يۇيۇلغان كىيىملەرنى قېقىپ ئارغامچىغا يېيىۋاتاتتى. پەزىلىيە ھويلىدىكى چايخانىدا ئولتۇرۇپ تاماق تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا چايخانىدىكى تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى. پەزىلىيە دەرھاللا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ «ھە، سىزما؟» دەپ بولغۇچە، دادىسىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولغان گۈلپىيە قولىدىكى دەسمالنى تاشلاپ، يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاستاغىنە «دادامدىن كەپتۇما» دېيىشى پەزىلىيە بېشىنى لىڭشىتتى. پەخرۇللانىڭ ئاۋازى تۇرۇپكىدىن ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى:

— باللار تىنچلىقمۇ، دىلمۇراتچۇ، ئارزۇگۈل يەڭگىدىمۇ؟

— باللار تىنچلىق، گۈلپىيە، ئەختەم، دىلمۇراتلار بۈگۈن مېنى يوقلاپ كەپتىكەن، ئۆي تازىلاۋاتىدۇ، ئارزۇگۈل كېلەر

ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يەڭگىپ قالارمىكىن. ئەزھەر بولسا ھويلىدا كىر يۇيۇۋاتىدۇ.

— ئەمىسە، پەزلىيە ئاڭلاپ تۇر، — پەخرۇللانىڭ ئاۋازى بىردىنلا قوپاللاشتى، — ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ يولىغا ماڭ، مەنمۇ تاللىغان يولۇمغا ماڭاي، باللىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئەليارنى بولسا سۇپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم، ئەمدى ئېغىرلىقى چۈشكۈدەك باللىرىمۇ قالمىدى...

— نېمە بولدى سىزگە، — ھاڭ ـ تاڭ قالغان پەزلىيە قاتتىق ۋارقىرىدى، — ئەجەب گەپ قىلىسىزغۇ، ھاراق ئىچىۋالدىڭىزمۇ ـ نېمە؟

— راست، ئازراق ئىچتىم. لېكىن مەن ھوشۇم بىلەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن. ئەمدى بولدى، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تۈگىدى. ماڭا بۈنىڭدىن كېيىن تېلېفون بەرمە، مېنىڭ دەيدىغان گېپىم شۇ، باشقا گەپ يوق!

تۈيۈقسىز ئۇرۇلغان بۇ زەربە، پەزلىيەنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك قادالدى. ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە تۇرۇپكىنى تاشلىۋەتتى. پۇلاڭلاپ تۇرغان تۇرۇپكىنى گۈلپىيە ئالدىنىغا قولىقىغا تۇتتى. تۇرۇپكىدىن كەلگەن ئاۋازنى يېرىم ـ يارتا ئاڭلىغان گۈلپىيە ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەندى.

— ۋۇي ئاتاۋۇي، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ — گۈلپىيىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — بۇنداق گەپلەر سىزگە ياراشمايدۇ جۇمۇڭ، سىز دېگەن يۇرت ئاتىسى.

— قىزىم، قويۇڭ بۇنداق قۇرۇق سۆلەت، دەبدەبىلىك قالپاقلارنى، — پەخرۇللا راستتىنلا ئەسەبىيلەشكەندەك قىلاتتى، — ماڭا ئاشۇنداق ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئوتۇغات، تاجلارنى كىيگۈزۈپ قويۇپ، قايسىڭلارنىڭ مەن بىلەن كارى بولدى؟ ھاكىم دېگەنمۇ ئادەم، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ

كۆرپىلىرى كىر بولماسمۇ، ئۆي تاماقلىرىنى يېگۈسى كەلمەسمۇ؟ چىرايلىق كىيىنىپ دوستلىرى بىلەن تويى تۆكۈنلەرگە بارماسمۇ؟ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىچۇ تېخى. ئۇ ئاغرىمايدىغان، پارچە كېسەل بولمايدىغان تۆمۈر ئەمەس! ئۇنىڭمۇ كېلىم ـ كېتىملىرى، تەنھالىقتا تۆكىدىغان مۇڭلىرى بولىدۇ... ئەنە شۇنداق يالغۇزلۇق، غېرىبلىق، ھەسرەت ـ نادامەتلەردە ئەسقاتىدىغان ئادىمى ئۇنىڭ غەمگۈزارى ئايالى ئىكەنلىكى ئېنىققۇ!... سىز ئانىمىزنى ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەپ كۆرۈڭ. قانچە سەر، نەچچە مىسقال كېلىدىكىن؟ ئاددىي بىر سوئال: ئۇ جۈپتى ھەمراھىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ھىممەت قولىنى سوزالىدىمۇ ـ يوق !

— جېنىم ئاتا، بۇ سۆزلىرىڭىز يۈرەك ـ باغرىمنى لەختە ـ لەختە قان قىلىۋەتتى، — گۈلپىيەنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلىدى، — ئەمدى... ئەمدى ئانامنىڭمۇ بۇ يەردە خىزمىتى تۇرسا.

— فاڭ جىژىڭ شۈجىنىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ، ئانىڭىز: «ئۆزىڭىز بارغاچ تۇرۇڭ، مېنىڭ بارغۇم يوق» دېگەن تۇرسا، دادىمىز راخمانوفنىڭ ھەدىستىن مىسال كەلتۈرۈپ: «ئايال كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ھۆددىسىدىن چىقىشى، ئاندىن بالىلىرىنى تەربىيىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن ئېشىنالىسا جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشسا بولىدۇ...» دېگەن سۆزلىرىنى پەزلىيە ئۆزى دەپ بەرگەنىدى.

— جېنىم ئاتا، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ...

— بولدى قىلىڭ، ئەمدى كۆڭۈلگە ئېلىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. چۈنكى، مېنىڭ ئانىڭىزغا بولغان ھېسسىياتىم پۈتۈنلەي ئۆلدى... كۆڭلۈمدە ھېچقانداق مېھرۇ مۇھەببەت قالمىدى...

— ھوي ئاتا... ئاتاۋۇي... — تېلېفون ئۈزۈلگەنىدى.

... يوتقاندا يالىڭاچ يېتىپ تېلېفون بەرگەن پەخرۇللا، قول تېلېفوننى ئۈستەلگە تاراققىدا تاشلىشى، ئاقنىسا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ يوتقانغا باستى ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى...

پەخرۇللا بىلەن ئاقنىسا چۈشلۈك تاماقنى يەپ ياتقانچە كۈگۈم چۈشۈپ قالغاندى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇرۇش ئارىلىقىدا ئىشىك قېقىلدى. بۇ قېتىم خېلى قاتتىق ئۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىككىسى ئۈن ـ تىنسىز جىم بولۇۋېلىپ ئىشىكنى ئاچمىدى. ئەليار بىرنەچچە قېتىم «دادا» دەپ ۋارقىراپ بېقىپ كېتىپ قالدى. پەخرۇللا بىلەن ئاقنىسا ئېشىپ قالغان پىلتىنى سىلىپ بىر تەخسىدىن لەڭمەن يېگەندىن كېيىن پەخرۇللا «ئازراق ھاراق ئىچىلى» دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن ئاقنىسا ئۇنىمىدى.

— مەن چىقمىسام بولمايدۇ. ئۆيدىكىلەر ماڭا ساقلاپ ئولتۇرىغاندۇ.

— ئەتە سەھەردە چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇغۇ.

— بەك مۇھىم ئىشىم بار، شۇڭا چىقمىسام بولمايدۇ.

— ماڭا دېگىلى بولمايدىغان قانداق ئىشتى ئۇ؟

— دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ، خىجىل بولىدىكەنمەن.

— ئۇنداقتا مېنى ئۆز كۆرمەيدىكەنسىز ـ دە.

پەخرۇللا بىرنەچچە قېتىم قىستاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاقنىسا قىزارغان ھالدا تۇراپ ئەيسادىن ئىككى مىڭ سوم قەرز سورىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كەنت تەشكىلى باش باھاردا ئاچىسىنىڭ ئائىلىسىگە بىر قوتا پىلە ئۇرۇقىنى 32 جىڭ پىلە تاپشۇرۇش ھېسابىدا بەرگەنلىكى، لېكىن قۇرتلار پىلە غوزىسىغا كىرگەندىن كېيىن 18 جىڭ چىققانلىقى، تېخى «بوۋۇقۇت [1]» بولۇپ، كېسەل تېگىپ ئۆلگەنلەرنىمۇ چىقىرىۋەتمەي، كەملىگەن

① بوۋۇقۇت ـــ بوۋاي قۇرت دېگەنلىك، راسا تولغاندا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

قىسمىغا جەرىمانىسى بىلەن قوشۇپ 1800 نەچچە سوم تاپشۇرماقچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇنى كەنت رەھبەرلىرى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى پەخرۇللا خاپا بولغان قىياپەتتە، — ئەسلىدىمۇ بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن سۈپەتلىك بولغاندا، 19 ـ 20 جىڭ، بولمىسا 17 ـ 18 جىڭ ئەتراپىدا پىلە غوزىسى چىقىدۇ.

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ھەممە دېھقانلار ئاشۇنداق تۆلىگەن تۇرسا، ئاچامنىڭ دېگىنى ھېساب بولامدا؟ سىز دېگەندەك دەيدىغان بولسا «ھۆپۆپۈپ پىش» دەپ ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقىرار.

— بۇ توغرۇلۇق مەن ئۇلار بىلەن چوقۇم سۆزلىشىمەن. ئاچىڭىزنىڭ ئائىلىسى ھازىرچە پۇلنى ئاپىرىپ بەرسۇن.

پەخرۇللا ھۇجرىسىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان سۇس يېشىل رەڭلىك بىخەتەر پولات ساندۇقىنىڭ سىرتقى قۇلۇپلانمىغان ئېغىر ئىشىكىنى تارتىپ ئېچىشى، ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ئىشىك كۆرۈندى. ئۇنىڭ قۇلۇپ تۆشۈكىگە بىر ئاچقۇچ كىرگۈزۈكلۈك بولۇپ، يەنە بىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. پەخرۇللا ئاچقۇچنى ئۈچ قېتىم بۇراپ، تەڭشىگۈچنى ئوڭغا سەللا بۇرىۋىدى «دىرىڭ... دىرىڭ... دىرىڭ...» قىلغان ئۈچ قېتىملىق زىل سىگنالدىن كېيىن كىچىك ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇستەلگە جەينەكلەپ كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرغان ئاقىنىسا قىيا بېقىپ، ساندۇق ئىچىدىكى ئۈچ دەستە پۇل، پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش رەڭ تاپانچىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، دەرھاللا تامدىكى كالېندارغا قاراپ تۇرۇۋالدى.

— تۇتۇڭ مانا بۇ ئىككى مىڭ سوم، — پەخرۇللا قاتلانمىغان پۇلنى ئاقىنىساغا تۇتقۇزدى، — باشقىلاردىن سوراپ يۈرمەڭ.

— ۋاي خۇدايىم، ئەجەب سەتچىلىك بولدى، — ئاقىنىسا قىزىرىپ كەتتى، — مەن بۇ پۇلنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن.

— بولدى قىلىڭ، «مېنىڭ سىڭلىم» دەيدىغان چەكلىمىدىن ئۆتۈپ كەتتۇقمۇ دەيمەن.

— رەھمەت ھاكىم، — ئاقنىسا پەخرۇللانى قۇچاقلاپ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى، — ھاكىم بىر ئىشنى دېسەم خاپا بولارسىزمۇ؟

— قېنى دەڭ.

— بىر ئادەم مېنى ئىزدەپ كېلىپ، «سىز ھاكىم بىلەن يېقىنكەنسىز، ھەتتا ئاكىڭىزنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپسىز. ئۈچ مىڭ سوم بەرسەم مېنىڭ ئوغلۇمنى تويتېرەك يېزىسىدىن شەھەرگە يۆتكەپ قويسا» دېگەنتى...

— ھە، سىز نېمە دېدىڭىز؟ — پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى چېقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى، — چوقۇم بىر ئوتقۇيرۇقى ئۇ ئادەمنى كولدۇرلاتقان گەپ.

— مەن ئۇنى تىللىۋەتتىم، «ئاكام مېيىپ بولغاچقا، ناھىيە رەھبەرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ ئورۇنلاشتۇردى. مېنىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن قىلچە ئالاقەم يوق» دېدىم.

— ئەجەب توغرا جاۋاب بېرىپسىز. پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ مېيىپلارغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىدىغان سىياسەتلىرى بار ئەمەسمۇ.

— ئۆتكەندە ئەرزىيەت ئىشخانىسىغا كەلگەن بىر مۇھىم ئەرزنى سىزگە كۆرسەتكىلى مېنى ئەۋەتكەنىدى، — دېدى ئاقنىسا پەخرۇللانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — ئىشخانىڭىز ئالدىغا كەلسەم بىر مۇنچە ئادەملەر ئورۇندۇقلاردا نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. گەپلىرىگە قۇلاق سالسام «پالانى قۇرۇلۇشنى ماڭا بەرسە» دەيدىغان، يەر سېتىۋېلىپ قۇرۇلۇش سالىدىغان دىرېكتور، خوجايىنلار، باللىرىنىڭ خىزمەت مەسىلىلىرى ئۈچۈن كەلگەن ئاتا - ئانىلار، يۆتكىلىش ئىشىغا يول مېڭىۋاتقان ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلار دېگەندەك ھەرقىسما ئادەملەركەن.

ياق، شۇنچە دىققەت قىلدىم، ئۇلار سىزنى ماختىسا ماختىدىكى، ھەرگىز قالايمىقان گەپ قىلمىدى.

— قانداق ماختاشتى؟

— كەسكىن، ئادىل، لىللا، بىرنەرسە تەمە قىلمايدۇ، دېيىشتى...

— ئاقنىسا، ئەمىسە پۇلنى ئاچكىزغا ئەچىقىپ بېرەمسىز؟ — پەخرۇللا دېرىزىدىن قاراڭغۇ باغقا قارىدى، — مەن سىزنى ئەچىقىپ، تامدىن چۈشۈرۈپ قوياي.

— ماقۇل، — ئاقنىسا تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — ئاخشام... ئاخشاملىققا يەنە كېلەمدىم؟

— ئىلتىپاتىڭىز چوڭ - كىچىكى يوق.

— يەنە بىر سائەتتىن كېيىن تام تۈۋىگە چىقىڭ.

پەخرۇللا ئاقنىسانى تامدىن چۈشۈرۈۋېتىپ قايتىپ كىرگۈچە ئۇنى بىر خىل غەشلىك چىرمىۋالدى. ھېلىقى ئادەمنى ئاقنىسانىڭ قېشىغا كىملا ئەۋەتمىسۇن ياكى گەپ ئۆگەتمىسۇن، ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس ئىدى. بۇنداق دېيىشمۇ ئاددىي بولۇپ قالاتتى. ئۇ مۇناپىق لەنىتىنىڭ پەخرۇللادا نېمە ئۆچ - ئاداۋىتى باردۇ؟ ئاقنىسانى پەخرۇللانىڭ كېسىلىنى بېقىشقا، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ئۆيلىرىنى تازىلاشقا تەشكىل ئەۋەتكەن. ئۇنىڭغىمۇ ئىككى يىلدەك بولۇپ قالدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئاقنىسانىڭ مېھمانخانىدىن باغ تەرەپكە ئۆتكىنىنى ئىنس - جىن كۆرمىدى. ھەتتا شۇ يىلى ئۇنىڭ ئاش - تاماق توشۇغان ئىشلىرىنىمۇ كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىشتى. يەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق، پەخرۇللا بىلەن قېرىشىۋاتقان، پۇت تېپىشىپ دۈشمەنلىشىۋاتقان زادى كىمدۇر؟

پەخرۇللا خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلى بىئارام بولۇپ، ئەمدىلا ئۆيىگە كىرىپ، بىر تال تاماكا چېكىپ بولغۇچە ئەليار كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆينىڭ

ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا سەپسېلىپ چىقتى. ئاندىن بۇرنىنى قولياغلىقىدا ئېتىۋېلىپ، ئۈستەلدىكى ئىككى رومكا ۋە بوتۇلكىدىكى يېرىملاشقان ھاراققا قارىدى.

— دادا، بىر كىم بىلەن ھاراق ئىچىپسەن ـ ھە؟ — دېدى ئەليار ئىككى رومكىنى ئىتتىرىپ قويۇپ، — ئۆيمۇ ھاراق پۇراپ كېتىپتۇ.

— ھە، بوستاندىن بىر ئاغىنەم كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم.

— قاچان كەپتىكەن؟

— بۈگۈن ئەتىگەن.

— مەن بۈگۈن ئەتىگەن كەلسەم يوقكەنسەن، بايا يەنە كەلدىم. شۇ چاغدىمۇ ئۆيدە باركەنسەندە؟

— بۇ... بۇ... — پەخرۇللا بۇنچىلىك ئىشلارنى ئېپىدە يولغا سالالايتتى، — ئاشۇ ئاغىنەم بولمامدۇ، «ئىشىكنى ئاچما، ئۆي ھاراق پۇراپ كەتتى. كىچىككىنە بالا بىزنىڭ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرسە يۈزىمىزگە سەت. ئاراڭلاردىكى ئاتا ـ بالىلىق پەردىشەپمۇ يوقىلىدۇ...» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئىشىكنى ئاچمىدىم.

ئەليار ئاكىسى ئەزھەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ يۈزى تۈۋەن، ياۋاش، كەم سۆز، ئىچىملىك ـ چېكىملىكلەردە يوق، رايىش بالا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم ھاراق ئىچىپ كېلىشىدە ئاچچىقى خېلىلا باردەك قىلاتتى. لېكىن دادىسىنىڭ ئالدىدا ئېغىز ئاچالماي، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا يەر بېقىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. ئۇنى دەرھال يولغا سالمىغاندا، ئاقىنسا تام تۈۋىدە ساقلاپ قالاتتى. پەخرۇللا تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قويۇپ زېرىكتى.

— بالام، ئۆيدە مېھمان بولغاچقا، چۈشتىمۇ ئارام ئالالمىدىم. نېمە گېپىڭ بولسا دېسەڭ بولىدۇغۇ.

ــ ئانام... ئانامغا نېمىدەپ تېلېفون بەرگەن؟

ــ سەن چوڭلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشما، بۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن.

ــ ئەمىسە، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم راستكەندە؟

ــ سەن نېمىنى ئاڭلىدىڭ.

ــ «ئون تىيىن» دەپ سەت لەقىمى بار بىر ئايال بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟

ــ «ئون تىيىن»؟ ــ پەخرۇللا ئاچچىق كۈلدى، ــ ئېشىمدا يوق پۇرچاق، پوقۇمدا نېمىش قىلسۇن دەپ، كۆرۈڭ ما گەپنى... نېمە بەش تىيىن، ئون تىيىنكەن ئۇ؟...

ــ مېھمان كۈتۈشتە ئىشلەيدىغان شاپاقچى خوتۇنۇڭچۇ؟

ــ ئاغزىڭنى يىغ، ئۇ دېگەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەن كېسەل بولغاندا، تەشكىل ماڭا قارىغىلى ئەۋەتكەن ئايال.

ــ مەن... مەن... ــ ئەليار يىغلىۋەتتى، ــ تۆت ئاغىنەم تويلاشقان يەرگە بارالمايدىغان بولدۇم. ھەممىسىلا سەت... سەت گەپلەرنى قىلىپ...

ــ قانداق سەت گەپكەن ئۇ؟

ــ ياش ئاناڭنىڭ... با... باھاسى بەك ئەرزانكەن... داداڭ ھاكىم بولغاندىن كېيىن باھاسىنى سەل ئۆرلەتسۇن...بولمىسا يۈزۈڭگە سەت، دېيىشىپ...

ــ ئۇنىڭ «ئون تىيىن» دېگەن لەقىمىنى ئەجەب ئاڭلىماپتىمەنكىنا...

ــ سەن ئاڭلىمىغان بىلەن خەقلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىكەن.

ــ مەن ... مەن... ــ ئەليارنىڭ ئاچچىق گەپلىرىدىن مەڭدەپ قالغان پەخرۇللا ئاغزىدىن قانداق گەپ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالغانىدى، ــ مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

ــ ئەگەر سەن ئاشۇ خوتۇننى دەپ ئانامدىن ئاجرىشىپ

كېتىدىغان بولساڭ، — ئەليار ئورنىدىن تۇردى، — مەن چىمەننى، خىزمىتىمنى، بوستاننى تاشلاپ، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.

پەخرۇللا خوشمۇ دېمەي چىقىپ كېتىۋاتقان ئەليارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىچىدە: راستىنلا مېنىڭ پېيىمگە ئادەم چۈشۈپتۇ، ئۇلار ئەليار، ئاقنىسا ئارقىلىق مېنى چىمەندە تۇرغۇسىز قىلىۋەتمەكچى...

پەخرۇللانى بىرخىل قورقۇنچ ۋە غەزەپ چىرمىۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوچۇق - ئاشكارا مەيدانغا چىقالماي بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا پىتنە - پاسات تېرىۋاتقان ئۇ ئادەمنىڭ چوقۇم ئىچىدە كىشىگە دېيەلمەيدىغان بىر غەرىزى بار، دەپ بىلەتتى. بۇ ئاجىزلىقنى ئويلاپ يەتكەن پەخرۇللا يەنىلا ئۆزىگە تەسەللى تاپتى. ئۇ سائىتىگە قاراپ، دەرھال ئورۇندۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. چۈنكى، ئاقنىسانىڭ كېلىدىغان ۋاقتىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەنىدى. پەخرۇللا بىر دەم تام ئۈستىگە چىقىپ سىرتتىكى بولجاللىقنى كۆزەتسە، بەزىدە پەسكە چۈشۈپ، باغنىڭ ئىچكىرىلىرىگە ئېڭىشىپ قارايتتى. ئۇ بىر كىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغانىدى، ئاقنىسانىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ پەسكە چۈشتى. بىراق ئۇ تەرەپتىكى بولجاللىقتا شالدىرلىغان بىر شەپە ئاڭلانغاندەك قىلىشىغا، ئۇ دەرھاللا ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ قارىدى. لېكىن ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە، بىرقانچە كورسۇك لالما ئىتلارنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كۆچەتلىككە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ لاسىدا بولۇپ قالدى. پەخرۇللانىڭ كىرىپ كەتكۈسى يوق ئىدى. ھەرقانداق شارائىتتا ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ئاقنىساغا بىرەر ئەھۋال بولمىغىنىدا ئۇ چوقۇم كېلەتتى. «ئېھتىمال، پەخرۇللاغا تەھدىت سېلىۋاتقان ھېلىقى توخۇ پوقى ئۇنى بىرەر نەرسە دېگۈزۈش ئۈچۈن تۇتۇۋالدىمۇ - قانداق؟» مانا بۇ قورقۇنچ

ۋە تەھدىت پەخىرۇللانى ئۇ تەرەپتىكى بولجالىقا سەكرەپ چۈشۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ كۆچەتلىك ئىچىدىكى قىردا ئولتۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى. پەخىرۇللا خاتا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەنسىرەشلىرى چىكىگە يەتكەن مۇشۇ دەقىقىدە ئاغزى ـ بۇرنى قان بىلەن مىلىنشلاپ كەتكەن ئاقنىسا قولى ئارقىغا باغلانغان ھالدا، بىر ئەسكى سامانلىقتىكى توپا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئويۇقتىكى پارسىلداپ كۆيىۋاتقان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا دۆۋىلەنگەن سېسىق سامان، بىر بۇلۇڭغا تورتەكلەپ يىغىپ قويغان ئورۇن ـ كۆرپە، قاپقارا مىس چۆگۈن قاتارلىقلار خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاقنىسا بۇ ئەسكى سامانلىقنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

دولقۇنلۇق قوڭۇر چاچلىرىغا سېسىق سامانلار چاپلىشىپ، پېشانىسى ۋە جاۋغىيىدىن قان ساقىپ تۇرغان ئاقنىسا ئالدىدىكى غورا قاپاق، كۆزلىرىنىڭ پاختىسى چەكچەيگەن، داتلاشقان مىستەك قىزغۇچ چىرايىنى قاپقارا داغلار قاپلىغان، خۇددى ئاتقۇچىنىڭ توقمىقىدەك كاللەكلا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە دېۋەيلەپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن قارا چىراغنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا، ئۇنىڭ تاشتوختى ئىكەنلىكىنى ئارانلا تونۇدى.

— ھەي جالاپ، مېنىڭدىن ئاجراشماي تۇرۇپ، — تاشتوختىنىڭ ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك قايناپ چىققانىدى، — ھاكىمنىڭ ئاشنىسى بولدۇڭما؟ ئۇ سېنى قانچىلىك رازى قىلالىدى؟ ئۇنىڭ پۇلى، ئەمىلى، ياسىداقلىق ئۆيلىرىگە كۆزۈڭ قىزارغاندۇ تايىنلىق! ئېيتە، پاسكىنا!

تاشتوختى زاغرا ناندەك يىرىك ھەم قاتتىق ئالىقانلىرىدا بىرنەچچە كاچات سېلىشىغا، ئاقنىسانىڭ بۇرنى باشقىدىنلا شورقىراپ قاناپ كەتتى. غەزەپ ئاچچىقىدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن ئاقنىسا ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

— ھەي ئاچچىقى يامان، بىلى بوش قارا ھېجىقىز، سەن تاشتوختىنى بىلمەيمەنما مەن! — ئاقنىسا ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە قان تۆكۈرۈۋەتتى، — ئۇ بارغۇ قارا ئېيىقتەك كۈچلۈك، شىردەك ھەيۋەتى بار ئادەم! ئەگەر ئىشەنمىسەڭ مەن يەپ باققان نەرسىنى سەنمۇ يەپ باقامسەن؟ ۋۇي، بېلىنىڭ ئاستىغا سۇيۇقئاش بارمىغان ئەزىمايلا!

— ھەي، ئاغزىڭنى تارت، شاپاقچى... ھېلى بىكار... — تاشتوختى ئۇنىڭ بىقىنىغا بىرنى تەپتى، — ئۆلتۈرۈۋېتىمەن جۇمۇ.

— ئۇرە قېنى، قېنى ئۇرمامسەن؟ ئايال كىشىگە كۈچى يېتىدىغان كۆت، — ئاقنىسا ئارقىچە سىبجىپ تامغا يۆلەندى، — بىلىپ قوي سەگمۇ قانجۇقنى تالىمايدۇ. ۋۇي، ئىتچىلىك بولالمىغان ھەزىلەك...

ئون نەچچە كۈندىن بېرى، ئاقنىسا بىلەن كۆرۈشەلمەي، تېرىكىپ قالغان تاشتوختى، تۇراپ ئەيساغا تاۋان تاشلاپ يېتىۋالدى. ئۇنى كوچىغا چىقىرىۋەتسىلا تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇنداقتا تۇراپ ئەيسامۇ مەسچىتكە چىچقان قارا ئىت بولۇپ قالاتتى. ئۇ قورققانسېرى، تاشتوختى: «ئاقنىسا بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ ھېچ يەرگە بارمايمەن، يامان بولسىلا مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرسىلە» دەپ سامانخانا يېنىدىكى كىچىك ئۆيدىن زادىلا چىققىلى ئۇنىمىدى. تۇراپ ئەيسا «پەخرۇللا بىلەن بولغان كۆرەشتە قولچۇماق بولىدىكەن» دەپ ئەكەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ئامال بولمىدى. «كوزا كۈندە سۇنماس، كۈندە سۇنىدۇ» دېگەندەك، تاشتوختىنى بىر كۈنلەردە پاشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ لەنىتى، ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن، چۈشۈپلا قالسا، «بۇگۈنكىنى دەيمۇ، بۇلتۇرقىنى» دەپ ئاچچىق ئۈچەينى بىر سىيرىغىلى تۇرسا، تۇراپ ئەيسانىڭ يەيدىغىنى چۆللەردە،

ئىچىدىكىنى كۆللەردە بولۇپ كېتەر! شۇڭا ئۇ بۇ رودىپايدىن پاتراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاقنىسا بىلەن قانداق قىلغاندا يالغۇز، ئادەمسىز پىنھاندا ئۇچرىشالايدىغان ئامالنى دەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. چىرايلىق مارالنىڭ قېرى بۇغا بىلەن ئۇچرىشىدىغان يوللىرىنى بىلىۋالغان تاشتوختى ئۈچ كۈندىن بېرى، كېچىدە بولجالىق ئىچىدە ماراپ ياتتى. كۆزلىگەن ئوۋى تامدىن چۈشۈپ ئون نەچچە قەدەم ئۈزىغاندىلا كاللىغا توقماق يېدى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ، تۇراپ ئەيسانىڭ سامانخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. ھېلىگەر تاشتوختى ئاقنىسا ھوشسىز چېغىدا يانلىرىنى ئاقتۇرۇپ پەخرۇللا بەرگەن ئىككى مىڭ سومنى ئېلىۋالدى.

— ئاقنىسا، دەپ باقە قېنى، — تاشتوختى قولىنى شىلتىدى، — ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسىغا، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ تېمىغا چاپلانغان قەغەزنى سەن يىرتىۋالدىڭمۇ يوق!

ئاقنىسا ھېلىقى چاغدىكى تۇراپ ئەيسانىڭ «دەرۋازا، تاملارغا خەتلەرنى چاپلاپمۇ دەردىڭ چىقمىدىما؟» دېگەن سۆزىنى، تاشتوختىنىڭ «سىلى شۇنداق قىل دېگەچكە» دېگەن جاۋابلىرىنى ئەسلەۋېتىپ: «ئۇ زادى قانداق خەتتۇ، ئۇنى كىملەر جىمجىتلا باستۇرۇۋەتتى» دېگەن سوئال ئۇنى قىزىقتۇرۇپ قويدى.

— ھە، ھېلىقى پارتىيە - ھۆكۈمەتنى تىللىغان خەتما؟ — ئاقنىسا خەتنىڭ ئەسلىي مەزمۇنىنى بىلىش ئۈچۈن، قارىسىغىلا يالغان ئېيتتى، — ئۇنى ئەجەب قورقماي يېزىپسىنا. ئۇ خەت سېنى ئۇدۇل مىلتىقنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىدۇ.

— ھەي، ھەي قارا ئېغىز، ئۇ نەدە پارتىيە - ھۆكۈمەتنى تىللىغان خەت بولسۇن؟

— ئوپئوچۇق ئەكسىيەتچى شوئار تۇرسا.

— «شاپاقچى ھاكىم پەخرۇللا، چىمەندىن يوقال»، «پاھىشىۋاز قېرى پەخرۇللا، ئۆزۈڭگە ھېزى بول» دېگەن گەپمۇ

ئەكسىيەتچى بولامدۇ؟

— پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرىنى تىللىغاندىن كېيىن بەربىر ئوخشاشقۇ.

— ئۇنداقتا، ئۇ خەتلەرنى سەن يىرتقان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق، مەن يىرتتىم.

— ئەمىسە ئاڭلاپ تۇر، مەن ئاشۇ خەتلەر بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئىچىدە بوران چىقارماقچىدىم، — دېدى تاشتوختى ۋارقىراپ، — ئەمدى ئۆزۈم كىرىپ پەخرۇللا دېگەن شۈۋىچىنىڭ خوتۇنۇمنى تارتىۋالغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭ رەسۋايىنى چىقىرىمەن، ئاندىن ئۆزۈم نېمە بولسام مەيلى.

ئاقنىسا تاشتوختىنىڭ زەھەردەك ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇرغان پالكۆزلىرىگە، لاي بۇتتەك سۇرلۇك چىرايىغا، كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىغا، لىپىلداۋاتقان زاڭاقلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ راستلا قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكىنى جەزىم قىلدى. تىغ يالىڭاچ سۇدىن قورقمىغاندەك، سودىگەرلەرنىڭ قەرز سۈيلىشىدىن، ساقچىلارنىڭ قوغلىشىدىن جاق تويغان تاشتوختى تۇرمىنى خالاپ قالغان چېغى دەپ ئويلىدى.

ئاقنىسا بۇ چاغقىچە ئېرىنىڭ بارلىقىنى پەخرۇللادىن خۇددى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك يوشۇرۇپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئېيتقۇسىز قورقىدىغان مەخپىيىتىمۇ شۇ ئىدى. جېنىدىن تويغان تاشتوختى خورلۇقتا چىدىماي ھەر نېمە قىلسا قىلىۋېرىدۇ، ئۇ چاغدا ئاقنىسانىڭ پەخرۇللاردىن ئايرىلىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇ تۇنجى قېتىم «مېنى رەھبەرلىك بەلگىلىدى» دەپ پەخرۇللانىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندىن باشلاپ، تا پەزلىيەگە تېلېفون بەرگۈزگەنگە قەدەر قانچە قېتىم ئىتتەك قوغلانمىدى، بۇ يولدا قانچىلىك ھەرەج تارتمىدى؟ مانا ئەمدى ھاكىمنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان پەيت كەلگەندە نەدىندۇر پەيدا بولغان ئېگىز چاشقىنى بۇ مېغىزنى يېگۈسىز ھارام قىلىپ

قويسا، قانداقمۇ چىدىغۇلۇق؟! ياق، بۇ ئوغرى چاشقانغا قانچىلىك بەدەل كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىنى توسمىسا زادى بولمايدۇ.

— تاشتوختى، ئەگەر قانۇن ئورۇنلىرى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى بىلىپ قالسا، قەتئىي جازالايدۇ، — ئاقنىسا يىلىنىش تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — چۈنكى، بىز قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن ئەمەس، ئەگەر تەلىپىڭ بولسا دېگىن، لېكىن جېدەل ـ ماجىرا چىقارما، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمە...

— ئەجەب مەردتە سەن، — تاشتوختى سەتلا ھىجايدى، — يەتتە يىل ئالدىدا مال ـ ۋاران، توخۇ ـ تۇمان، گىلەم ـ پىلەم... ئىشقىلىپ ساتا ـ ساتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى پۇل قىلىپ، مېنى ئون بىر مىڭ سومغا سېتىۋالغانىدىڭ. شۇنداققۇ دەيمەن.

— ئۇ چاغدا سەن «ئەمدى ئوغرىلىق، ساختىپەزلىك قىلمايمەن، قىمارنى تاشلايمەن» دېگەچكە، ئوقەت قىلىش ئۈچۈن پۇل جايلاپ بەرگەنىدىم.

— مەن سېنى ئاشۇ شەرت بىلەن ئالغانىدىمەن... ئۇ چاغلاردا مەن ساڭا ناۋات تېتىپ كەتكەنىدىم... ياق دەپ باقە قېنى؟ — تاشتوختى ھاياسىزلىق بىلەن ھىجايدى، — چۈنكى، سەن ئاتمىشتىن ئاشقان قېرى مەزىنىدىن ئاللىمغان ھۆزۈرى جەننەتنى مەندىن ئالغانىدىڭ...

— ئىشقىلىپ، مەن ساڭا ياخشىلىق قىلغان.

— توغرا، بۇنىڭغا مەن ئىقرار، ئۇ چاغلاردا پۇل بىلەن مېنى باغرىڭغا تارتقان بولساڭ، ئەمدىلىكتە پۇل ئارقىلىق مېنىڭ مەيدەمگە تېپىۋاتىسەن. بىلىپ قوي مەن سېنى دەپ ئىككى بالامنى يېتىم قىلىپ، خوتۇنۇمدىن ئاجراشقان.

— مەندىغۇ پۇل يوق، — ئاقنىسا بەكمۇ بىچارە ھالەتتە ئىدى، — شۇنداقتىمۇ بىر نەچچە مىڭ سومنىڭ ئورنىنى قىلاي.

— نېمە، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، — تاشتوختى شالاققىدە يەرگە تۈكۈردى، — مەن خوتۇنۇمنى ھاكىمغا سېتىۋاتىمەن

جۇمۇ... باھاسى تۆۋەن بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ سېنىڭدەك دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان چېقىر كۆز سەتەڭنىڭ باھاسى چوقۇم يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

— جېنىم تاشتوختى، ماڭا رەھىم قىل، ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مەن ئامال قىلاي دەۋاتىمەنغۇ.

— ئاڭلىسام ھاكىم ئاشنالىڭ سېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ سېنىڭ پەيزىڭنى سۇرۇۋاتقاندىن كېيىن، قەدرىڭنى قىلىپ، ماڭا جىق پۇل بەرسۇن.

— دېگىنە، تاشتوختى، قانچىلىك ئالارسەن؟

— مانا بۇنى، — تاشتوختى ئۈچ بارمىقىنى چىقاردى، — قانداق؟

— يېنىمدىكى ئىككى مىڭ سومنى ئېلىۋالدىڭ، ئەمدى يەنە مىڭ سوم ئەكېلىپ بەرسەم بولغۇدەك.

— ھەي پاقىۋاش، ئۇتتۇرا مەكتەپنى ئەلا پۈتكۈزگەن دەپ ماختىنىپ يۈرەتتىڭغۇ - ھە؟ ئۈچنىڭ ئارقىسىغا بىر نۆل قويسا قانچە بولىدۇ؟

— نېمە، 30 مىڭ؟ — ئاقنىسانىڭ ئۈمىدلىرى نەگىدۇر يوقالدى، — بولدى، ئەمدى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بوران چىقىرامسەن، ئوت قويامسەن، تۈزلىمۇۋېتەمسەن، بىر پاي ئوقتا ئۆلەمسەن ياكى تۈرمىدە چىرىپ تۈگىشەمسەن، نېمە قىلساڭ قىل، مەندە ساڭا بەرگۈدەك 30 مىڭ يوق.

تاشتوختى پەدىنى چىڭىتىۋېرىپ، تارىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ھاكىم بىلەن خوتۇن تالىشىپ، ئۇتۇپ چىقالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن ئاقنىساغا ئېسىلىۋېلىشمۇ خۇددى ئوۋغا يارىمىغان ئىتنى بويىنىدىن باغلاپ ئېلىپ ماڭغاندەك ئەخمەقلىق ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىز سالدۇرۇۋەتكىنى «بىر پاي ئوقتا ئۆلەمسەن»، «تۈرمىدە چىرىپ

تۇگىشەمسەن» دېگەن گەپ بولدى. تاشتوختى ئۆزىمۇ نەچچە يىللاردىن بېرى قېچىپ يۈرۈپ ھېچ ھالى قالمىدى. بۇرۇنلاردا پات - پاتلا كېچىلىرى پەيدا بولاتتى - دە، ئاقنىسانى خۇددى كەپتەردەك يۇگۈزلاپ قويۇپ يەنە يوقىلاتتى. ئەگەر ئۇ ساقچىلارغا تۇتۇلۇپلا قالسا ياخشى ئاقىۋەت يوق ئىدى. ئاقنىسا تەقدىر - قىسمىتىنى كۆرسىتىپ قويغاندەك گەپنى قىلىۋىدى، ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر تىترەك چوققىسىدىن چىقىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ كۆڭلىدە: قوشقاچ بولسىمۇ گۆش، قانچىلىك بىر نەرسە بولسام شۇ غەنىيمەت، لېكىن تاپانچىنى چوقۇم قولۇمغا چۈشۈرمىسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى.

— ئاقنىسا، ئەگەر سېنىڭ ھاكىمدىن پۇل ئېلىشقا تىل قىسىنچىلىقىڭ بولسا سېنى قىينىماي. بىراق، مېنىڭ بىر شەرتىمنى ئورۇندىساڭ، جىمجىتلا چىمەندىن يوقىلىمەن.

— قېنى دېگىنە، ئەگەر مەندە بارلا نەرسە بولسا ئورۇندايمەن.

— ھاكىمنىڭ تاپانچىسىنى ئوغرىلاپ ئەچىقىپ بېرىسەن.

— نېمە؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ، قورال دېگەن بىلەن ئوينىشىدىغان ئىشمۇ؟

— ئىختىيارىڭ، ئۇنداقتا ئەتە ئەتىگەندە ھۆكۈمەت بىناسىغا، مېھمان كۈتۈشنىڭ ئەينەك ئىشكلىرىگە چاپلانغان خەتلەردىن ھەيران بولما... — تاشتوختىنىڭ تەرى بۇتتەك سۈرلۈك ئىدى، — خوتۇن بۇلاڭچىسى ھاكىم بىلەن ئېرىنى قارىتىپ قويۇپ ئاشنا ئوينىغان «ئون تىيىن» نىڭ كارامىتىنى بىر يولىلا ئېچىۋېتىمەن.

— خۇدا ھەققى ئۇنداق قىلما، ۋاي - ۋۇي قولۇم ئاغرىپ كەتتى. بىر دەم يېشىۋەتكىنە.

تاشتوختى ئويۇقتىكى قارا چىراغنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاقنىسانىڭ تېرىلىرى قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن قوللىرىنى

كۆرۈپ، ئارغامچىنى يېشىۋەتتى.

— ئەگەر قاچىدىغان بولساڭ، پىچاق دۈمبەڭدىن كىرىپ، مەيدەڭدىن كۆكلەپ چىقىدۇ.

— سەندەك قارا توڭگۇزنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟

— قارا ئاقىنسا بۇ ساڭا ئاسانلا، ئەگەر تاپانچىنى يۇقىرىدىن سۈرۈشتە قىلغۇدەك بولسا، ھاكىم سېنى ئۆيىگە ئەكىرگىنىنى قەتئىي يوشۇرىدۇ، ئۇقتۇڭما؟

— ئەمما، ھاكىم مەندىن گۇمانلىنىپ قالسىچۇ؟

— دېرىزىنى سىرتىدىن ئىچىگە قارىتىپ بىرەر كۆز ئەينەكنى چېقىۋەت.

ئاقىنسا سۇس يېشىل رەڭلىك بىخەتەر پولات ساندۇقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ چوڭ ئىشكى ئېتىلمىگەن، ئىچىدىكى كىچىك ئىشكىنىڭ قۇلۇپ تۆشۈكىگە بىر ئاچقۇچ ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يەنە بىر ئاچقۇچ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

— دېرىزىنى چاققاندا، پۈتۈڭگا ئەرلەرنىڭ ئايىغىنى كىيىۋال، قايتقىنىڭدا ئۆيۈڭگە بارماي، ناھىيە بازىرىنى ئارىلاپ، كەچلىك بازار، كىنوخانا ئالدىلىرى ئىشقىلىپ، ئادەم توپلىرى ئارىسىدا ئايلان.

— ئەمىسە، مېنى ئالدىراتما. بىرەر پەيتىنى تاپمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئاقىنسا سۇس تىترەپ، — ئاشۇنى ئەكېلىپ بەرسەم، راستىنلا يوقىلامسەن؟

— قەسەم قىلىپ بېرەي، — تاشتوختى خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى، — تاپانچىغا قوشۇپ يەنە ئون مىڭ سوم ئەكېلەلىسەڭ، مېنىڭدىن بىر يولىلا قۇتۇلىسەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— مەن سېنى تالاق قىلىمەن... «ئۇھ» دەپ ئەركىن نەپەس ئالىسەن. مېنىڭدىن بىر يولىلا قۇتۇلىسەن!

ئاقنىسانىڭ كۆزىگە بىخەتەر ساندۇق ئىچىدىكى ئۈچ دەستە پۇل كۆرۈنگەندەك بولدى. ئەگەر تاشتوختىدىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلىدىغانىلا ئىش بولسا، بىر ئۆيدىن چوكا ئوغرىلىساڭمۇ، چوكا ئالتۇن ئوغرىلىساڭمۇ بەرىبىر ئوغرىلىققۇ.

— ئاغزىڭدىن دېگىنىڭ ھېساب ئەمەس، نېمىلەر بەدىلىگە تالاق قىلغىنىڭنى ئوچۇق يازىسەن... ئاندىن قىزىل سۇرۇختا بارماق باسقان ھۆججەتنى قولۇمغا تۇتقۇزىسەن، شۇ چاغدىلا تاپانچا بىلەن پۇل كۆمۈلگەن يەرنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

— ھۆججەتنى ئۇنداق ئېنىق يازغاندا، قورال ئوغرىلىغان جىنايىتىڭ ئۈچۈن ئېتىلىسەن ئۇقتۇڭمۇ؟

— مەيلى، ئىككىمىز تەڭ ئېتىلىپ، بۇ دۇنيادىن تەڭ يوقىلايلى، دۇنيامۇ ئىككى ئەسكىدىن قۇتۇلغىنىغا شۈكۈر سىنا كەلتۈرەر... راست گېپىمنى قىلسام، مەن سېنىڭدىن ئادا بولدۇم... قايسىبىر شەيتان قانداق لەنەتگەردى كۆندە ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىنى باغلاپ قويۇپتىكەن.

— تولا ۋازۇھا سۆزلىمە، ئەگەر ھۆججەتنى ئېلىۋېلىپ قېچىپ كەتسەڭچۇ؟

— سېنىڭ ئامالىڭ كۆپقۇ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممە يېرىگە قەغەز چاپلايسەن، پوچتا ئارقىلىق خەت يوللاپ ھاكىم ئىككىمىزنى سېستىلايسەن. ھەتتا ئاچچىقىڭ كەلسە ئۆيۈمگە بېسىپ كىرىپ بوغۇزلىۋېتەلەيسەن.

— بىردەم توختا، سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمەن... سىرتقا بىر قاراپ باقاي....

تاشتوختى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئاقنىسا سامان دۆۋىسى ئۈستىدىكى كىچىككىنە چۆچىلىق داستىخاننى ئالدى - دە، قوينىغا پۇرلاپ چىقتى. چۈنكى ئۇ باياتىن بېرى ئۇنى تونۇپ قالغانىدى. بىر چاغلاردا پەخرۇللاغا پىشۇرغان گۆشنانىنى مۇشۇ داستىخانغا ئوراپ ئاپارغانلىقى ھازىرقىدەك ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

بۇنىڭدىن تۇراپ ئەيسانىڭ تاشتوختىنى يوشۇرۇپ بېقىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. توغرا، ھېلىقى چاغدا ئۇلار سامانخانا يېنىدىكى كىچىك ئۆيدە پاراڭلاشقانىدى. ئۇنداقتا بۇ يەر تۇراپ ئەيسانىڭ قورۇسى ئىكەندە.

تاشتوختى ئالدىراپ كىرگىنىچە ئاقىنىسانىڭ كۆزىنى تېڭىپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىدى. ئاندىن ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئارقا يول، ئورمان، باغلارنى بىر - ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ بولغۇچە ھاسىراپ، نەپەس يېتىشتۇرەلمەي قالدى. ئۇ ئاقىنىسانى بىر ئاچىماق دەرەخ تۈۋىگە قويۇپ، كۆزىدىكى قارا لاتىنى بىرلا تارتىپ سۇغۇرۇۋېلىپ، قولىنى يېشىۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، تېخى كېچىكەنغۇ، — ئاقىنىسا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، — مېنى قەيەرگە ئەكەلدىڭ؟

— ئۆزۈڭنىڭ بېغىڭنىڭ ئارقىسى، — تاشتوختى ئاستا غۇدۇڭشىدى، — ئىشىڭ روياپقا چىققاندىن كېيىن، مۇشۇ دەرەخ ئاچىمىقىغا تاشمۇ، خىشمۇ، نېمىلا بولسا قىستۇرۇپ قوي.

تاشتوختى بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئاقىنىسا نەگە بېرىشنى بىلمەي بىردەم تۇردى. ئەگەر ئاتا - ئانىسى ئۇنى شۇ تۇرقىدا كۆرسە، ساقچىخانىغا بېرىشتىن يانمايتتى. شۇڭا، ئۇ يەنىلا خەلق ھۆكۈمىتى بېغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ماڭدى. تۈن نىسپىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئەتراپ تەنلەر شۈركەنگۈدەك جىمجىت ئىدى. ئۇ خىش تامنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى دەسسەپ يامىشىپ ئۈستىگە چىقتى - دە، پەسكە ئاۋايلاپ سىيرىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ باغنىڭ ئىچكىرىلىرىگە سەپسالدى. كېچە ئايدىڭ بولغاچقا، ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئىزنالىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئاقىنىسا بىرەر شەپە ياكى قارا - قۇرا كۆلەڭگىلەر كۆرۈنمىگەندىن كېيىنلا پەخرۇللانىڭ ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ كىچىك قوش قاناتلىق ئەگۈننى قاقتى. ئۇ بىر - ئىككى قېتىم

شەپە بېرىشى، ئىچكىرىدىن قىسقا يۆتەلگەن ئاۋاز كېلىپ، پەخرۇللانىڭ ئېگىز، قامەتلىك گەۋدىسى ھويلىدا كۆرۈندى. پەخرۇللا دەرۋازىنى ئېچىپلا بوشقىنا تووۇلىۋەتتى:

— يۈزلىرىڭىزگە نېمە بولدى؟

ئاقنىسا قىيسىيىپ دەرۋازىغا يۆلىنىپ قېلىشى، پەخرۇللا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئاندىن ئاۋايلاپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. قانغا بويالغان يۈز، كۆپكۆك ئىششىقلارنى كۆرگەن پەخرۇللا قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشكەنىدى. ئۇ توڭلاتقۇدىن بىر كورا سۈتنى ئېلىپ گاز ئوچاقتا قويىغاندىن كېيىن، داستا ئىسسىق سۇ ئېلىپ كېلىپ لۆڭگە بىلەن قان داغلىرىنى يۇدى. ئالدىرىماي بىر ئاپقۇر قىزىق سۈتنى ئىچۈردى. شۇ چاغدىلا ئۇ سەل ئەسلىگە كېلىپ، پەخرۇللاغا ۋاللىدە قارىدى ـ دە، يىغلىۋەتتى.

— ئاقنىسا، سىزگە نېمە بولدى؟ قانداق بولۇپ بۇ ھالغا كېلىپ قالدىڭىز؟

ئاقنىسا پەخرۇللادىن ئايرىلىپ، ئارقىدىكى بولجالىقتا چۈشكەندىن كېيىنكى بېشىغا بىر نەرسىنىڭ قاتتىق تەگكەنلىكى، ھوشىغا كەلسە ئۆزىنىڭ سامانخانىدا ياتقانلىقى، قولىنىڭ باغلانغانلىقى قاتارلىق جەريانلارنى ئۆز ئېينى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، ئۆزى بىلگەنچە قانداقتۇر ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقتى. ھەتتا ئۇ تاشتوختىنى «نىقابلىق ئادەم بولغاچقا پەقەتلا تونۇيالمىدىم» دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئاۋازىدىن بولسىمۇ تونۇيالمىدىڭىزما؟ — دېدى پەخرۇللا ئۇنىڭغا قوشۇقتا سۈت ئىچۈرۈۋېتىپ، — ئوبدان ئەسلەپ بېقىڭ.

— ياق، مېنىڭچە بۇ يەرلىك ئادەم ئەمەس، ئاۋازى غارالڭ ـ غۇرۇڭ، غەلىتىلا.

— ئۇ زادى سىزگە نېمىلەرنى دېدى، نېمە تەلىپى باركەن.

— ئۇ... ئۇ... سىزگە ھەم ماڭا ئۆچلۈك قىلىدىكەن.

— مەسىلەن قانداق، قايسى تەرەپلەردە؟

— سەن پەخرۇللانىڭ كىچىك خوتۇنىكەنسەن، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى بىلىسەن، خىيانەت قىلغان، پارا يېگەن، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلىگەن، يەنە تۇرمۇش ئىستىلىدىكى خاتالىقلىرىنى دەپ بېرىسەن، دەپ تۇرۇۋالدى.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

— مەن «ھاكىم كېسەل بولغاندا، تەشكىلنىڭ سىياسىي بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. بۇ ئىشلارغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن بېرى مەن ھاكىمنىڭ بوسۇغىسىنى دەسسەپ باقمىدىم» دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ مېنىڭ ئاغزىمنى ئاچالمىغانسېرى مېنى ئۇرۇپ، تېپىپ، تاملارغا ئۇستۇردى.

— بەك بەلەن جاۋاب بېرىپسىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ گېپىڭىزنى ھەرگىز ئۇنۇتماڭ. بېشىڭىزغا تاغ ئۆڭتۈرۈلۈپ چۈشسىمۇ، «ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ھاكىمنىڭ ئۆيىنىڭ تازىلىقىنى قىلغىلى ياكى كىر - قاتلىرىنى يۇغىلىمۇ كىرمىدىم» دەپ تۇرۇۋېلىڭ. ئىككىمىزنىڭ ئىشىدا ئۇچىنچى بىر كىشى بولمىغانىكەن، ھەرقانداق گەپ - سۆزلەر ئاساسسىز.

— مەن بىر ئىشتىن گۇمان قىلىۋاتىمەن، — ئاقنىسا تۇرۇشقا قاراپ بىردەم ئويلىنىۋالدى، — سىز چىمەنگە كېلىش ھارپىلىرىدا بىر ئۆي - مۈلۈك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئارقامغا كىرىپلاۋالدى. مەن ئۇنىڭ ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان ئايپاڭ بېشىغا قارىسامالا كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ. ئۇ ماڭا جىق ۋەدىلەرنى قىلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭمىدىم.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟

— تۆرەم توختى.

— مەن كەلگەندىن كېيىن ئۇ سىزگە خەت، تېلېگرامما ياكى

تېلېفونلاردا بىر نەرسە دېدىمۇ؟ قىسقىسى، ئالاقىلىشىپ باقتىڭلارمۇ؟

— سىز يول قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرا تارىمغا بىر قېتىم ئۆزىڭىز يالغۇز، يەنە بىر قېتىم لى شۈجى بىلەن كەتكەندە، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن.

— سىلەر نېمە دېيىشتىڭلار؟

— ئۇ «توي قىلايلى» دېگەندى، مەن قەتئىي رەت قىلىپ يېقىن كەلتۈرمىدىم. ئۇ ئاخىر سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاتاپ، قاتتىق تىللاپ كەتتى. تېخى: «خەپ ئۇ ھاكىمنى ئۇنداق قىلىۋېتىمەن، مۇنداق قىلىۋېتىمەن» دەپلا كەتتى:

— ئۇقتۇم، نەق شۇنىڭ چوماقچىلىرى ئويناۋاتقان ئويۇنكەن، — پەخرۇللانىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن بولسىمۇ، قەلبەن خاتىرجەملىك كۆزلىرىدىن بىلىنەتتى، — كوچا - كويلاردىكى قۇلاق ياقتى مىش - مىش گەپلەرنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا «بالامنى يۆتكەپ قوي» دەپ ئۈچ مىڭ سومنى دالۋاي چۆرۈپ بارغان ئادەم... قاتارلىقلار سىزگە پايلىماي قىلىۋاتقان دۈشمەنلىك.

— تېخى... تېخى... بولدىلا... ئىچىڭىز ئاچچىق بولۇپ قالسا، مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكەن.

— ئاقىنىسا ئۇنداق دېمەڭ، بەزى گەپلەر ئاددىيدەك بىلىنگىنى بىلەن ھەل قىلغۇچ ئاچقۇچ بولۇپ قالىدۇ، قېنى دەڭ.

ئاقىنىسا دەرۋازا، تامغا چاپلانغان ئىككى پارچە خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىگە يۇقمىغۇدەك، پەخرۇللا قورقۇپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە: «خىيانەتچى ئەمەلدار پەخرۇللا چىمەندىن يوقال»، «پەخرۇللا، ئاياغ - ئاستى قىلغان قىز - چوكانلار ئۈچۈن جاۋاب بېرىسەن» گە ئۆزگەرتىپ دېيىشى، پەخرۇللا كۈلۈۋەتتى.

— قاپقارىسىغىلا ئارتقان گۇناھنى كۆرمىدىغان، خۇددى

چىمەندە قانۇن يوقتەك، ئۇ خەتنى كىم كۆرۈپتىكەن؟

— ئەتىگەن سەھەردە ئىشقا كەلگەندە كۆرۈپ قالدىم - دە، ئىككىسىنى يىرتىۋەتكەندىم. ئۇلار «سىنىڭ يىرتقىنىڭنى كۆرگەن ئادەملەر بار» دەپ، مېنى بەكمۇ قاتتىق ئۇرۇۋەتتى.

— ئۇلار سىزنى نېمىدەپ قويۇپ بەردى؟

— مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. شۇڭا «دىرېكتورنىڭلار تۆرەم توختى ماڭا تەلەپ قويۇپ، ئارقامغا كىرىۋالغىنىنى تەشكىلىم، ھەتتا ساقچىدىكى دوستلىرىممۇ بىلىدۇ» دەپ قورقاق سالدىم.

— ئۇ دىرېكتور ھازىر نەدىكەن؟

— بوستاندا دەپمۇ ئاڭلىدىم. كېيىن قاراتالغا يۆتكىلىپ كېتىپتىكەن. بەزىلەر تېخى قومۇشكۆل ناھىيىسىدە چوڭ بىنا، رېستوران، مېھمانخانىلارنى زىننەتلەيدىغان شىركەت ئېچىپتۇ دەپ يۈرۈشىدۇ.

ئاقنىسا دەرۋازا، تاملارغا چاپلانغان ئىككى پارچە قەغەز ھەم ئۆي - مۈلۈك شىركىتى دىرېكتورنىڭ «خېرىدارلىقى»، «نىقابلىق ئادەم» ئالدىدا پەخرۇللانى ئاقلاپ سۆزلىگەنلىكى قاتارلىق ھېكايىلەرنى بىر ئەپلەك توقۇپ، ئۆزىنى تۇيدۇرماي كۆرسىتىۋالدى.

ئاقنىسا يۈزىدىكى جاراھەتلىرى ساقايغىچە 10 نەچچە كۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بۇ جەرياندا ناھىيىلىك كومىتېتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى، كادىرلار ئىچىدە: «ئاقنىسانىڭ تېررورچى ئېرى تاشتوختى ئۇنى ئۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپتۇ...»، «بۇرۇن ئويىنىغان ئاشنىلىرى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئاقنىسانى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ...» دېگەندەك كۇسۇر - كۇسۇر ئەپقاچتى گەپلەر تولا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنى مالىيە ئىدارىسىگە يۆتكىۋەتتى. ئەسلىدە

ناھىيىلىك مېھمانخانىغا قايتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بىراق، ئۇ بارلىق رەسمىيەتلىرى تولۇق دۆلەت كادىرى شتاتىغا كىرىپ بولغانىدى... بۇنىڭدىن پەخرۇللانىڭ كۆڭلى تىنىغاندەك بولدى. ئەلۋەتتە ئىككىسى بىر ئىدارىدە ئىشلىگەندە گەپ - سۆزلەردىن خالىي بولغىلى بولمايتتى.

## يىگىرمىنچى باب

# سىرلىق مۇناسىۋەتلەر

ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ھەيئەتلىك ئىشخانىسىدا توختالغان، سالا ـ سۆپەتلىك ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتاتتى. ئاپئاق نازۇك بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سىلىق ـ سىپايە گەپ قىلىۋاتقىنى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئايال باشلىقى ياڭ خۇيجۇ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنى پەزلىيە ئىدى.

ــ پەزلىيە، سىز پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى، ــ دېدى ياڭ خۇيجۇ تەمكىنلىك بىلەن، ــ بۇ چاغقىچە ھەر ساھە رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئورۇنداپ كەلدىڭىز. شۇڭا، سىزنى چىمەن ناھىيە ئارخىپ ئىدارىسىگە ۋەزىپە (گۇاجۈ) بىلەن ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق.

ــ مەن بىر ئىشقا ھەيران بولۇۋاتىمەن، ــ پەزلىيە ياڭ خۇيجۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، ــ سورىسام بولامدۇ؟

ــ قېنى سوراڭ.

ــ مەندەك ئەللىك ياشتىن ئېشىپ كەتكەن كادىرلارنى ۋەزىپىسى بىلەن يۆتكىمەيتتى. بۇنىڭدا بىرەر سەۋەب بارمۇ قانداق؟

ــ توغرا، سىياسەتتە شۇنداق بەلگىلەنگەن، ــ ياڭ خۇيجۇ ئامالسىزلىقتىن راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ــ ئەگەر پىكرىڭىز بولسا پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىژچىڭ بىلەن

كۆرۈشۈڭ. بۇ دېگەن فالڭ شۇجېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇ «پەزلىيە مەن بىلەن كۆرۈشسۇن» دېگەندى.

پەزلىيە تەشكىلات بۆلۈمىدىن ھەرخىل ئەنسىز خىياللارغا چىرمىلىپ قايتىپ چىقىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. پەخرۇللادىن ئاجرىشىش ھەققىدە تېلېفون كەلگەندىن بېرى، ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر ئۆيۈپلا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىمەنگە يۆتكەلگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى نېمە سەۋەبتىن بولۇۋاتقانلىقى ئۇنى بىئارام قىلاتتى: پەزلىيەنىڭ بۇنداق ھالەتكە كېلىشى يەنىلا پەخرۇللادىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىغا بېرىپ تاقىلاتتى. ئەلۋەتتە فالڭ شۇجى «مەن بىلەن كۆرۈشسۇن» دېگەنىكەن، چوقۇم پەخرۇللا ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر بېرىشى مۇمكىن.

پارتكوم شۇجىسى فالڭ جۇچىڭ پەزلىيەنى بەكمۇ قىزغىن، ئوچۇق يۈرۈق كۈتۈۋالدى. ئۇ ئىستاكانغا پىمىل چاي، ئىككى چاقماق قەنت سېلىپ، ئۇستىگە قايناقسۇ قۇيدى. ئاندىن ئاغزىنى يېپىپ، پەزلىيەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئائىلە، تۇرمۇش، بالىلارنىڭ خىزمىتى ھەققىدە بىردەم ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، فالڭ جۇچىڭ ئوڭايسىزلانغان ئەھۋال ئاستىدا ئاساسىي مەسىلىگە كۆچتى.

— پەزلىيە، سىزنى نېمە ئۇچۇن چىمەنگە يۆتكىمەي، بوستانغا يۆتكىدۇق؟ — فالڭ شۇجى ئالدىرىماي تاماكا تۇتاشتۇردى، — پارتكومنىڭ پەخرۇللانى بەربىر قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالىمىز، دېگەن پىلانى بارئىدى. ئەمدى سىز چىمەنگە بارمىسىڭىز زادى بولمىدى.

— بىلىمەن، بۇنى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ياڭ خۇيجۇ ماڭا ئۇقتۇردى.

— بىزگە بەزىبىر ئىنكاسلار كېلىۋاتىدۇ. بىر كادىرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەك ئاسان ئەمەس.

فالڭ جۇچىلڭ پەخرۇللانىڭ قابىلىيىتى، خىزمەت ئىقتىدارى، تۇرگۇنلۇكى، ئەقىل ـ پاراسىتى، جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان روھى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرمۇنچە ماختىغاندىن كېيىن قانداقتۇر نامى ئانچە ياخشى بولمىغان بىر ياش چوكان بىلەن بولغان غەيرىي مۇناسىۋىتىنى سەل يېپىق هالدا سۆزلىدى. شۇنداقتىمۇ پەزلىيەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قارا تەر بېسىپ، يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى.

ـــ بەزى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۇ يولداشنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىزنى چىمەنگە ئەۋەتىشنى ئويلاشتۇق، ـــ فالڭ شۇجى ئېغىر تىنىپ قويدى، ـــ سىز بارغاندىن كېيىن باشقا گەپ قىلماڭ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ، خىزمىتىنى قوللاڭ. سىرتتىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىماڭ، ئەگەر زادى بولمىغاندا تەشكىلنى ئىزدەڭ. پەخرۇللانى بوستانغا قاچان يۆتكىسەك سىزمۇ شۇ چاغدا بىللە قايتىپ كېلىسىز.

يېپىقلىق قازاننىڭ تۇۋىقى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقى «مانا مەن» دەپ كۆرۈندى. پەخرۇللانىڭ «سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ يولىدا ماڭ، مەنمۇ تاللىغان يولۇمدا ماڭاي» دېگەن تېلېفونى كەلگەندىن كېيىنمۇ، پەزلىيە ئېرىگە قارىتا يامان خىياللاردا بولۇپ باقمىدى. قىزى گۈلپىيە: «مەن ئاتام توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى ئاڭلىدىم» دېگەندىمۇ ئۇ: «ئۇنداق ئۆسەك گەپلەرگە ئىشەنمە، ئاتاڭ ئۇنداق بولمىغۇر ئادەم ئەمەس» دېگەنىدى. كېيىن پەخرۇللانىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىسهاق ئاڭلىغان بەزى گەپلەرنى قىلغاندا، گۈلپىيە ئۇنىڭ بىلەن: «مېنىڭ ئاتامنى هاقارەتلىمەڭ» دەپ ئۇرۇشۇپمۇ قالدى. پەزلىيە پەخرۇللاغا قانچە ئىشەنسىمۇ سىرتتىن قۇلىقىغا كىرىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. دېمىسىمۇ راستتە، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمدۇ؟ خەقلەرمۇ بىكاردىن ـ

بىكار ساغرىسىغا ئۇرۇپلا گەپ تاپمايدىغاندۇ؟ خۇددى تامچىغان سۇ تاشنى تەشكەندەك، تالا ـ تۈزلەردە چىقىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر پەزىلىيەنىڭ يۈرىكىنى غەلۋىردەك ئۆتمۈتۆشۈك قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئاشۇ ۋىت ـ ۋىت سىپسىق گەپلەرنىڭ راست بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەيتتى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈمىد چېچەكلىرى تالى مەجنۇن پوتلىسىدەك توزۇپ كەتتى.

فاڭ شۇجىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماستا ئۇ ئۆزىنى بەزلەشنى، ئالداشنى، ھەرخىل ئەرمەكلەر بىلەن كۆڭلىنى ياساشنى بىلەتتى. شۇ ئارقىلىق قەلب جاراھەتلىرى تەسكىن تاپاتتى. ئەدناسى قىزى گۈلپىيە بىلەن مۇڭلىرىنى تۆكۈشۈپ، سىر ـ ئەسرالىرىنى دېيىشەتتى. ئۇ: «تۇنجى بالامنىڭ قىز بولغانلىقى ماڭا تاغدەك يۆلەك بولدى. گۈلپىيە مېنىڭ سىرداشىم، دوستۇم ھەم قىزىم...» دەپ ئىچىدە قانچە ـ قانچە قېتىملاپ زىكىر قىلغانىدى. بولۇپمۇ، گۈلپىيەنىڭ ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالاي دېگەن ئوغلى دىلمۇرات مومىسى پەزىلىيەدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلمايتتى. كېچىلىرى قوينىدا يېتىپ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەپ سۆزلەيتتى. بۇ بالا خۇددى پەزىلىيە ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولاتتى.

روھى چۈشكەن، ئۈمىدلىرى ئۆچكەن، بىردەمدىلا كۆزلىرى غۇۋالاشقان، بەللىرى ئېگىلىپ بىر كۈندىلا خۇددى مومايدەك بولۇپ قالغان پەزىلىيە ئۆيىگە ئارانلا يېتىپ كەلدى. ساقچى ئوغلى ئەزھەر بىلەن كېلىنى ئارزۇگۈل تېخى ئىشتىن كەلمىگەچكە، ھويلا ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ مىسقالچە مادار قالمىغان پۇتلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، ھۇجرا ئۆيىگە كىردى ـ دە، پەخرۇللانىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون ئۇردى. قارشى تەرەپتىن بىرنەچچە قېتىم چىرقىرىغان ئاۋاز كەلگەندىن كېيىن پەخرۇللانىڭ «كىممۇ؟» دېگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. پەزىلىيە

«مەن» دەپ بولغۇچە، پەخرۇللا: «ئىداردە چوڭ ئىش چىقتى، ماڭا تېلېفون قىلما» دېدى ـ دە، تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. پەخرۇللانىڭ سۆزىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن پەزلىيە بىر قانچە قېتىم تېلېفون قىلغان بولسىمۇ زادىلا ئالالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خىرەلىك، كۇنداشلىق، ئۆچلۈك نەلەرگىدۇر يوقاپ كېتىپ، ئېرىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «نېمىلا بولسا بالىلىرىمنىڭ دادىسى تۇرسا» دەيتتى. پەزلىيە ئاخىر كۈن قىيىلىپ، ئەمدىلا سالقىن چۈشۈشكە باشلىغاندا پەخرۇللانىڭ ئۆيىدىكى تېلېفوننى ئالالىدى. ئۇ ئېرىنىڭ هارغىنلىق يەتكەندەك زەئىپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى:

ـــ ۋەي پەخرۇللامۇ سىز، تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامسىز؟

ـــ قارشى تەرەپتىن بەكمۇ قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى:

ـــ مەن ساڭا بۈنىڭدىن كېيىن تېلېفون بەرمە، دېگەنتىمغۇ.

ـــ پەخرۇللا، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بارئىدى.

ـــ قوي ئۇنداق مۇھىم گەپلىرىڭنى، ئەمدى كىمگە دېسەڭ دە.

ـــ قاراڭ پەخرۇللا يۇقىرى رەھبەرلىك مېنىڭ خىزمىتىمنى چىمەنگە يۆتكىدى. شۇڭا، بىرەر ماشىنا ئۇقۇشۇپ بېرەمسىز، يۆتكەيدىغان ئۆي سەرەمجانلىرى بارئىدى.

ـــ بۇرۇن كەلمىگەن ئادەم، ئەمدى ساڭا چىمەندە پوق بارما؟ ماشىنىمۇ يوق، ھەرگىز كەلگۈچى بولما.

پەخرۇللا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. پەزلىيە تۇرۇپكىنى قولىقىغا تۇتۇپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان مۇشۇ مىنۇتتا پەخرۇللا ئىس قاپلاپ كەتكەن ھۇجرىسىدا، تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ چېكىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ساراڭلاردەك مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ «ئىداردا چوڭ ئىش چىقتى» دېگىنى يالغان ئەمەستى. ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام بىر خوجايىننىڭ ئولتۇرۇشىغا كەتكەندە ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ، بىخەتەر پولات ساندۇقتىن 28 مىڭ سوم پۇل ۋە

تاپانچىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. قورالىنىڭ يوقالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بوستان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن شۇ كېچىسىلا بىر ماشىنا ساقچىلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار چىمەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىرلىشىپ تىنتىش ئېلىپ باردى. چېقىلغان دېرىزە تۈۋىدە ئەر كىشىنىڭ يوغان ئاياغ ئىزى بارئىدى. ساقچىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا رەڭلىك لېنتىلارنى تارتىپ نەق مەيداننى قوغداۋاتاتتى. ساقچى ئىتلىرى ھىد ـ ھىدلاپ، چىمەننىڭ كەچلىك بازىرى، كىنوخانا ئالدىغىچە بېرىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي يېنىپ كەلدى. ئەتىگەندىن بېرى پەخرۇللاغا بىر دەممۇ ئاراملىق بولمىدى. ئۇنى ھېلى رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىن، ئارىلاپلا تېخنىكا گۇرۇپپىسىدىن، تۇرۇپلا ساقچى باشلىقلىرى چاقىرىپ: «ئۆيىڭىزگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن كىم بار...»، «پولات ساندۇقنى ئاچقىنىڭىزنى سىزدىن باشقا كىم كۆرگەن؟...»، «يېقىندىن بېرى تۇرمۇشىڭىزدا قانداق نورمالسىزلىقلار كۆرۈلدى...»، «تۈنۈگۈن كېچە توققۇزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە سىز نەدە ئىدىڭىز» دېگەندەك سوئال ـ سوراقلار ئۇنىڭ كاللىسىنى ئىلەشتۈرۈۋېتەتتى. بولۇپمۇ «يېقىن ئۆتۈۋاتقان ئادىمىڭىز كىم؟ ئۆيىڭىزگە قاچانلاردا كىرگەن؟» دېگەن بۇ سوئال پەخرۇللانىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىپ، مادارىنى قۇرۇتتى. تېخى بىر ساقچى ئەمەلدارى «ئاشنىڭىز بارمۇ؟»، دەپ كۆزىگە كىرىۋالدى دېسە، ھېلىمۇ ياخشى ئاقنىسا بىلەن خۇپىيانە ئويناپ ھېچكىمگە بىلىندۈرمىگىنى! بولمىسا قولىغا ھېلىقى سوغۇق بىلەزۈك چۈشكۈدەك. سادىغاڭكېتەي ئاقنىسانىڭ ھوش ـ كاللىسى جايىدا، ئەقىللىق چوكاندە! ئۇ: «ئىككى يىلدىن بېرى پەخرۇللا ھاكىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ سىيىمىدىم، ئۇنىڭ ئىشىكى قاياقتا قارايدۇ، بىلمەيمەن» دەپ ئاق بالىخان بولۇپ قىرغا چىقتى. باشقىلارمۇ شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى. لېكىن «پەخرۇللانى ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتىشنىڭ پۇرسىتى

پىشىپ يېتىلدى...» دەپ چىپىي چىچەكلەپ كەتكەن تۇراپ ئەيسا ھەرىكەتلىرى سىرلىنىقلىشىپ، كۆزلىرى غىل ـ پاللىشىپ غەلىتىلا بولۇپ قالدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ، قەيەردە تۆت ساقچى يىغىلىپ قالسا شۇ يەرگە بېرىۋېلىپ، ئۇلارغا كۇچۇكلىنىپ نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتى. لېكىن، ئۆزىگە سوغدىشىپلا يۇرگەن ئاقىنسانىڭ تەقىبلىق كۆزلىرىدىن ئەندىكىپ، قىلماقچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋېتەتتى. شۇڭا، ئاقىنسا ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنى زادىلا گەپ قىلدۇرغىلى قويمىدى.

پەخرۇللا ئۆيىنى تاماكا ئىسىغا تولدۇرۇپ، پىرقىراپ يۇرگەن پەيتتە، ئاقىنسا تۇراپ ئەيسانىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىپ كەلدى. ياستۇقىقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆك تاماكا چېكىۋاتقان تۇراپ ئەيسا ئۇنىڭغا كۆزىنى ئالايتىپ گۆلەيدى.

ــ ھە، پەخرۇللانىڭ لالما كۇچۇكى، نېمىدەپ كىردىڭ؟

ــ لالما كۇچۇكى بولسامۇ، سىلى ئۇچۇن بولغاندىمەن.

ــ مۇناسىۋەت ئۇچۇق بولسۇن، ئۇقتۇڭما؟ سەن «ئەمدى پەخرۇللانىڭ ئىزىغا چۇشىدىغان ئىشنى قىلمايمەن» دېگەن كۇندىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىم ـ بېرىم ئۈزۈلگەن.

ــ خام خىيال قىلمىسىلا تۇراپ ئەيسا، يېقىندىن بۇيان ئالاقىمىز تېخىمۇ چىڭىپ كەتتى.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ــ ئۆزلىرىگە ئايان. سىلى بۇ قېتىم پەخرۇللا ھاكىمنى يوقىتىش ئۇچۇن مېنىمۇ ئوتقا ئىتتەرمەكچى شۇنداققۇ؟ پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق پىلان بۇ...

ــ بۇ ساڭىمۇ ئايانكەندە؟ بىلەمسەن تېررورچىلار ئۇچۇن قورال ئوغرىلاش، ئادەمنى ئۇدۇل ئۆلۇمگە ئاپىرىدۇ.

ــ ئەمەسە، ئۆلۇمگە مېنىڭدىن بۇرۇنراق سىلى

بارىدىكەنلا...

— ئاغزىڭغا پوق، شوۋىچى...

— تولا شاشماي تۇرسىلا، — ئاقنىسا مىختەك قادالدى، — دەپ باقسىلا تېرروررچىنى ئۆيىدە، ساماتىخانىدا يوشۇرۇپ باقىقان، ئۇنىڭغا نەدە قورال بارلىقىنى دەپ بەرگەن ئادەمنى قانداق ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرىدۇ؟

— سەن... سەن پاسكىنا، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن؟ مەن نەدىكى تېرروررچىنى بېقىپتىمەن، ئۇنىڭغا قورال بار يەرنى كۆرسىتىپ بېرىپتىمەن؟

— ئەمىسە، ئاڭلاپ تۇرسىلا، — ئاقنىسا گېلىنى قىرىپ، كارنىيىنى رۇسلىدى، — «دەرۋازا، تاملارغا ھېلىقى خەتلەرنى چاپلاپ يەنە دەردىڭ چىقمىدىما؟»، «سەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغۇچە، سېنىڭ بەدىنىڭ غەلۋىردەك ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كېتىدۇ...»، «ئۇنىڭدا سەككىز پاي ئوقلۇق «ۋالتېر» تاپانچا بار...» بۇ گەپلەر ئېسلىرىگە كەلگەندۇ؟ توۋا، توۋا، سىلىنى ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم دەپ يۈرسەم، ئۆتۈپ كەتكەن تەلۋە، ساراڭ بىر نېمىكەنلا پەخرۇللا، سىلى، مەن ئۇچىمىز بىر يىپقا باغلانغان چېكەتكە ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەمدىلا؟ بىز ئوتقا چۈشسەك، سىلى سىرتتا قالامتىلە؟!

— سەن... سەن... سەن بۇزۇق.

— بىر تېرروررچى ئەبلەخكە قورال بار يەرنى دەپ بېرىپ، ئوغرىلاتقان ئادەم بۇزۇق بولماي، مەن بولامدىم؟

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئىسپاتسىز، قۇرۇق گەپلەر.

— ئىسپاتسىز؟ ئەمىسە پەخرۇللا ھاكىم بىلەن مېنى تۇتۇپ بەرمەمدىلا؟ نەق شۇ يەردە دەيدىغان گېپىم، كۆرسىتىدىغان ئىسپاتىم بار، تۇرسىلا ئورۇنلىرىدىن، سىلى بولسىلا ئەركىشى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئايال كىشىدىن بىر نېمىلىرى ئارتۇق!

— سېنىڭ تەھدىت سالغىنىڭغا قورقۇپ قالمايمەن.

— قورقمىسىلا تۇرمامىلا قېنى! چىرايلىرى ئەجەب كەسلەنچۈكتەك بەدرەڭ بولۇپ كەتتىيا... تېخى قورقماپتۇمىش. سىلى تاشتوختىنى كىچىك ئۆيدە، سامانخانىدا قانچىلىك يوشۇرۇپ باققانلىرىنىڭ ماددىي ئىسپاتى مېنىڭ قولۇمدا، مەن بىر ئېغىز گېپىم، پولاتتەك ئىسپاتىم بىلەن سىلىنى ئاتتۇرۇۋېتەلەيمەن.

— ئەمىسە، تاشتوختى قورال بىلەن پۇلنى ئاقنىسا ئوغرىلاپ بەردى، دېدىڭۇ.

— بۇ گەپكە كۆلدىكى سېسىق پاقىمۇ ئىشەنمەيدۇ، تاشتوختى سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرى، يول كۆرسىتىشلىرى بىلەن مېنى تۇتۇپ سامانخانىلىرىغا ئەكەلگەندە، يان قورال توغرۇلۇق گەپ قىلدى. لېكىن مەن ئۇنداق نەرسىنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنلىكىم ھەققىدە قەسەم قىلدىم. ئۇ: «بولدى سەن ئەسقاتمىساڭ ئۆزۈم قىلىمەن، ماڭا قورال بىلەن پۇلنىڭ نەدىلىكىنى تۇراپ ئەيسا دەپ بەرگەن» دېدى.

— پوق يەپتۇ ئۇ. ھەممىسى تۆھمەت، — تۇراپ ئەيسا ئاقىرىپ كەتتى، — قارا ئۇ گۇينىڭ يالغان ئېيتقىنىنى.

— مانا، تاشتوختى بىلەن ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلىرىنى ئىقرار قىلدىلىغۇ؟ — ئاقنىسا تېخىمۇ چىڭىۋالدى، — قورال بىلەن پۇلنى سىلى ئوغرىلاپ بەرگەنمۇ ياكى تاشتوختى ئۆزىمۇ؟

— ئاھ، خۇدا ماۋۇ جا... — تۇراپ ئەيسا تىللاشتىن قورقتى، — قاراڭ ئاقنىسا، بولدى قىلىڭ. مەن ئاغزىمنى كاكىلا لېيىدا چاپلىۋەتسەم بولىدىغاندۇ؟

— بۇلا ئەمەس، سىلى مېھمانخانا، كادىرلار ئاشخانىسى ۋە ناھىيىلىك كومىتېتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مەسئۇل باشلىق، — ئاقنىسا غەزەپتىن ئاقىرىپ كەتكەنىدى، — شۇڭا، ساقچىلارغا ھاكىم ئىككىمىزنىڭ ئەزەلدىن مۇناسىۋىتىمىز

يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ گەپ قىلسىلا، شۇندىلا بولدى قىلىمەن. بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئاقنۇەتلىرىنى ئوبدان ئويلىسىلا، مەندىكى ئىسپات سىلىنى ئۇدۇل نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى دەڭسەپ كۆرسىلە...

— ئاقنىسا، پەخرۇللاغا ھەرقانچە قانات ياپقىنىڭ بىلەن ئۇ بەربىر چىمەندىن كېتىدۇ. يەنە ئىككىمىز قالىمىز. بىر ياقا يۇرتلۇقنى شۇنچىلا قوغداپ نېمە كەپتۇ!

— چۈنكى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن!

— نېمە، نېمە؟

— نېمىگە كۆزلىرىنى ئالايتىدىلا، ئۆزلىرى شۇنداق دېمىگەنمىدىلە.

— مەن... مەن سىنى راستتىنلا ياخشى كۆرمىگەندىمەن؟ — تۇراپ ئەيسا بىردىنلا زەھەردەك كۈلدى، — بىلىمەن، سىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭ ئۇنىڭ ھوقۇقى، مائاشى، بانكىدىكى پۇلى! قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدىغان ئىمتىيازى، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ سىلىنىڭ توخۇغا دان چاچقاندەك ئادەم ئالداشلىرىدىن مىڭ ياخشى، ھازىر ئۇ مەنسىز ياشىيالمايدىغان دەرىجىدە مەستانە بولۇپ كەتتى. بۇنداق يۇرسەتنىڭ كەلمىكى ئاسانما؟! بىلىپ قويسىلا مەن بارلىق ناز - كەرەشمە، خۇلقلىرىمنى ئىشقا سېلىپ مېنى ئالمىسا تۇرالمايدىغان قىلىمەن! شۇ چاغدىلا كارامىتىمنى كۆرسىتىمەن!

ئاقنىسا چىقىپ كەتتى. تۇراپ ئەيسا بېشىنى سوغۇق تامغا تىرىگىنىچە «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى. ئۇ راستتىنلا قورقتى، قورققاندىمۇ ئېيتقۇسىز قورقتى. ۋاي دەرىخا، جالاپ بىلەن تەڭ بولغۇلۇق ئەمەسكەن. تۇرلۇك - تۈمەن قازانلاردا قايناپ چىققان بۇ رەسۋالار گەپكە ئۇستا بولىدىكىنا! تېخى يىراقنى كۆرەرلىكىچۇ، مۇشۇنداق ئېلىشىشلار چۈشىدە ئايان بولىدىغان چېغى! قارىمامدىغان گەپ دېگەننى خۇددى تەخسىگە مارجان

تۆكۈلگەندەك تاراسلىتىپ قىلىۋاتقىنىنى. ئىسپات توپلاپ، گەپ يىغىدىغان نېمىلەركەن بۇ! ئۇلار مۇشۇنداق مۇنازىرىلەرنى ئالدىن مەشىق قىلامدىغاندۇ؟ قۇرۇق گەپ، ئالدىغا قانداق مەزمۇندىكى سوئال ـ سوراقلار كېلىدۇ، نېمە توغرۇلۇق، بۇلارنى كارامەت كۆرىدىغان ئۇلار ئەۋلىيا ـ ماشايىخلار بولمىسا، قارا بۇ قانجۇقنىڭ يامانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن پەخرۇللانى تاك ئېتىپ چەككىلى بولامدۇ، نېمە؟ ھېلىمۇ مۇشۇ ئىشلارنى بىلگەندەك، تۇراپ ئەيسا ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە ئىككى قېتىم، پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىژېڭغا بىر قېتىم نامسىز خەت يازدى، ئۆزى بوستانغا بارغاندا ئۇچرىغانلىكى تونۇش ـ بىلىش، چوڭ ـ كىچىكلەرگە پەخرۇللانىڭ ئەھۋالىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ، راسا سېسىتىۋالدى. ئەمدى قەدەمنى ئاۋايلاپ ئالمىغاندا، ئاقىنسادىن قېچىپ تۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

قورال ئوغرىلىنىش چوڭ ۋەقەسى بىر نەچچە كۈن قاتتىق تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، بوستاندىن كەلگەن ساقچى باشلىقى چىمەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە بۇ دېلونى داۋاملىق تەكشۈرۈشنى تاپىلاپ قايتىپ كېتىشتى. ئەمما، پەخرۇللا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پارتكوم ئىچىدە ئۆزىنى ئىككى قېتىم تەكشۈردى. بىپەرۋالىق، ئىدىيىۋى ۋە سىياسىي ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ، تېررورچىلارغا ئىمكان يارىتىپ بېرىشتەك گۇناھى قاتتىق تەنقىد قىلىندى ھەم پارتىيە ئىچىدە چوڭ گۇناھ يېزىش جازاسى بېرىلدى. بۇ جازا پەخرۇللانىڭ ئىزچىل پاك تۇتۇپ كېلىۋاتقان تارىخى ئۈچۈن زور يوقىتىش ئىدى. قىسقىسى، ئاپئاق، پاكىز خەسە كۆڭلەكنىڭ مەيدىسىگە قاپقارا سىياھ تۆكۈلگەندەك داغ پەيدا بولدى. كۆڭلى قەۋەتلا پاراكەندە بولغان پەخرۇللانىڭ روھى چۈشۈپ، بۇرۇنقى قىزغىنلىقى، جەڭگىۋارلىقى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ئۈمىدۋارلىقى خۇددى ئۈششۈك تەگكەن گۈل بەرگلىرىدەك

سولدى. پەقەت گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى ئاقنىسادىن ئىبارەت بىرچىراغ يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم تاماق ئىلىش تۆشۈكىدە ياكى تاماق يەۋاتقاندا، ئالدىغا يۇمىلاپ كەلگەن تىرناقتەك قەغەزنى چاندۇرماي ئىلىۋالاتتى. ئۇنىڭدا: «تولا ئويلانماڭ، كېسەلچان بولۇپ قالسىز...»، «بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، تاتلىق كۈنلەر ئالدىمىزدا...»، «پەخرۇللا، مېنىڭ قەدىرلىك غايىۋانە ئېرىم، سىزنى يېنىمىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ قالغۇچى ××× تىن....» «ئاھ... مەن ئاشۇ شېرىن دەقىقىلەرنى سېغىنىدىم... سىزچۇ؟...» دېگەندەك كۆڭۈل ئاۋۇندۇرىدىغان، بەزلەيدىغان، تەسەللى بېرىدىغان سەھىپىلەر ئۇنى بىردەملىك بولسىمۇ يامان خىياللاردىن نېرى قىلاتتى.

ساقچىلارنىڭ تەرگەۋلىرى، ئۆزىنى تەكشۈرۈش سورۇنلىرى، «گۇناھ» نى ئىلان قىلىش سورلۇك يىغىنلار... ئادەملەرنىڭ سۆرۈن تەلەتلىرى... گۇمان بىلەن تىكىلگەن كۆزلەر... نىڭ ھەممىسى بارا ـ بارا غۇۋالاشتى ۋە ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما پەخرۇللانىڭ يۈرەك جاراھىتىدىن ھېلىھەم قان ـ يىرىڭ تەپچىپ تۇرغاندەك ئازابلىناتتى. ئۆمۈر بويى پاك، سەمىمىي، جان ـ دىل بىلەن ساداقەت كۆرسىتىپ كەلگەن پەخرۇللا ئۇچۇن «چوڭ گۇناھ» تىن ئىبارەت مەڭگۇ ئۆچمەس مەرەز ئىيتقۇسىز ئېغىر كەلگەنىدى.

مانا ئۆكتەبىر ئايلىرىمۇ چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. پەخرۇللا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇلى ئىلىنىپ، پۇتۇش ئالدىدا تۇرغان ئوتتۇرا تارىم ئاسفالت يولى، ئاندىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان قاشتېشى كېنى، شېكەر، تاماكا، هاراق شىركىتى، توپتېرەكتىكى ئۆزى قول تىقىپ لايىھىلىگەن هاراق، جياڭيۇ زاۋۇتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، تېگىشلىك يوليورۇقلارنى بېرىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى. پەخرۇللا بۇرۇنقىدەك چاپچىپ تۇرىدىغان ئارغىماققا

ئوخشمايتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ئېغىر، قاراشلىرى مۇلايىم، ھەممىلا نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان سۇس تەبىئەتلىك بولۇپ قالدى. پەقەت ئاقنىسا ئېسىگە كەلسىلا پىسىگىدە كۈلۈپ، يۈرىكى شادلىق بىلەن ئۇرۇپ كېتەتتى. لېكىن، پەزلىيە كۆز ئالدىغا كەلگەن ھامان، غۇژژىدە گەجگىسى قورۇلۇپ، چىرايى تۇتۇلۇپ، خۇددى تۇگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك بىئاراملىق ھېس قىلاتتى. بۇ چاغقىچە ئادەم سەپلىيەلمەي ئۆز ئورنىدا ئىشلەپ تۇرغان پەزلىيەنىڭ چىمەن ناھىيە ئارخىپ ئىدارىسىگە كېلىدىغانلىق خەۋىرى مۇقىم بولدى. ئەمدى ئۇ كەلسە، ئىشلار قانچىلىك چىگىشلىشىپ كېتەر.

كەچ كىرىپ ئەتراپنى كېپەنلىۋالغان گۇگۇم قاراڭغۇلۇققا ئالماشقاندى. ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان باغ، سارغىيىپ قىزغۇچ تۇسكە كىرىۋاتقان مېۋىلىك كۆچەتلەر خۇددى ئېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنمەيتتى. سېغىنىش پىراقلىرى يۈرىكىنى ئۆرتەپ تۇرغان پەخرۇللا ئاقنىسانىڭ قول تېلېفونىغا تېلېفون بېرىشىگە، دەرھاللا جانلارنى سۆيۈندۈرۈۋېتىدىغان نازلىق بىر ئاۋاز كۇمۇش قوڭغۇراقتەك جىرىڭلىدى...

— بۇ مەن ... — ئاقنىسانىڭ مىچىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى، — ئۆزىڭىز... ئۆزىڭىز تىنچلىقمۇ؟

— مەن ياخشى... سىز نەدە؟

— مەن... ھېلىقى تام تۇۋىدە... سىزنى ساقلاۋاتىمەن.

— نېمىشقا مېنى خەۋەرلەندۈرمەيسىز؟

— سىزنىڭ چوقۇم ئەشەگە چىقىدىغىنىڭىزغا ئىشەنچىم بار ئىدى.... يۈرىكىم شۇنداق دېدى.

— مەن... مەن، — ئاقنىسانىڭ ئاۋازىدىن پەخرۇللانىڭ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى، — ھازىرلا چىقىمەن.

پەخرۇللا ئورۇندۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆپ ھايال بولمايلا ئاقنىسانى باشلاپ كىرىپ، دەرۋازا ـ ئىشىكلەرنى

تاقىۋەتتى. ئۇلار ئۆي ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ، ئۆزئۆزىچە قانماي ـ قانماي سۆيۈشتى. ئاندىن ئۈستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى.

ــ يادىڭىز قايسىز، ــ ئاقنىسا پەخرۇللانىڭ يۈزىنى سىلىدى، ــ ئۇلار سىزگە راستىنلا ئۇۋال قىلدى. سىز ئۇندىمىگەن بىلەن ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتتىڭىز، بولدى بېشىڭىزنى چايقىماڭ. قاچانلا بولسا مېنى ئاياپ راست گەپ قىلمايسىز.

ــ ئاقنىسا، ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتىغۇ، بولدى ئەمدى تەگمەڭ.

ــ ھە، راست سىزگە بىر خۇش خەۋەر بار، ــ دېدى ئاقنىسا پەخرۇللانىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، ــ بوستان ژۇرنىلىدا سىز توغرۇلۇق شۇنداق جىق ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىنىپتۇ. ئاپتورى ئەزىمجان يارئەلىكەن.

ــ ماقالىنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

ــ «چىمەن ئاسمىنىدا پارلىغان چولپان» كەن.

ــ بىرى چولپانغا، يەنەبىر توغراقىقا، تېخى يۇلغۇنغا ئوخشىتىپمۇ يېزىۋاتقانلار جىق، ــ پەخرۇللا ئاچچىقىقىنە كۈلدى، ــ لېكىن كىچىككىنە خاتالىق ئۆتۈۋىدى، شۇنىڭغا ئارا تۇرالىدىمۇ، ھازىر ماختاش بولامدۇ ياكى قارغاپ تىللامدۇ، مەن ئۇچۇن بەرىبىر.

ــ مۇشۇ گېپىڭىزدىنلا ئۈمىدسىزلىك، ھەسرەت پۇراپلا تۇرامدۇ. بۇنداق قىلسىڭىز مەن بەكمۇ بىئارام بولىدىكەنمەن.

ــ بولدى، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، ــ پەخرۇللا قۇچىقىدىكى ئاقنىسانىڭ دۈمبىسىگە پەپىلىدى، ــ مەن ئورگان پارتكومىنىڭ شۇجىسى گۈلخان، ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيسالارغا سىزنى پارتىيىگە تەربىيىلەشنى ئېيتقاندىم، ئۇلار سىزگە دېدىمۇ؟

— دېدى، ھازىر پارتىيە ئۆگىنىشلىرىگە قاتناشتۇرۇۋاتىدۇ، گۈلخان شۇجى مېنى تەربىيىلەشكە ئۆزى مەسئۇل بولدى.

— ئاقىنسا، سىزگە بىر مەسلىھەت بارئىدى، — پەخرۇللا بىردەم تۇرۇۋالدى، — پەزلىيەنى يۇقىرى رەھبەرلىك چىمەنگە يۆتكەپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كېلىپ قالارمىكىن، ئۇ كېلىپ قالسا...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئانام: «خىزمەتداش، دوستلىرىڭ كېلىپ قالسا چوڭ ئۆيگە باشلىساڭ ئۆيدىن نومۇس قىلىدىكەنمەن» دەپ باغ تەرەپتىكى ئۆينى بىكارلاپ، ئاقارتىپ بەردى، ئەتىلەتىن كۆچىمەن. ئەمدى باغ تېمىدىن ئاتلاپ چۈشۈش ۋەزىپىسى سىزگە كەلدى.

— ۋۇي شەيتان، — پەخرۇللا ئاقىنسانىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويدى، — دېمەكچى بولغىنىم ئىككىڭلارنىڭ ئىدارىسى سىرتتا بولغىنى بىلەن كادىرلار ئاشخانىسىدىن تاماق يەيسىلەر، ئەمدى تاسادىپىي...

— ئۇچرىشىپ قالسىڭىز چاندۇرماڭ، دېمەكچىمۇ سىز، — ئاقىنسا شوخلۇق قىلىپ كۆزىنى ئويناتتى، — بارغانچە چېچىدىن قاماللاپ، گۇپپىدە باسىمەندە، يۈزىنى مورلايمەن...

— ئۇنداقتا، مېنى رەسۋا قىلىدىكەنسىزدە؟

— ئويناشتىم، جېنىم، ئويناشتىم... سىزنى تەڭلىككە سالىدىغان ئىشنىمۇ قىلارمەنمۇ؟ خوتۇنىڭىز ئۆكتەملىك قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بۇ... بۇ، — ئاقىنسا تۇرۇپسقا قارىدى، — كەلگۈسىمىز ئۈچۈن! ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىمىز ئۈچۈن!

ئاقىنسا «غەلىبىمىز ئۈچۈن» دېگەن سۆزنى قىلغىنىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەم تېنى تىكەنلىشىپ كەتكۈدەك ئۇچقۇنلار چاچرىدى.

پەخرۇللا قۇچىقىغا قونۇۋالغان قۇشنىڭ بويىنىدىن شارتىلا قايرىپ سۈيۈشكە تەمشىلىشىگە، ئاپئاق، نازۇك بارماقلار كالپۇكلىرىغا چەپراس توسالدى... لېكىن، ئاقىنىسانىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقى ئىشق ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقان ھاياسىز كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا شىۋىرلىدى:

— توختاڭ، مەن ئورۇن سالاي...

ئاقىنىسا چوڭ كارىۋات ئۈستىدىكى يۇڭ ئەديالنى ئېلىۋېتىپ، ماموق ياستۇق، نېپىز يازلىق يېپىنچىلار بىلەن ئورۇن راسلىدى. ئاندىن ئىككىسى يېشىنىپ ئورۇنغا كىرىشتى...

— ئاقىنىسا، سىز چۈشەنمەيسىز، — تەرلەپ كەتكەن پەخرۇللا ئاستا پىچىرلىدى، — «چوڭ گۇناھ» دېگەن بىر كادىرنىڭ بەدىنىگە چىققان ساقايماس مەرەز، ئىستىقباللىق رەھبەرنىڭ يىلتىزىغا ئۇرۇلغان پالتا... ئۇزلۇكسىز ئۆسۈش يولىدىكى چوڭقۇر خەندەك...

— بۇنداق بولۇشقا ئاشۇ ئىپلاس ئالىقاندەك تۆمۈر سەۋەب بولدى، — دېدى ئاقىنىسا پەخرۇللانىڭ بويۇن، مەيدىلىرىنى سۇرتۇۋېتىپ، — ئەگەر سىزدە قورال بارلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۆزۈم ساقلاپ بېرەتتىم. مېنىڭ ئەقلىمنىڭ يەتمەيۋاتقان يېرى، شۇنداق مەزمۇت پولات ساندۇقنى قانداق ئاچقاندۇ؟

— ئىككىلا ئاچقۇچنى ئىچىدىكى ئىشىكنىڭ قۇلۇپ تۆشۈكىگە تىقىپ ساڭگىلىتىپ قويۇپتىمەن.

— بىرگەپنى دېسەم خاپا بولۇپ كېتەرسىزمۇ؟ مەن ھېلىقى نىقابلىق ئادەمدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟

— ئۇ: «ھاكىمنىڭ تاپانچىسىنى ئوغرىلاپ بەر» دېگەنىدى. مەن: «ھاكىم ساقچى باشلىقى بولمىسا، ئۇنىڭدا تاپانچا نېمىش

قىلسۇن» دېگەنىدىم.

— بۇ گەپنى ئۆتكەندە دېمىگەن ئىدىڭىزغۇ؟

— مەن سىزدە قورالنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەچكە، ھېلىقى ئىقابلىق «مېنى چېكىپ بېقىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن.

— ئەمدى ئايدىڭ بولدى. تاپانچىنى ئاشۇ ئەبلەخ ئوغرىلاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى چىقارساق، تۆرەم توختى دېگەن مۇناپىق سۆرىلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئىككىمىزنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايماي قويارمۇ؟

— ئۇلار سىزدە تاپانچا بارلىقىنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟

— لى شۇجى، تۇراپ ئەيسا، يەنە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەتتى.

— ئەمىسە، ئاشۇلارنىڭ بىرى...

— مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار دېمىسىمۇ بىرىنچى قول باشلىقلارغا قورال تارتقاتقان ئىشنى خەقلەر بىلىدۇ.

ھايات قازانلىرىدا پىشىپ، جاھات رەپتارىغا كىرىۋالغان ئاقىسا ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ئۆزىگە ئايان تۇرۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدىمەي، چىرايى تاتارماي، گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئازماي تەمكىنلىك بىلەن پەخرۇللانى ئوينىۋاتقىنىنى كۆرۈڭ! لېكىن ئىشقى ـ سەۋدا شەھۋەتلىرىگە پېتىپ قېلىشقانلارنىڭ ئەيىبلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە چىرايلىق كۆرۈنەمدۇ ـ نېمە. پەخرۇللا ئاقىسادىن مىسقالچە گۇمانلىنىپ باقمىدى. ھېلىقى چاغدا بىخەتەر ساندۇقتىن ئىككى مىڭ سومنى ئالغاندا، ئاقىسا تامدىكى ئاسما كالېندارنىڭ ۋاراقلىرىنى قايرىپ، چولپانلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئەقەللىيسى، پەخرۇللا خىزمەت بىلەن بىرنەچچە كۈن يوقىلىپ كەتسە مىچىلداپ يىغلايتتى. مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، كۆڭۈل بەرگەن ئادىمىنى ئوتقا

ئىتتىرىۋېتەرمۇ؟ بىللە بولغاندا ئۇنىڭ ئەركىلەپ كېتىشلىرىچۇ! راست، ئاقنىسا پەخرۇللا بىلەن بىللە بولغاندا، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالىدۇ. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ قايتا تەرلەپ كەتكەن پەخرۇللانىڭ يۈز، بويۇن، مەيدىلىرىنى سۈرتۈۋاتقان ئاقنىسا ناز بىلەن چىرماشتى.

— بىر ياز ئاتقان پاختام بىر يىكچە بولمىدى، دېگەندەك، شۇنچە يىل جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگىنىڭىزنىڭ يۈز - خاتىرسى بولدىمۇ! بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ.

— قانداق دەيسىز؟

— ھاجەتمەنلەرنىڭ قۇرۇلۇش، يەر سېتىۋېلىش، بالىلىرىنىڭ خىزمىتى، ئىشچى - خىزمەتچى، كادىرلارنىڭ يۆتكىلىش ئىشى، نوپۇسىغا ئالدۇرۇش، شىركەتلەرنىڭ توختاملىرىغا كېپىل بولۇشتەك ئىشلاردا بەرگەن، ئېلىپ كەلگەن، ئەۋەتكەن كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى ئېلىۋېلىڭ.

— ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟

— ھېچقانداق بولمايدۇ. ھۆكۈمەت دېگەننىڭ يۈزىدە تۈكى باركەن. يوقىلاڭ ئىشقا «چوڭ گۇناھ» يازغان يەردە، ۋاقتى كەلگەندە ھاكىملىقنىمۇ تارتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئەگەر ھاكىملىقنى تارتىۋالسا، مېنىڭدىن يۈز ئۆرەرسىزمۇ؟

— راست گەپنى قىلسام، دەسلەپتە سىزنىڭ ئەمەلىڭىزگە قىزىققانىدىم، — ئاقنىسا گەپنى ئىشەنگۈدەك قىلمىسا چېنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، — كېيىن ئۆزۈڭمۇ ھەيران... سىزگە...

— چۈشەندىم، سىزگە نېمە دېسەم بولار؟

— ھېچنېمە دېمەڭ، خوتۇنىڭىز بىلەن ئاجراشماقچى

بولۇۋاتىسىز، شۇنداققۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا مەلۇم بىر جەريان كېتىدۇ.

— قانچىلىك جەريان كەتسە ساقلايمەن. ھامان بىر كۈنى سىز بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇشنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلىمەن.

— رەھمەت سىزگە.

— شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ، كۆڭۈل سوۋغىلىرىغا ھەرگىز سەل قارىماڭ، — ئاقنىسا پەخرۇللاغا ئېزىتقۇ سۈيى ئىچۈرمەكتە ئىدى، — كېيىنچە پۇشايمان قىلىپ قالىسىز. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ قۇرغان ئائىلىسى شۇنداق ھەشەمەتلىك بولۇشى كېرەك.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بۇنىڭ مەنىسىنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز. بەكمۇ مۇشكۇللۇكتە قوشۇلغان ئىككى دەردمەن تەستە ئېرىشكەن ئۆي كۆڭلى سۇ ئىچكۇدەك يوزۇر بولۇشى كېرەك...

ئاقنىسانىڭ «بۇرۇن ئەمىلىڭىزگە كۆيگەن، كېيىن ئۆزىڭىزگە!» دېگەن گېپى ھەم راست، ھەم يالغان! راستلىقى پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۇتتۇرا ياشلىق تۇرگۇنلۇكى، تەلپۈنۈشى، قوپاللىقى تېمىپ تۇرغان قاۋۇل، بەردەم پەخرۇللا، ئاقنىساغا بۇ دۇنيادا تېخى كۆرۈپ باقمىغان روھىي ئوزۇق ئاتا قىلدى. تېخى ئۇنىڭدىكى پەزىلەت، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىكى شېرىن سۇخەنلىكى، ھۆرمىتى ئاقنىسانى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇ دۇنيادا مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن، دېگەن ئويغا كەلگەن چاغلىرىدا، پەخرۇللانىڭ ھاكىملىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى راست! ئەمدى يالغانلىقى بولسا، ھاكىم ئۆز تەقدىرىنى ئۇنىڭغا باغلاپ، بىر ياستۇقتا باش قويغانلىقىغا تەمەننا قىلىپ، ئۆزىنى

قويار جاي تاپالماي قالغان ئاقنسا: «قاراڭلار، سىلەر كۆزگە ئىلمىغان «ئون تىيىن» ھازىر مىڭ تىللالىق گۆھەرگە ئايلاندى!» دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۇرۇۋاتامدۇ! شۇڭا، ئۇ ھېلىمۇ پەخرۇللانىڭ مەڭگۈ ھاكىم بولۇشىنى، ئاشۇ مەنسەپ سايىسىدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى ئويلىمىغانلىقى يالغان! ئۇ پەخرۇللانىڭ ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. بىر يۇرت ئاتىسىنىڭ قوينىغا تارتىشىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. ئادەم بولغاندىمۇ خېلى - خېلى كاتتىلار ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان ئېسىل ۋە قىممەت باھالىق دۇرى - گۆھەردەك ئادەم ئىكەنمەن، دەپ چۈشەندى. دېمىسىمۇ بىر ھاكىمنىڭ، ئۆمرىدە ھايۋاندەك سېتىلىپ، خورلىنىپ، ئاياغ - ئاستى قىلىنغان بىر ئاجىزەگە ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىشى، ئۇنى ئەتىۋارلاپ باغرىغا بېسىشى، زوق - ئىشتىياق بىلەن سۆيۈشى ئاقنسا ئۈچۈن گويا 18 مىڭ ئالەمنى تىللاغا توشتۇرۇپ بەرگەندەك تۇتىيا بىلىندى. راست! ئاقنسا ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلغان ئادەملەرنى ياكى بىرەر قېتىم ئەتىۋارلانغان چاغلىرىنى ئەسكە ئالالمايدۇ. 15 يېشىدا ئۈچ مىڭ سوم پۇل ئۈچۈن 63 ياشلىق مەزىن ئاخۇنۇمغا ياتلىق قىلىندى. مەزىن ئاخۇنۇم ياش ھەم چىرايلىق خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولدىمۇ ياكى چېنىپ قالماي دېدىمۇ، ئىشقىلىپ «مەن تېۋىپ» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانىنىڭ كۇمىلاچ، تالقان، شەربەت، قىيام... دېگەندەك دورىلىرىنى ئېلىۋەردى. ئەسلىدىلا شالاقلاپ قالغان تۈگمەننىڭ چاقپەلەكلىرى بۇنداق كۈچلۈك، قىيان سۇغا بەرداشلىق بېرەلمەي بىر يولىلا بەش پارە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە قېپقىزىل قاپارتمىلار چىققان باھانە بولدى - دە، بەش ئاي ئىچىدىلا كىچىككىنە چۈغۈندەكتەك

ئايالىنى تاشلاپ باقىيغا رەھلەت قىلدى.

خۇددى كۈنجۈرىگە دەندەپ قالغان غۇنىچىن جۇۋازغا تەلمۈرگەندەك، ئەمدىلا تۇرمۇشنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىشق شەربەت تەمىنى تېتىپ قالغان ئاقىنىسا قوناقلىق، كېۋەزلىك، خامان، بولجالىق ئورمانلاردا تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋاتقان مەھەللىنىڭ ئالىقاناتلىرى تاز ياكى بەز بولسۇن، چىرايلىق ياكى سەت بولسۇن، بەدىنىدىن قاڭسىق تەر ھىدى كەتمەيدىغان، ساپىېرىق، قارىداپ كەتكەن چىشلىرى شالىلىقا قاقىقان قوزۇقتەك چوقچىيىپ تۇرغان، ئاغزى بەتبۇي پۇرايدىغان، نېمىلا قىلسا «ياپىرىم...» دەپ باشلايدىغان مىزىن ئاخۇنۇمدىن ئۆلۈكى ئارتۇق ئىدى. ئەمما بۇ لەنىتىلەر قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، تالا ـ تۈزلەردە «ئاقەي، كۆكەي» دەپ مېزىنى چۇۋۇيتتى. «ئون تىيىن» دېگەن تېتىقسىز، سەت لەقەمنىمۇ ئاشۇ قارغىش تەگكۈرلەر قويغان ئەمەسمىدى. تۇۋا، ئاقنىسانىڭ بىر چىرايلىق ناز ـ ئىلتىپاتلىرىنى «ئون تىيىن»گە تەڭ قىلسا، ئۇ نا ئەھلىلەرنىڭ ئىنساپىنى قاغا چوقۇۋالغانمۇ؟!

شۇنىڭدىن بېرى، ئاقنىسا بۇنداق يولغا كىرمەيدىغان بولدى. ئەمما، بىر كۈنى كەچتە بازار بويلۇق ئىككى بالا ئۇنى بولجالىققا سۆرەپ گېپىگە كىرگوزەلمىگەندىن كېيىن، قارىقويۇق ئۇرۇپلا كەتتى. «قارا توڭگۇز» لەقەملىك تاشتوختى قاياقتىن پەيدا بولدى، ئىشقىلىپ، ئۇ ھېلىقى ئىككى بالىنى سۇر- توقاي قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئاغزى ـ بۇرنىنى قان يالىغان ئىتتەك قىلىۋەتتى. ئاندىن يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئاقنىسانى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە، قوناقلىققا ئەكىرىپ كەتتى... شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان

سەۋدايىلارغا ئايلاندى. لېكىن، تاشتوختىنىڭ خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ خوتۇنىدىن ئاجرىشىشى ۋە تىجارەت يولىغا كىرىشىپ كېتىش ئۈچۈن «15 مىڭ سوم پۇل تەييارلاپ بەرسەڭ، ئىككىمىز نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئۆيگە كىرىۋالايلى» دېگەن قاملاشمىغان شەرتنى قويدى.

مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئەسلىدە ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭى تاغ ئارقىسىغا ياتلىق بولۇپ كەتكەنچە خەۋىرى بولمىدى. كىچىكى بولسا تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى مەزىن ئاخۇنۇم ئۆلگەندىن كېيىن ئەھلى جامائەت شەرىئەت مىزانلىرى بويىچە شاھىت ۋە رەغىپ بولۇپ، ئۇنىڭ نەزىر ـ چىراغ، ئۆلۈپ ـ يېتىملەردە چۈشكەن پۇل ـ پۈچەك، نەرسە ـ كېرەكلىرى ۋە چاققانغىنە ئۆي ـ جايلىرى مىراس بولۇپ ئاقىنىساغا قېپقالدى. بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بار تاشتوختى ئاقىنىسانى ياردامغا قىستىغانلىقى شۇ ۋەجىدىن ئىدى. گەرچە تاشتوختى ئۆزىدىن 12 ـ 13 ياش ئەتراپىدا چوڭ بولسىمۇ، ساقىلىغا تۇكۇرۇپ، داۋاملىق قىسقا يۆتىلىپ يۈرىدىغان دومچەك مەزىن ئاخۇنۇمدىن، مەھەللىدىكى قۇرۇق سۆلەت بىلى بوشلاردىن مىڭ مىراتەم ئارتۇق ئىدى. شۇڭا، ئاقىنىسا بىرنەچچە قوي ـ كالىسىنى سېتىپ ئۆزىدىكى بار پۇلغا قوشتى ـ دە، 11 مىڭ سوم قىلىپ تاشتوختىغا بەردى. لېكىن «قارا توڭگۇز» دېگەن لەقەم ئۆزىگە پىچىپ تىككەن كىيىمدەك سىڭىشىپلا قالغان بۇ ئىمانسىز، ئاقىنىسانىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن دوكان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى بىر كېچىدىلا قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تۇرغۇنلىغان سودىگەر، تىجارەتچى، شىركەت خوجايىنلىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ «قويمىچى» دېگەن لەقەم قوشلاپ كىيىلدى. ئاقىۋەت ئۇ ئۆيدە بىر كۈن تۇرسا، ھەپتە يوق، ھەپتە تۇرسا ئايلاپ يوق ئەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭ قەرزلىرىنى

تولەپ، چىرىغى ئۆرە كۆيمىگەن ئاقنىسا تاشتوختى يوقاپ كەتكەن ئىككى يىلدىن بېرى كۆڭلى خېلىلا ئارامىغا چۈشۈپ قالغانىدى. مانا ئۇ پەيدا بولۇپلا بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىك، دىشۋارچىلىقلارنى توغدۇرۇۋەتتى. ھەرھالدا بۇ قېتىم ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل يوقالدى. ئەمما، ئالىقاندەك تالاقنامە ئۈچۈن ئاقنىسا بەكمۇ خەتەرلىك بەدەل تۆلىدى...

— ئاقنىسا... ھەي ئاقنىسا، — پەس ئاۋازدا تۇۋۇلىدى پەخرۇللا، — ئۇخلاپ قالدىڭىزما؟ بىر خىلدا پۇشۇلداپ جىمىپ كەتتىڭىز؟

— كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتۇ، — ئاقنىسا سۇسقىنا كۈلدى، — قانداق، مېنىڭ دېگەنلىرىم كاللىڭىزدىن ئۆتتىمۇ؟

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— قاراڭ سىزنى، «كۆڭۈل سوۋغىلىرى» نى قوبۇل قىلىش ئىشچۇ!

— ئۆتتى... ئۆتمەمدىغان... سىز ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزنى ئويلاپ دەۋاتىسىز... ئەسلىدىمۇ...

ئاقنىسا بىر يۇرتنىڭ ئاتىسىغا بۇندىن كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە ساۋاق بېرىۋاتقاندا، چىمەن ناھىيە شەھەر ئىچى خەلق مەيدانىدىكى كەچلىك قاينام بازاردا تاماق يەپ، پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغان توت ئاغىنە خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان بولسىمۇ، توخۇ كاۋىپى يېگەچ يەنىلا ئىچىۋاتاتتى.

— ئەلىيار، — دېدى كۆرەش ئىسىملىك ئاق سېرىق يىگىت، — ھېلىقى باھاسى قىممەت ئاناڭغا ئانچە ـ مۇنچە سالام ـ سەھەت قىلىپ تۇرۇۋاتامسەن؟

— قىممەتلىكىدە گەپ يوق، — بويۇنلىرىغىچە بىغىررەڭ بولۇپ كەتكەن دىقماقىنا قارا يىگىت غىنى گەپ قىستۇردى، —

بارمىقىڭنى پۈكۈپ سانىساڭمۇ ئون قېتىم سانايسەندە!

— ھەي، ئاغىنىلەر تاپا - تەنىلىرىڭنى ئەليارغا قىلغۇچە، — دېدى شىرزات ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، — نوچى بولساڭ ئون تىيىننىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقان ھاكىمغا دېمەمسەن. قانداق لاتا قاس - قاس نېمىلەر بۇ!

— ئۇنىڭ مېغىزىنى ھاكىم چېقىۋاتامدۇ ياكى «ئون تىيىن» ھاكىمنىڭ يىلىكىنى شوراۋاتامدۇ، — كۈرەش قوللىرىنى شىلتىدى، — مېھمانخانىنىڭ بىر ئەرزىمەس كۈتكۈچىسى دۆلەتنىڭ كادىر شتاتى بولۇپ، مالىيە ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ. مېيىپ ئاكىسىنى كۆكەرتىش ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزى پارتىيىگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ...

— تېخى، — دېدى غېنى پال كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئاقىنسانىڭ ئاتا - ئانىسى يىلىغا ئىككى قېتىم قۇتقۇزۇش سوممىسى ئېلىۋاتىدۇ. ھاكىم جانابلىرى كۆزىنى قىسىۋەتمىسە، ئاھالە كومىتېتىدىن ياغاچقا ئېلىپ پوق بېرەمدا؟

— ھەي ئاغىنىلەر... جېنىم ئاغىنىلەر، — شىرزات جوزىغا پاققىدە بىرنى ئۇردى، — ھاكىم بىلەن ئاقىنسا سەتەڭ دۇنيانىڭ ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋەتسىمۇ، ئەلياردا نېمە گۇناھ... ئاغزىڭغا ھاراق تەگدىيۇ، خەقنىڭ يېغىرىغا تېگىپ، قوڭىنى كوچىلايسەن... نېمە پايدا، زادى نېمە پەيدا؟!

شىرزات قوللىرىنى ئوينىتىپ قايناۋاتقاندا، جىمىغۇر، كەم سۆز، يۇزى تۆۋەن ئەليار ئورنىدىن تۇرغانچە غەزەپ بىلەن جوزىنى ئۆرۈۋېتىپ، قايرىلىپلا ماڭدى. ئەمما، خوجايىن تۇڭگان پالاقلاپ كېلىپ، ئەليارنى تۇتۇۋالدى. ئاڭغىچە ئادەملەر توپلىنىپ تەبىئىي سورۇن ھاسىل بولدى. خوجايىن ئەليارنىڭ ياقىسىدىن بوغقانچە، سۇنغان چىنە، تەخسە، چەينەكلەرنى تۆلە، دەپ

ۋارقىرىماقتا ئىدى. شۇ چاغدا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان ساقچى خوجايىنىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ قويۇۋىدى، ئۇ دەرھال ئەليارنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ:

ــ سەندە شۇ خاپا بومۇسۇڭ... بولامدا شۇ... ھە، ھاراقنى ئازراق ئىچسۇن...، سەن شۇ ياخشى ئادەمنىڭ بالاڭ تۇرسا... ــ دەپ سۇنغان، چېچىلغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئەليار ئاغىنىلىرىنىڭ تۇتۇۋالغىنىغا قارىماي كېتىپ قالدى. ئۇ گالدۇ ـ گۇلدۇڭ دەسسەپ كېتىۋېتىپ: ھەي، دادام كاماندىروپكىغا كېتىپ قالمىغان بولسا، مۇشۇ تۇرقۇمدا راسا بىر گەپ قىلىۋېلىپ پۇخادىن چىقىدىكەنمەن... دەپ ئويلىدى. راست، ئىززەت ـ ئىكراملىق ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولغىنىدەك، ئۇ ساق ۋاقتىدا بېشىغا بالا ـ قازا ياغسىمۇ، ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ئازابنى ئۆزى تارتىپ ئاتا ـ ئانىسىغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئەليار دادىسىنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، چېكىدىغان، ئىچىدىغان بولۇۋالدى. مەست بولۇپ قالسىلا ياتىقىدا دوم يېتىپ يىغلايتتى. ھېلىقى چاغدىمۇ ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن خېلىلا قۇۋۋەتلىك گەپلەرنى قىلالىدى: <ئون تيين> دەپ سەت لەقىمى بار بىر ئايال بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟...»، «مېھمان كۈتۈشتە ئىشلەيدىغان شاپاقچى خوتۇنچۇ!...»، «مەن تۆت ئاغىنەم تويلاشقان يەرگە بارالمايدىغان بولدۇم، ھەممىسىلا «ياش ئاناڭنىڭ باھاسى بەك تۆۋەنكەن، دادىڭ ھاكىم بولغاندىن كېيىن، باھاسىنى سەل ئۆرلەتسۇن... بولمىسا يۈزۈڭگە سەت، دېيىشىدۇ...»، «ئەگەر سەن ئاشۇ خوتۇننى دەپ ئانامدىن ئاجرىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، مەن چىمەننى، خىزمىتىمنى، بوستاننى تاشلاپ، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن...»

ئاچچىق سوراق، ئېغىر بېسىم، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى

پەردىشەپنى يىرتىدىغان بۇ گەپلەرنى، ئىچىدە سىبىسىپ كەتسە كېتىدۇكى، ساق ئەليارنىڭ ئاغزىدىن ھەرگىز چىقمايتتى. ئۇ دادىسىنىڭ كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىگەچكە، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ياتىقىغا كىتىپ باراتتى:

— خەپ، — دېدى ئۇ ئاستا غۇدۇڭشىپ، — ئەتە دادام كېلىپ قالغۇدەك بولسا، راسا ئىچىۋېلىپ... يا... ياق، خىزمەت ۋاقتىدا ھاراق ئىچىسە زادى بولمايدۇ. بوپتۇ بىرەر، قېتىم ساق ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى بىر سىناپ باقاي.

ئەليار ئەتىسى خىزمەتتىن چۈشۈپ، ناھىيىلىك كومىتېتنىڭ كادىرلار ئاشخانىسىغا چۈشلۈك تاماققا ماڭدى. ئۇ تۆشۈكتىن تاماق ئېلىپ كەينىگە يېنىشى، ئۇنىڭغا دوقۇرۇشۇپ قالغان ئاقنىسا، ئىللىققىنە كۈلۈمسىرەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەليارنىڭ ئۇنىڭ كەم ئۇچرايدىغان قارىچۇقلىرى سۈس يېشىلغا مايىل چوڭ كۆزلىرىگە لەپپىدە قاراپ ئىچىدە: «ۋۇي، جادۇ كۆز جالاپ» دەپ تىللىدى. ئاندىن ئۇ ئۆتتۈر كەلگەن بىر جوزىدا ھورنان بىلەن ياڭيۇ قورۇمىسىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، قىزىق چېيىنى ئىچىپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە تاماق كۆتۈرۈۋالغان ئاقنىسا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى جوزىغا قاچا، ئىستاكانلىرىنى قويدى. ئەليار ئۇنىڭغا قانچە قارىماي دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، بىراق يات ـ پاتلا ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلەتتى. تىكىلگەنسېرى ۋۇجۇدىنى بىرپەس غەزەپ ئۆز ئىلكىگە ئالايتتىيۇ، يەنە شۇ ھامان لەپپىدە قويۇپ بېرەتتى. چۈنكى، ئاقنىسانىڭ غەرەزسىز، سەممىي چىرايى ئۇنى خىجىللىق ئىچىدە، ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ ئويلارغا سالاتتى. راست، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ، ئەگەر ئەر كىشىنىڭ ئىرادىسى قاتتىق، پاكىز ئېتىقادلىق بولسا، مەن ـ مەن دېگەن خوتۇن كىشى ئۇنى ئۆز كېچىكىگە

كىرگوزەلمەيدۇ ھەم ئۇ تېگىمەن دېگىنىگە تېگەلمەيدۇ. يەنىلا كونىلارنىڭ: «دەز تۇخۇمغا چىۋىن ئولىشار» دېگىنى راستتەا!

غەيرىي خىياللار ئىلكىدە ئۆزىنى ـ ئۆزى ۋىجدان تارازىسىغا سېلىۋاتقان ئەليار، تۈنجى قېتىم دادىسىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن يىرگەندى ھەم نەپرەتلەندى. «نەچچە يۈزمىڭلىغان خەلقنىڭ شاپائەتچىسى، يۇرت ئاتىسى مۇشۇنداق شاللاق بولامدۇ؟!» دېگەن چۇقان ئۇنىڭ مېڭە قاينىملىرىدىن ماگمىدەك ئېتىلىپ چىققاندا، يۈرىكىدىنمۇ: «بىلىپ قوي، ئۇمۇ ئادەم!...» دېگەن بىر ياڭراق سادا پارتلىدى!... ئەليار تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما، ئۇنى يېقىملىق بىر ئاۋاز ئەسلىگە كەلتۈردى:

— ئەليار، — ئاقىنسانىڭ چىرايى تەبىئىي ۋە سەمىمىي ئىدى، — ئانىڭىز پەزلىيە خانىم كەلگەن تۇرسا، ئاشخانىدا تاماق يەۋاتىسىزغۇ؟

— نېمە، ئانام كەلدىما؟ — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى كىرسىز، غۇبارسىز ئىدى، — قاچان؟

— تېخى بايىراقتا كەلدى. مەن ئۇنىڭ چامادان، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ بەردىم.

— سىزگە رەھمەت ـ ھەا!

ئەليار كىرىچىدىن ئۆزۈلگەن يار ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ باغ ئىچىدىكى خىش يېيىتىلغان چىغىر يوللار بىلەن بىردەمدىلا يېتىپ باردى ـ دە، كىچىك قوش قاناتلىق دەرۋازىنى تاراققىدە ئېچىپ «ئانا!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كارىدورغا كىرىپ كەلدى. باياتىن بېرى دەرۋازا سىرتىدىن ئۇنلۇك ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلار بىردىنلا جىمىپ قالغانىدى. ئەليار يۈرىكى سالغان ھالدا مېھمانخانىغا قەدەم ئالدى. ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دىۋانلاردا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان پەزلىيە بىلەن پەخرۇللانىڭ چىرايلىرى سۆپسۆرۈن بولۇپ، تۇرقىدىنلا بىر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئانا، دادا، — ئەلىيار بارغانچە ئانىسىنى قۇچاقلىدى، پەزىلىيە ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، قىسقىلا ھال سورىدى. ئۇنىڭ مەيۈس ئاۋازىغا بىرخىل بىچارىلىك، ئۈمىدسىزلىك، چارىسىزلىق پۇراقلىرى سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— بالام، خىزمەتلىرىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ — پەزىلىيەنىڭ كۆزلىرى مۆلايىملىشىپ كەتكەنىدى، — جۇدەپ قالغىنىڭغا قارىغاندا، بەكمۇ ئالدىراش ئوخشىمامسەن؟

— مېنىڭ كۈزلۈكۈم ياخشى ئەمەسمۇ نېمە، ئوننىنچى ئاي كىرگەننىڭياقى ئىككى قېتىم زۇكام بولدۇم.

ئەليار دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر گەپ بولۇنغانلىقىنى، ھەر ئىككىسىنىڭ سوغۇق تەلەتىدىن بىلىۋالدى. پەخرۇللا «سەنمۇ ئۆز يولۇڭدا ماڭ، مەنمۇ تاللىغان يولۇمدا ماڭاي...» دەپ تېلېفون قىلغاندىن بېرى، پەزىلىيەنىڭ ئائىلە ئەزالىرىلا ئەمەس، بەلكى ھەلىمىخان ئانا، ئىكرام، پەرۋىنە، ئىسھاق بىلەن ئابىدە، ئەركىن ۋە گۈلىستان، گۈلپىيە ھەم ئەختەم كەم سۆزلەرنىڭ ئائىلىلىرىمۇ خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭۈللىرى خىرە بولۇشۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ، پەزىلىيەنىڭ كىچىك سىڭلىسى ئابىدە ئىسھاق بىلەن ماي تارتىشىپ: «سىنىڭ تاغاڭ پەخرۇللا ئاچام پەزىلىيەنى ‹ئۆلىمەن، ئۆچىمەن› دەپ مىلىڭ تەسلىكتە ئالغانىدى. مانا ئەمدى كوچىدا قالغان بىر لالما قانجۇققا بۇزۇلۇپ، ئاچامنى خورلاۋاتىدۇ. قېنى ئۇلار بىر تەرەپ بولۇپ باقسۇن، مەنمۇ ئىككى بالاڭنى چېكەڭگە تاڭدۇرۇپ كېتىمەن» دەپ تاپا ــ تەنە قىلسا، پەزىلىيەنىڭ ئىنىسى ئەركىن: «ئەگەر پەخرۇللا ئاچامنىڭ خېتىنى بېرىدىكەن، ئۇنىڭ سىڭلىسى گۈلىستاننى شۇ كۈنىلا يولغا سېلىپ قويىمەن» دەپ قامچىسىغا تۈكۈرگىنىچە پەيلىنى بۇزۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، پەخرۇللانىڭ ئاقىنىسا بىلەن بولغان ئويۇنلىرى ھەرە ئۇۋىسىنى

چۈۋۈۋەتكەندەك قىلاتتى.

ئەلىيار ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان سۆھبەتنىڭ خۇددى «تاغار بارمۇ؟» دېسە «تاغام يوق» دېگەندەك ھېچ قولاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ «سىلەر ئارام ئېلىڭلار» دەپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىدىن ئۆزاپ مېڭىشىغا، پەخرۇللا دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقاپ يېنىپ كىردى. ئۇ ئۆزىنى دېۋانغا تاشلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان مۇئامىلىسى بەكمۇ قاتتىق ۋە قوپال بولۇپ، قاش كۆتۈرۈش قارايمۇ قويمىدى.

ـــ مېنى «ئۆز ۋاقتىدا بىللە كەلمىدىڭ» دەپ ماڭا ئاداۋەت قىلىۋاتىسىز؟ ـــ دېدى پەزىلىيە مۇلايىملىق بىلەن، ـــ بىر مەزگىل ئايرىلىپ ئىشلىگەن بىزلا ئەمەسقۇ، ئايدا، يىلدا كۆرۈشەلمەيدىغان ئەر ـ خوتۇنلارمۇ بارغۇ.

ـــ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تۇتقان يولى بولىدۇ، مېنى باشقىلارغا ئوخشاتما. سەن مېنى نەچچە يىل كۆرۈۋگىدىن سېلىپ تاشلىۋەتتىڭ، ـــ پەخرۇللانىڭ چىرايى تاشتەك قاتقانىدى، ـــ ئەمدى ئەل ـ جامائەت، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلار ئەيىبلىگەندە، ئۇلاردىن نومۇس قىلىپ كەلگىنىڭ بۇ سېنىڭ سەممىيىتىڭمۇ؟

ـــ نېمىلا بولسا كەلدىمغۇ مانا.

ـــ قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق كەلگىنىڭ، يۇقىرىدىن كۆتۈگگە پېشاڭ قويغاندىلا ئىلاجسىزلىقتىن كەلگەنسەن؟

ـــ پەخرۇللا، نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىسىز؟

ـــ بولدى قوي، نەچچە يىلدىن سەنسىزمۇ ئۆزۈل ـ كېسىل رايىم ياندى، ھېسسىياتىم ئۆلدى.

ـــ ئالدىراپ ئۇنداق دېمەڭ، ـــ پەزىلىيە «بىر بۇزۇقتا بۇزۇلدىڭىزمۇ؟» دېمەكچى بولدىيۇ، تىلىنى تىيىدى، ـــ يىگىرمە نەچچە يىللىق تۇرمۇشىمىزنى، باللىرىمىزنى ئويلاڭ.

ـــ پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل، ـــ پەخرۇللا ئايالىغا

مىختەك قادالدى، — ئىرىڭدىن ئەمەلنى ئەلا بىلىپ، مېنى يالغۇز يولغا سىلىپ قويغىنىڭدا، يىگىرمە نەچچە يىللىق تۇرمۇشىمىزنى، باللارنى سەن ئويلىغانمىدىڭ؟

— شۇ چاغدا سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كەلگەن تۇرساق.

— مەن ئاشۇ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭنى، مېنىڭدىن بىرەر دەقىقىمۇ ئايرىلالمايدىغانلىقىڭنى يولدا كەلگۈچە ئويلاپ كەلدىم. لېكىن سەن «ئاۋۋال سىز ئۆزىڭىز بېرىپ تۇرۇڭ» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتىڭ... مەن ساڭا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يېلىنسام، يىغلىسام، باش قويسام بولامتى؟ ئۇنداقتا، مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇم نەدە قالىدۇ؟

— ئارىدا ئۆتكەن كىچىككىنە ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇزۇن يىللىق ئەقىدە ـ رىشتىمىزنى ئۈزمەكچىمۇ سىز؟

— تىرناقتەك ئەينەك سۇنۇقىدا، قۇياش چاقنايدۇ. سەن كىچىك چاغلىغان ئاشۇ ئىشلاردىن ئىرىڭگە بولغان ۋاپا، ئېتىقاد، مېھرى مۇھەببىتىڭنىڭ قانچە سەر، نەچچە مىسقال كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا مەن سېنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىڭنى ئادىمىيلىك تارازىسىدا ئۆلچەپ بولغان!

— ئەمىسە، ئىچىڭىزدىكىنى دەڭ، سىز زادى نېمە قىلماقچى؟

— قانچە قېتىم تەكرارلىسام بولىدۇ، يەنە دېسەم يەنە شۇ، ئاجرىشىمىز!...

— جۆيلۈمەڭ، ياش بىر يەرگە بارغاندا خەلقئالەمدىن، بالىلاردىن نومۇس قىلمامسىز؟

— نومۇسنى دەپ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئازاب ئىچىدە ياشىغۇم يوق! — پەخرۇللا قوللىرىنى شىلتىدى، — بولدى

قىلىش، ھازىرچە كىچىك ھۇجرىدا ياتقىن، كېيىنچە ئىدارەڭدىن ئۆي بەرگەندە كۆچۈپ كەتسەڭ بولىدۇ.

پەخرۇللا چىقىپ كەتتى. چوڭ ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلغانلىقى، كىلىتانىڭ تاراققىدە ئېتىلگەنلىكى ئاڭلىنىپ تۇردى. پەزىلىيە قاققان قوزۇقتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۆزۈن ئولتۇردى. ئۇنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇنلىغان ئەينەك پارچىلىرىنى تۆكۈۋەتكەندەك، بېشىنى مىدىرلىتىشتىنمۇ قورقاتتى. پەقەت: «ئائىلەڭنىڭ قانداق ۋەيران بولغانلىقى، ئېرىڭنىڭ سېنى سەۋەبسىز لا تاشلىۋەتكەنلىكىنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمەي بىر ئۆمۈر قاقشاپلا ئۆتىسەن...»، «ھاكىمغا خۇشامەت قىلىدىغان، سۇۋۇنىدىغان، ئەركىلەپ كۆچۈكلىنىدىغان قىز ـ چوكانلار ئازما؟!»، «پارتىيە ئەزاسىمۇ ئادەم!» دېگەن قاتتىق تەنبىھلەر ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى. بۇ گەپلەرنى كىملەر دېگەن بولغىيتتى؟ قايسى بىر زاتى مۇبارەكنىڭ ئالدىن بەرگەن بېشارىتىدۇر؟! توغرا، بىر چاغدا سىڭلىسى پەرۋىنە ئاچىسىغا ئېچىنىپ، كۆيۈنۈپ، ئاچچىقلاپ مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاندا، پەزىلىيەمۇ خۇددى پەخرۇللادەكلا تەتۈرلۈك قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنى «ئاغزىڭدىن ياخشى گەپ چىقمايدۇ، كۆڭلى قارا...» دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ھازىرقىدەك ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

پەزىلىيە ياخشى قارشى ئېلىنمىدىلا ئەمەس، بەلكى قاتتىق قوللۇق بىلەن خورلاندى، ھاقارەتلەندى. پەخرۇللانىڭ، پەزىلىيە ئارىلىقتا چىمەنگە كەلگىنىدە قىلغان تاپا ـ تەنىلىرى، غەزەپلىنىشلىرى، كېيىن تېلېفوندا ۋارقىراپ ـ جارقىرىغان قوپاللىقلىرى ئۆتكەن ئىشلار ھېسابلانسىمۇ، ئەمدى مۇشۇنداق زىل پەيتتە، تەشكىلنىڭ پەزىلىيەنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ئەلۋەتتە ئويلىنىشقا، ئۇيقۇسىدىن يېشىلىشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن،

پەخرۇللاننىڭ مۇئامىلىسى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلاشتى. پەزلىيە بۇ ئىشلارنى كۆپ ئويلاپ كەتمىدى. ئۇ ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ، ئارخىپ ئىدارىسىگە باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ پەخرۇللاننىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. يېڭى خىزمەت ئورنى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن ناھايىتى تېزلا تونۇشۇپ كەتتى. پەزلىيە كېلىپ ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتتى بولغاي، پەخرۇللا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە بىر ئايلىق ئۆگىنىشكە ماڭماقچى بولدى. ئۇ يولغا چىقىدىغان كۈنى ئەتىگەندە ئاقنىساغا تېلېفون قىلدى. كارىدوردا ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ تازىلىق قىلىۋاتقان پەزلىيە ئۇنىڭ تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن چىقىۋاتقان يۇمشاق تەلەپپۇزىدىن ھەيران بولۇپ، چوڭ ھۇجرا ئىشىكىگە قۇلاق ياقتى. شۇندىلا ئىچكىرىدىكى ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى:

— ئامال قانچە، سېغىنسامۇ چىدايمەندە... نېمە، بېرىپلا ياتقان ياتىقىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سىزگە دەپ بېرىمەن... ھە راست، قول تېلېفونىڭىز ئىشلەۋاتامدۇ؟ ۋاي بولدى، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۇ قانچىلىك نېمىتى! دەڭا، سىزگە يەنە نېمىلەرنى ئالغاچ كەلسەم بولىدۇ... ۋاي ـ ۋۇي، تەلىپىڭىز نېمانداق ئاددىي... خوش... خوش... ئامان بولۇڭ...

سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان پەخرۇللا ئىشىككە قولۇپ سېلىپ، پەزلىيەگە خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ تېلېفون بار ئۆيگە قۇلۇپ سېلىشى، پەزلىيەنى ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى. ئىككىسى تېخى ئەر ـ خوتۇنغۇ! يىراقتا باللار، نەۋرىلىرى، تۇغقانلار تۇرسا، ئۇلار بىلەن تېلېفون ئارقىلىق بولسىمۇ كۆرۈشمەمدۇ، پەزلىيەغۇ ئىدارىسىدىن ياكى

سىرتتىن بىرەر. لېكىن، بالىلارچۇ؟ ئۇزۇن يىللىق ئەرنىڭ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، سادىق ئايالىغا كۆرسەتكەن «ھىممىتى» شۇنچىلىكمۇ؟! ئۇلار بىر ياستۇقتا باش قويۇشمىغانمىدى؟ نە ئۈمىد - ئارزۇلارنى يۈكلەپ بىر ئۆيگە كىرىشمىگەنمىدى؟! «بىر كۈنلۈك ئەر - خوتۇندىمۇ يۈز كۈنلۈك مېھىر - مۇھەببەت ساقلىنىدۇ...» دېگەن ھېكمەت نەگە كەتتى؟ يۈرەكلەرنى ۋاككىدە يېرىۋەتكۈدەك ھېس - تۇيغۇ، شېرىن دەقىقىلەرنىڭ مەھسۇلى - ئۈچ بالا تېخى ھەقداغۇ!!... تۇۋا... تۇۋا... ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇناسىۋەتلەرمۇ «ئالغاندا ياپىر، ئايرىلغاندا كاپىر» بولامدۇ نېمە؟ ھاياتلىقتىكى چىگىش تۇرمۇش، زىددىيەتلىك ھېسسىياتلار، ئوخشىمىغان خاراكتېرلار ھەققىدە نۇرغۇن - نۇرغۇن قەغەزلەرنى قاپقارا بويىۋەتتىم... لېكىن ھاياتلىقتا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، چۈشەنمەك مۇشكۈل، ھەل قىلماق قىيىن، يېزىپمۇ يېزىپ بولالمايدىغان ئىشلار تولىكەن! بولۇپمۇ، ئىككى پۇتلاپ، ئۆره ماڭىدىغان ئادەملەرنى چۈشەنمەك تېخىمۇ تەسكەن... قاراڭ كىتابخان، مۇنۇ سەھىپىلەر پەخرۇللانىڭ ئېغىزىدىن چىققان دېسە ئىشىنەرسىزمۇ؟! «سىز راستتىنلا پەرىشتىكەنسىز...»، «سىزگە ئامراقلىقىم، ھەۋىسىم، زوقۇم كېلىپ...»، «سىزگە بولغان ئىشتىياقىم بىردىنلا پەلەككە كۆتۈرۈلدى...»، «مەن پەزلىيەنى ھاياتىمدىن ئۇلۇغ قەدىرلەيمەن...»، «پەزلىيەدىن ئايرىلىپ قېلىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر...» ئەييۇھەنناس، ھەرقانداق ئادەم گەپ قىلغاندا، يۈرىكىگە قول سېلىپ بېقىپ، ئاز بولسىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمىسا، خەلقىئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. قاراڭ! ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپ بىر قىزنىڭ ئوت - پىراقىدا كۆيۈپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئاجايىپ گۈزەل ئەسلىمە ۋە خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، ئۇنتۇلغۇسىز

كەچمىشلەر بىشىدىن ئۆتكەن ئادەم، ئاللا ئاتا قىلغان ئۇلۇغ روھنى بىر يولىلا دەپنە قىلىۋېتىپ، كۆزىدىن مىت قىلىپمۇ ياش چىقمىسا، ئەدناسى يۈرىكى «پىژ» ژىدە ئىچىشمىسا، بۇ دۇنيادا مۇھەببەت دېگەن نەرسە بارمۇ، يوق! ... ئۇ راستمۇ ياكى يالغان!!...

پەزلىيە ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئىشىكنى مۇشتلايتتى، تېپەتتى...

— ئادەم دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟!....

# تۆتىنچى قىسىم

# ئىقابلىق كۈشەندىلەر

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# بەربات بولغان ئەقىدىلەر

پەخرۇللا بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىن قايتقاندا، بوستاندىكى ئىكرامنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. لېكىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇنى سۇسلا كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ ئىكرامنىڭ چىرايىدىن بوران يېغىپ تۇراتتى. پەرۋىنەنىڭ كۆز، چىرايلىرىدىكى «بولدى قىلىڭ» دېگەندەك ئىما - ئىشارەتلەر بولمىغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان پارتلاپ كەتكەنمۇ بولاتتى. شۇنداقتىمۇ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئارانلا چىدىدى. پەرۋىنە ئۇلارغا مېھمانخانىغا ئورۇن سېلىپ بەردى. ئىكرامنىڭ بېشى ياستۇققا تېگە - تەگمەيلا قازاندىكى قوماچتەك ئېتىلغىلى تۇردى.

— ھەي، بۇ زېمىندا ھاكىمدىن سەن بىرلىما؟ نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن، — ئىكرام ياستۇققا جەينەكلىدى، — ئىستىقبالىڭنى، تەقدىرىڭنى، خەلق بەرگەن ئەمەلىڭنى، پاك تارىخىڭنى بىر ئەۋرەز پاقىسىنىڭ ئەندامىسىغا تېگىشمەكچىمۇسەن؟

— ھەي، ھەي... ئاغزىڭنى بۇزماي، تۈزۈك گەپ قىل... — پەخرۇللامۇ قوپۇپ ئولتۇردى، — نەدىكى ئۇششاق سۆز، ئايغاقچى، چېقىمچىلارنىڭ ۋىت - ۋىت گەپلىرىگە ئىشىنىپ، بۇنداق كەلسە - كەلمەس ئادەم تىللىما.

— تىللىما؟ ھېھىي، — ئىكرام دىمىغىنى قاقتى، — سېنى ھېلىغۇ تىللاشكەن، كاللاڭنى يېرىۋەتسەممۇ ساڭا ھەق،

ئۇقتۇڭمۇ؟ تېخى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋېلىپ، فاڭ شۇجىنغا كەلگەن نامسىز خەتنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىسەن؟

— نېمە، فاڭ شۇجىنغا مەن توغرۇلۇق چېقىم كەپتۇما؟

— تېخى تۇخۇمنىڭ ئىچىدە چۈكۈلداۋېتىپسەن، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە كەلگەن ئىككى قېتىملىق پاش قىلىش خېتىچۇ؟

— نېمە، نېمە؟ — پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى، — ئىككى... ئىككى قېتىم دېدىڭما؟ ۋاي خۇدايىم، قانداق گۇيلارنىڭ ئىشىدۇ بۇ؟!

— نامسىز خەتلەردە قاچان، قايسى ۋاقىت، قەيەردە نېمىش قىلغانلىرىڭدىن تارتىپ، كىملەرنى ئورۇنسىز ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇزۇق خوتۇنلارنى پارتىيىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن باشقىلارغا بېسىم قىلغانلىرىڭغىچە ھەممىسى پاكىتلىق، ئېنىق يېزىلغان. ھەتتا كېچىلىرى ئورۇندۇق كۆتۈرۈپ باغ تاملىرىنى شورا قىلىۋەتكەن كەشپىياتلىرىڭمۇ قېپقالمىغان!....

— بۇ... بۇ... — پەخرۇللا بورگە چاققاندەك سىلكىنىپ كەتتى، — سەن... سەن قانداق ئۇقتۇڭ...

— دۇنيادا ھاكىملا ھەممە ئىشتىن خەۋەردار، باشقىلار قۇدۇقتىكى پاقا دەپ قالغانمىدىڭ؟ مېنىڭمۇ جەمئىيەتتە يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلىرىم بار.

كىرىدىغان كاۋاك تاپالماي قالغان پەخرۇللا ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلارغا بىلىپ - بىلمەي سىپىلىپ قېلىشى، شارائىتى ئەڭ ناچار بولغان چىمەندىكى يالغۇزلۇق ھاياتى، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە تارتقان سورۇقچىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەزلىيىگە ئارتىپ قويدى. ئۇ سۆزلىرىگە چوڭقۇر مەنە، ئاۋازىغا مۇڭ ۋە ئېچىنىش، چىرايىغا بىچارىلىك تۈس بېرىپ، ئۆزىنىڭ ناتىقلىق

ھۆنىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئىكرام بىر پەشۋا بىلەنلا ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرىنى ئوڭدا قويدى.

— ھەي، سەن ئەرمۇ نىمە؟ — ئىكرام غەزىپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ھەممە شالدىر - شاپىلاقنى ئايالىڭغا ئارتىپ قويۇشقا نومۇس قىلمامسەن؟ خۇدايىم ئەرنى قىيىن - مۇشكۈلاتقا توغرا تۇرالايدۇ، ھەرقانداق شارائىتتا مەزلۇمنى قوغدىيالايدۇ، جاپا تارتالايدۇ، دەپ ئەر قىلىپ ياراتقان، ئەر كىشىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن يارالغان خوتۇن كىشىدىن ئاغرىنىپ يۈرسەڭ، سېنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ شۇڭا، خۇدايىم «غەيرەتسىز ئەر، بەندەم ئەمەس» دېگەنىكەن.

— يائاللا، سېنىڭ ئاغزىڭنىڭ ئەسكىلىكى زادىلا قالماپتۇ، — پەخرۇللا قولىنى شىلتىدى، — ئاچچىقىڭ كەلسە ئاتا - ئاناڭمۇ كۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدۇ.

— ھەي جانابىي ھاكىم، قىزىڭ گۈلپىيە، ئوغۇللىرىڭ ئەزھەر، ئەلىيارلارنىڭ بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ. ئاشۇ ئۆز بويلۇق بولغان باللار، چوپچوڭ نەۋرىلەر ئالدىدا ۋىجدان ئازابى تارتمامسەن؟ — ئىكرام بىگىز بارمىقىنى جوندى، — ئەليار بوستانغا يىغىنغا كەپتىكەن، ھازىر ئۇنىڭ چىمەن ناھىيىسىدە تۇرغۇدەك يۈزى قالماپتۇ. سەت تىل، پاسكىنا ھەزىللەردىن ئۆلۈۋالاقچىمۇ بوپتۇ... ئۇ نومۇسچان بالا بولغاچقا، ساڭا يۈز تۇرا گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىپتۇ... سەن... سەن قاچانغىچە خۇدۇڭنى بىلمەيسەن؟

— ۋاي - ۋۇي، بۇنچىلىك ئەزۋەيلەپ كەتكۇدەك چوڭ ئىش يوق، — دېدى پەخرۇللا ئۆزىنى ئاقلاپ، — قايسىبىر يىلى كەلكۈندە ئايلىنىپ كېتىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. شۇ چاغدا تەشكىل كېسىلىمدىن خەۋەر ئالغىلى بىر ئايالنى ئەۋەتىپتىكەن. مېنى كۆرەلمەيدىغان دۈشمەنلىرىم شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ماڭا ھۆجۇم قىلغان گەپ.

— سەن تولا گەپ ئويناتما، مەن چەمەندىكى ئىشلىرىڭنى زىر - زەۋەرلىرىگىچە بىلىمەن، — ئىكرام قولىنى شىلتىدى، — ئاشۇ پاسكىنىنىڭ «ئون تىيىن» دېگەن لەقىمىمۇ سېنى ئويلاندۇرمىدىما؟ ئۇ جالاپ قىزنىڭ گۈلپىيەدىنمۇ كىچىك تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن دادىسىدەك ئادەمگە چاپلىشىدۇ؟ بۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭما؟

— باشقىلارنى پاكىتسىز، ئىسپاتسىز تىللاش، ئەيىبلەش ئاجىزلىق ۋە ساپاسىزلىقنىڭ ئالامىتى. ئۇ سەن ئويلىغاندەك ئايال ئەمەس.

— كۆتەر قاسقىنىڭنى، پۈتۈن چەمەندە سېسىق نامى پۇركەتكەن لالما قانجۇق، ساڭا شۇنچە تېتىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ خەقلەر: «كاۋاپ نېمىشقا تاتلىق، كۆلگە پۇچىلىغاچقا، جالاپ نېمىشقا تاتلىق، چالا - بۇلا بولغاچقا...» دەپ بىكار دېمەيتتىكەندە.

— پاھ، پاھ، ئاغزىڭدىن ئوت يانىدىغۇ سېنىڭ... بىر كالوننىڭ باشلىقىمۇ شۇنداق بىزەپ گەپ قىلامدا؟

— ئاغزىمنىڭ بۇزۇلۇشى سەن ئۈچۈن ئۇقتۇڭما؟ — ئىكرام ياستۇقنى بىرنى مۇشتلىدى، — پەزىلىيەنى قانداق مۇشكۇلاتتا ئالغانلىقىڭ ئېسىڭدىدۇ؟ بوينۇڭغا ئارغامچا سېلىپ، ھەربىي رايون ئالدىدا ئۆلۈپ بەرمەكچى بولدۇڭ. شۇ چاغدا پەزىلىيەگە يالۋۇرۇپ، خۇشامەت قىلىپ، سېنى ماختاپ، پەزىلىتىڭنى كۆككە كۆتۈرۈپ سەن ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىلىرىم، ئىچكەن قەسەملىرىمنى ئويلىسام نومۇستىن ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ. ھەي مۇناپىق! — ئىكرام ھاياجانلىنىپ ئىزتىراپتا ۋارقىرىۋەتتى، — مەن بۇنىڭدىن كېيىن پەزىلىيەنىڭ چىرايىغا قانداق قارايمەن؟... سېنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىڭنى نېمىدەپ ئاقلايمەن؟!... ئادەم ئەمەل ئېتىغا مىنسە شۇنداق ئاينىيدۇ، دەيمۇ؟! پېشانىسىدە مەنسەپ يۇلتۇزلىرى چاقنىغاندا،

ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى يۇندىغا پۇچىلايدۇ، دېسەم بولامدۇ؟ بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى بولغاندا نەۋرىسىدەك شاپاقچىلارغا دۇم چۈشىدۇ، دېسەم ئۇ ئىشىنەرمۇ؟!

پەخرۇللا بارغانسېرى ئۆرلەپ قېلىۋاتقان ئىكرامدىن قورقتىمۇ ياكى مىلىڭ پاتمان ئۇمۇتتەك بېشىغا تېگىۋاتقان ئاچچىق خىتابلاردىن نومۇس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر، غەزەپ قېپى يېرىلغان دوستىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇگۇلۇپلا ياستۇقىقا باش قويدى - دە، يوتقاننى مۇرىسىگە تارتتى. ئىكرام يەنە بىر هازا قايناپ - تېشىپ هاردىمۇ نېمە، ئۇمۇ جىمىدى.

پەخرۇللا نەچچە يىللاردىن بېرى ئىكرامنى سېغىنغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىش، تىللىشىش، ۋارقىرىشىش، يەنە بىردەمدىلا ئەپلىشىپ قېلىشلار گويا ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىقىنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك تۇيغۇلارغا چۆمەتتى. لېكىن، بۇ قېتىمقى مۇنازىرىدىن ئۇ ھېچقانداق زوق ئالالمىدىلا ئەمەس، بەلكى زەھەردەك ئۆرلىگەن ئاچچىقى كۆڭلىگە قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ قالدى. چۈنكى، ئاقىنسانى هاقارەتلەيدىغان، كەمسىتىدىغان ھەرقانداق تىل - ئاھانەتلەر ئۇنىڭغا ھەرگىز ياقمايتتى. ئادەمنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالسا، «ئېشەك تېزىكى گۈل كۆرۈنەر» دېگەن تەمسىللەر بىكار ئېيتىلمىغاندە! شۇڭا پەخرۇللا ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بوستان دەريا بويىدىكى تۇل خوتۇننىڭ كىچىككىنە چايخانىسىغا كىرىپ ئەتكەنچاي قىلدۇردى. پەخرۇللا ئاقتام ناھىيىسىدە مۇئاۋىن هاكىم، مۇئاۋىن شۇجى بولغان چاغلىرىدا يىغىن، بىرەر پائالىيەت ياكى ئۆگىنىش، كۇرسلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن بوستانغا كەلدىيۇ، ئاشۇ چايخانىغا بېرىپ بىر چىنە ئەتكەنچاي قىلدۇرۇپ ئىچىپ، خۇماردىن چىقاتتى. خوجايىن تۇل خوتۇنمۇ تولىمۇ تۇجۇپىلەپ ئېتىپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ ئەتكەنچېيىمۇ شۇنچىلىك مەززىلىك ئىدى. بىر قېتىم پەخرۇللا ئۇنى ماختاپ

قويۇۋىدى، ئۇ شامىسىنى چاينىغاچ: «مېنىڭ ئانام غۇلجىنىڭ توققۇز تارا دېگەن سۇت ـ قايماق ئەلۋەك يەردە ئۆتكەن ئايال. ئۇ دائىم ئەتكەنچاي دېگەننى بىر مەھەللىدە بىر ـ ئىككى مومايلا ئىچەلەيدۇ. چۈنكى ئۇنى خۇددى تاماق ئەتكەندەك قارا چايلىرىنى ئايرىم پولاپ، تۇز، سۈتلىرىنى تەڭشەپ، ژۇمەللەرنى قىرىپ، خام قايماق، پىششىق قايماقلارنى ئېزىپ، بىر ھازا سوروپ ئەتكەچكە، ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك چاي بولىدۇ، دەيدىغان» دەپ ئەزۋەيلەپ كەتكەنىدى. پەخرۇللا بوستاننىڭ «تونۇرى سېغىزدىن، خېمىرى مېغىزدىن» دەپ ماختايدىغان نېنىدىن چىلاپ يەۋالغاندىن كېيىن، كۈيئوغلى ئەختەمنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى. يەكشەنبە كۈنى ياشلارنىڭ كۈن چۈشكىچە ياتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بولغاچقا، سىرتتا قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغانىدى. ئۇ نەۋرەم دىلمۇرات بوي تارتىپ چوڭ بولۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟ دەپ خىيال سۈرگەنچە «بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى» غا كىرىپ كەلدى. بۇ رايون پۈتۈنلەي بىنالاشقان بولۇپ، قارىغاي، ئارچا، قېيىن، مەجنۇنتال، مۇشا (تاغ سۆگىتى)، ئاق غوللۇق چىنار، تۇخۇمەك قاتارلىق خىلمۇخىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئورمان باغچىسى ئىدى. مەخمەلدەك سۇنئىي دۆڭ، ئېدىرلىقلار، ئېدىرلىقلار ئارا ئەگىم ـ ياپيېشىل كۆللەر، كۆلگە سېلىنغان يىلان باغرى كۆۋرۈكلەر، ئالىيېشىل سىرلانغان راۋاق، شىپائلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئورمانلار ئىچىدىكى رەڭلىك خىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن يول ۋە مەيدانلاردا ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى، كادىرلار يۈگۈرۈش، گىمناستىكا ئويناش، قىلىچ ئويۇنىشقا ئوخشاش پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. بولۇپمۇ قېرى بوۋاي ـ مومايلار پۇت ـ قوللىرىنى تولىمۇ ئاستا، بەكمۇ سۇس ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خۇددى ئېسىل بۇيۇمنى سىلاۋاتقاندەك ياكى توكى سۇسلاپ كەتكەن رادىئو مۇزىكىسىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك قىمىرلىشاتتى.

پەخرۇللا ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىكنى ئاستا چەكتى. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم قاتتىقراق چېكىشىگە، ئىچكەركى ئۆيدىن: «گۈلپىيە، ئىشىكنى بىركىم ئۇرامدۇ نېمە؟» دەپ ئەختەم كەم سۆزنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. ئاندىن ھايال بولماي ئىشىك ئېچىلىپ، ئالدىغا پەرتۇق تارتقان گۈلپىيە پەيدا بولدى. ئۇ «دادا!...» دەپ ۋارقىراپ، دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ قۇچاقلىغىنىچە ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. پەخرۇللا ئۇنى پەپىلەپ تەسەللى بېرىپ ئۆيىگە كىردى. ئاڭغىچە ئەختەممۇ ئىچكەركى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. گۈلپىيە بىردەمدىلا جوزىغا تاتلىق - تۈرۈملارنى تىزىپ سىنچاي قىلدى.

— دىلمۇرات كۆرۈنمەيدۇغۇ، — دېدى پەخرۇللا ئەتراپقا زەن سېلىپ، — تالاغا ئوينىغىلى چىقىپ كەتتىمۇ - يە؟

— نەدىكىنى، ئاتا، يەسلىدە ئويناپدىغان ئويۇن جىق، ھېرىپ كېتەمدىكىن، يەكشەنبە كۈنلىرى كۈن چۈشكىچە ئۇخلايدۇ.

ئەختەم كەم سۆز ئاتا - بالا ئىككىسى قانغۇچە پاراڭلىشىۋالسۇن دېدىمۇ، ئۇ «كۆكتات، گۆش ئەپكېلەي» دەپ سىرتقا ماڭدى. ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەندەك، قىزىغا ئۆزىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان پەخرۇللا ئۈچۈن بۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. گۈلپىيە ھېلىھەم ئېسەدەپ، ئۆپكىدەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرتەلمەيتتى. قىزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلاپ، ھەسرەت چېكىدىغانلىقى پەخرۇللاغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ، پەزلىيەنىڭ ئۆزىنى شارائىتى ئەڭ قىيىن يەرگە يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى شەھەردە يايرىغانلىقى، يۈرىكىگە تاشنى قويۇپ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى، چىمەندەك يىراق قۇم - بورانلىق يۇرتتا تارتقان كۈنلىرى، ئاش - تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى ئۆزى يۇيۇپ، ئۆي تازىلاپ، يەنە

ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغان ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكى قاتارلىق جەريانلارنى ناھايىتى ئېچىنىشلىق، ئازابلىق، ھەرقانداق ئادەم ئاڭلىسا كۆزىگە ياش ئالغۇدەك تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدى. شۇڭا گۈلپىيەمۇ:

— جېنىم ئاتا، راست جاپا تارتتىڭىز، شۇنداقتىمۇ ئانامنى كەچۈرۈۋېتىڭ ... — دېگەن بىر جۈملە سۆزنى يېنىش - يېنىشلاپ تەكرارلىدى.

— ھەي... قىزىم، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلسە ئاندىن قەدرىمگە يېتەتتىڭىز، — دېدى پەخرۇللا يىغلامسىرىغان ئاۋازدا، — مەن باشقىلارنى دېمەي، زور كەلكۈن ئاپىتىدە، يەتتە كېچە - كۈندۈز ئۇيقۇسىز لاي، پاتقاقتا چىلىشىپ ئىشلىدىم. سوغۇق تاغ سۈيىگە كىرىپ قوزۇق قاقتىم. ئاخىر ئاچ - توق قېلىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئېغىر چارچاش تۈپەيلىدىن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. دوختۇرخانىدا قىزىتمام قىرىق گرادۇسقا چىقىپتۇ. نەچچە كېچە ئانىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ جۆيلۈپتىمەن. ھوشۇمغا كەلسەم تەشكىل ئەۋەتكەن ياتلا بىر ئايال ماڭا قوشۇقتا شوۋىگۈرۈچ ئىچۈرۈۋېتىپتۇ...

— مەن... ئاتا، ئەلۋەتتە قەدرىڭىزگە يېتىمەن. سىز ئۇ يەرگە مۇساپىر، تىكەندەك يالغۇز، — گۈلپىيە ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — ئەسلىدە ئانام سىزگە ھەمراھ بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى. لېكىن بۇ يەردىمۇ ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋەزىپە تۇرسا.

— شۇ چاغدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىككىمىزنى تەڭ ئەۋەتمەكچى بولغان. لېكىن ئانىڭىز: «ئۆزىڭىز بېرىڭ، مەن بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، ئەمەسمۇ، — پەخرۇللا قىزىنغا ئوغرىلىقچە كۆز تاشلىۋالدى، — ھەر قېتىم ئۇ ئۆي تامىقى سېغىنغاندا، كىر - قاتلار يىغىلىپ كەتكەندە، ھېرىپ - چارچاپ كېلىپ بىر پىيالە چايغا زار بولغاندا، تەنھالىق، يالغۇزلۇقتا تۆت تامغا مۆلۈك تۆككەندە... ئانىڭىزنىڭ قەدرى شۇنچىلىك ئۆتۈلدى.

بارا ـ بارا يىراقتىكى تۇغىقاندىن، يېقىنىدىكى قوشنىڭ ياخشى دېگەنىدەك، كۆڭلۈم سۇۋۇپ كەتتى... يۈرىكىمدە ئانىڭىزغا نىسبەتەن بىر مۇز پەيدا بولدى... تارتقان كۆنلىرىم، چەككەن ئازابلىرىم، يالغۇزچىلىقتا نىم ئەر، نىم ئايال بولغانلىرىم ئېسىمگە چۈشسىلا يۈرىكىمدىكى مۇز كۆپەيسە كۆپەيدىكى، زادىلا ئېرىمىدى.

ـــ جېنىم ئاتا، ئۇنداق دېمەڭ، مېنىڭ يۈرىكىم لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كېتىدىكەن. پەقەتلا چىدىيالمايدىكەنمەن.

ـــ ئىلاجىم يوق، قىزىم، يۈرىكىمدىكى بۇ مۇزنى ئانىڭىز ئۆزى پەيدا قىلغان، ـــ پەخرۇللا بېشىنى خېلىغىچە چايقىدى، ـــ ئارىمىزدىكى شۇنچە يىللىق مۇھەببەت ئۆلدى. سىلەر ياشلار بۇنى ھېسسىيات جەھەتتىن ئۇبدان چۈشىنىسىلەر، توڭلىغان يۈرەككە قايتا ھاياتلىق بېرىش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئۆلگەن مۇھەببەتنىمۇ تىرىلدۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ـــ ئاتاۋۇي، ئۇنداق دېمەڭ، بىز بالىلىرىڭىزنى ئويلاڭ.

ـــ كونىلار، ھەقىقىي دوستلار بوران چىققاندا، قار ـ يامغۇر ياغقاندا ئىزدىشىدۇ، دەيدىكەن. كىتابلاردا دانىشلار: «بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، قولىنى سۇنغان ئادەم ھەقىقىي دوستۇڭدۇر» دېگەن ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپتىكەن. لېكىن، ئانىڭىز شۇنداق قىلالىدىمۇ؟ ئەمدى نېمىسى قالدى؟!

ـــ قاراڭ ئاتا، مۇنداقمۇ گەپ بارغۇ: «ئەرنىڭ ئەرلىكى ـــ ئۇنىڭ مەردلىكى، كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، جاپا ـ مۇشكۇلاتقا بەردەملىكى، ئاجىزلارغا بولغان ئەپۇچانلىقىدا كۆرۈلىدۇ...» سىزمۇ ئاشۇنداق مەرد ھاتەمدەك ئاتىمىزغۇ!

قىزىنىڭ گەپلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىگەن پەخرۇللا: قارا بۇنىڭ يامانلىقىنى، ئەڭ يامان يەرگە ئېغىز سالدا دەپ ئويلىدى. ئۇ شۇ ھامان ئېكرامىنىڭ: «ھەممە شالدىر ـ شاپىلاقنى ئايالىڭغا ئارتىپ قويۇشقا نومۇس قىلمامسەن؟

خۇدايىم ئەرنى قىيىن مۇشكۇلاتقا توغرا تۇرالايدۇ، ھەرقانداق شارائىتتا مەزلۇمىنى قوغدىيالايدۇ، جاپا تارتالايدۇ، دەپ ئەر قىلىپ ياراتقان. ئەر كىشىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن يارالغان خوتۇن كىشىدىن ئاغرىنىپ يۈرسەڭ سېنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟»

دېگەن سۆزلىرى خۇددى تەسۋى ئۈرۈۋقىدەك بىر ـ بىرىدىن تىزىلىپ ئۆتتى... پاھ، نېمىدېگەن ئوخشاشلىق! گۈلپىيەنىڭ دېگەنلىرى، ئىكرامنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن قوشكېزەكقۇ! بىرى يەنە بىرىنىڭ سايىسىدەكلا تۇرمامدۇ! ئۇلار خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا ـ ھە؟!

«ئەي جانابىي ھاكىم، سەن شۇنچە ئەقىللىق، دانا ئادەم تۇرۇپ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىگىنىڭگە ھەيرانمەن. بىلىپ قوي، دىلداش، پىكىرداش، كۆڭۈلداش، قەلبداشلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ياخشىلىق، ساۋابلىق، مېھرىبانلىق، كەڭ قورساقلىق، مەردلىك، شەپقەت باغلىرىغا تېرىلغان ئۇرۇقلار ئاللانىڭ پەزلى كەرىمىدىن چېچەكلىگاچقا، ئۇلارنىڭ لەۋزىلىرىمۇ ئوخشاش تاتلىق، ئوخشاش ھالال، ئوخشاش پۇراقلىق، ئوخشاش شەكىل، مەنىلەرگە بايدۇر!...»

پەخرۇللا شۇ كۈنى گۈلپىيە بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۇنى قايىل قىلالمىغان بولسىمۇ، كۆڭلى خۇش چىقىپ كەتتى. نېمىلا بولسا پەزىلىيەگە ھەممە تۇقا ـ لەنەتنى ئارتىپ قويدى. ئارتقاندىمۇ ئاڭلىغۇچى قايىل بولغۇدەك، تەسىرلەنگۈدەك، قۇسۇر تاپالمىغۇدەك مۇڭلۇق، تەمكىن ئىسپاتلار بىلەن سۆزلىدى. بۇ خۇددى قويچى تاغدا بۆرە، يىلپىزلارنىڭ تولىلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى سۆزلەپ، ئۆزى ھەر كۈنى قوي گۆشى يېگەندەكلا بىر ئىشتە... ئەمدى پەخرۇللامۇ بىرەر پاقلاننىڭ مەززىلىك پەيزىنى سۈرسە، باشقىلار ئۇنى ھۆرۈ ـ پۆرۈ دېيىشكە ھەددىمۇ، چۇنكى ئۇ، پەزلىيەدىن ئىبارەت بۆرە، يىلپىزلارنىڭ رەھىمسىزلىكىنى باشقىلارغا دەپ بەرگەن تۇرسا.

پەخرۇللا تونۇگۇن بوستانغا چۇشۇپلا شوپۇرى ئازاد تۇرسۇنغا تېلېفون بېرىپ: «ئەتە سائەت ئونلاردىن بۇرۇن بوستاندىكى ئىكرامنىڭ ئۆيىگە كەل» دەپ بېكىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ كېلىشىگە يەنە بىر سائەتتە ۋاقىت بارلىقىنى بىلگەن پەخرۇللا، چوڭ ئوغلى ئەزھەر، كىچىك ئوغلى ئەلىيارغا تېلېفون بېرىپ، «ئاق ئالتۇن» تېز تاماقخانىسىدا ئۇچراشتى. چىمەندە چېغىدىلا دادىسىدىن بىزار بولغان ئەلىيار باشتىن ـ ئاخىر ئۇندىمەي، قاپىقىنىمۇ ئاچماي ئولتۇردى. ئۇ دادىسىنىڭ دەۋاتقانلىرى «ئاناڭلار مېنى ئىتتىرىۋەتمىگەن بولسا، مەن يىقىلمايتتىم» دېگەندەك ئۆزىگە يول ئېچىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى. پەخرۇللامۇ خۇددى ئەلىيار ئويلىغاندەك يۇرىكىدىكى مۇزنىڭ پەيدا بولۇشىغا پەزلىيەنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى خېلى كۆپ ئىسپاتلار بىلەن دەلىللىدى. قىسقىسى، قىزى گۈلپىيەگە سۆزلەپ، ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن جۈملە، ئىبارىلەر بۇ يەردىمۇ تەكرارلاندى.

— بولدى قىلە، دادا، — دېدى ساقچى ئەزھەر گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ، — قېرىغان چېغىڭىزدا ئۆلگەن، تىرىلگەن مۇھەببەتنىڭ گېپىنى قىلىپ يۇرسەڭ ئۇيالمامسەن... ئىچىڭگە مۇز پەيدا بولغان بولسا، ئەلىيار ئىككىمىز ئۇنى ئېرىتىشنىڭ ئورنى بولمىسا.

— دادا، — دېدى ئەلىيار بېشىنى كۆتۈرمەي قىزارغىنىچە، — باياتىن بېرى قىلغان گەپلىرىڭىزنىڭ ئۇرانىدىن، سەن ئۆزۈڭگە يول ئاچماقچى بولۇۋاتىسەن... ئەگەر ئاقىنسا ئون تىيىن ئۈچۈن ئانام بىلەن ئاجرىشىدىغان بولساڭ، مەن بۇرۇنمۇ دېگەن، ھېلىمۇ دەيمەن. چىمەن، بوستان ھەتتا شىنجاڭنىمۇ تاشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن.

— نېمە، نېمە، نېمە دەۋاتىسەن؟ — ئەزھەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — ئاقىنسا ئون تىيىن دېگەن كىم ئۇ؟ ئەلىيار دەپ باقە، ئۇ زادى كىم؟

— دادام ئۆزى دەپ بەرسۇن، — ئەليار ئورنىدىن تۇرغانچە، ئاكىسىنىڭ ۋارقىرىغىنىغىمۇ باقماي چىقىپ كەتتى.

بەزىدە تەقدىرى قىسمەتمۇ يامانلىققا يار بولىدىكەن، پەخرۇللا «ئۆم، ئىش بۇزۇلدى» دەپ بىر يېرىگە چوغ چۈشكەندەك تولغىنىپ كەتكەن پەيتتە ئۇنىڭ قول تېلېفونى «پادىچى» مۇزىكىسى ئارقىلىق سىگنال بەردى. پەخرۇللا تېلېفوننى دەرھاللا قۇلىقىغا تۇتتى:

— ھە، كەلدىڭما؟ نېمە ئىكرامنىڭ ئۆيى ئالدىدا ساقلاۋاتامسەن؟ ئەمىسە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر سومكا بار، ئۇنى ئېلىپ دەرھال ئاق ئالتۇن تېز تاماقخانىسى ئالدىغا كەل.

پەخرۇللا «ساقچى كۆزلىرى» بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئوغلى ئەزھەرنىڭ چىرايىغا توغرا قارىيالماي ئورنىدىن تۇردى ـ دە، «ھېساب قىلىشۇېتەي» دەپ بوغالتىر پەشتىقىغا كىرىپ قالدى. ئەزھەر دادىسى بىلەن بىللە سىرتقا چىقتى. ئىنىسى ئەليارنىڭ بايىقى گېپى خۇددى سىگمەي تۇرۇۋالغان لوقمىدەك ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تېلېفون ئارقىلىق ئانىسى بىلەن ئاجراشماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئاقىنىسا ئون تىيىن دېگەن ئىسىمنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى.

— دادا، بۇ...

— قارا، ماشىنىمۇ كېلىپ قالدى.

پەخرۇللا شوپۇر ئازاد تۇرسۇندىن ئەھۋالمۇ سورىماي، ماشىنىغا چىقتى. ئاندىن دېرىزىدىن خوش دەپ قويدى. ئاقىنىسا دېگەن ئىسىم چىقىشى بىلەن دادىسىنىڭ ھودۇقۇپ كۆزلىرىنى قاچۇرۇشى، چىرايىنىڭ غەلىتىلا ئۆزگىرىشى، بىر ئىشتىن ئەندىككەندەك ماشىنىغا تېزلا چىقىۋېلىشى، ئەزھەرنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. شۇڭا ئۇ تاكسىغا چۈشۈپ، ئىنىسى ئەليار چۈشكەن مېھمانخانىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەزھەر ئەنسىز خىياللار





ئىلكىدە مېھمانخانىغا كىرىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، پەخرۇللانىڭ ئۇرۇمچىدىن كېلىش خەۋىرىنى ئاڭلىغان پەزلىيە چۈشتىن كېيىن خىزمەتكە بارماي، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ پولۇ ئېتىۋاتاتتى. ئۇ پات ـ پات قول سائىتىگە قارايتتى. دېگەندەك پەخرۇللا كەچ گۈگۈم بىلەن بىر قارا سومكىنى كۆتۈرگەن هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار سوغۇقلا تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى، لېكىن بىر ـ بىرىنىڭ يۈزلىرىگە قاراشمىدى. پەخرۇللا ھۇجرىسىغا كىرگەنچە، يۈزلىرىنىمۇ يۇماي ئاقسۇغا تېلېفون قىلدى. زىل ۋە يۇمشاق ئاۋاز تۇرۇپكىدىن كەلگەن ھامان ھاكىمنىڭ چىرايى بىردىنلا ناماز شام گۈلىدەك ئېچىلىپ، جانلىرى سۆيۈنۈپ كەتتى.

— قانداق ئوبدان تۇردىڭىزمۇ، ئۇماق قىز... نېمە، سېغىنىپ ئۆلەي دېدىم، دەمسىز؟... راستما؟ مەنمۇ سىزنى كۆرگۈم كېلىپ سارالى بولاي دېدىم... نېمە، چۈشىڭىزگىمۇ كىردىمما تېخى... مېنى دەمسىز؟ سورىمايلا قويۇڭ، بۇ يىگىرمە ئالتە كۈن يىگىرمە ئالتە يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. مەن يۈيۈنۈپ بولۇپلا قېشىڭىزغا بارىمەن... نېمە، ئۆزۈم يۆيۈپ قويىمەن دەمسىز؟

پەخرۇللا پەس ئاۋازدا تۇرۇپكا بېشىنى ئالىقىنىدا توسۇۋېلىپ سۆزلىگەچكىمۇ، گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان پەزلىيە ئۆيگە تىۋىش چىقارماي كىردى. تېلېفوندىن چۈچۈلداپ كېلىۋاتقان ئايالنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالغانىدى. ئاڭغىچە پەخرۇللا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتتى.

— كىمگە تېلېفون بەردىڭىز؟

— ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيساغا «مەن كەلدىم» دەپ قويدۇم.

— مۇدىر تۇراپ ئەيسا ئايال بولمىسا، سىز بىر ئايال بىلەن گەپلەشتىڭىزغۇ؟

— نېمە، يوشۇرۇن ئاڭلاپسەندە؟

— ھەئە، ئاڭلىدىم...

— ئاڭلىغان بولساڭ بوپتۇ...

پەخرۇللا ئارىدا ھېچ ئىش ئۆتۈلمىگەندەك، ئىچ كىيىملىرىنى كۆتۈرۈپ مۇنچىغا كىرىپ كەتتى. قازاندىكى پولۇمۇ دەم يەپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ پەزىلىيە پەخرۇللانىڭ چىقىشىنى ساقلاپ، ھويلىدىكى گۈللەرنىڭ سارغايغان، قۇرۇغانلىرىنى يۇلۇپ تاشلىغاچ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. پەخرۇللا مۇنچىدىن چىقىپ ئازراقلا تاماق يېدى ـ دە، سومكىغا ھەرخىل تەييار كىيىم ـ كېچەك، قىممەت باھالىق ئېسىل رەختلەرنى سالدى.

— بۇ نېمىلەرنى ئېلىپ نەگە بارىسىز؟

— بىرىنىڭ تويلۇقى، ئاپىرىپ بېرىمەن.

— قانداق خەقكەن ئۇ، ھاكىمغا تويلۇق بۇيرۇيدىغان؟ تويلۇق دېگەن چىمەندە كۆپقۇ. بىرەر تىجارەتچى ياكى سودىگەرلەرگە ئەكەلدۈرسىمۇ بولىدۇغۇ. شۇنچە يىراق يەردىن ئەكېلىپ، يەنە تېخى ئاپىرىپ بېرەمسىز؟ ئۆزى ئېلىپ كەتسۇن.

— ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن، نەچچە يىللاردىن بېرى، ئاش ـ تاماق، كىر ـ قات، تۇرمۇشلىرىمدىن خەۋەر ئالغان، كېسەل بولۇپ قالسام دوختۇرخانىدا باققان بىر بۇرادىرىمنىڭ ئايالى... ئۇلار ئۈچۈن ھېلىغۇ بۇنچىلىك نەرسىكەن، — پەخرۇللا قولىدىكى سومكىغا قاراپ قويدى، — ئات، تۆگە سويۇپ ئاپارساممۇ ئەرزىيدۇ.

— بۇ... بۇ... — پەزىلىيە غىققىدە بولۇپ قالدى، — كېچىدە بارمىسىڭىزمۇ، ئەتە كۈندۈزدە...

پەزىلىيەنىڭ سۆزى ئۈزۈلمەيلا پەخرۇللا ھويلىدىكى ۋېلىسىپىتنى جالاقلىتىپ چىقىپ كەتتى. پەزىلىيە ئۇنىڭ بايا تېلېفوندا كىم بىلەن سۆزلەشكەنلىكى، سومكىدىكى نەرسىلەرنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەممە ئىشلارنى سېزىپ قالغانلىقىنى ئېرىگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بەزى گەپلەرنى

قەستەن قىلغان بولسىمۇ، پەخرۇللانىڭ غىرىب مويى تەۋرەپمۇ قويمىدى.

تىنىق كۆك ئاسماننىڭ ئېگىز بىر يېرىدە يالتىراپ تۇرغان ئاي، كىچىككىنە قورۇنى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈل تەكچىلىرى ئالدىدىكى تاش سۇپىدا ئولتۇرغان پەزلىيە، كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرىدا سولغان، قۇرۇۋاتقان گۈل بەرگلىرىگە قارىغانسېرى، كۆزلىرىنى لىپمۇلىپ سۈزۈك ياشلار قاپلىدى. توغرا، ئۇنىڭمۇ ھاياتىغا بالدۇرلا ئۈششۈك قىروسى چۈشكەندى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋر، يېزا ـ مەيدانلارغا بېرىپ ئويۇن قويغان چاغلار ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى سائادەتلىك كۈنلىرى ئىكەن! يوشۇرۇن بېقىشلار... يوشۇرۇن كۆيۈشلەر... يوشۇرۇن ئۇچرىشىشلار... مەخپىي ئازابلار.... ئەندىكىپ تۇرۇپ قولىنى تۇتۇشلار... قورۇنۇپقىنا سۆيۈشلەر... قايرىلىپ قاراشلار... تەقەززالىق ئىچىدە تەلمۈرۈشلەر... ئاھ دەرىخا، ئاشۇ دەقىقىلەر مەڭگۈ ـ مەڭگۈ شۇ پېتى ساقلىنىپ قالسا... ياشلىق يا ئالدىغا ياكى ئارقىغا ماڭمىسا... بۇ نېمىدېگەن كارامەت ھەم مۆجىزىلىك ئىش بولار ئىدى ـ ھە؟!

ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىق چاغلارمۇ شۇنچە مەنىلىك، شۇنچە تاتلىق ئۆتمىگەنمىدى!

جاڭگالغا ئوتتۇنغا كەتكەن پەخرۇللا تۈن كېچىلىرى قايتىپ كېلەتتى. پەزلىيە ئىككىسى ئوتۇنلارنى قولمۇ قول لەمپە ئاستىغا رەتلىك تىزىپ چىقاتتى. ئۇستەلدىكى لامپا يورۇقىدا پەخرۇللانىڭ پۇت ـ قول ئالىقانلىرىغا كىرىپ كەتكەن تىكەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئالاتتى. ئېخى چايىنى پۈۋلەپ ئىچۈرۈپ، كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك «ئانام... ئانام...» دەپ قوياتتى. بولۇپمۇ، چارچاپ كەتكەن ئېرىنىڭ بەل ـ پۇتلىرىنى تۇتۇش ئېخمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى:

— ھاي، ھاي، — ۋارقىراپتتى پەخرۇللا، — قىچىقىم بار يەرنى بىلىپ تۇرۇپ، قولىنى شۇ يەرگە قەستەن ئاپىرىدا، بەمەسەل...

— بەمەسەل دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ! — پەزىلىيە ئۈنى قىچىقلاپ، كىگىزلەردە يۇمىلىتىۋېتەتتى...

— ۋاي بولدى، مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ئەمدى ھەرگىز بەمەسەل دېمەيمەن... — تېپىرلاپ يۇمىلاپ يۈرگەن پەخرۇللا پەزىلىيەنى ئاستىغا باستى ـ دە، يۈزىنى چىشلىۋالدى، — ھە، مانا خوپ بولدىمۇ؟!

«راست، بىر كۈنى» ئايىغا قاراپ ئولتۇرغان پەزىلىيە كۆزلىرىدىكى ياشلار بىلەن كۈلدى «ئۇ... ئۇ... مېنىڭ مەڭزىمنى چىشلىۋالغانىدى... ئاشۇ... ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلىقتا مەڭگۈ تۇرۇۋەرسىمۇ بوپتىكەن. خويمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. تېخى پەخرۇللا ئولتۇرۇشلاردىن مەست كېلىپ قالسا، پەزىلىيە ئۈنى يۆدۈپ ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزاتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ھۆل لۆڭگىدە يۈزلىرىنى سۈرتۈپ، قىپچىپ يۆگەپ قوياتتى. ئۇنىڭ تەكشۈرۈلمەي قالغان تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى چىراغ يورۇقىدا تاڭ ئاتقۇچە تەكشۈرۈپ، كۆزلىرى ئىلىشىپ ئەلەس ـ پەلەس بولۇپ كەتسىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. چۈنكى، ئەتىسى چۈشلۈك تاماققا كەلگەن پەخرۇللا خۇشاللىقىدا پەزىلىيەنى كۆتۈرۈپ، پىرقىراتقىلى تۇرسا، گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەلىيارلار قىن ـ قىنىغا پاتماي چىرقىرىشىپ كېتەتتى. شۇنداق! مۇھەببەت ئۆزىنىڭ ساپ، سەمىمىي، پاكىز روھىنى پەقەت تەمەنناسىز، كىبىرسىز، كىنا ـ كۈدۈرەتسىز ئاددىي ئاۋام، ئاددىي تۇرمۇش شارائىتىدىلا پاك ساقلاپ قالالايدىكەن، بايلىق، مەنپەئەت، ئەمەل، ئىمتىياز، ساختا شۆھرەتلەر ئۇنىڭ مەڭگۈ چىقىشالمايدىغان كۈشەندىلىرى، ئەلۋەتتە...»

پەزىلىيە ئاچچىق يۇتۇپ، ئەلەم چېكىپ ئولتۇرغان مۇشۇ

ئايدىڭ كېچىدە، پەخرۇللا بىلەن ئاقىنسا باغ ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئورۇندا مۆكۈدىشىپ ياتاتتى. ساپسېرىق، قوڭۇر، قىپقىزىل ئۆرۈك ياپراقلىرى ئارىسىدىن دېرىزىگە قاراپ تۇرغان ئاي بەزىدە شايىدەك تارالغان بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇناتتى. تۇرۇپلا نۇرانە يۈزىنى جەۋلان قىلىپ، مەيدىلىرىگىچە يالاڭ ياتقان ئىككى گەۋدىنى سۈس كۆكۈچ نۇرىدا گىرىمسەن يورۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئېسىل سوۋغاتلاردىن خۇددى يوقاتقان ئاقىنسا، بۇ چاغقىچە ئىشقا سالمىغان ھەرخىل لەزىز، تاتلىق، خۇشناۋا شۆللۇقلىرىنى پەخرۇللانىڭ كۆڭۈل بوستانلىرىدا نامايان قىلىپ، كەلگۈسى ئېرىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، 26 كۈنلۈك ھىجران دېغىنى بىر يولىلا يۇيۇۋەتتى. دەرۋەقە، ئاقىنسانىڭ ھەر قېتىمقى «شۆللۈق»لىرى ئۆزگىچە بولۇپ، پەخرۇللانىمۇ يېڭىچە شېرىن تۇيغۇ شەربەتلىرىگە قاندۇراتتى.

— ئاقىنسا، بىر ئىشقا ھەيرانمەن، — دېدى پەخرۇللا يانغا ئۆرۈلۈپ، — ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىژچىڭغا بىر، ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە ئىككى قېتىم، ئىككىمىز توغرۇلۇق چېقىم بېرىپتۇ.

— ۋۇي، زوۋانىڭغا ئوت كەتكۈر سولامچىلار، — ئاقىنسا ئاغزىنى بۇزدى، — مېنىڭچە، ھېلىقى ماڭا ئېرىشەلمەي تەلۋىلەشكەن تۆرەم توختى دېگەن شوۋېچىمىكىن.

— ياق، سىزنىڭ دېيىشىڭىزچە، تۆرەم توختى ئۇ كېيىنكى ئىش. لېكىن چېقىمدا يېزىلغانلىرى مەن چىمەنگە كەلگەن ۋە سىز بىلەن دوختۇرخانىدا، بىزنىڭ ئۆيدە بىللە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاي، كۈنلىرى بىلەن بەكمۇ ئېنىقلىق يېزىلغانمىش.

— مۇنداق دەڭ...

ئاقىنسا تۇنجۇقۇپ قالغاندەك، نەپەس تىۋىشلىرىمۇ ئاڭلانمىدى. ئىچىدە: «ئاشۇ مۇناپىقنىڭ ئىشى» دېگەن ئوي

قويۇندەك پىرقىرىماقتا ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا پەخرۇللانى قىلتاققا چۈشۈرەلمەي قوغلانغان ئاقسا، ئۆز ئۆۋىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن «مەن كىم؟» دېگەن تەمەننادا، مائاش ئۆستۈرۈش تەمەسىدە، ئايلىق مۇكاپات سوممىسى غېمىدە ئاي، كۈن، چېسلا، سائەت ـ مىنۇتلارغىچە، خىش تاملارنى شورا قىلىشلارغىچە تۇراپ ئەيساغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. تېخى مۇشۇ بىرەر يىل ئىچىدىكى ئېرى تاشتوختى بىلەن بولغان شېرىكچىلىك، پۇل، قورال ئوغرىلانغاندىن كېيىنكى تۇراپ ئەيسا ئىككىسىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى قاتارلىقلار، پەخرۇللا ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مەۋھۇم سىر بولۇپ قالغانىدى. راست گەپنى قىلغاندا، يۇقىرىغا يوللانغان ئاشۇ چېقىملار ئاقىنسانىڭ «تۆھپىسى» بولۇپ، پەخرۇللانىڭ ئىقبال يولىغا قېزىلغان چوڭقۇر خەندەك ئىدى. قورال سەۋەبىدىن يېزىلغان «چوڭ گۇناھ» بولسا، خەلق سۆيگەن بىر شۇڭقارنىڭ كۈنسېرى ئۆرلەۋاتقان قاناتلىرىنى قىرقىۋەتكەن قايچا ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم!

ئاقىنسا پەخرۇللانىڭ قويىنىدا يېتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى ئەسكە ئېلىۋاتقان مۇشۇ كېچىدە، پەزلىيە ھويلىسىدىكى تاش ئورۇندۇقتىن ئارانلا تۇرۇپ، پۇتلىرى كۆيۈشكەن پېتى ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ كارىدور تېمىغا تىكلەپ قويغان ئىككى ئورام چوڭ گىلەم ۋە ئىككى تاغار ياڭاققا قاراپ، يۈرىكى قايتىدىنلا سېلىپ كەتتى. تېخى باياراقتا خوتەنلىك قۇرۇلۇشچى ھاجىم ئۈچ ئادىمى بىلەن كېلىپ، بۇلاردىن باشقا ئۈچ كىيىملىك ھەرخىل ئەتلەس، يەنە گېزىتكە ئورالغان بىر دەستە پۇلنى كارىدوردىكى كىر ئالغۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

— بۇ نەرسىلەر ھاكىم تەستىقلاپ بەرگەن قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئازغىنە كۆڭلۈم، قۇرۇلۇش پۈتكەندە يەنە يارىشقىنى قىلىمەن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

پەزلىيە يا ئاچچىقلاشنى ياكى تىللاشنى بىلمىدى. بۇ

ئادەملەرنىڭ ئۆيگە ئىشەنچلىك ھالدا بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇندىن ئىلگىرىمۇ پەخرۇللا بىلەن بۇنداق «ئىلىم ـ بېرىم» ئىشلىرىنى قىلغانلىقى ئېنىقلا تۇراتتى. پەزلىيە گىلەم بىلەن ياغاقنى كارىدوردا قالدۇرۇپ، ئەتلەس بىلەن پۇلنى مېھمانخانىدىكى شىرەگە ئەكىرىپ قويغانىدى.

پەزلىيە ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىپ باققان بولسىمۇ پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى. كۆڭلى نېمىدىندۇر ئۆيۈپلا تۇراتتى. ئۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا يۆتكەپ مېھمانخانىغا كىردى ـ دە، دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ، تېلېۋىزورنى ئاچتى. ئېكراندا بىر چولپان خوتۇن «كارۋان» ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غېجەك تارتىپتۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە تۇرغان كۆڭلىگە ناخشا خۇشياقمىدى بولغاي، تىزگىنەك بىلەن ئۆچۈرۈۋەتتى. بىراق شىرە ئۈستىدىكى قاتلام ـ قاتلام ئەتلەس بىلەن بىردەستە پۇل ئۇنىڭ كۆزىگە ئالۋاستىدەك كۆرۈندى. ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە گېزىتىنى ئېچىپ كۆردى. ئۇنىڭدا بىر باغلىمى 10 مىڭ سوملۇق پۇلدىن بەش باغلام تۇراتتى.

— ئاھ خۇدايىم، ئۇ بۇرۇن بۇنداق ئىشلاردىن يىرگىنەتتىغۇ، — پىچىرلىدى پەزلىيە ياشلىرى تۆكۈلگەن ھالدا، — ئۇنى ئاشۇ بۇزۇق خوتۇن ئازدۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ.

پەزلىيە ئاقىنسانى بىرىنچى قېتىم كادىرلار ئاشخانىسىدا كۆرۈپ، چىرايى تونۇشلا چوكانغۇ، دەپ ئويلىدى. شۇ كۇنى تاماق يېگىلى كىرگەن ئورگان پارتكومىنىڭ شۇجىسى گۇلخان ئاستاغىنە پىچىرلاپ ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. پەزلىيە ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتى. توغرا، ئۇ چىمەنگە يۆتكىلىپ كەلگەن كۇنى سومكا، چامادان، يوك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۆيگە ئەكىرىپ بەرگەن چوكان بىردىنلا ئېسىگە

كەلدى. شۇ چاغدا ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىككى «رەقىب» نىڭ قارىچۇقلىرى دەممۇ دەم ئۇچرىشىپ قالاتتى. «كاساپەتنىڭ ھاياسىز چېقىر كۆزلىرى تىكەندەك ئىلىپلا تۇرىدىكىنا» دېگەن ئوي پەزلىيەنىڭ كۆڭلىگە سايە سېلىپ ئۆتتى. تىكىلىپ تۇرغان ئاقىنسادا قورقۇش، ئەندىكىش، ئېھتىيات، نومۇس دېگەن نېمىلەردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بېجىرىم چىرايىدىن خېلىلا ياشلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

پەزلىيە بىلىپ - بىلمەي ئۆز كۇندىشىنى تىللاۋاتقاندا، ئىشىك ئېچىلىپ پەخرۇللا كىرىپ كەلدى... ئۇ كارىدوردىكى گىلەم، ياڭاقلارغا نەزەر سېلىپ تۇرۇشى، تامدىكى ئاسما سائەت كېچىلىك ئىككىگە داڭ ئۇردى. پەخرۇللا مېھمانخانىغا كىرىپلا شىرەدىكى ئەتلەس بىلەن پۇلغا لەپپىدە قارىدى. پەزلىيە بۇ نەرسىلەرنى كىم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى دەپ تۇرۇشى، ئۇ پۇلنى قولىغا ئالدى، ئاندىن:

— ئەتلەستىن بىرەر كىيىملىك ئېلىپ قالامسەن؟ — دەپ سورىشىغا، پەزلىيە:

— ياق، — دېدى - دە، ئەتلەسلەرنى ئېرىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

پەخرۇللا ھەممىسىنى تۇرتەكلەپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاندىن كىلىتانىڭ تاراققىدە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز خورلۇق ۋە كەمسىتىش ئوقىدەك پەزلىيەنىڭ نەق يۈرىكىگە تەگدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئارخىپ ئىدارىسىگە ئىشقا كەتكەن پەزلىيە، چۈشتە تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئۆيىگە بۇرۇنراق قايتتى. ئۇ كۆكتات بازىرىغا كېتىۋاتقىنىدا، تۇراپ ئەيسا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، سەل خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ،

ئۆيان ـ بۇيان قارىدى. ئۇنىڭ بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن پەزىلىيە ئۇنىڭغا مەدەت بەردى:
— مۇدىر، ماڭا دەيدىغان گەپلىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ، قېنى دەۋېرىڭ.
— بۇ... بۇ... مۇنداق ئىشتى، — تۇراپ ئەيسا گەدىنىنى قاشلىدى، — كۆكتات بازىرى، يەل ـ يېمىش، گۆش بازارلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۇۋۇر ـ كۇۋۇر، مىش ـ مىش گەپ... ئاڭلىسام...
— ھە، قېنى دېمەمسىز، نېمانداق ئادەمنى تەقەززا قىلىسىز؟
— ئاخشام، پەخرۇللا ھاكىم بىر سومكا نەرسىنى ۋېلىسىپىتكە ئارتىپ، ئاقنىسا ئون تېيىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇ يەردىن كېچىچە چىقمىدى، دېيىشىۋاتىدۇ قارالڭ.
— پوق يەپتۇ، — ۋارقىرىدى پەزىلىيە، — كېچىدىن پەخرۇللا ھېچ يەرگە بارماي، مەن بىلەن تېلېۋىزور كۆرگەن تۇرسا... قانداق گەپ ئۇرۇقى نېمىلەر ئۇ.
— مەنمۇ ئۇلارنى تىللىۋەتتىم، لېكىن ھەممىسىنىڭلا ئاغزىدا شۇ گەپ. ھە راست، — تۇراپ ئەيسا پەزىلىيەگە ئېڭىشتى، — ئاقنىسا بۇگۇن ئەتىگەن بىرلەشمە زالدا قەسەم بېرىپ پارتىيىگە كىردى.
— نېمە، تۇۋا، — پەزىلىيە توك سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى، — تۇرمۇش ئىستىلىدا چىرىگەن بىر ئايال قانداق بولۇپ پارتىيىگە كىردىكىنە؟
— بۇنى ئورگان پارتكومىنىڭ شۇجىسى گۇلخاندىن سوراپ بېقىڭ.
— سىز ئىشخانا مۇدىرى تۇرۇپ بىلمەي قالامسىز؟
— ئەمدى... ئەمدى...

— بولدى خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ياخشى نىيەت بىلەن ئىنكاس قىلغۇچىلارنى سېتىۋېتىدىغان خائىنلىقنى قىلمايمەن.

— ھاكىم، گۈلخان ئىككىمىزنى چاقىرىپ بىسىم ئىشلەتتى. ھەتتا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى ئۆزى يېزىپ بەردى.

يۈرىكى بېغىچىدىن ئۈزۈلۈپ، قوقاسقا چۈشۈپ كەتكەندەك ئازابلانغان پەزلىيە خۇدۇكسىرىگەن ھالدا كۆكتات بازىرىغا باردى. ئۇ كۆكتات، گۆش ئالغۇچە باشقىلارنىڭ چىرايىغا ھەرگىز قارىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلاشقاندەك، تۇمشۇقىدا پەزلىيەنى ئىما قىلىپ، خىرقىرىشىپ كۈلۈۋاتقاندەك، ھەتتا رەستىلەر ئارا خېلىلا ئۇزاپ كەتكەندىمۇ كىملەردۇر بىگىز قولىنى جونۇپ، پەزلىيەنى كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلىشاتتى. پەزلىيە ئالدىغانلىرىنى چالا ـ بۇلا ئېلىپلا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋېتىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقاندا، ئۆيگە پەخرۇللا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرىدىن ئاچچىق چېقىن چىقىپ تۇرغان ھالدا يەنە چىقىپ كەتتى. پەزلىيەنىڭ «چۈشكە لەڭمەن ئېتەمەن يەمسىز؟» دېگەن سۆزىگىمۇ «ئۆزۈڭ يەۋە» دەپ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى.

پەخرۇللا پىيادە مېڭىپ بازار ئىچىگە كەلدى. ئۇ «ئەمەت قارىي ئاتۇش لەڭمەن پادىشاھى» ئاشخانىسىغا كىرىشىگە، ئەمەت قارىي بېشى بىلەن ماڭغۇدەك قىلىپ، پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇلازىملارغا:

— چاينى پولاپ يېڭى دەملە، ئاتىنىڭ قېنىدەك بولسۇن، ئەل ئوغلانى ھاكىم ھەزرەتلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى... ھەي خېمىركەش، چاپچەتەك چۈشسۇن! قورۇمىپەز! قورۇماڭنىڭ ھىدىدىن ئاتۇش مازىرىدىكى ئەرۋاھلار تىرىلىپ قوپسۇن! .... ھە ...

مانا ... قېنى، قېنى... ــ دەپ ۋارقىراپ، يەنە قانداقتۇر قوشاقلارنى قېتىپ توۋلىماقتا ئىدى. ئىدارىدە جۇدۇنى ئۆرلەپ، كەيپى چىگىشلىشىپ كەتكەن پەخرۇللانىڭ روھى سەل كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئىچىدە: «<ئىدارە ئىچى ۋە سىرتتىمۇ سىز تۇغرۇلۇق گەپ كۆپىيىپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاقىنسا دېگەن خوتۇندىن ئالاقىڭىزنى ئۈزۈڭ. ئۇنىڭغا يېقىن يولىغۇچى بولماڭ...> دەۋاتقىنىنى قارا. مانا ئاشپەز، مۇلازىملار، ھەتتا كوچا ـ كويلاردا كېتىۋاتقانلار چېغىدا ئېگىلىپ ـ پۈكۈلۈپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ، ھۆرمىتىمنى قىلىۋاتىمدۇ...» دەپ غۇدۇڭشىدى.

بۈگۈن چىمەن ناھىيىسىنىڭ بىرىنچى قول شۇجىسى لى يۈڭچى پەخرۇللانى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، بىر سائەتتەك سۆھبەتتە بولدى. بۇنى سۆھبەت دېگەندىن كۆرە، تەنبىھ، بېسىم، ئەدىپىنى بېرىش دەپ چۈشەنگەن پەخرۇللا ئىشخانىسىدىن بەكمۇ خاپا چىقتى. ئەگەر لى شۇجىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاقىنسا ئاڭلىسا، تېخىمۇ تەلۋىلىكى تۇتۇپ، پەخرۇللانىڭ ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىشتىن يانمايتتى. شۇڭا، ئۇنى ماختاش، كۆتۈرۈش، پارلاق كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق بىر ـ ئىككى ئاي كۆزدىن نېرى قىلمىسا قولاق تىنچىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئاڭغىچە ئۇششاق گەپ ـ سۆزلەرمۇ بېسىقىپ قالاتتى. ئۇ ئۆرۈمچى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان چاغلىرىدا ئايال كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خەيرىنىسا مۆيدىن دېگەن ئايال بىلەن ياخشى ساۋاقداشلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. پەخرۇللا ئاشخانىدىن ئۇزاپ چىقىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۈستەل تارتمىسىدىن ئايال مۇدىرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى. ئاقىنسانى زېھنىياتلىق، تۈرگۈن، جانلىق، ئاكتىپ كادىر بولسىمۇ، كادىرلىق تەجرىبىسى، دۆلەت خادىمى ئوقۇمى تۆۋەنرەك... دەپ تونۇشتۇردى. خەيرىنىسا مۆيدىنمۇ: «يېرىم يىللىق، ئۈچ ئايلىق

ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى باشلىنىپ بولدى. ئىككى ئايلىق ئۆگىنىش كۇرسى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە دەرس باشلايدۇ. دەرھال ئەۋەتىڭ» دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق ھەل بولغاندىن كېيىن مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون قىلىپ: «ئايال كادىرلارنى ئىككى ئايلىق تەربىيىلەش كۇرسىغا بىر سان كەلدى، ئۇنى سىلەرگە بەردۇق. شۇڭا كادىرلىق تەجرىبىسى كەم ـ دۆلەت خادىمى سالاھىيىتى تۆۋەن ئايال كادىرىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىۋىدى. باشلىق دەرھاللا: «بار، بار، ئاقنىسا دېگەن بىر چوكان بار... سەۋىيىسى بىر ئاز تۆۋەن، شۇنى ئەۋەتەيلى» دەپ پەخرۇللانىڭ دېگەن يېرىدىن چىقتى. مانا بۇ ئىشمۇ ئېپى ـ سېپى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى.

يېنىكلا بولۇپ قالغان پەخرۇللا ئىشخانىسىدا يەنە بىرەر سائەتتەك ئىشلەپ، ئەمدىلا سىرتقا چىقاي دەپ تۇرۇشى، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. پەخرۇللا تۇرۇبكىنى ئېلىپلا ئۇنىڭ ئاقنىسا ئىكەنلىكىنى بىلدى:

— نېمە، سىزنى ئوقۇشقا ئەۋەتەمدىكەن؟ ۋوي بۇ خۇش خەۋەركەنغۇ، خۇش بولماي يىغلىغىنىڭىز نېمىسى؟ قاراڭ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — پەخرۇللا ئاقنىسانىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى، — مەن ئويلىسام سىزنى بىر مىنۇت، بىرقەدەم ئۆزۈمدىن نېرى قىلغۇم يوق. لېكىن سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزنى ئويلىغاندا بىر ئەمەس. بىرقانچە كۇرسلاردا ئوقۇپ ئۇنۋان ئېلىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا ئىشلىگەن ئىدارىڭىزدا ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىڭىز، قەدىر ـ قىممىتىڭىز بولىدۇ. مائاشىڭىزمۇ ئوقۇغان ئوقۇشىڭىزغا قاراپ بېرىلىدۇ. ئۇقتىڭىزما؟

— ئۇقتۇم، — تۇرۇبكىدىن زىل، يېقىملىق ئاۋاز چۇڭۇلدىدى، — ئەمدى... ئەمدى... شۇ سىزنى... ئەمىسە بۈگۈن كېچە ئۆيۈمگە كېلىڭ.

— ئۇقتۇم... ئۇقتۇم، مەن ھازىر ھاراق ـ تاماكا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيدەخمەت قاۋۇلنىڭ ئۆتكۈزگەن چېيىغا بارىمەن. ئەمما بالدۇرراق قايتىپ ئاندىن ھە؟!

— ئەمىسە، تاڭ ئېتىپ كەتسىمۇ كۈتىمەن.

— ئۇقتۇم.

پەخرۇللا شوپۇر ئازاد تۇرسۇنغا تېلېفون قىلىۋېتىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ كارىدورغا كىرىپ كەلگەندە، چۈشتىكى ئېشىپ قالغان پىلتىنى سۈزۈۋاتقان پەزلىيە ئۇنىڭغا يالتىيىدە قاراپ قويۇپ:

— بايا ھاراق ـ تاماكا شىركىتىنىڭ باشلىقىدىن تېلېفون كەپتىكەن، — دېدى.

— بۈگۈن ئۇ چاي بەرمەكچى ئىدى.

پەخرۇللا پەزلىيە دەرمال سېلىپ قاتۇرۇپ قويغان كاستۇم ـ بۇرۇلكىلىرىنى شاپۇر ـ شوپۇر كىيىپ بولۇپ، مەيدە، قولتۇق، بويۇنلىرىغا ئەتىر پۈركىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ چايلىرى، تەرەققىي قىلىپ «رەڭلىك» كە ئۆزگەرگەن بولۇپ، شەھەرنىڭ ناخشىچى، سازەندە ۋە تىجارەتچى ياش چوكانلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزەتتى. ئەگەر تانسا، ئۇسسۇللارغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، «تەر پۇراپ قاپسىز، ساڭناغا ئەكىرىڭا، مەن يۇيۇپ قوياي» دەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. گالستۇكىنى تاقاپ تەييار بولغان پەخرۇللا تامدىكى چوڭ ئەينەككە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ھۇجرىسىدىن كارىدورغا چىقىشى، پەزلىيە:

— لەڭمەندىن بىر ـ ئىككى چوكا يەپ ماڭامسىز، ئۇ يەرگە بارغۇچە قورسىقىڭىز ئېچىپ كېتەر، — دېدى، بىراق پەخرۇللا قوپاللىق بىلەن «ئۆزۈڭ يە» دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

پەخرۇللا باغ ئىچىدىن كېلىۋېتىپ، رەڭلىك چاقچۇق خىش يېيىتىلغان چوڭ ھويلىدا «قىزىل بايراق» ماركىلىق قاپقارا ماشىنىنىڭ ئۆزىگە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تېز ـ تېز

مېڭىپ يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە شوپۇر ئازاد تۇرسۇن بىلەن تۇراپ ئەيسا پاراڭلىشىپ تۇراتتى. پەخرۇللا تۇراپ ئەيسانى «بىللە بارمايلىمۇ؟» دېۋىدى. ئۇ قورۇنۇپقىنا «رەھمەت ھاكىم» دەپ ئۆزرە سوردى. ماشىنا قوزغىلىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشى، ئەرزىيەت ئىشخانىسىدىكى مەريەم ئىككى پارچە خەتنى تۇتقان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ۋايەي... ھاكىم كېتىپ قاپتۇ ـ ھە؟

— شۇنداق، سەل كېچىكىپ قاپسىز، قولىڭىزدىكى نېمە خەت ئۇ؟

— نېمە خەت بولاتتى، بىرەر ئىدارە ياكى يېزا ـ كەنت، زاۋۇت رەھبەرلىرى ئۈستىدىن يېزىلغان شىكايەتنامىدۇ شۇ. «ھاكىمنىڭ ئۆز قولىغا تەگسۇن» دەپتىكەن، ھەپتە بولدى بېرەلمىدىم.

— نېمىشقا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىدىڭىز؟

— «ئاقنىسانى ئەرزىيەت ئىشخانىسىغا پاتقۇزمىدى» دەپ ھاكىم ماڭا ئۆچ. شۇڭا، يۈز تۇرا كۆرۈشۈشكە يۈزۈم چىدىمايدۇ.

— ئۇنداق تىل قىسىلچىلىقىڭىز بولسا ماڭا بېرىڭ، مەن تاپشۇرۇپ بېرەي.

— ۋىيەي تۇ مۇدىر، سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

— ھېچقىسى يوق.

تۇراپ ئەيسا ئىككى پارچە خەتكە قاراپ مىيىقىدا غەلىتىلا كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نازۇك ۋە سىرلىق بىر ئوي خۇددى يىلاندەك سۈرۈلۈپ ئۆتتۇۋاتقان مۇشۇ كەچتە، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان پەزلىيە يالغۇز ئولتۇرۇپ لەڭمەن يەۋاتاتتى. پەخرۇللانىڭ «ئۆزۈڭ يە» دېگەن سۆزى ئۇنى يىراق ئۆتمۇشكە ئېلىپ كەتكەنىدى. پەخرۇللا «تارشىلىق» يېزىسىغا يېزا باشلىقى، قوتانكۆلگە مۇئاۋىن شۇجى، توغراق ناھىيە

سايتىكە كەنتىگە نۇقتىغا چۈشكەن چاغلىرى، ئاقتام ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئۆيگە يېنىپ كېلەتتى ـ دە، «پەزىلىيە، يالغۇز تاماق يېسەم، تاماق يېگەندەكمۇ بولمايدىكەنمەن» دەيتتى. مانا ئەمدى پەزىلىيە بىلەن تاماق يېيىشكىمۇ بىزار. پەخرۇللا بىرنەچچە قېتىم ئاجرىشىپ كېتىشنىڭ گېپىنى قىلدى. لېكىن، پەزىلىيە ئاڭلىماسقا سالدى. بەك قىستاپ تۇرۇۋالغىنىدا «ياش بىر يەرگە بارغاندا ئاجرىشىپ نېمە كەپتۇ. سىز ئىزا تارتمىغىنىڭىز بىلەن مەن نومۇس قىلىمەن» دەپ كەسكىن رەت قىلدى. شۇنداقتىمۇ پەخرۇللا پەيلىدىن يانماي تۇراتتى. داڭدار، بولۇپمۇ ئاۋام كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغان، ئىش ـ ئىزلىرى تارالغان كاتتىلار توغرۇلۇق چىققان ھېكايەتلەرنىڭ تارىلىشى بەك تېز بولامدۇ ـ نېمە، پەخرۇللا ھەققىدە گەپ ـ سۆزلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى.

بۇنداق تېتىقسىز ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئۆرتەلگەن پەزىلىيە ئىچى پۇشقاندا، دەردىنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمىگەندە، ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ياشلىقىدىكى سىرداش دوستى ئاينۇرنىڭ، بەزىدە سودا ئىدارە باشلىقى دىلەيسەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھال ـ مۇڭىنى تۆكۈپ كېلەتتى. ئۇلارمۇ «سەۋر قىل، بۇنداق كوچىغا كىرگەنلەر ھامىنى بۇرنىغا يېمەي قالمايدۇ. ئاخىر يېنىڭغا سالپىيىپ قايتىپ كېلىدۇ...» دەپ نەسىھەت قىلاتتى، كۆڭلىنى ياسايتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىدىن ئاينۇر، دىلەيسەم، ئالمۇراتلار چىمەندە بولۇپ قالغىنى! ئەلۋەتتە مۇڭداشقۇدەك، بولۇپمۇ «سىر» تۆككۈدەك دوست بولۇش ئۈچۈن كەم دېگەندىمۇ 10 ـ 15 يىللىق دوستلۇق مۇناسىۋەت جەريانى بولۇشى كېرەك.

پەزىلىيە لەڭمەن يېگەن تەخسە، بەت بولغان چىنىلەرنى

قازانغا سېلىپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىردى. روھى سولغۇن بولغاچقا، قاچىلارنى يۇيۇشقىمۇ ھەپىسلىسى يوق ئىدى. ئۇ گۈل تەشتەكلىرى قويۇلغان دېرىزە تەكچىسى ئالدىغا كېلىپ ئاھ ئۇرغىنىچە قاراڭغۇ تۈن باغرىغا تىكىلدى. سىرتتا لەپىلدەپ قار چۈشمەكتە ئىدى. ئاتقۇچىنىڭ زېپىدىن قاڭقىغان پاختا توزۇندىلىرىدەك لەرزان ئۇچۇپ يۈرگەن قار ئۇچقۇنلىرى، پەزلىيەنى يىراق ئۆتمۈشكە ئېلىپ كەتتى. مۇشۇنداق قار يېغىۋاتقان دۆڭسايىنىڭ بىر كېچىسى تەرەببا ئەسكە چۈشتى. ئېغىز گارىمدىن «مېنىڭ ئانام» دېگەن مىسكىن ناخشىنىڭ ئەلەملىك مۇزىكىسى تۈن باغرىنى ھەسرەتلىك ئويلارغا چۆمدۈرۈپ، ئاستا تارالماقتا ئىدى. ئاددىي دېھقان ئۆيىدە ياتقان 17 ياشلىق پەزلىيە يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ، ئاق لىباسقا پۈركەنگەن دالاغا چىقتى، ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈۋاتقان چەكسىز ئېتىزلىق، ئورمانلىقلار تامان يۈردى. ئۈستىۋېشىنى قار باسقان پەخرۇللا گارمونىنى مۇڭ بىلەن چالماقتا ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ: «كىتابلاردا تۈنجى مۇھەببەتنى ئۇنۇتماق تەس، چۈنكى ئۇنىڭ غۇبارسىز، پاك يۈرەككە سالغان دېغى بەك چوڭقۇر بولىدۇ، دەيدىكەن» دەپ بولۇپ، نومۇس قىلغىنىدىن خىلىغىچە جىمىپ قالغانىدى. راست، ئۇنىڭ تۈنجى يازغان خېتىچۇ تېخى، خۇددى مۇھەببەت داستانلىرىدىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئەھدە - پەيمانلىرىنىڭ ئۆزىغۇ!

ھەسرەت - نادامەتتىن، ئۆتمۈشتىكى ئەستىلىكلەرنى ياد ئەتكەن پەزلىيە، شۇ دەۋرلەردىن كۈچ - مادار، مەدەت، تەسكىنلىك تاپماقچى بولغاندەك، مېھمانخانا بۇلۇڭىدىكى دەستىلەپ تىزىلغان چامادانلاردىن بىرىنى ئاچتى - دە، ئۇنىڭ تاۋار يانچۇقىدىن تۈمارچە قاتلانغان خەتنى ئېلىپ، يەنە دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئۇ خۇددى دۆڭسايى، قوشتېرەك، بوستان دەريا بويلىرىدا پەخرۇللا بىلەن ئۇچراشماقچى بولغاندەك يۈرىكى

سىلىپ، قوللىرى تىترىدى. بۇ خەتنى ئۇ قانچە قېتىم ئوقۇغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا يەنىلا يېڭىچە زوق، ئىشتىياق، ئۆزگىچە تۇيغۇلار لىباسلىرىغا ئورايتتى.

پەزلىيە كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارغىمۇ پەرۋايى پەلەك ھالدا خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«... پەزلىيە مەن بۇ خەتنى يازغىچە يۈرىكىمنى بىر كىم تۆمۈردەك ئالىقانلىرىغا ئېلىپ سىقىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن پىراق ـ نادامەتلەر زەرداب ـ قان بولۇپ تامچىلاۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. نېمە ئۈچۈن دەپ سورىسىڭىز، بۇ خېتىم ماڭا بەختتىن كۆرە بەختسىزلىك، ئۈمىدتىن كۆرە ئۈمىدسىزلىك، شادلىقتىن كۆرە ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. گويا سىز: «بىزنىڭ ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈشىمىز، دوستلۇقتىنلا ئىبارەت. سىزنى بۇنداق خاتا چۈشىنىپ قالار دېمەپتىكەنمەن» دەيدىغاندەك، ھەتتا «ئۇنداق بولمىغۇر خىياللاردا بولماڭ، بىزنىڭ ھەربىي رايون ئىچىدە لايىقىمىز بار...» دەپ گەپنى چورتلا ئۈزۈۋېتىدىغاندەكلا بىر ئەنسىزلىك، بىر قورقۇنچ يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قىساتتى. ئۇنداقتا ماڭا بۇ مەكتەپ بىلىم ئېلىش بۇلىقى ئەمەس، بەلكى ئازابلىق كەچمىشلەر ماكانىغا ئايلانغان بولاتتى....

پەزلىيە، مەن سىزنى تۇنجى قېتىم گۈللۈكلەر ئارا كۆرگەندە، سىز: «تونۇشۇپ قالايلى» دەپ ئاپئاق، نازۇك قوللىرىڭىزنى سۇنغان چېغىڭىزدىلا، سىز يۈرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەندىڭىز. ئىچىمدە: «ئەگەر مۇشۇ لاتاپەت ئىگىسى، گۈزەللىك سەمەرىسى، سۆيگۈ ئىلاھى، جاھاندا يەكتا ئوماق پەرىشتە ماڭا نېسىپ بولسا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە، ۋاپالىق يۈرىكىم، ئەرزىمەس ھاياتىم، ئەھدۇ پەيمانىم ئۇنىڭ سادىقىسى بولسۇن» دەپ نالە قىلدىم... پەزلىيە دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى ئىچىمدە خۇددى قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك

يېنىش ـ يېنىشلاپ زىكىر قىلدىم. چۈنكى، سىز دەسسىگەن تۇپراق، سىز ماڭغان يوللار... سىزنىڭ ئوتلۇق نەپىسىڭىز تارقالغان زېمىن، سىز ياشىغان ماكان مەن ئاللا يولىدا قەسەم قىلالايمەنكى، سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاپادارىڭىز بولاي، كۆزىڭىزدىن تامچە ياش ئاققۇزسام، دوزاخ ئوتىدا كۆيەي... ماڭار يوللىرىڭىز پاياندار بولۇپ، خىزمىتىڭىزنى قىلاي...»

— ... ئۇھا! ... ئاللانى، قۇرئاننى شېپى كەلتۈرۈپ بەرگەن ئەھدۇ ـ قەسەملەر شۇنچىلىك بولسا، — دېدى پەزلىيە ھۆل بولۇپ كەتكەن يۈزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — مۇسۇلمانچىلىق دېگەنمۇ شۇنچىلىكلا گەپ ئوخشايدۇ.

پەزلىيە خەتنىڭ تېگىدىكى ئىككى كۇپلېت شېئىرنى «باغرىم قان بىلەن تولدى»، «بۇ ھاياتتىن كېچەيمەن» دېگەن مىسرالارنى كۆرۈپ، بۇ قىزلارنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى «ھىيلە ـ نەيرەڭ» كەن دەپ ئويلىدى. ئۇ خەتنى يىرتىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن يەنىلا پايلىمىدى. پەزلىيە خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ، خەتنى قايتا سېلىپ، چامادانىنى ئورنىغا ئېلىپ قويدى. ئەمما ئۇ تېلېفونىڭ قاتتىق سىگنال بېرىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا تام سائىتىمۇ كېچە سائەت 11 گە داڭ ئۇردى.

— بۇ كېچىدە تېلېفون بەرگەن كىمدۇ؟ — پەزلىيە گەپ قىلغاچ تېلېفون قېشىغا ماڭدى، — پەخرۇللا بىرەر يەردە قونۇپ قالسىمۇ خەۋىرىنى بەرمەيدۇ، بوستاندىكى باللار بوپقالمىسۇن يەنە.

پەزلىيە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ «ۋەي كىم؟» دېيىشى بىلەن ئايالنىڭ: «پەخرۇللا ھاكىم بارمۇ؟» دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. پەزلىيە ھەيران بولۇپ سورىدى:

— سىز كىم بولىسىز؟ بۇ ئوتتۇرا كېچىدە ھاكىمنى ئىزدەيدىغان نېمە ئىشىڭىز بارئىدى.

— ئاۋازىمدىن تونۇيالمىدىڭىزما؟ — تۇرۇۋېكىدىن ئاۋاز ئىنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى، — مەنچۇ قاراڭ، ئاقىنسا ئاپئاق ئاچىڭىز بولىمەن!

پەزلىيەنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى، شۇڭا ئۇ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى:

— سىز ئاقىنسا ئاپئاق بولامسىز ياكى قارىنسا قاپقارا بولامسىز، پەۋايىم پەلەك، تېخى نومۇس قىلماي ئۆيۈمگە تېلېفون بەرگۈدەك بولدىڭىزما؟

— ھەي جىگدە يېلىمى، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، — ئاقىنسا بىردىنلا سەنلەشكە چۈشتى، — ئىبرى «سەندىن زېرىكتىم»، «كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى»، «ئارىمىزدا مۇھەببەت قالمىدى»، «ھېسسىياتتىكى سوغۇقچىلىق مۇھەببەتنىڭ ئۆلۈمى»، «تاشنى تاياققا تاڭغاندەك ياشىمايلى» دەپ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرسا، مەككىنىڭ يولىدىكى رودۇپايىدەك مەزمۇت چاپلىشىۋالغان ئادەم نومۇس قىلامدۇ ياكى ئالتۇن ئۈزۈكتەك ئەتىۋارلىنىۋاتقان مەن نومۇس قىلامدىم؟

— زوۋانىڭ تۇتۇلۇپ ئۆلەرسەن، بۇزۇق!

پەزلىيە تېلېفون تۇرۇۋېكىسىنى جاقىلا قويىۋەتتى. لېكىن ئارقا ــ ئارقىدىن چىرقىراپ بېرىلگەن سىگنالدىن زەھەردەك ئاچچىقى كەلگەن پەزلىيە تېلېفوننى ئېلىپلا قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ھەي نېمە دېمەكچىسەن، رەسۋا؟

— ئاڭلاپ قوي، ھاكىمغا جىگدە يېلىمىدەك، رودۇپايىدەك چاپلىشىۋالماي، دەرھال ئاجرىشىپ ئۆينى بىكار قىل!

— ماقۇل، ئەتە ساقچىخانىدا كۆرۈشەيلى.

— ياخشى، ئۇنداقتا ئەتە مەن ئىدارىگە بارماي، ساقچىخانا ئالدىدا ساقلايمەن. خىزمەت توغرۇلۇق ھاكىمنى ئىزدىگىنىمگە سەن مېنى «نومۇسسىز»، «بۇزۇق»، «رەسۋا»، «قارىنسا» دەپ ھاقارەتلىدىڭ... ئەگەر ئەتە ئەتىگەن بارمايدىكەنسەن ئۆيۈڭگە

بىسىپ كىرىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، نېمانچە ھازازۇل نېمە ئۇ، — تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتكەن پەزىلىيە مەيدىسىگە قولىنى قويىدى، — ئۇ راستتىنلا ئەتە بېسىپ كېلەرمۇ، بۇنداق بىشەم بىلەن تەڭ بولغىلى بولامدۇ؟ تېلېفوندا ئىككىمىز تاكاللاشقان تۇرساق، گۇۋاھ بولغۇدەك ئۇچىنچى ئادەم بولمىسا، ھەممە توقۇناق بالانى ماڭا ئارتىپ قويارمۇ؟

ئەنسىز خىيال، ئورۇنسىز ۋەھىمە ئىچىدە قالغان پەزىلىيەنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. شۇڭا، ئۇ يۈز بەرگەن ئەھۋالنى دەيمۇ ـ دېمەيمۇ دېگەن ئىككى خىيالدا پەخرۇللانى ساقلاپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى. ئاقنىسانىڭ يولسىزلىقىدىن ئاچچىق يۇتۇۋالغان پەزىلىيەنى تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان سەنئەت نومۇرلىرىمۇ خۇش قىلالمىدى. ئۇ كىتاب كۆرۈپ باقتى، ئۇمۇ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىدى. پەخرۇللا گەرچە «ئاچرىشىمەن» دەپ تاش چىشلەپ تۇرغان بولسىمۇ، پەزىلىيە يەنىلا ئۇنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلىمىنى يۇتاتتى. ئۇ پات ـ پات قول سائىتىگە قاراپ: «كېچە سائەت 12 دىن ئېشىپ كەتتى. مەست بولۇپ بىر يەرلەردە يېتىپ قالمىغاندۇ؟ ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى، سالامەتلىكىدىن ئايرىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ، ئۇ نېمىلا بولسا مېنىڭ ئېرىم، باللىرىمنىڭ دادىسى...» دەپ ۋايىم يەتتى.

كېچە سائەت بىرگە ئاز قالغاندا، دەرۋازا قاتتىق تاراقلاپ بىر نەرسە ئۈرۈلگەندەك بولدى. پەزىلىيە يەردە ئولتۇرۇپ قالغان پەخرۇللانى يۆگىرۈپ چىققىنىچە يۆلىدى. بۇ چاغدا دەرۋازا سىرتىدا تۇرغان بىر ئادەم ئاستىلا كەينىگە يېنىشىغا، پەزىلىيە ئۇنىڭدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن تۇراپ ئەيسا.

— ئولتۇرۇشقا سىزمۇ بارغانمىدىڭىز؟





— يوقسۇ، ئىشخانىدا تولدۇرىدىغان ئانكېت، جەدۋەللەر بار ئىدى. دېرىزىدىن قارىسام ھاكىم ماشىنىدىن چۈشۈپلا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇنى ئەكىلىپ قويۇشۇم.

— رەھمەت سىزگە، بەك سەت بولدى.

— بولدى، بولدى خىجىل بولماڭ، بۇ نورمال ئىشقۇ.

تۇراپ ئەيسا كېتىپ قالدى، پەزلىيە ئېرىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ كارىدورغا كىرىشىگە، پەخرۇللا ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى تامغا يۆلىنىپ قالدى. لېكىن، پەزلىيە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنىلا ئۇنى يۆلىۋالدى.

— بىر نەرسە يەمسىز؟

— ياق.

— چاي ئىچەمسىز؟

— ياق.

— ئىسسىق سۇ تەڭشەپ بېرەي، پۇتلىرىڭىزنى يۇيۇۋالامسىز؟

— ياق.

پەخرۇللا سەنتۈرۈلگىنىچە ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى گۈپپىدە ياپتى. ئاندىن كىلىتانىڭ تاراققىدە قىلىپ ئېتىلىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىشكە تەمشەلگەن پەزىلىيە بوسۇغىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭا، سىزگە دەيدىغان گېپىم بارئىدى.

— گېپىڭنى كىمگە دېسەڭ دېگىن. ئەمدى مەن.. مەن سېنى تونۇمايمەن، ئۇقتۇڭما؟ ۋۆي زۇۋانى تۇتۇلغۇر رەسۋا... چاپلاشقاق پېلىم... مەككىنىڭ يولىدىكى رودۇپاي...

سەت ھاقارەتلەرگە چىدىمىغان پەزىلىيە ئىشىكنى پالتىدا چېقىۋېتىپ يۈز تۇرا سۆزلىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، مەست بىلەن تەڭ بولۇشنى خالىمىدى. شۇڭا ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، پەزلىيە ناشتا قىلىپ ئەمدىلا ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرۇشى، كىمدۇر بىرى دەرۋازىنى جاالاقلىتىپ

تېپىپ، مۇشتلاپ چىرقىراپ ۋارقىرىماقتا ئىدى:

— دەرۋازاڭنى ئاچ، پاسكىنا... ئەگەر ئاچمايدىغان بولساڭ، بىر نېمەڭنى يىرتىۋېتىمەن... ۋۇي ئېرىگە چاپلىشىۋالغان نومۇسسىز خوتۇن! پاسكىنا يالاندى، ئەرسىز قېلىشىڭدىن قورقتۇڭمۇ؟

چىرايى تاتىرىپ، پۇت قولىدا جان قالمىغان پەزلىيە، نومۇس كۆچىدىن كارىدوردا تىترىگىنىچە ئۆرە تۇراتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۆيىنىڭ قولۇم ـ قوشنىلارسىز باغ ئىچىدە بولغىنى، بولمىسا خەقلەر ئالدىدا بۇ نېمە سەتچىلىك! پەزلىيەمۇ چىمەندە ئىناۋەتلىك بىر رەھبەر تۇرسا... ئېرى بولسا بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى! ئاقىنىسانىڭ پەخرۇللا بىلەن چېتىشلىقى بولغاچقا، يۇرىكى توم، گېپى تەيلىك ئىدى. ئۇنىڭ قەستەن قىلىۋاتقان بۇ كۆكەملىكى «قېنى نېمە قىلالايتتىڭ» دېگىنى بولماي نېمە؟

بۇ ئەسنادا، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان پەخرۇللا پەزلىيەگە «چىقما» دېگەندەك ئىشارە قىلىپ، ئۆزى چىقىپ كەتتى. ئۇلار خېلىغىچە تاكاللاشقاندەك، ۋارقىراشقاندەك بولۇشتى. بەزىدە جىمىپ قېلىپ، يەنە تۇيۇقسىزلا ئۆرلەپ، ئاخىر پەخرۇللا يېنىپ كىرىپ، پەزلىيەگە قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپلا كەتتى:

— ھەممىسى سەن كالۋانىڭ تاپقان جېدىلى، باشقىلار ھاكىمنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدىمىسۇنما؟ — پەخرۇللا بىگىز بارمىقى بىلەن خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى ئىلىۋەتتى، — ھاجىتى بار ئىشچى ـ خىزمەتچى، كادىرلارنى «نومۇسسىز»، «بۇزۇق»، «رەسۋا»، «قارىنىسا» دەپ ھاقارەتلەشكە نېمە ھەددىڭ؟

— ئۇ... ئۇ... باشتىلا مېنى «جىگدە يېلىمى»، «رودۇپاي»، «ئېرىڭدىن دەرھال ئاجرىشىپ، ئۆيىنى بىكار قىل» دېگەن تۇرسا.

— ئۇنىڭغا كىم گۇۋاھ؟ گۇۋاھچىڭ بولمىسا ساقچىخانىدا گېپىڭنى ئاقتۇرالامسەن؟ بۇنداق كۆڭلۇمنىڭ ئارامىنى قويماي،

خىزمەت قىلىشىمغا كاشىلا پەيدا قىلساڭ، بۇ ئۆيدىن دەرھال يوقال!

پەخرۇللا خوتۇنىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. خېلىغىچە ئورنىدىن قوزغىلالماي قالغان پەزىلىيە، تام سائىتىنىڭ توققۇزغا داڭ ئۇرغانلىقىدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ خىزمەتكە بىر سائەت كېچىككەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دەرھال ئۆيدىن چىقىشى، ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان تۇراپ ئەيسا نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە خەت بار ئىدى. ئۇ چىرايلىرى سۇرۇن، ھەرىكەتلىرى بىسەرەمجان ھالدا «ھاكىمنىڭ خېتى ئىدى» دەپ قولىدىكى خەتنى كۆرسەتتى. پەزىلىيەمۇ بوش ئاۋازدا «كىرىڭ، ئۆيدە بار» دەپ قويۇپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى.

— ئۇھ، ئەجەب تۇيۇقسىز چىقىپ قالدا، — تۇراپ ئەيسا قولىدىكى خەتكە قاراپ غەلىتىلا كۈلدى، — سەنلا بولساڭ، پەخرۇللا كەلگۈندىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىنمۇ قورقمايمىز....

ئۇمۇ كەينىگە قايرىلىپلا قورۇدىن چىقىشىغا، پەزىلىيە باغ ئىچىدە بېشىنى سېلىپ غەمكىن كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنى يول بويى كۆڭۈلسىز ئوي ـ خىياللار چىرمىۋالدى. ئەجەب ـ ھە!؟ ئادەم ئۆزگەرسە، بۇنداقمۇ تېز ئۆزگەرگەن بارمۇ؟ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، ئۆمۈر مەنزىلىدە گۈزەل ئەستىلىك ۋە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، ھالال جۈپتى ھەمراھ بولۇشقان، جاپا ـ ھالاۋەتتىمۇ بىرگە ئۆتكەن، باشقىلارنى ھەۋەس ۋە ھەسەتتە قالدۇرغان بۇ ئاشىق ـ مەشۇق ئەر ـ خوتۇنلار بىردىنلا قىنىقماس دۈشمەنلەرگە ئۆزگەردى. پەخرۇللا بالىلىرى، ئېرى، ئائىلىسى ئۈچۈن بارلىقىنى، ياشلىقىنى ئاتىغان، نۇرغۇن پۇرسەتلەردىن ۋاز كەچكەن پىداكار ئايالىنى دەھشەتلىك ھاقارەتلەپ غالجىرغا ئايلاندى. ئۇ تېخى گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەليارلارغا پەزىلىيەدىن قاتتىق ئاغرىنغانلىقىنى، كۆڭلىدە مەڭگۈ

ئېرىمەس مۇز پەيدا بولغانلىقىنى دادلاپ بېرىپتۇ. چىمەنگە ھاكىم بولۇپ ماڭىدىغان چاغدىكى ھەقىقىي ئەھۋال زادى قانداق ئىدى؟ بۇ پەخرۇللاغا بەش قولدەك ئايان! ئۇ باش ھاكىم بولۇپ، خۇشامەتچى، قىزىلكۆز، بۇزۇق خوتۇنلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، يەرگە دەسسەيمۇ ــ دەسسىمەيمۇ دەپ ئۆزىنى بىلمەي قالغاندا كۆڭلىدە مۇز پەيدا بوپتۇما؟ ھەممە يەردە پېتىقلىنىپ كەتكەن پاتقاقتا پېتىپ قېلىپ ئۆزىنى تارتالمىغاندا، يوق يەردىن تۆك ئۇندۇرۇپ، پەزلىيەگە بوھتان چاپلاپ ھاقارەتلىسە بۇ ئادىللىقمۇ؟ سېسىق نامى پۇر كەتكەن ھېلىقى خوتۇننىڭ يالغان ــ ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، پەزىلىيەنى «يوقال بۇ ئۆيدىن» دەۋاتقىنىنى قارا!

پەزلىيە ئىدارىگە كىرىپ، توپلىشىپ قالغان كادىرلار بىلەن ھويلىدىكى قارلارنى سۈپۈرۈپ، باغ ۋە گۈل تەكچىلىرى ئىچىگە دۆۋىلىدى. ئىش ــ ئەمگەك، مەشغۇلاتنىڭ خاسىيىتى ئۇلۇغ بولامدۇ ــ نېمە، پەزلىيە پەخرۇللا، ئاقىنىسالارنىڭ زەھەردىن ئاچچىق، ھېگىدىن سېسىق تىل ــ ئاھانەتلىرىنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنۇتتى، ئۇ ئەمدىلا ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، كاتىپ قىز ئاغزى ئېچىلغان كونۋېرتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

ــ بوستاندا 10 كۈنلۈك ئارخىپ يىغىنى باركەن، ئەتە ياكى ئۆگۈنلەتىن ماڭىسىڭىز ئۆلگۈرىسىز، ــ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

پەزلىيەنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يىغىلىپ قالغان ئىشلارنى بېجىرگەچ، تۇرۇپلا ئېگەك يۆلەپ خىيال قىلغاچ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۆيگە زادىلا قايتقۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، چۈشتە دوستى ئاينۇرنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇنىڭ يولدىشى توپتېرەك يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، بىر قىز، بىر ئوغلى ئوقۇتقۇچى ئىدى. كىچىك ئوغلى مەركىزىي مىللەتلەر

ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتى. شۇڭا ئېرى يېنىدىن قايتىپ كەلمىگۈچە ئۇ يەككە ـ يېگانە، ھېلىم دىۋانىدەك يالغۇز ياشايتتى. پەزلىيە ئۈچىنچى قەۋەتتىكى 108 كۋادرات مېترلىق چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئۆيگە قەدەم ئالغاندا، ئاينۇر ئۇنى تىللاپ قارشى ئالدى:

— ۋىيەي، ما سارائىنىڭ ئوبدانلىقىنى، گۈشنىڭنىڭ مەززىلىك ھىدى بۇرنىڭغا پۇرىغان ئوخشىمامدۇ؟ قېنى دىۋانغا كەل، يالغۇز قانداقمۇ كېلىمدىن ئۆتەر، دەپ غەم قىلىۋاتاتتىم، مانا ئەمدى سېنىڭدىن قىزغىنىپ بولسىمۇ يەيمەن.

— مۇشۇ تاياقتەك تۇز مىجەزىڭنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدىڭ، — دېدى پەزلىيە ھارغىنلىق يەتكەندەك مەيۇس ئاۋازدا، — مۇشۇنداق گەپلىرىڭنى باشقىلار ئاڭلىسا كۆڭلىگە كېلىدۇ جۇمۇ.

— سېنى كۆرسەملا ئاغزىم ئېچىلىدۇ، باشقىلارنى كۆرسەم كۆزۈم يۇمۇلىدۇ. قېنى چاي ئىچ، سېمىز گۆشتە گۆشنان قىلدىم. بىزنىڭ كىملداخۇتنى يېزىدا باقىدىغان چوكانلار جىق.

— تولا ئالىجوقا سۆزلىمىگىنە، كېۋىر ئەخمەت ئۇنداق ئەرلەردىن ئەمەس.

— ھەي بولسۇن، بولمىسۇن نېمە كارىم. بىركېچە بولسىمۇ يوتقان ئىچىدە ئايقىن ـ سايقىن ئازادە يېتىۋالغانغا نېمە يېتىدۇ، — ئاينۇر قولىدىكى چەينەكنى قويىۋېتىپ، پوسۇقىدە كۈلۈپ قويدى، — ئەر كىشى دېگەن شەيتان، ھېلى ئۇ يېرىڭنى مۇجۇقدىغان، ھېلى بۇ يېرىڭنى تۇتقان، سىلىمىغان ئالىقانىدەك يەرمۇ قالمايدۇ...

ئىككى دوست تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ۋۇي بېشىڭنى يەيدىغان جاۋىلداق، ئاغزى ئەسكى، — پەزلىيەنىڭ يۈرىكىنى قاماللىۋالغان ئىسكەنجىلەر نەگىدۇر يوقالغانىدى، — قاچانلا كەلسەم يوتقان، ئىشتان ئىچىدىنلا گەپ قىلىسەن، ھەي سېنىڭ نەرىڭ ئوقۇتقۇچىغا، مۇدىرغا ئوخشايدۇ،

دەپ باقە.

— ھەي سەنمۇ ئويلاپ كۆرگىن، ئايىغىدا قورت ئۆلمەيدىغان ياۋاش، موللا پوك ـ پوك ئەر كىشىمۇ خوتۇن كىشىنىڭ يالاڭ بىر يېرىنى كۆرۈپ قالسا، بىر كۆزى مەغرىپتە، بىر كۆزى مەشرىقتە، ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىدۇ، — ئۇلار قايتىدىنلا يەنە كۈلۈشۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىققىچە كەتتى، — شۇنداق تۇرسا نېمە قىلىدۇ ئەركىشىنى قورۇپ، كۈنلەپ، ئارقىسىدىن تىڭ تىڭلاپ، ھوشۇراخۇننىڭ ماغدۇرى بولسا، قەنتىنى چاقسۇن!

— ھا...ھا...ھا...ھا...ھا...

پەزلىيە كۈلۈپ گىلەمگە يىقىلدى، ئاينۇر بولسا ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ، خىرقىراپ كۈلمەكتە ئىدى.

— ۋاي شورۇڭ قۇرۇغۇر، ئاغزىڭ مايماق كەتكۇر، — پەزلىيە كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتتى، — سېنىڭ دېمەيدىغان گېپىڭ، چالمايدىغان دېپىڭ يوق.

— ھەي، راست ئەمەسمۇ، ئەر كىشى دېگەن ئۆيدە بىرنىڭ، تالادا مىڭنىڭ دېگەن گەپ بار. ۋىيەي جېنىم، ئالغىنە، يېگەچ پاراڭلىشايلى، ھەتتا بەزى خوتۇنلار شامالدىنمۇ كۈنلەيدۇ دېگىنە.

— ماڭغىنە نېرى، گەپلا بولسا قىلىدىكەنسەن.

— ئىشەنمەمسەن، قارا ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا ئەرلەر كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىدۇ، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق !

— بىر خوتۇن شامال گۇر ... گۇر... گۇر چىقسىلا «ۋاي خۇدايىم، ئېرىمنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى» دەپ تولا ئويلاپ، تېرىكىپ ئاخىر ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخانغا ئايلىنىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ دېسە!

— ھا... ھا... ھا... — پەزلىيە كۈلۈپ تېلىقىپ، قورسىقىنى بېسىۋالدى، — ھەي جۇۋاينىمەك بولدى قىل، كۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرەي دەمسەن؟

مانا بۇ ئوقۇتقۇچى! ئاينۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن مۇئەللىم بولغاچقا 30 نەچچە يىللىق ھاياتى بور تۇزانلىرى ئىچىدە ئۆتتى. نەچچە ئون مىڭلىغان غۇبارسىز دىللارغا چىراغ ياقتى. ئۇ پەزلىيە توغرۇلۇق سىرتتىن ھەم ئۆزىدىن ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى ئاڭلاپ كەتتى. دوستىنىڭ پەخرۇللا بىلەن بولغان دوستلۇق، مۇھەببەت، بۇرچ جەريانلىرى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بىراق، تىللاردا داستان بولغۇدەك ھاياتقا بالدۇرلا ئۇششۇك چۈشۈشى، ئاينۇرنى ئېچىندۇردى. نېمە چارە، چېچەكنىڭ تۇزۇغۇسى كەلسە، تۇزۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ! بايا پەزلىيە كىرگەندىلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق، كۆزلىرىدىكى ئۈمىدسىزلىك، ھەرىكەتلىرىدىكى ئېغىرلىقنى كۆرۈپ، ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش ياماشتى. شۇنداق ئىكەن ئۇنى يەنە يىغلىتىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟... «ۋاي، ئاق بوپسەن، كۆك بوپسەن» دەپ، جاراھىتىگە تۇز سەپكەن ياخشى ئىشمۇ، شۇڭا، ئۇ گەپنى ئېرىدىن باشلاپ، ئەر - خوتۇنچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىل مۇناسىۋەتلەرنى يۇمۇرلاشتۇرۇپ، سەت بولىدۇ دېمەي، ئوبرازلاشتۇرۇپ دوستىنىڭ دەردلىرىنى بىر دەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇردى. ھەتتا قانغۇچە كۈلدۈردى! مانا بۇ ئادەم ئىنژېنېرى دەپ ئاتالغان ئوقۇتقۇچىنىڭ بىپايان دېڭىزدەك كۆڭلى! سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار ۋە ئاينى باغرىغا سىڭدۈرگەن كۆك ئاسماندەك خىسلىتى!

ئاينۇر پەخرۇللا بىلەن ئاقنىسانىڭ يولسىزلىقلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى، ئۆرتەندى ھەم دوستىغا مەدەت، ئىلھام بولىدىغان مەسلىھەتلەرنى بەردى.

— ھەي قارا، دىلەيسەم ئىككىمىز مۇنداق ئويلاشتۇق، بىر كۈنى ئاقنىسا دېگەن بۇزۇقنى ئالداپ ئەچىقىپ، بەش - ئالتىمىز راسا تىللاپ، ئۆچۈڭنى ئېلىپ بەرسەك قانداق؟

— ئۆچ ئېلىش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. بۇ ئۇسۇل

قوپال ۋە ئىلىمسىزلىك. باشقىلار ئاڭلىسىمۇ ئەيىبلەيدۇ، — دېدى پەزلىيە ئۇھسىنىپ، — ھەتتا بازاردىكى ئاقنىساغا ئۆچ ئادەملەر «تازا كېلىشتۇرۇپ ئۇرۇپ بېرەيلى» دېيىشتى، ئۇلارنىمۇ توستۇم.

— سەن ئۇلارغا يول قويغىنىڭ بىلەن ئۇلار ساڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلمىسا... — ئاينۇرنىڭ بايىقى كۆلكە يۇقى كۆزلىرىگە غەزەپ ئالماشقانىدى، — ئەمىسە قولۇڭدا پاكىتىڭ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىغا ئەرز قىل، بىزدىمۇ ئىسپات يېتەرلىك بار. ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بىر تونۇتۇپ قويايلى.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، ئۇنداق ساپاسىز، ئىلىمسىز رەسۋالار بىلەن ياقىلىشىشنى خالىمايمەن. كىمنىڭ قىزىكەن دېسە «راخمانوف پولكوۋنىكنىڭ» دېسە، بۇ نېمە سەتچىلىك، دادامنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈرگەن بولمامدىم.

— ئەمىسە، بىر مەزگىل يىراقراق يەرلەرگە بېرىپ ئارام ئېلىپ كەل، — دېدى ئاينۇر دوستىنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ، — مەن سېنىڭ سالامەتلىكىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئەته بوستانغا يىغىنغا ماڭىمەن. يىغىندىن كېيىن بىر ئاي دەم ئالاي دەيمەن.

— ئەمىسە ياخشىغۇ، ئۇزاقراق تۇرۇپ كەل، ئىچىڭدىكى دەرد، ئاچچىقلىرىڭ ئۇنتۇلسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— بۇگۈن كەچ پەخرۇللا بىلەن بىر سۆھبەتلىشىپ باقاي دەيمەن.

— ئوبدان ئويلاپسەن، ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلايدىغان، يېلىنىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما، ئۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋېتىسەن، — ئاينۇرنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — پەقەت ھاكىمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، كىشىلەر ئاغزىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر، كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپ دېگەندەك كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلە، ئەگەر شۇنىڭدىمۇ تاش

چىشلەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ ئاقىنىسادىن ئىبارەت پاتقاقتا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

كەچ گۇگۇم چۇشۇش بىلەن سوغۇق ئۆزىنى كۆرسىتىپ، بۇرۇن، قۇلاقلارنى ھەرىدەك چاققىلى تۇردى. يۇزلىرى قىزىرىپ كەتكەن پەزلىيە تىۋىتشال رومالىنى ئوراپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئىشخانا دېرىزىسىدىن كىرگەن - چىققانغا سەپسىلىپ ئولتۇرغان تۇراپ ئەيسا ئۇنى كۆرۈپ، كۆزلىرى غەلىتىلا قىسىلدى ۋە ئاچچىققىنە كۈلۈمسىرەپ، تارتمىدىكى خەتنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇ باغ ئىچىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋاتقان گىرىمسەن سىيماغا قاراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بايىراقتا پەخرۇللانىڭ ئىشتىن چۇشۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرگەچكىمۇ، ئىچىدە: «ئەمدى ئىت، مۇشۇك ئويۇنى باشلىنىدۇ...» دېدى - دە، چاپىنىنى كىيدى. بۇ چاغدا، پەزلىيە دەرۋازىدىن كىرمەي تۇرۇپلا ئۆي ئىچىدىن كېلىۋاتقان تىلىۋىزورنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندە تۇرۇستا كۆپكۆك تاماكا ئىسى لەيلەپ يۈرەتتى. تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان پەخرۇللا، پەزلىيەگە قاش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە قارشىمۇ روبىرو ئولتۇرغان بولسىمۇ، خۇددى ناتونۇش ئادەملەردەك خىيلىغىچە جىمىپ كېتىشتى. بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىقتىن بىزار بولغان پەزلىيە ئاخىر ئۆزى گەپ تەشتى.

— مەن سىز بىلەن گەپلىشەي دېگەن.

— قۇلىقىم سەندە، گېپىڭنى قىلىۋەر.

پەزىلىيە پەخرۇللانى ئاچچىقلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن كوچا - كويىلاردا تارقىلىپ يۈرگەن سەت گەپلەر توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى. ئەلۋەتتە بىر ھاكىمنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ھۆرمەت - ئىناۋىتى، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى، سۆز - ھەرىكەت،

ئەخلاق ـ پەزىلەتتى سەل قاراشقا بولمايدىغان ئامىللار ئىدى. كىچىككىنە يامان ئىش، سەۋەنلىكتىن، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقاتتى. ناھىيىدىكى نەچچە يۈزمىڭ خەلقنىڭ كۆزى ھاكىمدا ئىكەنلىكىنى ئاددىي ئاۋام چېغىدا بىلىدۇ. بىر ناھىيىنىڭ يۈكىنى، ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى يەلكىسىگە ئالغان رەھبەر جەزمەن خىزمەت ئىستىلى، تۇرمۇش ئىستىلى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە ئىستىلى، شۇنداقلا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشلارغىچە ئىنتايىن سەگەك بولۇشى كېرەك ئىدى.

باياتىن بېرى بولۇنغان گەپلەرنى تىڭشاۋېتىپ كۆرگەچ تاماكىسىنى چېكىپ، ئېرەنسىمىگەن ھالدا ئاڭلاپ ئولتۇرغان پەخرۇللا، «تۇرمۇش ئىستىلى»، «پاك ـ دىيانەت» نىڭ گېپى چىقىشى بىلەن خۇددى ھەرە چېقىۋالغان ئادەمدەك چىچاڭشىپ كەتتى:

— ھە، تۇرمۇش ئىستىلىمدا نېمە ئىش باركەن؟ ئەمدى مەندىن قۇسۇر تاپقىلى تۇردۇڭمۇ؟ مەنچۇ قارا، بۇ جەھەتتە ساغلام، پاكىز ئادەممەن.

— ئۇنداق بولسا كوچا ـ كويلاردا تېرىلىپ يۈرگەن سەت گەپلەرنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىسىز؟ — پەخرۇللانىڭ يۈزسىزلىكىگە ئاچچىقى كەلگەن پەزلىيە، ئۇنىڭ نىقابىنى يىرتىۋەتتى، — ھېلىغۇ ئىداركەن، بازاردىكى كۆكتات، گۆش، يەل ـ يېمىش، ئۇششاق تىجارەتچىلەر رەستىلىرىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن گەپلەرنى ئۇلار ساغرىسىغا ئۇرۇپلا تاپقانمىدۇ؟

— مېنىڭ ھېچقانداق ئايال بىلەن غەيرىي مۇناسىۋىتىم يوق، — پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى، — خەقنىڭ تېپىۋالغان گېپى ئۇ. مېنى كۆرەلمىگەنلەر دۈشمەنلىرىمنىڭ پىتنە ـ ئىغۋاسى.

— ئىلاھىم، شۇنداق بولۇشنى نىيسىپ قىلسۇن، — پەزىلىيە قىلچە سەممىي بولمايۋاتقان ئېرىگە نەپرەت كۆزى بىلەن قارىدى، — تۇرمۇش ئىستىلىدا بۇزۇلغان سابىق ھاكىم ئەمىرىدىن ئىسلام نېمە بولدى؟ خىزمەتلىرىدىن ئايرىلىپ كوچا چىكىدايدىغان داشقالغا ئايلاندى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن پاك ـ دىيانەتلىك بولالمىغان چېن خاۋ ھاكىم قانداق ئاقىۋەتكە قالدى؟ بۇلارنى سىز مەندىن ئوبدان بىلىسىز.

— سەن زادى نېمە دېمەكچى؟ — ھەممە تەرەپتىن توسۇلۇپ قالغان پەخرۇللا بىردىنلا ئۆكتەملىك قىلىشقا باشلىدى، — چىق ئۆيدىن، سېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرىدىغان ھەققىڭ يوق، بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ، سېنىڭ چىشىڭ پاتمايدۇ.

«تۇرمۇش ئىستىلى» ۋە «پاك ـ دىيانەتلىك» دېگەن سۆز يېغىرىغا تەگكەن پەخرۇللا پەزىلىيەنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ، قولىدىن تارتىپ ئىشىك تۈۋىگە سۆرىدى. پەزىلىيە دىۋانغا ئېسىلىپ، تامغا پۇتىنى تىرەپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئەسنادا، كارىدوردا شىپىر ـ شىپىر قىلغان ئاۋاز چىقتى ـ دە، شۇ ھامان يوقاپ كەتتى. ئۇلار جىددىي «جەڭ» ھالىتىدە بولغاچقا، بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ھەپىسىلىسى يوق ئىدى. ئاچچىق ۋە خورلۇقتىن غەزەپكە كەلگەن پەزىلىيە پەخرۇللانى ئىتتىرىۋېتىپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— توغرا، بۇ ئۆيدە بوستاندىن ئەكەلگەن نەرسىلەر ساناقلىقلا. لېكىن ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ، ئەگەر سىز ھاكىم بولمىغان بولسىڭىز بۇ قىممەت باھالىق شۇنچە كۆپ ئۆي جاھازلىرىنى يالغۇز مائاشىڭىزغا تايىنىپ قىلالامتىڭىز؟ بۇلارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى ماڭا ئايانغۇ.

— ئەمىسە مېنى يۇقىرىغا كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىدى، خىيانەت قىلدى، پارا يېدى، دەپ چاقىماسەن؟

— مەن سىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىڭىزنى ئويلاپ، ئۇنداق قىلمىدىم، — پەزىلىيە ئاچچىقىدا سۆس تىترەۋاتاتتى، —

سىزگە كېلىۋاتقان باغلام ـ باغلام نەق پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سوراپ باقتىممۇ؟ تېخى بىر ئاي ئىلگىرى ھېلىقى سودىگەر ئوغلىنى شەھەرگە يۆتكەپ قويغىنىڭىز ئۈچۈن بىر خۇرۇم پەلتودىن باشقا، قولىڭىزغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا خوتەنلىك قۇرۇلۇشچى ھاجىم ئىككى پارچە ئانار گۈللۈك چوڭ گىلەم، ئىككى تاغار ياڭاق، ئۈچ كىيىملىك ئەتلەس، 50 مىڭ سوم ئەكېلىپ بەردى. مەن بۇلارنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەن يېرىم بارمۇ؟

ــ ھە، ماقۇل ئەمدى بىلدىم. سەن ھەممىنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ مېڭىپسەندە، بەلكىم خاتىرىمۇ تۇتقانسەن؟

ــ ماڭا بوھتان قىلماڭ، مەن سىزنى ھازىرغىچە بالىلىرىمنىڭ دادىسى، مېنىڭ ھالال ئېرىم، دەپ يۈز ـ خاتىرىڭىزنى قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ــ پەزىلىيە يىغلىۋەتتى، ــ سادىغاڭ كېتەي پەخرۇللا، ئەمدى ئۇنداق قىلماڭ، مېڭىۋاتقان تۈيۈق يولدىن قايتىڭ....

ــ بىردەم «تۇرمۇش ئىستىلى» دەيسەن، يەنە تېخى پاك ـ دىيانەتتىن سۆز ئاچىسەن، مانا ئەمدى «تۈيۈق يول» دىن قايت دەۋاتىسەن. سەن... سەن... سەن... ــ پەخرۇللانىڭ شىلتىپ تۇرغان قوللىرى تىترەۋاتاتتى، ــ مېنىڭ پوستۇمغا كىرىۋالغان قەبىھ دۈشمەنكەنسەن... ۋۇي ئاناڭنى، يوقال ئىپلاس، سەندەك مۇناپىقنى كۆرەر كۆزۈم يوق. خەقلەر «خوتۇن كىشى دېگەن شېرىن دۈشمەن» دېسە، نېمە دېگىنىكىن دەپتىكەنمەن. بۇ ئەسلىي سەندەكلەرگە قارىتىلغان گەپكەندە. بار، ماڭ، قولۇڭدىن كەلسە سولىتىۋەت!

ــ ئىست، ئىست، سىزگە قىلغان ئەقىدىلىرىم، ئاخىر مەن دۈشمەن ئاتالدىمما؟ ــ پەزىلىيە يۈز ـ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى، ــ ئەمما تاشمۇ چىداپ ـ چىداپ بىر كۈنى

ۋاككىدە يىرىلىدۇ.

— يىرىل، مېنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا يىرىلىپ نەچچە پارچە بولۇپ كەت. يامىنى كەلسە مېنى ھاكىملىقتىن قالدۇرۇۋەت... شۇ چاغدىمۇ ئاقنىسا ئىككىمىز ئاددىي ئەمما كۆڭۈللۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيمىز...

پەخرۇللا ئاخىر راست گېپىنى قىلغانىدى. پەزلىيە ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى...

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## كۆڭۈلسىز ئاقشۆەتلەر

— بولدى يىغلىماڭ، سىز دېگەن ئۇيغۇر ئايالللىرى ئىچىدىن چىققان ئاچىگساۋ ① تۇرسىڭىز، — فاڭ جىرچىڭ پەزىلىيەنىڭ ئالدىغا چاي قۇيۇۋېتىپ تەسەللى بەردى، — كۆڭلىڭىز دەريادەك بولغاچقا، پەخرۇللاتى ئاياپ ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمىدىڭىز، بىراق مەن ھەممىنى بىلىمەن. بوستانغا كەلگىنىڭىزگە قانچىلىك بولدى؟

— ئون يەتتە كۈن بولدىغۇ دەيمەن، ئون كۈن يىغىدىن، يىگىرمە كۈن ئۆزۈمنىڭ دەم ئېلىشى.

— ئەگەر ئالدىڭىزغا ماشىنا ئەۋەتمىگەن بولسام مەن بىلەن كۆرۈشمەيلا كېتەمتىڭىز؟

— ياقەي، فاڭ شۇجى، — پەزىلىيە قىزىرىپ كەتتى، — ئۆزۈممۇ خىزمەتلىرىمدىن دوكلات قىلغاچ كەلمەكچىدىم.

— ئاتامنىڭ ئىشلىرى چىمەندىن ھالقىپ، بوستانغىمۇ تېرىلىپ كەتتى، — دېدى گۇلپىيە يىغلاپ تۇرۇپ، — ئانام «ئىنتىزام تەكشۈرۈش، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېت تەرەپلەرگە ئىلاج بار ئۆتمەيلى، پەخرۇللانىڭ تونۇش - بىلىش، تۇغقانلىرى كۆرۈپ قالسا، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتكە قالىدىغان گەپ» دەپ كېلەلمىگىنى راست. بۇگۈنمۇ مېنى قەستەن ئەگەشتۇرۇۋالدى.

① ئاچىگساۋ — «شاجىاباڭ» دراممىسىدىكى ئايال قەھرىمان.

— سىز ئەجەب پەزىلەتلىك ئايال، — فاڭ جىڭچىڭ ئېغىر تىنىپ قويدى، — ئېرىڭىزنىڭ كۆپ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئۇنى ئاياۋاتىسىز. بوپتۇ، بوپتۇ، مەن سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا تامامەن قوشۇلىمەن.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى فاڭ جىڭچىڭ ئارخىپ يىغىنى ئېچىلغان دەسلەپكى كۈنى جايلاردىن كەلگەن ئارخىپ خىزمىتىنىڭ رەھبەر، كادىرلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، پەزىلىيە بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقمۇ قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە، ئېكسكۇرسىيە، تەسىرات سۆزلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىدى. فاڭ شۇجى چىمەندە، بوستاندا پەخرۇللانىڭ تۇرمۇش ئىستىلىغا ئائىت گەپلەر ئۇيەر، بۇيەرلەردە بولۇنىۋاتقاچقا، پەزىلىيە يىغىندىن كېيىن چوقۇم كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى. بىراق، يىغىن تۈگەپ ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ پەزىلىيە كەلمىدى. شۇڭا، فاڭ جىڭچىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا، ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇنى ئەكەلدۈرگەنىدى. پەزىلىيە ئۆزىنىڭ ئارخىپ خىزمىتى ھەققىدە نەتىجە ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى دوكلات قىلغان بولسىمۇ، ئېرى توغرۇلۇق چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. فاڭ شۇجى ئۆزى كوچىلاپ باققانىدى. پەزىلىيە: «ئىدارە ۋە سىرتتا ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىدىم، مەن ئايالى بولغاچقا، ئائىلە مۇناسىۋىتى بۇزۇلىدۇ، دەپ ئويلامدۇ، ھېچكىم ماڭا پەخرۇللا توغرۇلۇق گەپ قىلمىدى» دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋالدى. فاڭ جىڭچىڭ ئىچىدە: پاھ، ئېرىنى مۇنداقمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاياللار بولىدىكىنا، كۆڭۈلگە تالىق بۇنداق ئىشتا، خوتۇن كىشى، ئائىلىدە بوران كۆتۈرۈۋەتمەمدۇ، دەپ ئويلىدى.

— پەزىلىيە سىزنىڭ چىمەندىكى خىزمىتىڭىزدىن تەشكىل ۋە يۇقىرى رەھبەرلىك ئىنتايىن رازى، — دېدى فاڭ شۇجى مەمۇن بولغان ھالدا، — بولىدۇ، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە

پەخرۇللا تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ باقاي، بولامدۇ؟

— بولىدىلا. فاڭ شۇجى، ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلى پاراكەندە ئۇنىڭ.

— ئۇنداق دەپ سەل قارىساق بولمايدۇ. ئۇ دېگەن پارتىيە ئەزاسى، ئاندىن قالسا بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى. ئۇنىڭغا تەلەپ قاتتىقراق قويۇلۇشى كېرەك.

— فاڭ شۇجى، ئاتام... ئاتام... — گۈلپىيە يىغلىۋەتتى، — يىراق يۇرت، مۇساپىرچىلىقتا بىلىپ - بىلمەي خاتالىق ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ كەچۈرۈۋەتسىڭىز.

— مانا، مانا، «قىز بالا ئاتىسىغا چىدىماس» دېگەن گەپ شۇ دە. بولدى، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز دوستانە گەپلىشىمىز.

فاڭ جىژچىڭ بىلەن بىر ئوبدان كۈلۈپ، ئېچىلىپ خوشلىشىپ چىققان پەزىلىيە، ھويلىغا چىقىپلا يىغلىۋەتتى. ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان گۈلپىيەمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىدى. شۇنداقتىمۇ پارتكوم قورۇسىدا كىرىپ - چىقىپ تۇرغانلار بولغاچقا، ئۇلار كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇشىغا سوتچىلار فورمىسىنى كىيگەن بىر چوكان كۆزلىرى ئويناپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى تىك تۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى. پەزىلىيە ئانچە دىققەت قىلمىغىنى بىلەن گۈلپىيە ئۇنى تونۇپ قالغانىدى.

— ئانا ئۇ... ئۇ... ئاتامنىڭ چوڭ سىڭلىسى ئەمىرنىساغۇ! بىزنى تونۇماسقا سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، خاتا تونۇپ قالغانسەن؟

— نەدىكىنى، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆك پۇرچاقتەك قاپقارا مېڭى مانا مەن دەپ تۇرسا.

— ئۇ بىزنى تونۇمىغاندۇ - ھە؟ بولمىسا كېلىپ كۆرۈشەر ئىدى.

— بۇرۇنلاردا ئۇچرىشىپ قالغانلىرىمىزدا سالاملىشاتتۇق.

ئانچە ـ مۇنچە مۇڭدىشىپمۇ قالاتتۇق. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىققاندىن بېرى يوللاردا كۆرسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا، جەمئىيەتتە تېرىلىپ كەتكەن گەپلەرنى مېنىڭدىن، بىزنىڭ ئائىلىمىزدىن كۆرىدىكەنده.

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

سوت كادىرى ئەمىرنىسانىڭ كۆرۈشمەي ئۆتۈپ كېتىشى، پەزىلىيەنى بېشىدىن بىرقاپاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە راستىنلا بىر قورقۇنچ كىرىۋالغانىدى. ئۇ بوستانغا كەلگەن 17 كۈن جەريانىدا ئۆرۈق ـ تۇغقانلار ئىچىدە غەلىتە ئىشلار يۈز بەردى. پەزىلىيەنىڭ كىچىك سىڭلىسى ئابىدە، ئېرى ئىسھاق بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ، ئۇنى مەجبۇرىي سوت مەھكىمىسىگە ئېلىپ كەلدى، سوتتىكىلەر ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيەنىڭ پاجىئەسى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشى، سىلەر ئايرىم ئائىلە تۇرساڭلار، بۇنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، — دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئابىدە:

— ياق، مۇناسىۋىتى بار، پەزىلىيە ئاچام مېنى كىچىكىمدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۇ بىزنىڭ ئانا يوللۇق ئانىمىز، ئۇنىڭ تىرىنقى كېسىلسە مېنىڭ يۈرىكىم تىلىنىدۇ. ئېرىمنىڭ تاغىسى بولمىش پەخرۇللا ئاچامنى خارلىدى، شۇڭا، ئاجراشقىنىم ئاجراشقان، — دەپ تۇرۇۋالدى. ئىسھاق:

— ئۈچ بالىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىڭ، — دەپ قانچە يېلىنغان بولسىمۇ، ئابىدە باغرىغا تاشنى قويۇپ:

— ھېلىغۇ ئۈچ بالىكەن، ئون بالام بولسىمۇ دادىسىغا يۇدۇتۇپ قويىمەن، — دەپ پەيلىدىن زادىلا يانمىدى. ئۇنىڭ توققۇز ياشلىق، 11 ياشلىق ئىككى قىزى زەينۇرە مومىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئانىسىغا نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈندى.

14 ياشلىق ئوغلى بولسا «ئاناڭنى، ھەممىنى قىلغان پەخرۇللا دېگەن قېرى بۇزۇق. خەپ بوستانغا كېلىپ باقسۇن، ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام» دەپ پەيلىنى بۇزۇپ تۇراتتى. بۇ باش ئاغرىقىنى ساقايتالماي تۇرغاندا، پەزلىيەنىڭ ئىنىسى ئەركىن ئايالى گۈلىستاننى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. گۈلىستان شەھەرلىك دوختۇرخانىدا سېستىرالار باشلىقى بولغاچقا، توغراق ناھىيىسىدىكى ئانىسى ھەلىمەخاننىڭ ئۆيىگە كەتمەي، بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، سەككىز ياشلىق قىزى بىلەن ئولتۇرۇۋاتىدۇ. زەينۇرە ئەركىنگە دېمىگەن گېپى قالمىدى. لېكىن ئەركىن:

— پەخرۇللا دېگەن بۇزۇق كاززاپ ئاچامنى ئالىدىغان ۋاقىتتا يەتمىش ئىككى قەسەمنى ئىچىپ، ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ ئالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇن تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان جالاپ ئالدىدا خارلىدى. خارلاشنىڭ نېمىلىكىنى سىڭلىسىمۇ تېتىپ باقسۇن، — دەپ ئىككى قىزىنى يېتىم قىلىش بەدىلىگە گۈلىستاندىن ئاجراشماقچى بولۇۋاتىدۇ.

تۇيۇقسىز ئۇرسا مۇڭگۈزى سىرقىرايدىغان بۇ قايچا قۇدىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوزغىلىپ، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىپ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈۋەتتى. پەرۋىنە، گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەلىيارلار پەزلىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئەركىننىڭ دېپىنى چالسا، پەخرىنىسا، ئەمىرنىسالار ئۆز قېرىندىشى پەخرۇللاغا يان تاياق بولۇپ، ئىسھاقنىڭ كەتمىنىنى چاپماقتا ئىدى. قىسقىسى، پەخرۇللا بىلەن پەزلىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ئېلىشىش، يىراق - يېقىندىكى ھەممە تۇغقانلارنى ئارازلاشتۇرۇۋەتتى.

زەينۇرە ئانا گەرچە پەزلىيە، پەرۋىنەلەرگە ئۆگەي بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا ئانا بولۇپ كەلگەچكە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئانىسىدەك پەپىلەپ ياخشى باققاچقىمۇ، ئۇرۇق -

تۇغقان، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۇلۇغلايتتى. تەرك ھۆرمەت بولىدىغان گەپ - سۆز، ھەرىكەتلەرنى قىلمايتتى. بۇ قېتىمقى چىققان تېتىقسىز بۇ غوۋغا، زەينۇرە ئانىنى بەكمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. بىر ئۇبدان بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ، كېسەل بولسا يوقلىشىپ، ھېيت - ئايەملەردە بارمۇسەن - يوقمۇسەن دېيىشىپ، شۇنچە ئىناق ئۆتۈۋاتقان تۇغقانلارنىڭ پەخرۇللا ۋە پەزىلىيە سەۋەبلىك، باھاردىكى چېچەكتەك توزۇپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئېسىگە كەلسىلا ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالىدىغان زەينۇرە بىر كۈنى ئوغلى ئەركىننى چاقىرىپ:

— ماشىناڭنى ئېلىپ كەل، بىرەر كۈن خىزمەتكە بارمىغانغا ئىدارەڭنىڭ ئىشى توختاپ قالماس، — دەپ ئۇدۇل توغراق ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ھېلىمىخان ئانىغا ھەممە ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلەپ ئۇنى بوستانغا ئېلىپ كەلدى. ئىككى ئانا مەسلىھەتلىشىپ، راخمانوف پولكوۋنىكنىڭ روھىغا ئاتاپ چوڭ نەزىر ئۆتكۈزدى. يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىردى. نەزىردىن كېيىن راخمانوفنىڭ ئاغىنىسى ئابلىز، كۈيئوغلى ئىكرام، ئەركىننىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىدىن ئەزىمجان يارئەلى، سىدىق مەمەت، ئەخمەتجان قاتارلىقلار ھەم پەخرۇللانىڭ ئاچىسى پەخرىنسا، چوڭ سىڭلىسى ئەمىرنىسالارنى ئېلىپ قالدى. ھەلىمىخان ئانا پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇش جەريانىنى قىسقىلا سۆزلىدى. ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆز ئوغلىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ھەم ئۇنى «ھايۋان» دەپ تىللىدى. شۇنداقلا تۇغقانلار ئىچىدىكى بەزى ياشلارنىڭ ئاشۇ ھايۋاندىن نەپرەتلەنمەي، يىرگەنمەي، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئۆزىمۇ ھايۋان بولۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن تۇغقانلار ئىچىدىكى ياشلىرىمىزنى ئاگاھلىق،

بىلىملىك، ھەممىسى ئوقۇغان، دۇرۇس بالىلار دەپ پەخىرلىنەتتىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىككى ئەر ـ خوتۇننىڭ جېدىلىنى پۈتۈن تۇغقانلارغا چېتىشىپ، ئايرىمچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. سىلەر «ئىسھاق بىلەن گۈلىستاننى تاشلىدىغان ئوخشايدۇ»دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مېنىڭ ئۇنداق ئېتىبارسىز، كوچىدا قالغان بالىلىرىم يوق، — ھەلىمخان ئانا چوڭ نەۋرىسىگە قايرىلدى، — ئىسھاق بالام، ساڭا گەپ قىلسام گېپىمنى ئىلىك ئالامسەن؟

— موما، ئۆزلىرى مېنىڭ تاۋابگاھىم، بۇزرۇكۋارىم! مېنىڭدىن جېنىمنى تەلەپ قىلسىلىمۇ، ھېچ ئىككىلەنمەي بېرىمەن.

تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئابىدە كۆزلىرىنى نەگە ئېلىپ قېچىشىنى بىلەلمەي، سۈس تىترەۋاتاتتى.

— ياخشى، ئۇنداقتا ئابىدەنىڭ تەلىپىنى قاندۇر!

— ئۆزلىرى يول كۆرسەتسىلە، مەن شۇ بويىچە قىلاي!

— ھۆكۈمەتنىڭ ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتكەندە، دەۋاگەر بىر شەرتكە چوقۇم قوشۇلۇشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ئۈچ بالىنى مەن توغراقتا ئېلىپ كېتىپ ئوقۇتىمەن.

— موما، بۇنىڭغا ئابىدە قوشۇلماسمىكىن.

— ھەددى ئەمەس ! چۈنكى ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى. تۆشۈك مونچاق يەردە تۇرمىغاندەك، ئايال كىشى ھامان ئەرگە تېگىدۇ. مەن چەۋرىلىرىمنىڭ ئۆگەي ئاتا قولىدا خارلىنىشىنى خالىمايمەن. ئۇمۇ يات ئەرنىڭ ئالدىغا ئۈچ بالىنى سوغۇق زەللىدەك ئاپىرالمايدۇ...

— موما، تەلەپلىرى شۇمىدى؟

— ياق ! ئەمدى تەلىپىمنى ئاڭلا. ھازىر مېنىڭ ئالدىمدا خۇدا يولىدىكى نىكاھ ـ پاتىھەنى دەرھال ئۈزۈپ، ئابىدەنى تالاق

قىل!

— ما... ماقۇل موما!

— توختا، — ئىكرام قولىنى كۆتۈردى، ئاندىن مومايغا تىكىلدى، — ھەلىمىخان ئانا، بىر قېتىم ئابىدەنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسىلىرى، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ ياشلىق قىپتۇ....

— راست گەپنى قىلىڭە، — ئەزىمجان يارئەلى ئابىدەگە قوپاللا تەگدى، — ئىسھاقتىن زادى ئاجراشقۇڭىز بارمۇ ياكى ئاچچىقىڭىزدا دېگەن گەپمۇ؟...

— گەپ قىلىڭە؟ — ئۇلتۇرغانلار بىردەك تۇۋلاشتى، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئابىدە يۈزىنى قاماللاپ يىغلىۋەتتى:

— مەن... مەن... مېنىڭ ئاجراشقۇم يوق !

مېھمانخانىدا پەۋەس ئولتۇرغانلار يېنىككىنە تىن ئېلىپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەمما چىرايى بىردىنلا ئاقىرىپ كەتكەن ئەركىن ئەمدى نۆۋەت ئۆزىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۇ: «ئەمدى سەن مۇشۇ كۆپچىلىك ئالدىدا گۈلىستاننى تالاق قىل...» دەپ قالسا، «ئۆلگىنىم شۇ» دەپ ئويلىغاندى بولغاي، سەككىز ياشلىق قىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان گۈلىستاننىڭ قېشىغا كېلىپ، خوتۇنىغا نېمىدۇر دېدى. گۈلىستان قاپىقىنى تۈرۈپ تەتۈر قارىۋالغاندى، ئۇ ئاستاغىنە تۈرتۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى، گۈلىستان پۈسۈققىدە كۈلۈۋەتتى.

— ئۇلۇغ ئانا، — دېدى ئەركىن قىزارغان پېتى، — بىز گۈلىستان ئىككىمىز ئوينىشىپ،... راست ھە؟! — گۈلىستاننىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئەركىن خوتۇنىنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ قويدى، — بىزدە باشقا ئىش يوق، گۈلىستاننى مەن ئاخشاملا ئەكېلىۋالغان.

ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— ھەي قاملاشمىغان، — دېدى ئەزىمجان يارئەلى قولىنى

شىلتىپ، — ئاشۇنداقمۇ تېتىقسىز ئوينىشىش بارمۇ؟
— ئەزىمجان ئۇقمايدىكەنسەن، — سىدىق مەمەت چاقچاققا كۆز چىقاردى، — بەك ئامراقلىقى كېيىپكەتسە، ئەشۇنداق بىمەسەل ئوينىشىدىغان لاۋزا بۇ.

ئولتۇرغانلار ئۆزىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك كۇلۇپ كېتىشتى.

— ئەركىن بۇنىڭدىن كېيىن رەگەتكىنى تەتۇر تۇتۇپ ئاتما، — دېدى ئەخمەتجان، — بولمىسا تاش بوگۇنكىدەك ئۆزۈڭنىڭ قاڭشىرىڭنى ياردۇ، — كۇلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

.... ئىسھاق ۋە ئابىدە، ئەركىن بىلەن گۇلىستانلارنىڭ بىر مەزگىل كۆتۈرگەن پوپاڭلىرىنى بەزىدە كۇلۇپ، يەنە بەزىدە ئېچىنىپ ئەسكە ئالغان پەزلىيە ھەم گۇلپىيە بىردەم جىمىپ قېلىشتى. ھەلىمخان ئانىنىڭ نۇرانە چېھرىنى، سالاپەتلىك سىيماسىنى، ئىستېدات بابىدا يېتىلگەن كامالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرگەن گۇلپىيە: مومام جەننەتتىن چىققان پەرىشتىدەك ئايالكەن، دەپ ئويلىدى. ئانىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مومىسى بىر چاغلاردا ئوقۇتقۇچىمۇ بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىرەر ئىشقا نىسبەتەن مەنتىقە خۇلاسە چىقىرىشقا، پەلسەپىلىك پىكىر بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىرلىقى، بۇ قېتىمقى ئىككى جۇپ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز كۇچىنى كۆرسەتتى.

— ئانا، مومامنىڭ ئەسلىي تېگى نەلىك؟ — سورىدى گۇلپىيە قىزىقسىنىپ، — كىچىك ۋاقلىرىمدا مومام تۇرپاننىڭ گەپلىرىنى تولا قىلىدىغان.

— توغرا، موماڭ ئەسلىي تۇرپانلىق، ئۇ سېنى بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلغاچقا، سەن داداڭنى «ئاتا» دەپ تىلىڭ چىققان.

— ئۇنداقتا، ئەزھەر بىلەن ئەليارلار دادا دېيىشىدۇغۇ؟

— ئۇلارنى داداڭ ئىككىمىز باققاچقا، مەشەنىڭ يەرلىك تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ. سەن بولساڭ «ئاتا»، «ئاتاۋوي»، «ئاتوي» دەپ

ئاتايسەن.

— ئانا، موماڭغا قارىغانسېرى، ئۇنىڭ چېھرىدىن نۇر چاقنايدۇ. لېكىن يەنە بىر يەرلىرى سورلۇك ـ ھە؟

— ھېچكىمگە ئېيتما، ساڭا بىر مەخپىيەتلىكنى دەپ بېرەي.

— نېمە، مومام توغرۇلۇقما؟

— شۇنداق، — پەزلىيە دېرىزىدىن ئولتۇرۇۋاتقان قىپقىزىل قۇياشقا قارىدى، — موماڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى قۇندۇزئاي!

— ۋاي جېنىم، نېمانداق ھەيۋەتلىك.

— ئۇنىڭ ئانىسى گۈلئەنبەر بەكمۇ ئوقۇمۇشلۇق ھەم تەسۋىرلىگۈسىز چىرايلىق مەزلۇمكەن. دادىسى نادىرخان ئەلى بولسا ئىنتايىن باي سودىگەركەن.

— ئەمىسە، مومام قانداق بولۇپ توغراققا كېلىپ قاپتۇكەن؟

پەزلىيە كېچىلىرى پەخرۇللا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايەتلىرىنى يادىدا قالغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى. گۈلپىيەنىڭ كۆز ئالدىدا قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قارا چوقۇر نۇرۇمبەگ، ئۇنىڭ گۈلئەنبەرنى ئالداپ ئاپىرىپ، شاھنىياز قازىنىڭ چارۋاغ ھۇزۇرىدا ئاياغ ـ ئاستى قىلغانلىقى، نادىرخان ئەلىنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئايغاقچىسى دەپ تۇتماقچى بولغانلىقى، ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قۇندۇزئاينىڭ نۇرۇمبەگ بىلەن يوتقان ئىچىگە كىرىشى، ئۇ ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ قارنىغا پىچاق ئۇرغانلىقىدىن ئىبارەت كۆرۈنۈشلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

— پاھ، ئاجايىپ جاسارەت، قورقماس يۈرەك، تەمكىن ئەقىل ـ پاراسەت، — گۈلپىيە ھاياجانلانغانىدى، — ھەلىمىخان مومام پەخىرلەنگۈدەك پەرىشتە سۈپەت ئايالكەن.

شۇ كۈنى گۈلپىيە، ئەختەم كەم سۆزگە تېلېفون بېرىۋېتىپ،

ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە پەزلىيە، گۈلپىيە، ئەزھەر، ئۇنىڭ ئايالى ئارزۇگۈللەر ئەتىگەنلىك ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئەزھەر بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقچى كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

— بالام، نېمانچە ئالدىرايسەن، ئاچاڭ گۈلپىيەنى ماشىناڭدا ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئىدارەڭگە كەتسەڭمۇ بولىدۇ - غۇ؟

— بەك ئالدىرايمەن، ئانا، ئاچام كوچا ئاپتوبۇسىدا كەتسۇن، بىرەر قېتىمغا قورسىقىدىكى بالىسى خاپا بولۇپ قالماس.

— ھەي يۈزى قېلىن، شۇنچە ئالدىراپ نېمە كەپتۇ.

— بۈگۈن ساقچىلارغا چوڭ ئورۇنلاشتۇرۇش بار، — دېدى ئەزھەر يان قورال ئېسىلغان تاسما بەلۋاغنى بېلىگە باغلاۋېتىپ، — ئەتە ۋىلايەتتە تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلىدۇ. قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيمىز. بەلكى، دادامۇ كېچىدىن كېلىپ بولغاندۇ.

ئەزھەر توغرا پەرەز قىلغانىدى. پەخرۇللا كېچىدىن كېلىپ، ئۇقتۇرۇشتا كۆرسىتىلگەن «ئاق قۇ» چوڭ مېھمانخانىسىغا چۈشتى. ئۇ ئەتىگەندە تۇرۇپ يۇيۇنغاندىن كېيىن، پاكىز كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ئاندىن پەستىكى ئاشخانىدا ناشتا قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «فاڭ شۇجىغا مەن توغرۇلۇق يەنە چېقىم كەلگەنمىدۇ؟» دەيدىغان بىرخىل قورقۇنچ، ئەندىشە بولغاچقا، گېلىدىن تۇزۇك بىر نېمە ئۆتمىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ مېھمانخانىنىڭ ئېگىز پەلەمپىيى ئۈستىدە تۇرۇپ، دۈغ سۇدەك غۇۋۋا ئاقىرىپ تۇرغان قېۋۇرال ئاسمىنىغاقارىدى. نۇرسىز ۋە ھارارەتسىز دۇپدۇگىلەك قۇياش گوياكى تۆكۈلۈپ كەتكەن شام ئېرىتمىسىدەك يالتىراپ تۇراتتى. پەخرۇللا بۇرۇنلاردا كاماندىروپكىدىن ياكى بىرەر سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ھامان ئۆيىگە ئالدىرايتتى. بىرنەچچە كۈن سىرتقا چىقماي، كۆڭلىرىنى پەزلىيە بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھازىر بولسا نەگە بېرىپ، نەدە

تۇرۇشنى بىلمەي، ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالدى. بىر كۈن دېگەنمۇ ئىش ـ ۋەجى بار ئادەم ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت تە! پەزلىيە ئاقتامدىن يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن پەخرۇللا ئۆيگە بېرىشقا ھەرگىز بولمايتتى. قەدىناس دوستى ئىسكىرامچۇ؟ ئۇ... ئۇ ئۆيگىمۇ بارغىلى بولمىغۇدەك. كىم خۇشتار ئۇنىڭ سىپىق گەپلىرىگە! توغرا، ئايال كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئاقنىسانى ئېلىپ، بىرەر باغچە، ئورماندا ئويناپ كەلسىمۇ بولىدۇغۇ، بۇمۇ قاملاشمايدىكەن. قىش ـ زىمىستاندا باغچە، ئورمانغا بېرىپ ئويناش خۇددى ئالتىنچى ئاي تومۇزدا جۇۋا كىيىۋالغاندەك، جاڭ ـ جاڭ سوغۇقتا تولۇق تاۋۇز يېگەندەك راسا بىپەيزى ئىش بولغۇدەك، يەنە كېلىپ بىرەر كىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا، چېقىمچىلارنىڭ چىپى چىچەكلەپ كېتەر... بولدى بەس، ھازىرچە «غىت» قىسمىسا، پوقىنىڭ پۆپۈكىنى بۇزۇپ قويىدىغان ئوخشايدۇ. توغرا، ھەرقانچە قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەندىشىلەر يۇراپ تۇرسىمۇ، فاڭ جۈچىڭ بىلەن بىر كۆرۈشمەي بولمايدۇ. كونىلار: «خۇدۇكى بارنىڭ، مۇدۇكى بار» دەپ ئېيتقاندەك، پەخرۇللا فاڭ جۈچىڭنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پارتكومغا قاراپ پىيادە يۈرۈپ كەتتى.

ئىسلاھاتتىن كېيىنكى بوستان شۇنچىلىك تېز تەرەققىي قىلماقتا ئىدى. شەھەر ئىچىگە سېلىنغان ۋە سېلىنىۋاتقان ھەرخىل زامانىۋى شەكىل، رەڭلىرى ئۆزگىچە ھەيۋەتلىك بىنالار زىچ ھەم ئېگىز بولۇپ تۆت يول بەندەرلىرىدە گۈللۈك، خاتىرە ھەيكەل، ئاجايىپ ـ غارايىپ لايىھىلەنگەن ئەسلىھەلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇن نەچچە قەۋەتلىك بىنالار ئۈستىدىن ئېسىلىپ تۇرغان قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل، ئاق شەلپەرلەردە، خېرىدار چاقىرىش، يېڭى مەھسۇلات خەۋەرلىرى، ئولتۇراق بىنا ئۈچۈرلىرى قاتارلىق ئېلانلار يېزىلغانىدى. بوستاننىڭ بۇنداق تېز يۈكسىلىشى «ئىككىنچى شاڭخەي» دەپ

نام ئېلىشى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىۋاتقان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى قاتارلىق يېنىك سانائەت زاۋۇتلىرىنىڭ بوستاندا كۆپلەپ قۇرۇلۇۋاتقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. پەخرۇللا ئۆز يۇرتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ ۋە جۇڭگوغا تارىلىۋاتقان شان ـ شەرەپلىرىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا فاڭ جىژىچىڭنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇ كىرىپ بولغۇچە فاڭ شۇجى قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كېتەرمۇ، غەزەپلىنىپ ئۈستەلگە مۇشتلاپ كەتسىچۇ، تېخى: «ئىسىت، سېنى پارتىيە شۇنچە زور ئۈمىدلەر بىلەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرگىنى، ئەمدى ئېشەكنى باق» دەپ بىر يولىلا ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقارسىچۇ.... دېگەندەك ئەندىشىدە ئىشىكنى بوشراق چەكتى. شۇنداقتىمۇ فاڭ جىژىچىڭ دەرھال بوسۇغىدا پەيدا بولۇپ ۋارقىراپلا كەتتى:

ــ پاھ، مانا قۇملۇق پالۋىنى، بوران ـ چاپقۇننى توسۇش مۇئەككىلى، كەلكۈن بىلەن ئېلىشقۇچى باتۇر كېپقاپتۇ ئەمەسمۇ، ــ فاڭ جىژىچىڭ پەخرۇللانىڭ مۈرىسىدىن پەپىلەپ دىۋانغا ئولتۇرغۇزدى، ــ ھازىر چىمەننىڭ يوللىرى راۋان بولۇپ كەتكەچكە، بىر كېچىدىلا بوستانغا يېتىپ كېلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇنداقمۇ؟

ــ يول بۇرۇنقىدىن تۆتيۈز كىلومېتىردەك قىسقارغان تۇرسا، ــ پەخرۇللانىڭ بايىقى ئەندىشىلىرى بىردىنلا غايىب بولغانىدى، ــ يېڭى يول پۈتكەندىن بېرى چىمەنگە بېرىپ باقمىدىڭىز ـ ھە؟

ــ قاتناش باشلاش مۇراسىمىدا بارغانچە، ئىككىنچى قېتىم بارالمىدىم. بىرىنچى قول «مەدىكار» نىڭ جاپاسىنى سىزمۇ تېتىۋاتسىزغۇ، ــ فاڭ جىژىچىڭ پەخرۇللاغا تاماكا سۇندى، ــ خىلمۇخىل يىغىنلار، ئېكسكۇرسىيىلەر، يېڭى مەھسۇلات

تورلىرىنى كۆرۈش، باھالاش، شىركەت، مېھمانساراي، رېستورانلارنىڭ ئىش باشلاش، لېنتا كېسىش، ئاددىيسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگىچە قاتنىشىشتەك ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىشلار مېنى سور ـ توقاي قىلىپ قوغلاپ يۈرگەن.

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ راست، بىرىنچى قولنىڭ جاۋابكارلىقى ئېغىر، مەسئۇلىيىتى كۆپ. دۆۋىلىنىپ كەتكەن ماتېرىيال، ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ، قول قويۇشنىڭ ئۆزىلا ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈپ، چارچىتىۋېتىدۇ.

— ھىم، پەخرۇللا، چىمەنگە بارغاندىن كېيىن جان سۆيۈنگۈدەك ئىشلىدىڭىز جۇمۇ، قېنى چاي ئىچىڭ، — فاڭ جژچىڭنىڭ چىرايىدىن كۆڭۈل ياساۋاتقانلىقى كۆرۈنمەيتتى، — ئوتتۇرا تارىم يولى، تەتۈر قاشنى تېزگىنلەش، قاشتېشى كېنى، شېكەر، ھاراق، تاماكا شىركەتلىرىدىكى ئىسلاھات، توپتېرەكتىكى ئۆز قولىڭىز بىلەن بەرپا قىلغان ھاراق، جياڭيۇ زاۋۇتى قاتارلىقلاردىكى نەتىجىلەرنى دېمەيلا قويايلى، سىزنىڭ چىمەن ناھىيىلىك ئون ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۈچىنچى يىغىنىدا بەرگەن خىزمەت دوكلاتىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم. پاھ، پاھ، ئاسان ئەمەس، ئاسان ئەمەس.

— ئەمدى فاڭ شۇجى يېتەرسىزلىك، خاتالىقلارمۇ كۆپ.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى تەگىمەيلى. ئەلۋەتتە ماڭغان پۇتقا توپا يۇقىدۇ. جىم بېكىنىۋېلىپ، ياخشىمۇ بولماي، يامانمۇ بولماي، ھوقۇقنى كورۇك توخۇدەك بېسىپ يېتىۋالغاندىن، ئىشلەپ تۇرۇپ بۇرنى قاناپ كەتسە نېمە ئارمان، — فاڭ شۇجىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، — ئاڭلىسام چىمەن دەرياسى ئىككىنچى دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۈچ گېنېراتورلار گورۇپپىسى تورغا ئۇلىنىپ توك تارقىتىپتۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ھازىر چىمەنىنىڭ توك كەمبەغەللىكى ئاساسەن تۈگىدى.

— قېنى سۆزلەڭ، يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار. ئەتىگۇ بىرىنچى بولۇپ ناھىيىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى سىز قىلىسىز. شۇنداقتىمۇ ئاڭلاشقا جىنىم ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ.

— يېڭىدىن يىگىرمە تۆت مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىككى يۈز ئوتتۇز تۆت يورۇش ئولتۇراق بىناسى،ئون ئىككى مىڭ يۈز كۋادرات مېتىر كۆلەمدە خىزمەت بىناسى سېلىندى.

— بارىكاللا، ياشاپ كېتىڭ، — فاڭ شۇجى تىمزىغا ئورۇپ قويدى، — مائارىپ ساھەسىدە قانداق يېڭىلىقلار بار، پوسكاللىسىنى دەڭا، قالغىنىنى ئەتە دوكلاتىڭىزدىن ئاڭلىۋالىمەن.

— ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

— بۇ... بۇ ئىشىڭىز بەك بەلەن بوپتۇ. ئوقۇتقۇچىلارنى يۆلىمىسەك، قوللىمىساق زادى بولمايدۇ.

— يەنە ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى توقسان توققۇز پىرسەنتكە، تۇراقلىشىش نىسبىتى توقسەن سەككىز پىرسەنتكە، ئوقۇش پۈتكۈزۈش نىسبىتى توقسەن ئالتە پىرسەنتكە يەتتى.

— ھەي توختاڭە، مەن چىمەندە تۇرغان، خۇلاسە قىلغۇچىلار سەل مۇبالىغە قىلىۋەتتىمۇ قانداق؟

— مەن ئۇنداق «غوجى كۆردى» لىك قىلىشقا ئۆچ، — دېدى پەخرۇللا كېسىپلا، — نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇيالمىغان بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇللىرىنى كۆتۈرۈۋېتىشتىن سىرت، دەپتەر، قەلەم، كىتاب ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىگىچە ناھىيە ھۆددىگە ئالدى.

— پۇلنى؟... — فاڭ شۇجى چىمەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ

بۇ ھەقتە دوكلات يېزىپ ئەپكەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى، — بىزغۇ بەرگەندەك قىلمىدۇق.

— شۇنداق، دۆلەتنى تەڭلىككە سالمىدۇق، پەقەت ساياھەتچىلىك كىرىمىدىن بىرمىليون 190 مىڭ يۈەن كىرىم بوپتىكەن، شۇنىڭدىن مائارىپقا ئىشلەتتۇق.

— ياشاپ كېتىڭ پەخرۇللا، — دېدى فاڭ جژچىڭ ھاياجان بىلەن، — بۇلتۇر قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن شەھەر مۇھىتىنى تۈزەشتە ئىلغار ناھىيە بازىرى دېگەن نامغا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزان، قۇلايلىق ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن دەپ شەرەپنامە بەرگەندىلا، سىزگە قايىل بولۇپ قالغانىدىم. يېزا ئىگىلىك تۈرلىرىدىنمۇ بەزى ئىشلارنى قىلدى، دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

— قۇلىقىڭىز بەك ئۇزۇن جۇمۇڭ سىزنىڭ، — دېدى پەخرۇللا چاقچاق قىلىپ، — پارچە، ئۇزۇك، تېرىشقا، سۇغىرىشقا ئەپسىز بولغان بىر يۈز ئون مىڭ مو يەر مەيدانلاشتۇرۇلدى. ئاتمىش ئىككى كىلومېتىر ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. يېزا ـ كەنت، مەيدانلارغا سۇ بۆلگۈچ سېمونت پومپىدىن بىرنى ياسىدۇق.

— ياھ، تىنىم تاپمايدىغان ئادەمدە سىز.

— يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئاشلىق، ياغلىق دان، پاختا، قۇرۇق يەل ـ يېمىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرلىك سانى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش نىسبىتى قاتارلىقلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىنغىنى بويىچە ئەتىكى دوكلاتىمدا ئوتتۇرىغا قويىمەن.

— باشقا ناھىيە ھاكىمى، شۇجىلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدىغان بولدىڭىز ـ دە، خىزمەت دېگەننى مانا مۇشۇنداق قىلىمادۇ، — دېدى فاڭ جژچىڭ كەسكىن تەلەپپۇزدا، —

چىمەندىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچى، كادىر، ئاۋام خەلققىچە، بولۇپمۇ دېھقان ـ چارۋىچىلار، ئوقۇتقۇچىلار سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار!

ماختاش، مەدھىيە، داملاشلارغا كۆمۈلۈپ قالغان پەخرۇللا فاڭ جۇچېڭنىڭ ئىشخانىسىدىن گاراڭلا بولۇپ قايتىپ چىقتى. ئىچىدە بۇ چۈشۈم بولۇپ قالمىغىدى ـ ھە، دەپ پىچىرلايتتى. كاللىسى قۇيقۇرۇق بولۇپ، دەمال ئۆزىنىڭ بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن خوشلاشمىغان مېھماندەك ئۆرە تۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېچ ئاڭقىرالمىدى. دەسسەپ تۇرغان پول تاختىيىدىكى پۈتاق ئىزىغا تىكىلىپلا قالدى. بۇ پۈتاق ئىزى ئۇنى تەبرىكلەۋاتقان ئاقنىسانىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى. پەخرۇللا مەقسەتسىزلا كارىدوردىن بىنا ئىشىكىگىچە قەدىمىنى ساناپ كەلدى ۋە ئۇنۇملۇك ھالدا:

— فاڭ شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن تالا ئىشىكىگىچە يىگىرمە ئىككى قەدەم كېلىدىكەن، — دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ قويدى، راست ئۇ توغرا ھېسابلىغانىدى. تېخى پەخرۇللا پەلەمپەيلەرنى ساناپ، ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى:

— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە... مانا فاڭ شۇجى بىناسىنىڭ پەلەمپىيى يەتتە باسقۇچكەن!

— خۇدايا توۋا، خۇشاللىقمۇ ئادەمنى غەلىتىلا قىلىپ قويىدىكىنا! ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئىلىشىپقۇ قالماس.

پەخرۇللا ئەنە شۇنداق لىڭگىرتاقتاق گەپلەرنى قىلىپ قولىنى شىلتىۋاتقاندا، فاڭ شۇجىمۇ ئىسقا توشۇپ كەتكەن ئىشخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرغىنىچە، ئۆزىگە ـ ئۆزى گەپ قىلىۋاتاتتى:

— ھەي... ئىستېداتلىق، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، يېقىشلىق، ئاۋام سۆيگەن، دېھقان ـ چارۋىچىلار بېشىدا كۆتۈرگەن، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «تۆۋرۆكىمىز...»، «ساخاۋەتچىمىز...»، «ئىشەنچ، ئۈمىدىمىز...» دەپ ئىشەنگەن ياخشى بىر كادىر، بىر خوتۇنىنىڭ قولىدا نابۇت

بولۇپ كېتەرمۇ؟ كۆكۈل دېگەن يۇزى قېلىن، تاۋى نازۇك، جاھىل بىر نېمىكەن، پەخرۇللاغا بىر لېگەندە هاكىم ئاتلىق ئەمەلنى، يەنە بىر لېگەندە ئاقنىسا دېگەن سەتەڭنى سېلىپ تەڭلىسە، ئۇ ئىككىلەنمەي ئىككىنچى لېگەنگە قول ئۇزىتىشى تۇرغانلا گەپ... ئۇنىڭغا نەسىھەت، تەربىيە، سۆھبەت، تەنبىھ... يەنە بىر نېمىلەر خۇددى تۆگىنىڭ قوڭىغا چالما ئاتقاندەك قېتىغىمۇ ئالمايدۇ. ھەي... خەنزۇ دانىشمەنلىرى: «ئەگەر خەنزۇ ئاياللىرى بولمىغان بولسا، خەنزۇ ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەۋلىيا مۇقامىغا يەتكەن بولار ئىدى...» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەندە!

قاراڭلار، زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىم، بۇ ئىككى رەھبەرگە نېمە بولغاندۇ؟ بىرىغۇ، يەنە بىرىنىڭ قابىلىيەت ۋە ئىستېداتىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلەرگە كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا، ئىستىقبالىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىگە ئېچىنىپ سۆزلەپ قالدى. دەيلۇق، لېكىن يەنە بىرىچۇ، ئۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم دەرۋازىسىدىن چىقا ـ چىقمايلا قوللىرىنى شىلتىپ، ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— ۋۇي، زۇۋانىغا پوق يەيدىغان ئىكرام دېگەن ساراڭ توڭكاي، ئەزەلدىن سەن مېنى كۆرەلمەيتتىڭ. يالغانلاتىن فاڭ شۇجىغا بىر قېتىم، ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە ئىككى قېتىم ئۈستۈمدىن ماتېرىيال كەلدى، دەپ ماڭا قورقاق سېلىۋاتىسىنا، تېيىتىڭنىڭ يامانلىقىدىن سەككىزىنچى كالوندىن نېرى كېتەلمەي، ماي گەدەن، قاسماق چاپان شوپۇرلارغا دەرس ئۆتۈپ، بېنزىن پۇراپ يۈرىسەن! مېنى شۇم ئاغزىڭ بىلەن قانچىلىك غەم ـ قايغۇلارغا سالمىدىڭ! خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر! ئاشۇ تىللىغان ئاغزىڭغا ھوناق چىقار، ئىلاھىم! ۋۇي مەرەز، توخۇ پوقى... — پەخرۇللا بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى، — ۋۇي، ئۇنداقتا ئۇ، «خىزمەتكە ئورۇنسىز ئورۇنلاشتۇرۇش»، «بۇزۇق خوتۇنلارنى

پارتىيىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن باشقىلارغا بېسىم ئىشلىتىش» ھەتتا «كېچىلىرى ئورۇندۇق كۆتۈرۈپ، باغ تاملىرىنى شورا قىلىش» دېگەندەك ئىشلارنى نەدىن بىلىۋالدىكىنە؟ توختا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى ئىنايەت چىمەنلىك تۇرسا، نېمىشقا شۇنىڭدىن سوراپ باقمايمەن.

پەخرۇللا كەينىگە قايرىلىپلا فاڭ جىڭچىڭ بىناسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تۆت قەۋەتلىك بىناغا يول ئالدى. بۇ بىنادا «تەشۋىقات...»، «تەشكىلات...»، «ئىنتىزام...»، «ئەرزىيەت...»، «يېزا ئىگىلىك...» قاتارلىق بىرقانچىلىغان كەسپىي بۆلۈملەر ئورۇنلاشقانىدى. پەخرۇللا ئىشىكنى بىرقانچە قېتىم چەككەندىن كېيىنلا «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت ئاڭلاندى. تۆت ئەتراپى كۆل رەڭ تۆمۈر ئىشكاپلار بىلەن قاپلانغان ئىشخانىدا، قارىمۇقارشى قويۇلغان ئىككى خىزمەت ئۈستىلى بولۇپ، دېرىزە تۈۋىدىكىسىدە ئورۇق ئېگىزگىنە 37 ـ 38 ياشلاردىكى ئىنايەت گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىپ، موزاي يالىغاندەك پارقىرىتىپ تارىۋالغان نېپىز چاچلىرىدىن تارتىپ، قاش ـ كىرپىكلىرىگىچە سېرىق بولۇپ، پەقەت ئىككى مەڭزى ۋە بۇرۇن ئۇچىلا سۇس ھال رەڭ ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدە، توخۇ ئەت بولۇپ كەتكەن بويۇن تېرىلىرىدە، ئۇچى ئاقىرىپ يىرىڭداپ قالغان قىپقىزىل دانىخورەك دانىچىلىرى قاپىرىپ تۇراتتى.

— ۋۇي بەللى، بۇ پەخرۇللا ھاكىمغۇ، — ئىنايەت يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى، — قېنى بۇ ئورۇندۇققا كېلىڭ، ئۇسسىغانسىز ـ ھە، چاي ئىچىڭ.

ئىنايەت يۈگۈرۈپ يۇرۇپ چاي پولاپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئىستاكاننى چاققانىغىنە چاي ئۈستىلىگە قويغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ، پەخرۇللانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئۆزىڭىز يالغۇز ئىشلەمسىز؟ — پەخرۇللا خۇدۇكسىنىپ

تۆرغاچقىمۇ، مۆئامىلىسى بەك سىلىق ئىدى، ـــ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغىنىڭىزغا قارىغاندا، ئىشىڭلار جىددىي ئەمەس ئوخشايدۇ.

ـــ نەدىكىنى، بۇ ئۇستەلدە نۆرەخمەت دېگەن دەھشەت قاپىقى يامان بىرى بار، ئىككىمىز بىرلىكتە ئىشلەيمىز. مەلۇم ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ھاكىملىق سۇپىتىنى ساقلىماي، بىر ياش چوكانغا ساقال تاشلاپتىكەن، بىز سىرتتىن ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئەنزىسىنى بېكىتىپ، دائىمىي كومىتېتقا يوللاپ بەردۇق. تەستىق چۈشسىلا ئۇ مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ھالىغا ۋاي.

ـــ نېمە، خىزمەتتىن ھەيدىلەمدۇ؟

ـــ ھەيدىلىپ قۇتۇلسىلا مەيلىدىغۇ، ئەڭ يامىنى چوڭ يىغىندا ئېلان قىلىشتىن سىرت، ھەممە رەسۋاچىلىقلىرى ئېنىق يېزىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرگىچە، شەھەر ئىچىدىكى ھەربىر ئىدارە ـ ئورگانلارغىچە ھۆججەت تارقىتىمىز، قىسقىسى، بىر پارچە سېسىق نىجاسەتكە ئايلىنىدۇ.

ـــ بۇ... بۇ... ئەجەب چىڭ ئىشكەن ـ ھە؟

پەخرۇللا ئورنىدا قىمشىپ ئولتۇرالمايلا قالدى. بىكاردىن ـ بىكار گەدىنىنى قاشلاپ قوياتتى. ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ ئۇۋۇلايتتى، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ غەلىتىلا ھىجىياتتى، يا «مەن توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر بارمۇ؟» دەپ سورىيالمايتتى. ئۇنداقتا، «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن ئەمەسمۇ، بۇ ھاكىممۇ ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ يۈرۈپتۇ ـ دە، دەپ ئويلاپ قالارمۇ» دېگەندەك ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن پەخرۇللا ئۇنىڭ مۇشۇ سۆرلۈك ئىشكاپلىرىنىڭ بىرىدە تەقدىر ـ ئىقبالىنى پايخان قىلغۇدەك بىر بومبىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. ئىنايەتنىڭ بايىقى قورقاق ۋە ئىسكەنجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھاكىمغا دېيەلمەيۋاتقان بىرەر ھاجىتى بولسا كېرەك.

— پەخرۇللا ھاكىم، مەن ئەتە سىزنى ئىزدەپ باراي دەپ تۇراتتىم، — دېدى ئىنايەت ئىشەنچ ۋە ئۈمىدتە، — مانا بۇگۈن خۇدايىم ئىشىمنى ئوڭلاپ، ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن كېلىپ قالدىڭىز.

— بولدى، دەڭ ـ دەڭ... سىز دېگەن چىمەندىن تۇرسىڭىز، بىز مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر يۇرتلۇقتە! سىزنىڭ ئىشىڭىز مېنىڭ ئىشىم، مېنىڭ ھاجىتىم سىزنىڭ ھاجىتىڭىز. قېنى دەڭ.

— سىڭلىم گۈلزۆھرە بوستان پېداگوگىكا تېخنىكومىنى پۈتكۈزگەن، ئۇنى چىمەن مائارىپ ئىدارىسى ئاتچوي تاغلىق رايونىغا تەقسىم قىلىۋەتكەچكە، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ كەتتى. قىزبالىنىڭ بۇنداق تاغ ـ تۇزلاردا يالغۇز يۈرۈشى ئادەمنى ئەنسىرىتىپ قويىدىكەن.

— سىڭلىڭىز ئاتچويدا تۇرۇۋاتقىنىغا نەچچە يىل بولۇپ قالدى؟

— بەش يىل.

— بۇ چاغقىچە نېمىشقا دېمىگەن؟

— مەن چىمەنگە بىر يىلدا بىر قېتىم بارىمەن. ھەر بارغىنىمدا چىمەن مائارىپ ئىدارىسىگە كىرىپ سۆزلىشىمەن، ئىلتىماس قىلىمەن، ئۇلار ئەنە، مانا بىلەن بۇگۈنگىچە سۆرەپ كەلدى. دادام بىلەن ئانام بولسا ياشىنىپ قالدى.

— بولدى خاتىرجەم بولۇڭ، — پەخرۇللا ئىنايەتنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — مەن يېقىن تۇگىگەندە چىمەنگە قايتىمەن. سىز بىرەر ھەپتىگە قالماي خۇش خەۋەر ئاڭلايسىز! ئىنايەت ئىنى...

— ھاكىم نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بايىلا بىلگەن، — ئىنايەت كارىدوغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋەتتى، — ئەسلىدە ھەرقانداق ئەرز ـ دادنى نۇرەخمەت ئىككىمىز تەڭ ئېچىپ، بىرلىكتە تىزىملايمىز. ئۆتكەندە سىز

توغرۇلۇق ئىككى پارچە نامسىز خەت كەلدى. مەن سىزنى بىر نەچچە قېتىم ماختاپ بەرگەچكە، ئۇ: «بۇ ئىككى پارچە ئەرزنى چوڭقۇر بىر يەرگە تىقىۋەت ياكى كۆيدۈرۈۋەت» دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىغا بىر كۆزۈمنى يۇمۇۋالىمەن.

— بەك توغرا قىپسىلەر، ئەلۋەتتە ئەرز قىلغۇچىنىڭ قانداق ئادەملىكى، مەقسىتىنىڭ، نىيىتىنىڭ دۇرۇس – دۇرۇس ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرمىسىمۇ بولمايدۇ.

— ئامىرزە، ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئىسمى بىلەن بىر ئەرزنى تاپشۇرۇۋالدىم.

— نېمە، مېنىڭ ئۈستۈمدىنما؟

— شۇنداق.

— كىمكەن ئۇ؟

— كەچۈرۈڭ ھاكىم، ئىسمىنى ھەرقانداق بىسىم ئاستىدىمۇ دېمەسلىك بىزنىڭ پرىنسىپىمىز، — دېدى ئىنايەت تەڭلىك ئىچىدە، — چۈنكى، قەستلەش، مېيىپ قىلىپ قويۇش، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىش شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ.

— ئەرزنىڭ مەزمۇنىنى دېيىشكىمۇ بولا؟

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم.

بىر سودىگەرنىڭ ئوغلىنى شەھەرگە يۆتكەپ قويۇپ ئالغان بىرخۇرۇم پەلتو، بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. بۇنى پەزلىيىدىن باشقىسى بىلمەيتتى. ئەڭ قورقۇنچلۇقى خوتەنلىك قۇرۇلۇشچى ھاجىمغا ناھىيىلىك كومىتېتقا قاراشلىق ئورگان كادىر، ئىشچى – خىزمەتچى خادىملىرىغا سېلىنماقچى بولغان ئۈچ ئولتۇراق بىنانى تەستىقلاپ بېرىش بەدىلىگە ئالغان شېرىنكانە ئالتە گەزلىك ئانارگۇللۇك ئىككى پارچە چوڭ گىلەم، ئىككى تاغار ياڭاق، ئۈچ كىيىملىك سەرخىل ئەتلەس، 50 مىڭ سوم نەق پۇل ئالغان ئىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەت يۆتكەش، بالىلىرىنى

ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى پەزىلىيەدىن باشقىسى بىلمەيتتى. شۇ چاغدا ئەتلەستىن «بىرەر كىيىملىك ئېلىۋال» دېگەندە، ئۇنىڭ «لازىمى يوق» دەپ ئىتتىرىپ قويۇشى بىكار ئەمەسكەندە! ئەلۋەتتە يۇقىرىغا يوللاش ئۈچۈن ئۆزى پاكىز بولۇش كېرەك ـ تە. «تاشمۇ چىداپ ـ چىداپ بىر كۈنى ۋاككىدە يېرىلىدۇ...» بۇ پەزىلىيەنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپقۇ!؟ ئۇ راستتىنلا يېرىلىپتۇ. پەزىلىيە ئۆز ئېرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل گۆرگە تىقماقچى بوپتۇ ـ دە! پاھ، بۇ ئورۇس خوتۇننىڭ قىزى ھەقىقەتەن قارا كۆڭۈل نېمىكەن. مەن... مەن بۇ چاغقىچە نېمىشقىمۇ بىلمىگەندىمەن!

— بولدى ئىنايەت، ئىسمىنى دېمىسىڭىزمۇ ماڭا ئۇ بەك قولدەك ئايان، — پەخرۇللا لاسسىدە بوشاپ كەتكەندى، — ئۇ... ئۇ 30 نەچچە يىل پوستۇمغا كىرىۋېلىپ، مېنى ئالداپ كەلگەن ئۆزۈمنىڭ خوتۇنى — پەزىلىيە!

— پەخرۇللا ھاكىم، بۇ گەپنى ئۆزىڭىز دېدىڭىز... مەن دېمىدىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ... مەن خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس.

— خوش پەخرۇللا ھاكىم، سىز يەنە بىر قېتىم شەھەرگە كىرگۈچە، — دېدى ئىنايەت كۆزلىرىدىن مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ، — سىزگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ قوياي، ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

پەخرۇللا مەست ئادەمدەك كارىدورغا ئەلەڭلەپ چىقتى ـ دە، «ۋۇي ۋاپاسىز، ئالدامچى» دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، تامغا بىر مۇشت سالدى. بەش بارماقنىڭ ئۇگىلىرىدىن يامراپ چىققان قان ئاپئاق تامغا خۇددى مۆھۈردەك قىپقىزىل بېسىلدى. ئۇ، پات ـ پات ئۆزىگە غۇدۇڭشىپ سۆزلەپ قويۇپ، سوتچى سىڭلىسى ئەمىرنىساننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.




— ۋايەي ئاكا، قولۇڭغا نېمە بولدى، قىپقىزىل قانغۇ؟ — ئەمىرنىسا تارتمىدىن يود، پاختا، پەلكۈش، داكىلارنى ئالدى، — بارماق ئۈگىلىرىڭنىڭ تېرىلىرى سويۇلۇپ كېتىپتۇ.

تاماق ئۈستىلىگە سول جەينىكىنى قويۇپ، بېشىنى قامالىۋالغان پەخرۇللا، گەرچە جىمجىت ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۈستەلدىكى يالتىراققا تامچە ـ تامچە سۇ تېمىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى تېڭىۋاتقان ئەمىرنىسا ئاكىسىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن كىرپىكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ يىغلىۋەتتى.

— ساڭا زادى نېمە بولدى، ئاكا، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي دېگىنە، — ئەمىرنىسا قولىدىكى قايچىنى ئۈستەلگە جاققىدە قويدى، — يەنە شۇ پەزلىيە، گۈلپىيە دېگەن ئىچى زەھەر چايانلارنىڭ دەردىدۇر شۇ. قىلىۋالدىم، ئېتىۋالدىم، دەردىمنى چىقىرىۋالدىم، دەپ رەھبەرلىككە چېقىپ، ئاكامنى ئاتتۇرۇۋېتەلمەيسەن ئىت پوقلىرى.

— ئەمىرنىسا، سەنمۇ بىرەر ئىشنى سەزگەن ئوخشىمامسەن؟

ئەمىرنىسا خىزمەت بىلەن پارتكوم قورۇسىغا كىرگەندە، فاڭ جىژچىڭنىڭ ئىشخانىسىدىن بىللە چىققان پەزلىيە بىلەن گۈلپىيەنىڭ ھويلىدا يىغلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ھەرىكەتلىرى بىلەن دوراپ، تەسۋىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— راستلا فاڭ شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققانلىقىنى ئېنىق كۆردۈڭما؟

— مەن دەرۋازىدىن كىرىۋاتقاندىلا فاڭ جىژچىڭنىڭ پەلەمپەي ئۈستىدە ئۇزىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن تۇرسام.

— ئۇنداقتا ئۇلار فاڭ شۇجىغىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ، مېنى يامان كۆرسىتىپتۇ ـ دە، — پەخرۇللا سىڭلىسىنىڭ قولىنى تۇتتى، — ئەمىسە، بۇگۈن ئەتىگەن فاڭ شۇجى مېنى ماختاپ، داملاپ ھېچ

ھالى قالمىدىغۇ؟

— سەن شۇنداق ياخشى ئىشلەپ بېرىۋاتسالڭ، ئوتتەك قىزغىنلىقىڭغا سوغۇق سۇ سېپىشنى خالىمىدىم!

— مەن ھازىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن كەلدىم. پەزلىيە مېنى بۇزۇق، پارىخور، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىدىغان خىيانەتچى، دەپ ئۈستۈمدىن ئەرز يېزىپتۇ.

— بېشىڭنى يەيدىغان چايان خوتۇن، بىزگە قىلدىم دەمسەن، ئۆزۈڭگە قىلارسەن، — دېدى ئەمرىنسا تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ، — ئانامىچۇ، بەزىدە كاللىسى ئىشلىمەيدۇ. سېنىڭ پەزلىيە بىلەن ئاجرىشىمەن دېگىنىڭنى ئاڭلاپ، ئەركىن سىڭلىم گۈلىستاننى قويۇۋەتمەكچى بولۇپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىۋېتىپتۇ. ئابىدە بولسا «پەخرۇللا ئاچامنى خارلىغان ئىكەن، مەن ئىسھاقتىن ئاجرىشىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— بۇ... بۇ... بولماپتۇ، ھە، ئاخىر قانداق بولدى؟

— زەينۇرە دېگەن خوتۇن ئانامنى تۇغراقتىن چاقىرىپ كەپتىكەن، ئانام سۆزمەنلىكىگە تايىنىپ، گەپ بىلەن، ھىيلە بىلەن ئۇلارنى بىردەمدىلا ئەپلەشتۈرۈپ قويدى.

— بۇ... بۇ ئوبدان بوپتۇ، ئانام توغرا قىپتۇ.

— توغرا قىپتۇ دەۋاتىسەنغۇ، ئەركىن دېگەن ساقچى لۈكچەكى سىڭلىمىز گۈلىستاننى خارلاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان تۇرسا، ئابىدە دېگەن قانجۇقى ئىسھاقنى بوزەك كۆرۈپ، ياقىسىغا ئېسىلىپ بىشەملىك قىپتۇ.

— سوت كادىرى تۇرۇپمۇ، نېمىلەر دەپ يۈرىدىغانسەن، — پەخرۇللانىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئۇلار ئىككى ئائىلە بەش بالىنى يېتىم قىلىپ ئاجرىشىپ كەتسە، خەقلەر مېنى تۈكۈرۈكىدە كۆمۈۋەتمەمدۇ؟ يېتىم بولغان بالىلار قارغاپ - تىللاپ يۈرسە، مېنىڭ يۈزۈم نېمە بولار؟ شۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭما؟

— سەن ئۇلارنى ئويلىغىنىڭ بىلەن ئۇ خەق سېنىڭ ياخشى گېپىڭنى قىلامدا؟ بوستانغا تېرىلىپ كەتكەن پىتنە - پاساتنى ئاشۇ ئانا - بالا شۇم ئېغىزلار تارقاتقان، — ئەمىرنىسا كۆزلىرىنى ئالايتتى، — ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ كەپسەنغۇ، ئۇستۇڭدىن ئەرز يازغىنىنى.

— ھە سوت كادىرى، پەزلىيە، گۇلپىيەلەرنىڭ ئىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، ئۇلار ئىككى ئائىلىنى چېتىۋالساق خاتا بولىدۇ. بولدى چۈشمۇ بوپقاپتۇ. مەن ياتاققا قايتاي.

— تاماق ئېتەي، يەپ كەتكىن، تۇرسۇن بىر ئەنزە ئىشى بىلەن ئاقتامغا كەتكەن.

— مېھمانخانىدا يەيمەن، ئاندىن بىرەر سائەت ئۇخلايمەن. چۈشتىن كېيىن ئەتە ئوتتۇرىغا قويىدىغان دوكلاتنى يەنە بىرقېتىم كۆرۈپ چىقىشىم كېرەك.

پەخرۇللا شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن 32 بەتلىك دوكلاتنى قايتا - قايتا ئوقۇدى. تۈزىتىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان سۆز - جۈملە، ئابزاسلارنى باشقىدىن يېزىپ ماتېرىيال ئارىلىقلىرىغا كىرگۈزدى. تېزىسقا قاراپ ئوقۇيدىغان، قارىماي سۆزلەيدىغان جايلىرىنى مەشىق قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇنداق دوكلاتلار پەخرۇللا ئۈچۈن سەھنىدە ئېغىز گارمونى ياكى نەي چالغاندىن ئاسان توختايتتى. ناتىقلىق سەنئىتىدە ئۇنى ماختىمايدىغان رەھبەرلەر ئاز ئىدى. دېگەندەك ئەتىسى ئەتىگەندە يىغىن باشلىنىپ، يەر كۆلىمى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى چوڭ ناھىيە چىمەننىڭ ھاكىمى سەھنىگە تەكلىپ قىلىندى. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەلىي نەتىجىلەر، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى، زاۋۇت - كان، كارخانىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمى، يېزا - كەنتلەردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، يېڭىدىن قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتر

ئىستانسىسىنىڭ توك تارقىتىپ، چىمەننىڭ توك نامراتلىقىدەك بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقى، «بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش» روھى ئارقىلىق، توپلانغان يۈز مىڭلاپ ئىئانە پۇلىنى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتكەنلىكى، مەملىكەت دەرىجىلىك پەن - مائارىپقا تايىنىپ، ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدە «ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەنلىكى... قاتارلىق ساھەلەردىكى نەتىجە، ئۇتۇق، يۈكسىلىش، ئىلگىرىلەشلەر قويۇلۇۋاتقاندا، زال ئىچىدە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ تۇردى. ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلار سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، تەرەپ - تەرەپتە يۈگۈرۈشۈپ رەسىمگە ئېلىشاتتى. بىرقانچە خىل گېزىت مۇخبىرلىرىنىڭ يالت - يۇلت چىراغلىرى ئىچىدە دەممۇدەم يورۇپ تۇرغان پەخرۇللا ھاياجان ئىلكىدە سۆزلىمەكتە ئىدى.

يىغىن ۋەكىللىرى چۇشلۇك تاماققا مېڭىشى، بىر قانچىلىغان رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئاڭلىتىش خادىملىرى پەخرۇللانى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، زىيارەت قىلىشقا باشلىدى. يىغىن ئېچىلغان كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى، بىرقانچە قېتىم پەخرۇللا ھەققىدىكى ئۇزۇن - قىسقا خەۋەرلەر تېلېۋىزوردا، رادىئودا بېرىلىپ تۇردى. تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر، رادىئو ئاڭلىغۇچىلار، ھەرخىل گېزىتلەرگە مۇشتەرىلەر پەخرۇللانىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن زوقلاندى. يۇقىرى باھا بېرىشتى. ھەتتا ئۇلار: «بۇ ئادەم توغرۇلۇق چىققان سەت گەپلەر يالغان ئوخشىمامدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «بىز خەقمىچۇ بىرەر كىم كۆزگە كۆرۈنگەن ھامان ئۇنى كوچىلاپ، ھەرخىل بوھتان، تۆھمەتلەرنى چاپلاپ سېسىتمىغىچە ئارام تاپمايمىز» دېيىشەتتى. زىيالىيلار بولسا: «تالانتىنىڭ بايقىلىشى، ھەسەتنىڭ باشلىنىشى، دېگەن شۇدە» دېگىنىچە باشلىرىنى چايقىشاتتى.

يىغىنىنىڭ ئۇچىنچى كۈنى ئىكرام پەخرۇللانى ئۆيىگە چاقىرىۋالدى. ئۇ «بارمايمەن» دېيىشكە تىلى بارمىدى. ياكى بىرەر سەۋەبمۇ كۆرسىتەلمىدى. ئەگەر «ياق» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى ئاغزىدىن چىقاردىمۇ، ئىكرامنىڭ ئاچچىق تەنبىھلىرى ئاستىدا قالغان بولاتتى. پەخرۇللا قاراتال ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى دوكلات قىلغان كۈنى كەچتە، ئىكرامنىڭ چاقىرغىنىغا باغلىق ھويلىسىدا ھازىر بولدى. ئۇ، ئۆيگە كىرگەندە، تاماق شىرەسىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆرپىلەردە گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەلىيارلار ئولتۇراتتى. ئۇلار دادىسىنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ سالام قىلىشتى. پەخرۇللا كۆڭلىدە: رىۋايەتلەردىكى زىياپەتكە چاقىرىپ، ئەدىپىنى بېرىش، بۇگۇن مەشەدە يۈز بېرەمدۇ ـ نېمە؟ قېنى بىر تۇتىشىپ كۆرەمدىم... دەپ ئويلىدى. دېگەندەك ئىككى لېگەن پولۇ، سوغۇق سەيلەر بىلەن جىمجىت يېيىلگىنى بىلەن تاماقتىن كېيىن تۆت تەرەپ بىرلەشكەن «قوشۇن» پەخرۇللاغا بىردەك ھۇجۇم باشلىدى. دەسلەپتە سىلىق ـ سىپايە، تەكەللۇپ ئارىلاشقان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت، بارا ـ بارا يىرىكلىشىپ سەنلىشىشكە ئۆتتى. ئىكرام پەرۋىنەنى «سىز پەزلىيەنىڭ سىڭلىسى بولغاندىن كېيىن ئارىلاشماڭ» دەپ ھويلىغا چىقىرىۋەتتى.

ــ زادى سەن ھېچنەرسىگە ئىقرار ئەمەس، ــ دېدى ئىكرام قولىنى شىلتىپ، ــ ئۇنداقتا، سىرتتا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن گەپ ـ سۆزلەرنى، ئەلىيارنى چىمەندە تۇرغۇسىز قىلىۋەتكەن ئىشلارنى بىز ئويدۇرۇپ چىققان ئوخشىمايمىزمۇ؟

ــ بۇنداق گەپلەرنى پەزلىيەدىن سورا، ئۇ چىمەندە، بوستاندا مەن توغرۇلۇق قانچىلىك ئىغۋالارنى تېرىۋەتتى، ــ پەخرۇللا بۇلارنىڭ ئالدىدا يۇمشاقلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ــ بىز خەقتە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان سەرخىللارنى چەتكە قېقىش، كۆرەلمەسلىك، ھەسەت قىلىش، سېسىتىش

مەنتىقىسى ئېغىر. لېكىن، پەزىلىيە ئەنە شۇنداق دۇشمەنلىرىمىنىڭ ئۇستۇمدىن ئويدۇرغان پاسكىنىچىلىقلىرىغا دۇمباقچى بولۇپ بەردى.

— جېنىم ئاتاۋۇي، قاپقارىسىغىلا بۇنداق گەپ قىلماڭ، — گۈلپىيە يىغلاپ تۇرۇپ گەپ قىلماقتا ئىدى، — ئانام ھەرگىز سىز ئويلىغاندەك ئايال ئەمەس.

— سىزمۇ قاپقارىسىغىلا ئانىڭىزنى ئاقلاۋەرمەڭ، — پەخرۇللا تاماق شىرەسىگە ئۇردى، — ئېيتىڭا، فاڭ شۇجى ئانىڭىز بىلەن سىزنى ئۇردىمۇ، تىللىدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، يىغلاپ چىقىسىلەر؟ ھەتتا سىرتقا چىقىپمۇ يېشىڭلارنى توختىتىۋالالمايسىلەر؟

بۇ گەپتىن ئەزھەر بىلەن ئەلىيار دەرھاللا ئاچچىسىغا ئالمىپ قاراشتى. چۈنكى ئۇلار ئارىسىدا «سىرتتا دادىمىز ھەققىدە بىرەر ئادەم، تۇغقان، تەشكىل ياكى رەھبەر ئالدىدا دادلىمايمىز» دېگەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەھدىسى بار ئىدى.

— ئاچا، بۇ... بۇ راستما؟ — ئەزھەر گۈلپىيەگە مىختەك قادالدى، — پارتكومغا بارغىنىڭلارنى ئەجەب مەن ئۇقمايدىكەنمەن؟

— دادا، ئەگەر دېگىنىڭىز راست بولسا، — دېدى ئەلىيار خىجىللىق بىلەن، — بىزنى كەچۈرۈڭ.

— نېمە كەچۈرۈم - پەچۈرۈمكەن ئۇ؟ — گۈلپىيە ئەلىيارنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، — فاڭ شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدا ئانام ئىككىمىز، ئاتامنىڭ يامان گېپىنى قىلغان بولساق، بىزنى يەر يۇتسۇن!

— زادى ئۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭلار؟ — ۋاقىرىدى ئەزھەر، — نېمە ھاجەت بولۇپ قالغان؟

گۈلپىيە ئەسلىدە ئانىسىنىڭ فاڭ شۇجى بىلەن كۆرۈشكۈسى يوقلۇقى، لېكىن ئۇ ئۆزى ماشىنا ئەۋەتكەنلىكى قاتارلىق




جەريانىنى، ئاندىن ئىشخانىدا بولۇنغان گەپلەرنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلىدى.

— ھەتتا ئانام مۇشۇنداق قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن قورقۇپ، مېنى بىللە ئاپارغان تۇرسا، — گۈلپىيەنىڭ چوڭ كۆزلىرىدىن ياشلار يۇملاپ چۈشۈۋاتاتتى، — سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارنىڭ قىلچە ئاساسى يوق.

— ھەي، پەخرۇل داراي، — ئىكرامنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىۋاتاتتى، — بۇنداق كىچىك ئىشلارغا ئىسىلىۋېلىپ ئۆزۈڭنى قاچۇرما. راست گەپنى قىل، بۇنىڭدىن كېيىن پەزلىيىگە قانداق مۇئامىلە قىلماقچى؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، — پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئاجرىشىمەن... ئاجرىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىدىن ئۆچ ئالىمەن.

— دادا، ئاجرىشىش دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا ئالما، — دېدى ئەزھەر سەل تېرىكىپ، — بۇ ياشقا كەلگەندىمۇ «ئاجرىشىمىز» دەپ يۈرسەڭلار سەت ئەمەسمۇ؟

— دادا، — ئەليار كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتمەي سۆزلىدى، — بىز بالىلارنىمۇ ئويلاپ قويغىن.

— ھەي پەخرۇل، قارا بۇ ئۈچ بالىغا، ئاددىيسى شۇنچە نەۋرىلەرنى كۆرگەندە، يۈزۈڭ چىمىلدىمامدا، — ئىكرام تاماق شىرەسىگە مۇشتلىدى، — سېنىڭ بۇنداق تاش چىشلەپ تۇرۇشۇڭدا زادى نېمە سەۋەب بار؟ ئېيتقىنە قېنى؟

پەخرۇللا پەزلىيەنىڭ ئەرز يازغانلىقىنى پاكىت ـ ئىسپات بىلەن سۆزلىيەلمەي، ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناقتا ئىدى. ئەگەر ئىنتىزام تەكشۈرۈشتىكى ئەرزنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندا، گىلەم، ياغاچ، ئەتلەس، نەق پۇل، خۇرۇم پەلتو، ئالتۇن ئۈزۈك قاتارلىقلار نۇرغۇن نەرسىلەر ئاشكارىلىنىپ كېتەتتى. ئۇنداقتا، ئىكرام تۇرماق بالىلارمۇ: «دادا، بۇ نېمە ئىش، سەن

شۇنداق ئادەممىتتىڭ؟» دېگۇدەك بولسا، تېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك؟ يەنە بىر تەرەپتىن، پەزلىيەنىڭ ئەرز يازغانلىقىنى دېمىگەندە، بۇ يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىپ، كېيىنكىگە يول ئاچقىلى بولمايتتى. زادى ئۇلارنى ئىشەندۈرەلىگۈدەك بىرەر ئامال - چارە يوقمىدۇ؟ پەخرۇللانىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا ئەپلىك بىر چارە سايە سېلىپ ئۆتتى:

— سىلەر... سىلەر... مېنى... مېنى تولا قىستىماڭلار، پەزلىيە ئۆز ئېرىنى دار ئالدىغا، تۈرمە بوسۇغىسىغا ئاپىرىدىغان چوڭ ئىشنى قىلدى.... مەن... مەن ئۇنى، — پەخرۇللا ئۆزىنىڭ يۈزىگە كاچاتلاپ بىر نەچچىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇۋەتتى، — ئۆز كۆزۈم، بىلەن كۆرمىگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىغان بولسام... مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاردىم... ئىكرام مېھمان قىلغىنىڭغا رەھمەت، بۇندىن كېيىن مېنى ئىزدىگۈچى بولماڭلار...

پەخرۇللا ئورنىدىن تۇرغىنىچە، گۇس - گۇس دەسسەپ هويلىغا چىقتى. ئۇ ئۆزىگە ئالىيىپ تۇرغان پەرۋىنىگە قاراپمۇ قويماي، دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كېتىپ قالدى. ئۇ يوقىلىش بىلەن ئۆي ئىچىنى گۆرستان جىمجىتلىقى باستى. خىجىللىق، تەڭلىك، غەزەپ ئارىلاشقان چىرايلار، يەر باققىنىچە بىر - بىرىگە قارىيالمىدى. گۇلپىيە، ئەزھەر، ئەلىيارلارنىڭ كۆڭلىگە: «ئانىمىز شۇنداقمۇ قىلغانمىدۇ؟» دېگەن گۇمان لاي سۇدەك تىنىپ قالدى. ئەمما ئىكرام: «بۇ پەخرۇللانىڭ كېيىنكى باسقۇچ ئىشلىرىغا يول ئېچىش تاكتىكىسى» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ پەخرۇللانىڭ ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى كاچات سېلىشى، خېلىلا رول ئوينىدى. باللار تۈرماق هويلىدا تىكىشاپ تۇرغان پەرۋىنە چېغىدا، «راست ئوخشىمامدۇ!» دېگەن ئويغا كېلىپ قالغانىدى.

— ئىكرام تاغا، — كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن گۇلپىيە

بېشىنى كۆتۈردى، ــ ئاتاملارنىڭ يىغىنى قاچان تۈگەيدىكەن؟
ــ يەنە ئۈچ كۈن بار.
ــ ئۇنداق بولسا ئۇلگۇرىدىكەنمىز، ــ گۈلپىيە ئەزھەرگە قارىدى، ــ ئۇكام ئەتە ئىدارەڭدىن رۇخسەت سوراپ، ماشىناڭنى ئېلىپ كەل، توغراقتا بارىمىز.
ــ نېمىشقا؟
ــ ھەلىمىخان موماينى ئېلىپ كېلىمىز، ــ گۈلپىيەنىڭ قاشلىرى قوشۇمىسىغا يىغىلغانىدى، ــ قېنى، ئاتام موماغا نېمە دەيدىكەن.
ــ بولىدۇ ئاچا، ئەتە ئەتىگەن سىنى ئالغىلى كېلەي.
ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەزھەر ساقچى بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كىچىك ماشىنىنى بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا ھەيدەپ ئەكىرىپ، ئەختەم كەم سۆزنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ سىگنال بەردى. ماشىنا ئۈچىنچى قېتىم سىگنال بەرگەندە گۈلپىيە تۆت ياشلىق ئوغلى دىلمۇراتنى يېتىلەپ پەسكە چۈشتى. دىلمۇرات «ساقچى ئاكام» دېگىنىچە ئەزھەرگە ئېسىلدى.
ــ ئاچا، بۇ پىنەدەك بۇگۈن يەسلىگە بارمىدىما؟
ــ «ئۇلۇغ مومامنى كۆرگىلى بارىمەن» دەپ كېچىچە ئۇخلىمىدى.
ــ يەسلىدىن زېرىكتىڭما بۇدۇرچاچ ماڭقا.
ــ مەن ماڭقا ئەمەس، قاراپ باقە، ــ دىلمۇرات بۇرنىنىڭ تۆشۈكىنى كېرىپ كۆرسەتتى، ــ راستىمكەن، ھە ئاشۇنداق قۇپقۇرۇق، شورساڭمۇ ھېچنېمە چىقمايدۇ.
ــ ھۆ، گەپ قىلغانغا تويغۇزامسەن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۇرۇپ دەۋاتقان گېپىنى قارا.
ئەزھەر ماشىنىنى شەھەردىن چىققۇچە ئاستا ھەيدىگەن بولسىمۇ، بوستان دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش بىلەنلا سۈرئىتىنى تېزلەتتى. توغراق ناھىيىسى ئىتتىك ھەيدىگەندە

بىر يېرىم سائەتلىك، بولمىسا ئىككى سائەتلىك يول ئىدى. دىلمۇراتنى قۇچىقىغا ئېلىپ ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان گۇلپىيە ئەنسىز خىياللار ئىچىدە يۇلغۇنلۇق قىرلار، قۇملۇق چۆللەردىن كۆز ئۈزمەيتتى. دادىسىنىڭ بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلىشىدا، ھېلىقى «ئون تىيىن» دېگەن چوكاننىڭ ئۇنى پۈتۈنلەي ئالىقىنىغا ئېلىۋالغانلىقىدىن دەپ چۈشىنىدىغان گۇلپىيەنىڭ ياڭاقلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئاقىنىسانى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى. يا پىرىم، قىز - چوكانلارغا نېمە بولدىكىنتاڭ، ساپلا دادىسىدەك، بوۋىسىدەك ئادەملەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئېتىكىدىكى ياڭاقتەك ئوينىتىۋاتقان... ئۇ قېرىلارمۇ خۇدىنى يوقىتىپ، يار يېلىمدەك چاپلاشقان... بۇ زادى نېمىلىكتىن؟ ھازىرقى ياشلارنىڭ ساپاسىزلىقىدىن، ۋاپاسىزلىقىدىن، ئىش - ئوقىتىنىڭ يوقلۇقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟ تېخى 60 تىن ئېشىپ كەتكەن تىجارەتچى، سودىگەرلەر 20 نەچچە ياشلىق قىز - چوكانلار بىلەن يوشۇرۇن نىكاھ قىلىپ، ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ قېرىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئوغۇل - قىز، كۈيئوغۇل، كېلىن، بىر تۇقاي نەۋرىلەر چۇرقىرىشىپ يۈرۈشكەن، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ بىر - ئىككىدىن چەۋرىسىمۇ يوق ئەمەس. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەت تاپالمىغان قىزلار ئاتا - ئانىسىغا يۈك بولۇشتىن نومۇس قىلىپ، ئۆزلىرىنى پۇلدار قېرىلارغا بەخشەندە قىلىۋاتىدۇ. ئاشۇ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى سوراپ، ئاخىرقى ئۆمرىدە خۇداغا سىغىنىپ ئۆتسە نېمە! تۇۋۋا، ئادەم قېرىسىمۇ، كۆڭۈل قېرىماس، دېگىنى شۇكەندە.

— ئاچا، — ئەزھەر خىيالغا چۆككەن گۇلپىيەنى چۆچۈتۈۋەتتى، — مېنىڭچە دادامنى يولدىن تايدۇرماق تەسمىكىن دەيمەن.

— قانداق دەيسەن؟

— ئىدارىمىزدىكى ئاغىنىلەرنىڭ ياشانغان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق ئىشقا گىرىپتار بولغانلارنىڭ قول ئۈزمىكى قىيىن ئوخشايدۇ.

— ئۇلار ئاتامنىڭ ئىشىنى نەدىن بىلىدىكەن؟

— دادامغا قارىتىپ دېگەن گەپ ئەمەس، گەپتىن ـ گەپ چىقىپ، ئاغىنىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالىمىز، — ئەزھەر ئاڭلىغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى، — بىر پېنسىيىگە چىققان ياشانغان كادىر، ئۆزىدىن قىرىق ياش ئەتراپىدا كىچىك چوكان بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، ئاخىر خوتۇن ـ بالىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قورۇ ـ جايلىرىدىن كېچىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

— بولدى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلمىغىنە، — گۈلپىيە قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان ئوغلىغا قارىشىغا، ئۇمۇ ۋاللىدە كۆزىنى ئاچتى، — ئويغاندىڭما، بالام، قارىغىنە توغراق، يۇلغۇنلۇقلار، ياۋا قومۇشلۇقلار نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە؟

— ئانا، ئۇ يەردە نېمە بار؟

— ياۋا توشقان، چۆل كىرپىلىرى بار.

— يەنە نېمە بار؟

— پاتمىچۇق، كىچىك كېلەر، يەنە قوڭغۇزلار بار.

— پاتمىچۇق دېگەن نېمە ئۇ؟

— كەسلەنچۇكنىڭ ئۇكىسى!

— ئەجەب مېنىڭ ئۇكام يوقكەن، ئۇنىڭ بار ئىكەنغۇ؟

گۈلپىيە ئوبدانلا بىلىنىپ قالغان قورسىقىغا قاراپ قىزىرىپ كەتتى. ئاچىسىنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئەزھەر دىلمۇراتنى گەپكە تۇتتى.

— دىلمۇرات ئاغىنە، نېمانچە تولا گەپ سورايسەن.

— شۇنداقمۇ، ماقۇل ئاداش ئەمىسە.

ــ سەن بىلەن ئاداش بولمايمەن.

ــ نېمىشقا ئەمدى؟

ــ ئۆتكەندە پارچە پۇل قالماپتۇ، دەپ ھېيتلىق بەرمىدىڭغۇ. ئەزھەر بىلەن گۈلپىيە تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

ــ قارا بالام، ياۋا تۇشقان، ــ گۈلپىيە ئوغلىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ پەسكە قاراتتى، ــ كۆردۈڭمۇ؟

ــ كۆردۈم، يۇلغۇنلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئاسفالت يول كۆتۈرۈلۈپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قۇم بارخانلىرى، ئېدىرلىقلار، يۇلغۇنلۇقلار خېلىلا پەستە كۆرۈنەتتى. بۇ ئەسنادا، ئارقىدىن كەلگەن بىر يۈك ماشىنىسى ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئەزھەرنىڭ ماشىنىسىغا يانداپ مېڭىشى، پەستىكى ھارۋا يولدىن ئوتتۇن باسقان ئېشەك ھارۋىسى ئەپقېچىپ، ئاسفالت يولغا ئۆچقاندەك چىقىپ كەلدى، قورقۇپ كەتكەن شوپۇر ماشىنىسىنى يانغا يەنە شارتلا قايرىشى، ئەزھەرمۇ سوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن رولنى بۇراپ ئۆزىنى قاچۇردى ـ دە، يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى. ئەمما ماشىنىنىڭ ئىككى چاقى يول قىرىدىكى يۇمشاق، پورپاق قۇم توپىغا پېتىپ قىڭغايدى. چاق بارغانسېرى چۆكۈپ، ماشىنا بىردىنلا پەستىكى ئېدىرلىققا چاقپەلەكتەك يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئوڭدا بولۇپ قالغان ماشىنىنىڭ تېگىدىن ئۆمىلەپ چىققان ئەزھەر ئاچىسى گۈلپىيەنى تارتىپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ باش، پېشانە، ئېڭەك، جەينەكلىرى قانىغان بولۇپ، چوڭ خەتەر يوقتەك قىلاتتى.

ــ ئاچا، ھېچنېمە بولمىغانسەن؟

ــ مەن... مەن ھېچ... ھېچنېمە بولمىدىم، ــ قورقۇپ كەتكەن گۈلپىيە بىردىنلا يىغلىۋەتتى، ــ بالام... بالام... دىلمۇرات قېنى؟... دىلمۇرات!... ۋاي جان!!...

گۈلپىيە ۋارقىراپ يىغلىغىنىچە قۇملۇقنىڭ ئۈستىگە

يۇگۇردى. ئەزھەرمۇ قويۇندەك يېتىپ كەلدى. تۆت ياشلىق دىلمۇرات قۇم ئۇستىدە قوللىرىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. قۇلىقىدىن ساقىغان بىرتامچە قاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممە يېرى ساقتەك قىلاتتى. لېكىن بۇ غۇبارسىز نارەسىدە «پانىي دۇنياغا تېخى قانمىغان ئىدىمغۇ...» دەۋاتقاندەك بىر سوئال، ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان دۇپدۇگىلەك، قارا كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرىدا قېتىپ قالغانىدى.

— بالام دىلمۇرات!! — گۈلپىيەنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازى دەشت قۇملۇقتا خېلى ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا بولۇپ يېنىپ تۇردى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# قىممەت توختىغان «ئۈن تىيىن»

يازلىق يەل ـ يېمىشلەر شىر باغلايدىغان، نادىر ـ ئەتىۋارلىق گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىدىغان، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە قىرغاقلىرىغىچە تولۇپ سۇ ئاقىدىغان، باغ ـ ئورمانلاردىن ئىپاردەك مەززىلىك ھىدلار دىماغلارغا ئۇرۇلىدىغان، قىسقىسى، بوستانىنىڭ راسا ھۆسنىگە تولغان بەرنا چاغلىرى ـــ ئىيۇنىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. كەلكۈندىن قايتىپ كېلىپ، خۇددى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتكەن پەخرۇللا ئەتىگەنلىكى خېلىغىچە ئېرىنىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇ مامۇق ياستۇققا چۆككىنىچە ئاقنىسانى خىيال قىلماقتا ئىدى. پەخرۇللا ئۇنى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، دالىيەن قاتارلىق جايلارغا ئېكسكۇرسىيە، ساياھەتكە ئەۋەتىۋەتكەنىدى. ئەسلىدە بىر نەچچە يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بۇنداق سان ياخشى ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈنگەن، ھەممە ئېتىراپ قىلغان نەمۇنىچى، ئىلغارلارغا بېرىلەتتى. ئەمما، پەخرۇللا بۇ بىر سانىنى ئاقنىسانى ئەۋەتىش شەرتى ئاستىدا، مالىيە ئىدارىسىگە بەلگىلەپ بەردى. مانا ئەمدى ئۇنى، ئۇنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىنى، شېرىن ـ سۇخەن سۆزلىرىنى، كىچىك بالىدەك ئەركىلەشلىرىنى، ھەتتا جىم تۇرمايدىغان ئاپئاق نازۇك بارماقلىرىنى... سېغىنماقتا ئىدى. تېخى ئۇ كەلكۈن بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە چېدىر ئىچىگە دۈۋىلەنگەن تاغارلارغا يۆلىنىپ يېتىپ ئاقنىسانى چۈشەپ قالدى.

پەخرۇللا دوختۇرخانا كارىۋىتىدا ياتقۇدەك، ئاقنىسا كارىۋات قىرىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يوتا، پاقالچەكلىرىنى مۇجۇپ تۇتۇپ، سىلاۋاتقۇدەك... شۇ كۈنى غەلىتىلا بولۇپ قالغان پەخرۇللا كەچكىچە ئاقنىسا بىلەن تونۇشقاندىن بېرىقى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدى. ئەسلىگەنسېرى شېرىن ئازاب ئۇچىقىدا ئۆرتەندى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ ئاقنىسانىڭ قېشىغا قانات ياساپ ئۇچۇپ بارغۇسى كەلدى. پەخرۇللا «ئۇ ھازىر نەدىدۇر؟» دەپ ئاستا پىچىرلىدى. ئاندىن دەرھال ياستۇق ئاستىدىكى قول تېلېفوننى ئېلىپ نومۇرلىرىنى باستى. تېلېفون بىر ۋاققىچە قىسقا سىگنال بەرگەندىن كېيىن، ئاقنىسانىڭ تونۇش ئاۋازى چۆكۈلداپ كېلىشكە باشلىدى:

— سىزما جېنىم، ۋاي خۇدايىم، سىزنى ئۆلگۈدەك سېغىنىپ كەتتىم، — مىچىلداپ يىغلىغان ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى، — مەن ھازىر شىئەندىكى «تۇمانلىق سەھەر» مېھمانسارىيىنىڭ ئون بىرىنچى قەۋىتىدىكى بىر يۈز ئونتوققۇزىنچى ياتىقىدا.

— نېمانداق ئاۋازىڭىز پەس، — پەخرۇللا تېلېفوننى يەنە بىر قۇلىقىغا يۆتكىدى، — چىڭراق گەپ قىلىڭ، ئېنىق ئاڭلانمايۋاتىدۇ.

— چىڭ گەپ قىلغىلى بولمايدۇ. مەن ھازىر مۇنچىدا تېلېفون قىلىۋاتىمەن. چىمەن ناھىيە باج ئىدارىسىدىكى رازىيە دېگەن ئايال تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى.

— يۇيۇنۇۋاتامسىز؟

— ھەئە، كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭا!...

— كەلدى... سىز خۇددى «قومۇشكۆل» دىكى ئاق قۇلاردەك بوينىڭىزنى ئېگىپ، پەسكە ئۆيىلىپقىنا قاراپ تۇرسىز... پۈتۈن تۇرقىڭىز بەئەينى ئاق مەرمەردىن ئۆيۇلغان مەبۇدە...

— مېنى يۇيۇپ قويۇڭا؟

— يۇيۇۋاتىمەن، ھېس قىلدىڭىزمۇ؟

— ۋاي بولدى قىچىقلىماڭ...

— بولدى ئاقنىسا، بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن. قاچان قايتىپ كېلىسىز؟

— ئەمدى قايتتۇق، بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە بارىمەن... يېنىڭىزدا ھېلىقى يار يېلىم يوقما؟

— ئەليار ئاخشام بىرقانچە ئاغىنىلىرى بىلەن خېلىلا قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتىكەن، ئۇ خىزمەتنى تاشلاپ بوستانغا كېتىمەن، دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئەشەدە قونۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

— ۋاي جېنىم، ئاشۇ لۈم - لۈممۇ ئۇرۇشالامدىكەن؟

— بەزى لاۋزىلار غورۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلغان چېغى.

— چۈشەندىم، تايلىغىنى مېنى چىشلەپ تارتقاندۇ ئۇ ھەزىلەكلەر. پەخرۇللا، مېنىڭ ئامرىقىم، ئاجرىشىش ئىشى قانداق بولۇۋاتىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ. ھازىر خېلى يۇمشاپ قالدى. بۇرۇنلاردا ئاجرىشىشنىڭ گېپىنى قىلسام چىچاڭشىپ كېتەتتى. ئەمدى ئۈندىمەي جىم تۇرۇۋالىدۇ.

— ھەي، خوش ئەمىسە، — ئاقنىسانىڭ ئاۋازى تېخىمۇ پەسلەپ كەتتى، — ئاۋۇ خوتۇن ئورنىدىن تۇرغان ئوخشايدۇ. ياتاقتىن شەپىسى كېلىۋاتىدۇ. ئەمىسە سىزنى سۆيدۈم - ھە!

تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن «چوك» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن تېلېفون ئۈزۈلدى. پەخرۇللا ئوڭدا ياتقىنىچە تېلېفونغا ئۇزۇن قاراپ كېتىپ، «ئەجەبمۇ بەلەن نېمىسەن» دېدى - دە، ئۇمۇ تېلېفون ئېكرانىغا بىرنى سۆيۈپ قويدى.

پەخرۇللا سائەت 10 دىن ئاشقاندا ئورنىدىن ئارانلا تۇردى. مۇنچىدا يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن، يېڭى كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. ئاندىن ئەمدى سىرتقا چىقاي دەپ تۇرۇشى، ئۆيدىكى تېلېفون قاتتىق جىرىڭلىدى. پەخرۇللا ھازىر

تېلېفوندىنمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دىلمۇراتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەختەم كەم سۆز ھەلىمخان ئانىنى ئۆيگە ئەكىلىۋالغانىدى. تۆت ياشلىق ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، گويا ئاسماندىن يەرگە تاشلىۋەتكەندەك ئۈچ كۈن ھوشسىز ياتقان گۈلپىيە تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ھەلىمخان ئانىمۇ ئەلەڭ ـ سەلەڭ يۈرەتتى. ئۇ، ئوغلىنىڭ 60 ياشقا ئۇلىشىپ قالغاندا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن يۈرىكى ئەلەمزىدە بولۇپ، ئاچچىق يۇتۇشتىن بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئەختەمنىڭ ياكى گۈلپىيەنىڭ، بولار ئارقىلىق ئانىسىنىڭ تېلېفون قىلىشىدىن يۈرىكى تىترەپ تۇرىدىغان پەخرۇللا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئالدى:

— ۋەي، گۈلپىيەمۇ سىز، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئاتا، مېنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشۇمنىڭ كارايىتى چاغلىق، — گۈلپىيەنىڭ ئېسەدىگىنى ئاڭلاندى، — سىز مومامغا ۋەدە بەرگەنگە تۆت ئايدىن ئاشتى. ئەمما، يەنىلا ئانامغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇۋېتىپسىز. ھازىر مومامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئەگەر ئۇ ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ مومامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قىلغان ۋەدىلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟ سىز... بۇنداق ئالدامچىلىق قىلمايتتىڭىزغۇ؟

— گۈلپىيە سىزمۇ چوڭ بولدىڭىز، كۆڭۈلگە تالىق بۇنداق ئىشلارغا بېسىم قىلىشنىڭ ئۆزى يولسىزلىق ئىكەنلىكى سىزگىمۇ ئايان، — پەخرۇللانىڭ ئاۋازى بىردىنلا قوپاللاشتى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىڭىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى سىزگىمۇ، موماڭىزغىمۇ قاراڭغۇ... ئەگەر ئانام ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقسا، ئۆز ئوغلىنى: «بالام سېنى ئاتىۋرۇۋەتسىمۇ، سولىتىۋەتسىمۇ مەيلى دېگىن، بىر خوتۇن ئۈچۈن ئۆلۈپ بەر»

دېمەس !

— ئەمىسە، مومام ئالدىدا نېمە ئۈچۈن يالغان ئېيتىسىز؟ ئۇنى ئالداشقا ۋىجدانىڭىز قانداق چىدىدى؟

— بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىمىز، كۆڭۈل ئاياشتا گەۋدىلىنىدۇ. بىر كىمنىڭ ۋاقىت - سائىتى تولۇپ سەكراتتا ياتسىمۇ ياكى دوختۇر ئۆلىدىغان قارارىنى بەلگىلەپ بولسىمۇ، يەنىلا بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ: «چىرايىڭىز بىر ئوبدانلا تۇرىدۇ، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز» دەپ يالغان ئېيتىمىز، ئۇنى ئالدايمىز... بۇ ئەلۋەتتە ساۋابلىق ئۈچۈن ئالدامچىلىق قىلىش... مېنىڭمۇ ئانامغا دېگەنلىرىمنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىڭ... دۇنيادا كۆڭۈل شىشىسىدىن ئارتۇق نازۇك نەرسە يوققۇ!

پەخرۇللا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تاراققىدە قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. چۈشلۈك ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىچى پۇشۇپ قالسىلا تاماق يەپ كېلىدىغان ئاشخانىسى «ئەھەت قارىي ئاتۇش لەگمەن پادىشاھى» غا يۈرۈپ كەتتى. ئەھەت قارىي ئۇنى بالدۇرقىدەكلا تاتلىق گەپ، چىرايلىق كۈلكە، روھنى كۆتۈرىدىغان ماختاش، داملاشلار بىلەن قارشى ئالدى. ئۇنى ھېچكىم دەخلى - تەرۇز قىلمايدىغان ئايرىمخانىغا باشلىدى. ئەھەت قارىي ئۆز قولى بىلەن دەملىگەن چاينى قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كاللەك ناۋاتنى چولتۇككىدە قىلىپ سېلىپ قويدى.

— ئانارنىڭ دانىسىدەك، بادامنىڭ مېغىزىدەك ھاكىمىمىز، مەن ئۆزلىرىنى ساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئېنىق بىلىمەن جۇمۇسىلا، — دېدى ئەھەت قارىي بودەك ساقلىنى سىيپاپ قويۇپ، — ئۆزلە بىز ئاۋامنىڭ، مانا ماۋۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئويلايدىلا ئەمەسما. شۇڭا، چاي ئىچكەچ، خىياللىرىنى بەخۇدۇك سۈرۈۋەرسىلە، ھېلىلا تاماقنى ئېلىپ

كىرىدۇ.

ئەھەت قارىي چىقىپ كەتتى. پەخرۇللا قىزىق چاينى ئوتلىغاچ، تۈۋىسىز خىياللار پاتقىقىغا پاتتى. ئۇنى ئاۋامنىڭ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئەمەس، تۆت ـ بەش ئاي ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى:

... دىلمۇرات ئۆلگەن كۈنى ئەختەم بىلەن گۈلپىيەنىڭ ئۆيى خۇددى قىيامەت قايىم بولغاندەك يىغا ـ زارغا تولدى. گۈلپىيە ھېلىدىن ـ ھېلى ھوشىدىن كېتىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنغىنىچە يېتىپ قالاتتى. ئەختەمنىڭ يىغىدىن ئۇنلىرى پۇتۇپ كەتكەنىدى. ھەتتا ھويلىدا قول باغلاپ تۇرغان جامائەتمۇ كۆز يېشىنى تۇختىتالمىدى. ھەلىمخان ئانىنى ئېلىپ كەلگەن ماشىنا ھويلىغا كىرىشى بىلەن، بىنادىكى ئۆيدىن گۈلدۈرلىشىپ چۈشكەن ئەر ـ ئايال تۇغقانلار، بۇزرۇكۋار ئانىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ھازىنى باشقىدىنلا باشلىۋەتتى. قىسقىسى، ئۇ كۈنى يىغا ـ زار، كېلىم ـ كېتىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، دەممۇ دەم ئۆرلەپ تۇردى! ئاق پوتا باغلاپ ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پەخرۇللاغا ئاقىنسادىن ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېفون كېلىپ، زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. ئۇ ھە دېسىلا ھويلىنىڭ چېتىدە، چىملىق ئىچىدىكى ئورۇندۇقلاردا، دەل ـ دەرەخ دالدىلىرىدا تېلېفوننى قۇلىقىغا چاپلاپ، نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۇرەتتى... قانداقتۇر ۋەدىلەرنى قىلاتتى... ھەتتا تۇرغان ئورنىدا نەچچە قېتىم پىرقىراپ، قوللىرىنى شىلتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان ئىكرام كەلگەنچە ۋارقىراپلا كەتتى:

ــ ھەي، سىنىڭ نەرىڭ ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۆيدە قانداق مۇسىبەت بولۇۋاتىدۇ؟ گۈلپىيە ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ياتىدۇ. ئەختەم بولسا، ئۆزىنى ـ ئۆزى كاچاتلاپ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى... پەزلىيەمۇ ھەلىمخان

ئانىمىزنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ئۇنى پۇتۇپ، ئاۋازى چىقماس بولۇپ قالدى. سەن بولساڭ بۇ يەردە ئاشناڭغا ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈپ بولالماي ھەلەك.

— ھەي، بوشراق گەپ قىل، ئادەمنى تولا ھايھايلىماي.

— ھىھ، سەنمۇ نومۇس قىلىشنى بىلىدىكەنسەن - ھە؟ — ئىكرام ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، — مەن سېنى يۈزىنى، ئەمەل - مەنسەپلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرىنى، خوتۇن - بالىلىرىنى، كەلگۈسى ئىقبالىنى ھەتتا ئانىسىنىمۇ، بىر جالاپنىڭ يۈندى ئەۋرىزىگە تېگىشىشۈېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم!

— ئىكرام، سەن؟! — پەخرۇللا ئاچچىقىدا تاتىرىپ كەتتى، — ئاغزىڭنى يىغ، مېنى تىللاشقا ئاناڭنىڭ ھەققى يوق !

— ئاغزىمنى يىغمىسام قانداق قىلالايتتىڭ؟

ئىكرامىمۇ غەزىپىدە قاتتىق ۋارقىرىغانىدى، ھويلىدىكى جامائەتنىڭ ھەممىسى بىردەك قاراشتى. ئۇنىڭ بۇ تەلۋىلىكىدىن دەھشەت ئىزتىراپقا چۈشكەن پەخرۇللا، بۇگۈن ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، لاسسىدە بوشاپ، بىردىنلا پەسكويغا چۈشتى. ئۇ چاندۇرمىغاندەك قىلىپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— بولدى، بولدى دېدىم بولدى... — ئۇنىڭ بۇرۇن ئۇچىلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى، — مەن يېڭىلدىم... مەن ناماقۇل، بولدىما؟... سېنىڭ.... سېنىڭ... راست، ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟

— بولغان - بولمىغاننى ماۋۇ جامائەتتىن سورا، — ئىكرام تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى، — ئۇلاردىن «ئىكرام ئاغزىنى يىغسۇنمۇ - يىغمىسۇن»، «ئۇنىڭ مېنى تىللاشقا ئانىسىنىڭ ھەققى بارمۇ؟ يوق؟» دەپ سوراپ باق، نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكىن؟...

— بولدى قىل، ئىكرام، مەن سەندىن خۇش بولۇپ

كېتەي... ماۋۇ ئادەملەر قاراشقىلى تۇردى.

— ھەي، سېنىڭ نەرىڭ مۇسۇلمان؟ ماۋۇ ئۆيدە نېمىش بولدى، نەدىن كەلگەن شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ يىغىسى بۇ؟! ئۆلگىنى مېنىڭ نېمەم بولىدۇ؟! مەن ھازىر كىم بىلەن ئىشق سودىسى قىلىۋاتىمەن؟ دەپ يۈرىكىڭگە قولۇڭنى سېلىپ باق! ۋىجدانىڭ بولسا قانداق جاۋاب بېرىدىكىن؟

— سېنىڭ راست، سېنىڭ راست، ئۆتۈنۈپ قالاي، سېنىڭ ھەق، ئەمدى بولغاندۇ؟ — بىردە سارغىيىپ، بىردە تاتىرىپ، تۇرۇپلا سوغۇق تىترەپ تۇرغان پەخرۇللا نېمىلەرنىدۇر غودۇراپ، ئاستىلا كوچىغا چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. مېيىت ئۇزىتىلىپ يەرلىككە تەگكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ نەزىرىسى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. نەزىر ئۇزاپ، ھەلىمىخان ئانا پەخرۇللانى گۈلپىيەنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ، زەمچىگە باستى.

— پەخرۇل ئېيتقىنا قېنى، سەن ھاكىم بولدۇڭمۇ ياكى پۈتۈن كائىناتتىكى جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتقا ھۆكۈمىنى يۈرگۈزمەكچى سۇلايمان پادىشاھمۇ؟! سەن كىچىككىنە ئەمەلگە ئېرىشىپلا ئەسلىي نەسلىڭنى ئۇنۇتتۇڭ. ئۇ دۇنيادا ئاتاڭ مەرھۇمنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلىپ، بۇ دۇنيادا ئاناڭنى يەرگە قارىتىپ، زادى نېمىگە ئېرىشتىڭ، دېگىنە قېنى؟

— ئانا، مەن نېمە گۇناھى كەبىر، گۇناھى سەغىرلەرنى ئۆتكۈزدۇم، روشەنرەك دېمىسىلىرى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا قالدىم.

— سەن... سەن مېنىڭ ئالدىمدا تولا قۇيرۇق شىپاڭشىتما! — ھەلىمىخان ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى كۆزلىرىدىن بىلىندى، — پەزلىيەنى تالاق قىلماقچى بوپسەنغۇ. يەنە... يەنە شەرمىي ھايانى بىلمەيدىغان بىر شەرمىسارنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەنغۇ؟

پەخرۇللا 80 گە ئۇلىشىپ قالغان بىر مومايغا ھازىرقى نىكاھ قانۇنى، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ چەكسىز ئەركىنلىكى، كىشىلىك قانۇن، شۇنداقلا پەزىلەتنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ كالىسى فېئوداللىق ئەنئەنە تۇرمۇش قاراشلىرى بىلەن قاتماللىشىپ كەتكەن بىر موماي قوبۇل قىلالامدۇ؟ يەنە كېلىپ بېغىدا پىشىپ قالغان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمىغاندەك، ھەلىمىخان ئانىنىڭ ھايات شامىنى ئۆچمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! ئۇنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ھالىتىدىنلا ئۇزۇنغا بارالمايدىغانلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاج بار يولۇقاسىنىڭ تۆكىنى يېتىشىغا سىلاپ، ئۇنى ئاچچىقلانماي، ئۇخلىتىپ قويغان تۈزۈك. ئۇنىڭسىزمۇ باش ئاغرىقى ئىشلار ئازمۇ؟ تېخى ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدىلا ئىكرام توڭكاي نېمىلەرنى دەپ ئاغزىدىن پوق ئېقىتمىدى! ياﺋاللا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقمىۋاتامدۇ!

— ئانا، ئۆزلىرىمۇ دائىم «ياخشىغا پۇتلاش تولا»، «ياخشىغا كۆرۈم يوق، يامانغا ئۆلۈم» دەيتتىلىغۇ، — پەخرۇللا ئانىسىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى، — مېنىڭ ئاۋام ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر - مېھنەتلەرنى سىڭدۈرگىنىمنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن، رادىئولاردىن ئاڭلىغانلا، تېلېۋىزورلاردىن كۆرگەنلا ياكى گېزىت - ژۇرناللاردىن ئوقۇغانلار.

— كۆردۈم، ئوقۇدۇم، ئاڭلىدىم، — ھەلىمىخان ئانا بېشىنى چايقىدى، — بۇ قېتىمقى يىغىنىڭلاردىن سېنىڭ تۆھپە، ئەجرىڭنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم. بولۇپمۇ ئەزىمجان يارئەلىنىڭ «چىمەن ئاسمىنىدا پارلىغان چولپان» ناملىق ئاخبارات ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئىنشائاللا خۇدادىن ئىمانىڭنى، ئىنساپىڭنى تىلىدىم.

— رەھمەت ئانا، مېنى چۈشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە

تەشەككۇر، — پەخرۇللا ئانىسىغا سىنچى كۆزلىرىنى تىكتى، — مېنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىم، ئۆزلىرىنىڭ دۇئاسىدىن بولدى. جان كۆيدۇرۇپ ئىشلەشلىرىم بولسا، ئۆزلىرىدىن ۋە ئاتامدىن قالغان گۆھەردەك خىسلەتلەردۇر! لېكىن، ياخشى ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەمنىڭ كۈشەندىسى كۆپ بولىدىكەن. چىمەندە بولسۇن ياكى بوستان دىيارىدا بولسۇن، ئۈستۈمدىن كۆپلىگەن يامان ئىغۋالار تارقالدى. ھەتتا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرىگىچە چېقىم يوللىندى. رەھبەرلەر ئىشەنمىگەچكە، مېنى يەنىلا تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت ـ ژۇرناللاردا تەشۋىق قىلىۋەردى.

— مانا، مانا... ھۆكۈمەت دېگەن قىلنى قىرىق يارىدۇ، قاباھەت نىجىسلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ، — ھالىمىخان ئانا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — سەن توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ، نامازلىرىمدىن ئازدىم. راستىنلا پەزلىيە بىلەن ئاراڭلاردا ھېچ ئىش ئۆتمىدىمۇ؟

— ئۆتمىدى دېسەم، ئۆزلىرىنى ئالدىغان بولىمەن، ئانا، — دېدى پەخرۇللا تەمكىن ھالدا، — ئۈستۈمدىن چىققان گەپلەرگە ئىشىنىپ قالغان پەزلىيە مەندىن خاپا بولۇپ، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەرز تۇتۇپتۇ.

— نېمە دېدىڭ؟ — ھەلىمىخان ئانىنىڭ چىرايىغا بىردىنلا غەزەپ بۇلۇتلىرى سوقۇلدى، — نېمىدەپ يېزىپتۇ؟

— پارا يېدى، خىيانەت قىلدى، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلىدى، دەپ مېنى چىرىكلىكتە ئەيىبلەپتۇ.

— سەن شۇنداق قىلغانمىدىڭ؟

— ھۆكۈمەت پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى نەدە ماختاپ، تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىتلەردە ئېلان قىلغان بار.

— بۇ دېگىنىڭمۇ راست، نېمە قىلغىنىدۇ بۇ خوتۇننىڭ.

— تېخى ئانا، پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىرچىڭنىڭ قېشىغا

گۈلپىيە ئىككىسى كىرىپتۇ. سىڭلىم ئەمىرىنىسا ئۇلارنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ، «دەرد» تۆككىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ.

— خۇدايا توۋا، بۇ ئانا - بالىغا نېمە بولغان، بىرىنىڭ ھالال ئېرى، بىرىنىڭ ئاتىسى تۇرسا - ھە؟!

— ئانا، مەن ئادەتتىكى كادىر ياكى پۇقرا بولمىسام، ئەگەر مەن سېپىسام پۈتۈن ناھىيە، ۋىلايەتتە تۇرغۇسىز بولۇپ كەتمەمدىم؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئامما ئارىسىدا خىزمەت ئىشلەمدىم - يوق؟! — پەخرۇللا ناتىقلىقى بىلەن ئانىسىنىمۇ قايىل قىلىپ قويىدى، — شۇڭا، ئاچچىقىم كېلىپ، «سىزدىن ئاجرىشىپ كېتىمەن» دېگىنىم راست.

— ھەي... ئايال كىشى دېگەن يەنىلا ئاياللىق لېيىدىن قۇرۇلغاندە! ئېرى ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغانىكەن، نېمە قىلىدۇ يۇقىرىغا داد ئېيتىپ، مەن ئۇنىڭغا...

— بولدى ئانا، ئۇنىڭ يۈزىگە ئەمدى سالمايلى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جاراھەت ئەمدىلا ساقايدى، يەنە كوچىلاپ يۈرمەيلى.

— ئەمىسە، پەزلىيەدىن ئاجراشماسلىقتا، ھېلىقى شەرمىسار ئايالغا يېقىن يولىماسلىقتا مېنىڭ ئالدىمدا ئىمانىڭ بىلەن ئەھدە قىل.

پەخروللا ھەلىمخان ئانا ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، موماي قانائەت تاپقۇدەك ئەھدۇ پەيمانلارنى قىلدى...

— ئۇھ خۇدا، — ئەھەت قارىي ئاشخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ئولتۇرغان پەخرۇللا چوڭقۇر تىندى، — چارچاپتىمەن، خىزمەتكە قارىغاندا، مېنى تۇرمۇش بەكرەك چارچىتىۋەتتى...

— ھە، مانا، مانا، ئاتۇشنىڭ لەڭمەن پادىشاھى كەلدىلەر! — پەتنۇسقا سېلىنغان بىر تەخسە لەڭمەننى بېشىغا ئېلىپ

كۆتۈرگەن مۇلازىم غىلدىرلاپ كىرىپ كەلدى، — ھاكىم ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىگە تۇجۇپىلەپ قىلىمىز دەپ ساقلىتىپ قويدۇق. كۆڭۈللىرىگە ئالمىغان بولسىلىرى.

پەخرۇللا سامساق سوقۇپ ياسالغان مۇچ قىيامىلىرىنى ۋە تېتىتقۇلىرىنى ئىلەشتۇرۇپ، راسا مەززە قىلىپ، ئالدىرىماي يېگەندىن كېيىن، يېرىم ئاپقۇر ئاش سۇيىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن «كارت» تىدا بىرنى كېكىرىۋېتىپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىمەننى، خىزمەتنى، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ چەت ئەلگە كەتمەكچى بولغان ئوغلى ئەليارغا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياتىقىغا بارماقچى بولۇپ شۇ ھامان يالتايدى. ئەگەر پەزلىيە ئىدارىسىگە كەتمىگەن بولسا، ئانا ـ بالا ئىككىسى بىر ياقتىن زۇۋانىنى قويۇپ بېرىپ، يەنە تېخى يىغلىشىپ، بارغانغا تويغۇزۇۋېتىشى مۇمكىن. پەخرۇللا سائىتىگە قاراپ خىزمەت ۋاقتىدىن بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككىلەنمەيلا ئىدارىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

پەخرۇللا ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىغا كىرىپ كېلىشىگە، ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان تۇراپ ئەيسا دېرىزىدىن ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئىچىدە: «كەلكۈندىن قايتىپ كېلىپ ئۆيىدە ئارام ئېلىۋاتقاندۇ دېسەم، بۇ شاپاقچى ھاكىم نەگە بارغاندۇ؟ ھېلىقى يالاندى ئۇن تېيىنغۇ تېخى ئىچكىرىدىن كەلمىدى» دەپ غۇتۇلدىدى. ئاڭغىچە پەخرۇللا خىزمەت بىناسى پەلەمپەيلىرىدە تاراقلاپ كارىدورغا كىرىپ كېتىشىگە، تۇراپ ئەيسا يەنە: «كەلكۈندىن قايتىپ كەلگەن كادىرلار بىر ـ ئىككى كۈن ئارام ئالىدۇ، لېكىن بۇ ئىش، ئەمگەك، خىزمەت، ئۆگىنىش، مەشغۇلاتقا يارالغان تۆمۈردەك نېمىكىنا...» دەپ قويدى.

ھازىر تۇراپ ئەيسانىڭ پەخرۇللانىڭ ئورنىغا ھاكىم بولۇش تەمەسى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا بولغان

ئۆچمەنلىكى، قوغۇنلۇقتىكى شۇمبۇيىدەك كۆكلەپ، كۆپىيىپ تۇراتتى. ئادەم دېگەن بەزى ھاللاردا قوتۇر ئېشەكتەك سۇركەلمەيدىغان يېرى يوقكەن. تۇراپ ئەيسا «يەنە بىر ـ ئىككى يىلغا قالماي ئارامغا چىقىمەن. ئەمدى بولدى قىلاي» دېمەيتتى. ئۇ خۇددى جاھانغا تۇۋرۇك بولىدىغاندەك پەخرۇللانىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرى تارقالسىلا، ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشىپ ئولتۇرالمايلا قالاتتى. ۋىلايەتتە تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلغاندا، پەخرۇللا تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىق قىلىندى. كۆكلەرگە كۆتۈرۈلۈپ ئالقىشلاندى. ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە يوللانغان ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق نامسىز خەتلەر، كېيىنكى پەزلىيەنىڭ نامىدا ئەۋەتىلگەن پارىخورلۇق، خىيانەت، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىش... كە ئائىت ماتېرىيال، ھەتتا فاڭ جىژچېڭغا بىۋاستە پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزگەن خەتلەر چېغىدا خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپلا كەتتى. تۇراپ ئەيسا بۇنىڭ سىرىنى ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىلا بىلدى.

ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋە بەكمۇ يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان ئۇ ۋەقەلەر، تۈنۈگۈنلا يۈز بەرگەندەك تۇراپ ئەيسانىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى:

... تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەن پەخرۇللا، خۇددى بىرىنچى دەرىجىلىك سىياسىي ۋەزىپىنى بېجىرمەكچى بولغاندەك جىددىيلىشىپ، يۆتكەش ۋە يۆتكىلىش خىزمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشخانىلارغا ئۆزى يۈگۈرۈپ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، ئۇنى بيۇروكراتلىقتا ئەيىبلەپ، ئىنايەتىنىڭ سىڭلىسى گۈلزۆھرەنى ئاتچۇي تاغلىق رايوندىن ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكىدى. تېخى يۆتكەشكە مۇناسىۋەتلىك تونۇشتۇرۇشلارنى ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيسا تەييارلاپ بەردى. شۇندىلا ئۇ

ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن ئۈچ قېتىملىق ماتېرىيالنىڭ ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىشىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇنداقتا، پەخرۇللا پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىڭچىڭغا نېمە ئىش قىلىپ بەرگەندۇ؟ ئۇ جاھىلنىڭ نەزىرىدىن قانداقمۇ ئۆتكەندۇ؟ ياق، بۇ فاڭ فامىلىلىك ۋىلايەت بويىچە «گېلى پۇتۇك» ئەمەلدار دەپ بىكار نام ئالمىغان. ئۇنىڭ گېلىدىن چوڭ ـ كىچىك، قاتتىق ـ يۇمشاق، تاتلىق ـ ئاچچىقنىڭ ھېچقايسىسى ئۆتمىگەچكە «گېلى پۇتۇك» تە! بىراق، ئۇ كادىر ئىشلىتىشنىڭ پىرى! پەخرۇللادەك تۆھپىكار، پىشقان، تەۋرىمەس ئىرادىلىك ھاكىمنى ئەرزىمەس ئىشلار تۈپەيلىدىن ھەرگىز مەيدىسىگە تەپمەيدۇ. توغرا، ئۇ پەخرۇللانى قانات ئاستىغا ئالدى. ئاقىنىسانى، يەنە ئانچە ـ مۇنچە يېگەن پارا، قىلغان خىيانەتنى تارازىغا سېلىپ كۆرگەندە، پەخرۇللانىڭ دۆلەتكە يەتكۈزگەن ئەجىر ـ ئېھسانى بېسىپ كەتتى ـ دە! ھەي... فاڭ جىڭچىڭ، ھەي فاڭ جىڭچىڭ، باشقىلار تاش سانىسا، سەن قۇم سانايدىغان قاغداڭما نېمىكەنسەن. قېنى مەن سېنىڭ يۈرىكىڭگە شۇنداق بىر ئۇلغۇماچ سالايكى، مايمۇندەك چىرقىرىغان ئاۋازىڭ پۈتۈن بوستانغا ئاڭلانسۇن!

ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانا مۇدىرى تۇراپ ئەيسانىڭ ئۇستىلىدىكى ئەينەك ئاستىدا ۋىلايەتتىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىشخانا، ئۆي ۋە قول تېلېفونلىرىنىڭ نومۇرى يېزىلغان جەدۋەل بار ئىدى. ئۇ ئىشخانا تېلېفونىنى باش ئاپپاراتتىن سۈرۈشتە قىلىپ بىلىۋالىدىغان بولغاچقا، قول تېلېفونىدا فاڭ جىڭچىڭنىڭ ئىشخانىسىنى ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خەنزۇ تىلىدا بەكمۇ راۋان سۆزلەشتى. تۇراپ ئەيسا ئاغزىغا كىچىكرەك گۈلە قاقتىن بىرنى سېلىۋالدى:

ـــ ۋەي، سىز ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىڭچىڭ بولامسىز؟

ـــ شۇنداق، سىز كىم؟

— مېنىڭ كىم بولۇشۇمنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق. لېكىن، سىز پارىخور، خىيانەتچى، تۇرمۇش ئىستىلىدا چىرىگەن ئۇنسۇر پەخرۇللانى قاچانغىچە قانات ئاستىغا ئالىسىز؟ خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن قورقمامسىز؟

— چۈشەندىم. ماڭا ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا كەلگەن پاش قىلىش ماتېرىيالىنى سىز يازغان، شۇنداقمۇ؟

— مەن پەقەت سىزگىلا يازدىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈشتىكى ئىنكاس ماتېرىياللارنى بەلكىم چىمەن خەلقى يازغان بولۇشى مۇقەررەر.

— ئۇنداقتا، چىمەن خەلقىگە سىز يېزىپ بېرىپتىكەنسىزدە! چۈنكى پوچېركىلارنى سېلىشتۇرۇۋېدۇق، بىرلا ئادەمنىڭ خېتى!...

تۇراپ ئەيسانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، كالپۇكلىرى سىتىلداپ كەتتى. «پوچېركا تەكشۈرۈش» بۇ قانۇن ۋە دىكتاتورا ئورگانلىرىنىڭ جىنايى ئىشلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىكى كەسپىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرى، فاڭ جژچىڭنىڭ پوچېركىلارنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشى، بۇ ئىشنى قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى. قورقۇپ كەتكەن تۇراپ ئەيسا، دەرھاللا ئىنقىلابچى نىقابىنى كىيدى.

— دۆلەت ۋە خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا، بىر بۇزۇق ئەبلەخنى پاش قىلغان ئاممىغا ۋە ئىنقىلابىي كادىرلارغا مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتامسىز؟

— بۇگۈن سىز پەخرۇللانى بۇزۇق دېسىڭىز، مەن ئۇنى يوقاتسام، ئەتىسى مېنى ئىشپىيون، جاسۇس دەپ ماتېرىيال يوللىسىڭىز، يۇقىرى رەھبەرلىك مېنى دەرھاللا جازالاپ يامان نىيىتىڭىزنى قوللىسا، بۇ ئىشىڭىز دەۋرىي سانلاردەك ئاياغ ئۇچى چىقماي داۋاملىشىۋەرسە... بوستاندا، جۇڭگودا بىرەرمۇ رەھبەر قالمىغۇدەك. پاھ! پىلانلىرىڭىز نېمىدېگەن يامان! ئەگەر

قورسىقىڭىزدا جىن بولمىسا، مەن بىلەن يۈز تۇرا مۇنازىرىلىشىڭ... ئۇنىڭغا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايسىز! بۇ ماڭا ئايان... لېكىن ئۇنتۇماڭكى قانۇن سىزنى ھامان تېپىۋالىدۇ.

تۇراپ ئەيسانىڭ پۈت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇ ھەرگىز ئوتتۇرىغا يالىڭاچ چىقمايتتى. بۈگۈنكىچە سىرتتىن كەلگەن ھاكىم، شۇجىلاردىن خېلى تۈزۈكلىرىنىمۇ سامان ئاستىدىن سۇ ماڭدۇرۇپ، سەتەڭلەر ھىيلىسى بىلەن چىرىتىپ، مەنپەئەت خەزىنىلىرىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەشلىرىنى توغرىلاپ قويغان بولسىمۇ، ئۆزى بەخىرامان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ، تامىقىنى يەپ، تاماكىسىنى توغرا چېشلەپ، ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرۈۋەرگەنىدى. ئەمدى تۇراپ ئەيسا ئۆزىنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، فاڭ جژچىڭ بىلەن يۈز تۇرا سۆزلەشسە، ئۆزىنى ـ ئۆزى ئوتقا ئىتتەرگەن بولمامدۇ؟ ئۇنداق ئەخمەقچىلىقنى بېشىنى ئېشەك غاجىلىۋالغان ساراڭمۇ قىلماس!

شۇ كۈنى كەچتىلا پەخرۇللا فاڭ جژچىڭنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ تېلېفوندا:

— ناھىيىلىك كومىتېتتا سىز بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئادەم بارمۇ؟ سىز توغرۇلۇق نامسىز تېلېفون تاپشۇرۇۋالدىم. ئويلىنىپ بېقىڭ، — دېدى. پەخرۇللا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىرەركىم بىلەن گەپ تەگىشىپ قالغان، جېدەللەشكەن ياكى خىزمەت جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمىگەن يەرلىرى يوق ئىدى. فاڭ شۇجى ئەتىسى ئەتىگەندە ئىنتىزام تەكشۈرۈشتىكى ئىنايەتنىمۇ ئەسكەرتىپ:

— ساڭا پەخرۇللا ھەققىدە قورقاق سېلىپ بىرەر ئادەم تېلېفون قىلغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا: «يېقىندا سەن بىلەن سوتتا كۆرۈشۈپ قالىمىز...» دېسەڭلا بولدى، — دەپ گەپ ئۆگىتىپ قويدى.

ھەممە، تەرەپتىن بۇرنىغا يېگەن تۇراپ ئەيسا شۇنىڭدىن

باشلاپ، پەخرۇللا ۋە ئاقنىسانى ماراپ، پەزلىيە بىلەن بولغان جېدەللەرنى يوشۇرۇن ئاڭلاپ، بوستانىدىكى ئوت قۇيرۇقى لالما ئىتلىرىغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلار تويى، مەرىكە، نەزىر - چىراغ، كەچلىك بازار سورۇنلىرىدا بولۇشىچە ئاغزىنى قويۇۋېتىپ، كۆپتۇرۇپ، يالغاننى قوشۇپ قاۋاپ، پەخرۇللانى سېستاتتى. ھەتتا يەرلىك كومىتېت، پارتكومىنىڭ دەرۋازا، تاملىرىغا ھەرخىل خەتلەر يېزىلغان قەغەزلەرنى يوشۇرۇن چاپلايتتى. ئۇنىڭدىكى تېتىقسىز، لاۋزا، سەت تىل - ھاقارەتلەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم پەخرۇللانىمۇ، چاپلىغان ئادەمنىمۇ تەڭ ئەيىبلەيتتى...

كۈن قىيىلىپ، چىمەننىڭ ئەجەب كۆركەم نەشپۈت باغلىرىغا باش قويدى. كەچلىك ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. تۇراپ ئەيسا كەسىپي خىزمىتىنى يىغىشتۇرغان بولسىمۇ، يېرىم سائەت گېزىت ئوقۇش ئادىتى بويىچە خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئەمدىلا قولىغا ئېلىشى، سۇلياۋ خالتا كۆتۈرگەن پەزلىيە ئۆي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئارىدىن ئانچە كۆپ ئۆتمەيلا بىنا پەلەمپىيىدە پەيدا بولغان پەخرۇللا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر كېرىلدى - دە، پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ چۈشۈپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ كىچىككىنە قوش قاناتلىق دەرۋازىنى تاراقلىتىپ كارىدورغا كىرىپ كەلگەندە، پەزىلىيە كورىدىكى ئۆرۈكنى يۇيۇۋاتاتتى. پەخرۇللا گەپمۇ قىلماي مېھمانخانىغا ماڭدى. پەزىلىيە ساپسېرىق مەي بولۇپ پىشقان ئۆرۈكنىڭ راسا سەرخىللىرىنى بىر تەخسىگە چىرايلىق تىزىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەدەم ئالدى. يۇمشاق دىۋانغا چۆكۈپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان پەخرۇللا ئۇنىڭغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. ئەمما، ئالدىدىكى شېرىبەتلىرى ھۆلۈلدەپ پارقىراپ تۇرغان ئۆرۈكنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ كەتتى بولغاي، ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە تالنى ئاغزىغا سېلىپ، تامىقىدا ئېزىپ،

ئۆرۈقچىسىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئەينەك شىرەگە قويدى. ئۇ ئىنايەت سۆزلەپ بەرگەن ئەرزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەزلىيەنى كۆرەرگە كۆزى، سۆزلەرگە ئاغزى يوق بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، قوپال ھاقارەت، غۇرۇرىغا تېگىدىغان سەت تىللار بىلەن ئاچچىقىنى چىقىراتتى. ئەدناسى ئىنتىزام تەكشۈرۈشتىكى ئۆز قىلمىشلىرى پەزلىيەگىلا ئايان بولغان ئەرزنامە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئايالىنى خۇددى دۈشمەندەك كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئىشلار يۈز بەرگەننگە گەرچە يېرىم يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، پەخرۇللا كۈندىن ـ كۈنگە ئەسەبىيلىشىپ، ئاجرىشىش ھەققىدە ھەركۈنى دېگۈدەك بېسىم ئىشلىتەتتى. پەزلىيە تىل ـ ھاقارەت، خورلۇقلارغا چىداپ تۇرۇپ، تۆت نۆۋەت سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، بىرەر قېتىم كۆڭلى سۇ ئىچكۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە ئۇ «ۋاپاسىز، سۇيىقەستچى، قارا كۆڭۈل» دەپ ھاقارەتلەندى. ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى سۆھبەتكە ئىشەنچى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەن ئەقىدە بىلەن يەنە بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقماقچى بولدى. شۇڭا، ئۇ سۆزىنى تەمكىن، سىلىق، ئالدىرىماي باشلىدى:

— پەخرۇللا، ئىككىمىز ۋارقىراشماي، خاپا بولۇشماي، چېچىلىپ قالماي، ئەستايىدىل سۆزلىشىپ باقساق.

— سەن مېنىڭ يۈزۈمنى قىلماي، ئارقامدىن گەپ تېپىپ، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالىلارغا يامان كۆرسىتىپ، — پەخرۇللانىڭ بارغانسېرى جەھلى قاتماقتا ئىدى، — ھەتتا ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە، تەشكىلگە ئەرز قىلىپ، جەمئىيەتتە مېنى يۈرگۈسىز ھالدا سېسىتىۋەتتىڭ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە قانداق گەپلىرىڭ بار ئىدى؟

— پەخرۇللا، سىز ماڭا ئۇۋال قىلماڭ. مەن ئىنتىزام

تەكشۈرۈشكە ئەرز يازمىدىم. فالڭ شۈجىخىمۇ دەرد تۆكمىدىم، — پەزلىيە ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى، — سىز ئىكرام، گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەلىيارلارغا شۇنداق دىگەندىن كىيىن ئۇلار مىنى قاتتىق ئەيىبلەپ كەتتى. مەن ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە بارسام، نۆرەخمەت دىگەن كادىر «بۇنداق ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق» دەپ ئوچۇق ئىيتتى. ماڭا نىمىشقا ئىشەنمەيدىغانسىز؟ مەن سىزگە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بىرەي. سىزگە زادى نىمە قىلىپ بەرسەم ئىشىنىسىز؟

— بولدى، راست گەپنى قىلسام سەن بىلەن سۆھبەتلىشىشتىنمۇ يىرگىنىمەن!

— نىمە، سىز ماڭا شۇنچىلىك نەپرەتلىنەمسىز؟

— بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا، — پەخرۇللا ياقىسىنى تۇتتى، — توۋا، توۋا، ئەرزنى سەن يازمىغانمۇ بول، لىكىن گىلەمنىڭ «ئانار گۈللۈك» نۇسخىلىرىدىن تارتىپ، ئەتلەس، 50 مىڭ سوم پۇل، خۇرۇم پەلتو، ئالتۇن ئۈزۈكلەرگىچە بىلىدىغان قانداق ئەۋلىيا غەمماز ① دۇ؟! ئۇ ياكى رەمچى، ئايغاقچىمىدۇ؟! بۇلارغا نىمە دەيسەن؟

— ئاھ خۇدا، ئاھ تەڭرىم، — پەزلىيەنىڭ كۆزلىرىدىن ئىقىۋاتقان ياش يۈزلىرىنى يۇيۇپ، ئىڭەكلىرىدىن ساقىماقتا ئىدى، — بۇ... بۇ قانداق تۆھمەت! قانداق سۇيىقەست! مەن كىمگىمۇ يامانلىق قىلغان بولغىيتتىم؟!

— بولدى پەزلىيە، ئەمدى ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى، ئۆي تۇتقۇدەك ئىمكانىيەت قالمىدى، — پەخرۇللانىڭ چىرايى بۇتتەك سۇرلۇك ئىدى، — مىنىڭ كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى. مىنى تولا مەجبۇرلىما، تاشنى تاياقىا تاڭغاندەك ياشىغاننىڭ نىمە لەززىتى بولسۇن؟

— سىز راستىنلا مەندىن زىرىكتىڭىزما؟

---

① غەمماز — چىقىمچى، گەپ يۈرۈشتۈرۈپ ئازاب تۇغدۇرغۇچى.

— ھېسسىياتتىكى سوغۇقچىلىق مۇھەببەتنىڭ ئۆلۈمى! ئارىمىزدىكى مۇھەببەت تۈگىدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ مۇنازىرىسى راسا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، كارىدوردا كىمدۇر بىرى بىر نېمىگە پۇتلىشىپ كەتكەندەك «تاراققىدا» قىلىپ قالدى. پەخرۇللا ئېتىلىپ چىقىپ چىراغنى ياندۇرۇۋەتتى، قولىدا بىر پارچە خەتنى تۇتقان تۇراپ ئەيسا، ئالاقزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي دۇدۇقلاپ كەتتى:

— سى...سىلىگە... بىرپارچە خەت كەپتىكەن... شۇنى...

— سىلى قاچان كىرگەن؟ نېمانداق ئۆيگە كىرمەي، بۇ قاراڭغۇ كارىدوردا تۇرىدىلا؟

— تېخى... تېخى شۇ... شۇ تۇرقىدا...

پەخرۇللا خەتنى شارتىلا تارتىۋېلىپ، ئادرېس ۋە ۋاقتىغا قاراپلا قاپىقى تۈرۈلدى.

— بۇ يېرىم يىلنىڭ ئالدىدىكى خەت، سىلىنىڭ قوللىرىدا، ھازىرغىچە نېمە قىلىدۇ؟

— بىرنەچچە قېتىم ئەكەلسەم ئۆزلىرى ھەم خانىممۇ يوق بېرەلمىگەن ئىدىم. كېيىن ئىشخانىدا قويغان يېرىم ئېسىمدە يوق بىر مەزگىل تاپالمىدىم.

— ئەرزىيەت ئىشخانىسىدىكى مەريەم ئىككى پارچە، دېگەندەك قىلىۋىدىغۇ؟

— شۇ... شۇ... — تۇراپ ئەيسا دەمال نېمە دېيەرىنى بىلەلمىدى، — يەنە بىرىنى تاپالمايۋاتىمەن، ئۇنىمۇ ئەتىگىچە تېپىپ ئەكېلىپ بېرەي. ما... ماقۇل ئەمىسە، مەن... مەن چىقاي.

•

ئىككى ـ ئۈچ قەدەم ئارقىچە ماڭغان تۇراپ ئەيسا، ئوسال بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى، پەخرۇللا ئۇنىڭ بىنورمال ھەرىكەتلىرىدىن، بىسەرەمجان چىرايلىرىدىن، تەرەببا فاك

جىڭنىڭ شۇجىنىڭ: «ناھىيىلىك كومىتېتتا ئۆچەكمىشىدىغان ئادىمىڭىز بارمۇ؟ سىز توغرۇلۇق نامسىز تېلېفون تاپشۇرۇۋالدىم. ئويلىنىپ بېقىڭ...» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدىيۇ، شۇ ھامان ئۆزىنى ـ ئۆزى مەسخىرە قىلغاندەك غەلىتىلا كۈلۈپ:

ـــ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. چىمەنگە كەلگەندىن بېرى ماڭا ھەمقام بولۇۋاتقان، ئاقنىسانى تۇرمۇشۇمدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتكەن. بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمگە قارا سانىۋاتقىنىمنى قارا... ــ دېدى پىچىرلاپ.

پەخرۇللا شۇ كۈندىن باشلاپ پەزىلىيەگە قارىمايلا قويدى. تاسادىپ ئۇچرىشىپ قالسا: «ئويلاندىڭمۇ؟ تېزراق بىر قارارغا كەل، مېنىڭ تاقىتىمنىڭ چېكى بار...» دەپ ئاجرىشىشقا قىستايتتى. شۇنداقتىمۇ بىر يۇرۇش ئۆينىڭ ئىككى ھۇجرىسىدا ئىككىسى تۇرۇۋاتقاچقا، پەزىلىيە ئەتكەن تاماقلىرىنى ئۇنىڭغا ئەكىرىپ بېرەتتى. بەزىدە ئېلىپ قويۇپ، كەلگەندە ئىسسىتىپ ئالدىغا قوياتتى. لېكىن، ئارىدىكى زىددىيەتنى يۇمشىتىش، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. قىلغان بىلەنمۇ جاۋابسىز قېلىشى ئېنىقلا ئىدى. ئاددىيسى:

ـــ چۈشتە كېلەمسىز، تاماق ئېتىپ تۇراي، ــ دەپ سورىسا، پەخرۇللا خاپا بولۇپ:

ـــ كەلسەم ـ كەلمىسەم نېمە كارىڭ، ئۆزۈڭ ئېتىپ يەۋەر، ــ دەپ دوق قىلاتتى ياكى جاۋاب بەرمەي چىقىپ كېتەتتى. كېيىنچە پەزىلىيە سوراش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ:

ـــ چۈشتە كېلەلەمسىز ياكى يېزىلارغا خىزمەتكە بارامسىز؟ ــ دەپ سورايدىغان بولدى. ناۋادا ئىنساپى كېلىپ «كېلىمەن» دەپ قالسا، پەزىلىيە ئىدارىسىدىن يېرىم سائەت بالدۇر كېلىپ، پەخرۇللا ياقتۇرۇپ يەيدىغان تاماقنى ئېتىپ تۇراتتى. كېيىنچە ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ئويلاپ، تاماقنى ئەتىگەندە ئېتىدىغان

بولدى. شۇ كۈنلەردە پەخرۇللانىڭ ئويۇن ـ تاماشاسى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ سەھەر چىقىپ كەتسە، كېچىدە، تۈن نىسپىدە، بەزىدە تاڭ سۈزۈلگەندە مەست كېلەتتى. تېخى ئىدارە ـ جەمئىيەت باشلىقلىرى، شىركەت، كارخانا، رېستوران، مېھمانخانا خوجايىنلىرى، ئۆي ـ ئىمارەت، يەر ـ جاي سودىگەرلىرى، توپ ئېلىپ، توپ ساتىدىغان ھايانكەشلەرنىڭ چاپانچىلىرى، ئالاقانات قوغدىغۇچىلىرى ئۇنى يۆلەپ، كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ قويىدىغان چاغلارمۇ بولاتتى. بەزىدە نەلەردىدۇر قونۇپ قالاتتى. بىر كۈنى پەزىلىيە ئېھتىياتچانلىق بىلەن گەپ ئاچتى:

— بىر كۈن كەچكىچە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ ھارىدىغانسىز، كەچتە بالدۇرراق كېلىپ ئارام ئېلىڭ، سالامەتلىك مۇھىم.

— قوي ئۇنداق ياغلىما گەپلىرىڭنى، — پەخرۇللادىن قاڭسىق ھاراق ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى، — مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئەجەب ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىپسىنا.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «ئاينى ئېتەكتە ياپقىلى بولماس»، «زور كەلكۈننى توسۇغىلى، چوڭقۇر قۇدۇقنى تىندۇرغىلى بولىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى ئەتكىلى بولمايدۇ...» دېگەندەك ئەجەبمۇ ھېكمەتلىك ئىبارىلەرنى قالدۇرۇپتىكەن. ئاشۇ گۆھەر سۆزلەر ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلغاندەك، پەخرۇللانىڭ ھېكايە ـ داستانلىرى بوستاننىڭ ھەممە يېرىدە تارقىلىپ، قانداقتۇر رەسۋاچىلىق، پاسكىنىچىلىقلار يېزىلغان قەغەزلەر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە چاپلىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىمەكتە ئىدى. تېخى ئاقنىسا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيىلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشىگە، ئۇنى مۇبارەكلىگەندەك، چىمەن ناھىيىسىنىڭ كىنوخانا، كەچلىك بازار، قاينام رەستىلەردە ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت تىللار بىلەن يېزىلغان قەغەزلەر تام، دەرەخ غوللىرىغا، ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە

چاپلاندى. ساقچىلار قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ، پەخرۇللا ھاكىمنىڭ نامىنى بۇلغاۋاتقانلارنى تاپالمىدى. ھازىر پەزلىيە ئۇنى ئاقلاي دەپمۇ ئاقلىيالمايدىغان، يوشۇرۇپمۇ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بالىلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ بولدى. ئۇلار پەزلىيەگە تەسەللى بەردى. «بىر كۈنى ئوڭشىلىپ، قايتىپ كېلىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرا، جەمئىيەتتە چىقىۋاتقان گەپلەرگە قۇلاق سالما، كۆپ ئويلىنىپمۇ كەتمە...» دېيىشتى. پەزلىيە ھەرقانچە ئۇقماسقا، بىلمەسكە، ئاڭلىماسقا سېلىۋالغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالغىلى بولمايدىكەن. پەخرۇللا توغرۇلۇق پۇقرا، كادىر، رەھبەر، سودىگەر، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خوجايىن ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ـ ئېغىزغا يۆتكىلىپ، كۆپىيىپ، تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىۋاتقان گەپلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

رەسۋاچىلىقلار بوراندىكى توپا ـ توزاندەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ راسا قۇيۇن ھاسىل قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەچلىك بازاردا مۇشتىلىشىپ، ئاغزى ـ بۇرنى، ئاپئاق كۆڭلەكلىرى، قوللىرى قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن ئەليار، تاۋۇزچىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن ۋە كەڭ بىسلىق جادىپىچاقنى ئېلىپ، ئاقنىسانىڭ ھويلىسىغا بېسىپ كىردى. ئۇنى ھېچكىممۇ توسۇۋالالمىدى. ئالدىغا بېرىشقىمۇ قورقاتتى. ئۇنىڭ مەستلىك تەلۋىلىكى چېكىگە يەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ئۇ قايسى ئۆيگە كىرىشنى، ئاقنىسانىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەچكە، ھويلا ئوتتۇرىسىدا جادىپىچاقنى شىلتىپ، جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىماقتا ئىدى:

ـــ ئاقنىسا دېگەن رەسۋا جالاپ، چىق بۇياققا! بۈگۈن مەن سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچكىنىم ـ ئىچكەن... سەن بىزنىڭ ئۆيىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتىڭ... ۋۇي ئاناڭنى... ئون

تىيىنگە ئەرزان جالاپ... ئىززىتىنى بىلمىگەن پەسكەش بۇزۇق!

ئاقنىسانىڭ ئۆزۈندىن بىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەلچان ئانىسى، قېرى دادىسى، مېيىپ ئاكىسى ئىشىكلەرنى ئىچىدىن تاقاپ، ئۆيگە بېكىنىۋالدى. بەزى ھاللاردا تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئويۇنلىرىغا ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ. ئوغرى ئوغرىلىق قىلىپ، ھاياتى قىل ئۇستىدە قالغاندا، بۇلاڭچى بۇلاڭچىلىق قىلىپ قولغا چۈشۈش ئالدىدا، زىناخورلار شەرمىسار بولۇش دەقىقىلىرىدە، خۇدايىم شەيتاننى ياردەمگە ئەۋەتەمدۇ، بىلمىدۇق، ھەرھالدا قىسمەن شۇنداق زىل پەيتلەردە ئۇلارغا يوچۇق تېپىپ بېرىپ، ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشىدۇ. مانا شۇ تۇرقىدا، ئەلىيار باغ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋېتىپ كىرگەن تەقدىردە، يوتقان ئىچىدە مىلىق ـ سىلىق بولۇپ كەتكەن پەخرۇللا بىلەن ئاقنىسانىڭ ئۇستىدىنلا چۈشكەن بولاتتى. ئۇلار ئەلىيارنىڭ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغان، تىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا شاپۇر ـ شۇپۇر كىيىنىپ، ئارقا تەرەپتىكى دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئاچتى ـ دە، باغقا سەكرەپ چۈشتى. ئاندىن شورا تامدىن ئاتلاپ، ئېتىز يولى ئارقىلىق قېچىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پەخرۇللا تۇراپ ئەيسانى باشلاپ كەلدى. دەرۋازا ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەملەر توپلىنىپ، تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار پەخرۇللا ھاكىمنى كۆرۈش بىلەن تارقىلىشقا باشلىدى. تۇراپ ئەيسامۇ ئۇلارغا تەنبىھ بېرىپ ۋارقىراپ كەتكۈزۈۋەتتى.

ـــ ھەي... ئاناڭنى، ئاقنىسا دېگەن شاپاقچى، ـــ ئەلىيار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىماقتا ئىدى، ـــ يامان بولساڭ چىقمامسەن قېنى؟ قولۇمدىكى جادىنىگرافتىن قورقتۇڭما؟ مەن مۇشۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئەرلەرنى ئازدۇرغان، ئائىلىلەرنى بۇزغان بىر نېمەڭنى ئىككى پارچە قىلىۋېتەي دەيمەن. ۋۇي ئۆگزىدىن تاشلىۋەتسە، توپتەك قاڭقىيدىغان جالاپ!

تۆراپ ئەيسا بىلەن پەخرۇللا يالۋۇرۇپ، يېلىنىپ ئەليارنى ئېلىپ ماڭدى. لېكىن ئۇ بۇلجۇڭۇپ، سىلكىنىپ دادىسى بىلەن تۆراپ ئەيسانىڭ قولىدىن قۇتۇلماقچى بولاتتى.

— سەن... سەن... بۇرۇن - قۇلىقىڭغىچە پاتقاققا پېتىپ كەتتىڭ، — ئەليار بىگىز بارمىقىنى دادىسىغا جۇنۇدى، — سەنمۇ دادىمۇ، نەرىڭ ھاكىمغا ئوخشايدۇ! مەن سەندىن ئادا بولدۇم.

— بالام، ھەرقانچە گەپ بولسا ئۆيدە بولسۇن، بۇ دېگەن كوچا! — دېدى پەخرۇللا يېلىنىپ — نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىسەن؟

— مېنىڭ تەتۈرلۈكۈم سېنىڭ زىناخورلۇقىڭدىن مىڭ ياخشى.

— ئەليار، ئاغزىم بار دەپلا قىلىۋەرمەڭ، — تۆراپ ئەيسا توڭلا تەگدى، — كۆندۈزى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى - قۇلاققا ياق، كېچىسى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، دېگەن گەپ بار. بۇ كېچىدە ئاۋازىڭىز نە - نەلەرگە ئاڭلىنىۋاتسا. ھاكىمغا ئىززەت - ھۆرمەت، ئىناۋەت جانىدىنمۇ تۈتىيا... ئىناۋىتىنى تۆكسىڭىز چىمەندە قانداقمۇ خىزمەت ئىشلىسۇن؟

— ۋاي، ۋاي، ۋاي... ماۋۇ پورداقچىنىڭ خۇشامىتىنى كۆرەيمۇ، — ئەليار بىر دىنلا توختاپ، تۆراپ ئەيساغا ھۆرپەيدى، — ئاغىنىلەرنىڭ دېيىشىچە، سەن... سەن... ھەممىنى قىلىۋاتقىنى سەن...

— ئەليار، ئاغزىڭغا سېلىۋەتمەي، يەنە، — پەخرۇللا قاتتىق ۋارقىرىدى، — تۆراپ ئەيسانى ھاقارەتلەشكە نېمە ھەددىڭ - ھە؟

— سېنىڭ بالىلىرىڭغا تەنبىھ بەرگۈدەك نېمە سالاھىيىتىڭ بار؟ كۆڭۈلنىڭ پەسلىكى شۇنچىلىككى، پۈتۈن چىمەندىكى ئاللاقانات، لۆكچەكلەر ۋاڭ - پەرىكىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن، ھەتتا ئون تىيىنلىق قىممىتى قالمىغان بىر ئەۋرەز پاقىسىنىڭ ئەندامىسى

ساڭا شۇنچىلىك تېتىپ كەتتىمۇ؟ ياكى باشقىلاردىن ئاشقىنى شۇنداق تاتلىق بولامدىكەن؟

پەخرۇللا ئەليارنىڭ ئاغزىغا بىرنى سىلىۋەتتى. ئىككى جاۋغىيىدىن قان ساقىۋاتقان ئەليار، دادىسىغا خەنجەردەك قادالدى:

ــ ئۇرغىنىڭغا ئاغرىنمايمەن، ئاتا ئىككەنسەن ھەققىڭ بار! ئەمما، ــ ئەليار لەلەڭلەپ تۇرۇپ بىگىز بارمىقىنى شىلتىدى، ــ ئاغزىمغا پاسكىنا قولۇڭنىڭ تەگكىنى يامان بولدى. بىلىپ قوي، سەن پاك ئادەم ئەمەس! نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ شالتاق ـ شۇپۇرلىرىغا چىلىنىپ قالغان بىر پاسكىنىنىڭ بەدىنىدىكى قان ـ يىرىڭلار، سىنىڭمۇ تېنىڭنى بۇلغىۋەتكەن!

ــ جېنىم بالام، ئەمدى بولدى قىل.

ــ مېنى قويىۋەت، ــ ئەليار ئىككىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى، ــ بۇنىڭدىن كېيىن مېنى بالام دېگۈچى بولما، بىلىپ قوي، ھەممە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئاندىن بۇ دۇنيادىن كېتىمەن.

ئەليار سەنتۈرۈلۈپ، ئىرغاڭلاپ ماڭغىنىچە بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ يالغان ئېيتمىغانىدى. دېگەنىدەك ئەليار شۇ كېچىسىلا چىمەندىن غايىب بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە تۇراپ ئەيسادىن تۇنۇگۈن كېچىدە بولغان ۋەقەنى ئاڭلىغان پەزىلىيە، قول سائىتىگە قارىۋېتىپ سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە باردى. ئىدارە باشلىقى، «ئەليارنىڭ بىرەر ئايدىن بېرى ھېچكىمگە گەپ قىلمايدىغان، ئاسان تېرىكىپ سوقۇشىدىغان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغانلىقى، بولۇپمۇ ئۈچ كۈندىن بېرى خىزمەتكە كەلمىگەنلىكى» نى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭسىزمۇ كىچىك ئوغلىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان پەزىلىيە، ئەليارنىڭ ياتىقىغا باردى. ياتاق ئىشىكلىرىگە قۇلۇپ سېلىنمىغان بولۇپ، بىر چامادانىدىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ،

كۆڭلى تىنغان بولسىمۇ لېكىن، ئۇستەلدىكى بىرپارچە خەتنى ئوقۇپ يىغلىۋەتتى. خەتتە:

«مېنى ئىزدىمەڭلار... نومۇس ۋە خورلۇق ئىچىدە ياشىغاندىن، كەتكىنىم تۈزۈككەن...

شور پېشانە ئوغلۇڭلار: ئەليارىدىن»

دەپ يېزىلغانىدى. ئوڭ ـ سېپىنى بىلەلمەي قايتىپ كەلگەن پەزىلىيە ئۆيگە كىرگىنىچە پەخرۇللاغا ئېسىلىپ:

— ئاھ خۇدا، نەۋرەم دىلمۇراتنى مېنىڭ سايەم، سۇنۇق كۆڭلۈمگە مەلھەم بولغان غۇلىمان بالام، دەيتتىم. ئۇنى ئېلىپ كەتتىڭ. ئەمدى كىچىك ئوغلۇم ئەليارنى مەندىن ئايرىۋەتكۈچە، مېنىلا ئېلىپ كەتكىن. بۇ جېنىمدىن تويدۇمغۇ... — دەپ قوشاق قېتىپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالماي يىغلىماقتا ئىدى.

پەخرۇللا مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغىنىچە، تىنغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان ھالدا جىمىپ كەتتى. تېخى بايىراقتىلا گۇلپىيەدىن: «ئاتا تېز كەلگەن بولسىڭىز، مومام ئاغرىپ قالدى» دەپ تېلېفون كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئەليارنىڭ تەشۋىشى قېتىلدى. ئۇ بۇ قېتىم بوستانغا بارمىسا بولمايدىغاندەك تۇراتتى. مومايغۇ پىشىپ قالغان مېۋە، ئەمما ئەليارغا بىر ئىش بولۇپ قالسا، پۈتۈن بوستان ۋە چىمەن خەلقى: «خۇدا، پەخرۇللا ھاكىمنىڭ كۈپۈرۈ كىبىرلىرى ئۇچۇن كۆزىگە كۆرسەتتى. ئوغلى بىلەن نەۋرىسىنىڭ بېشىنى يېدى...» دېيىشتىن يانمايتتى. پەخرۇللا قول تېلېفونىنىڭ نومۇرلىرىنى بېسىپ قۇلىقىغا تۇتتى:

— ۋەي ئازادمۇسەن، ماشىنىغا يېتەرلىك ماي قاچىلاپ تەييار قىل، پەزىلىيە ئىككىمىز بوستانغا بارىمىز.

پەزىلىيە سومكىلارغا كىيىم ـ كېچەك، يولدا يەيدىغان يېمەكلىك، شۇنداقلا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېلىپ، تەييارلىغىنىچە، پەخرۇللا تۇراپ ئەيساغا، ئەليارنى تېپىش ئۇچۇن

يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئارخىپ ئىدارىسىگە تېلېفون قىلىپ پەزىلىيە ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. ئۇلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تەييار قىلىپ تۇرۇشىغا، ئازاد تۇرسۇن كىرىپ كەلدى. ئۇ سومكىلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا، پەخرۇللا پەزىلىيەگە: «سەن مېڭىۋەر، مەن ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن قۇلۇپلاپ ماڭاي» دېدى. ئۇنىڭ ئاقىنىساغا تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغان پەزىلىيە، يېمەكلىك قاچىلانغان سۇلياۋ خالتىلارنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئازاد ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقىغا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، پەخرۇللامۇ يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ئەتىگەن كۈن تىك كۆتۈرۈلگەندە ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان پەخرۇللا يول بويى ئالدىدىكى مەنزىرىلەردىن كۆز ئۈزمەي قارايتتى. ئۇ ئارقىسىدا پەزىلىيەنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىرەر قېتىممۇ قايرىلىپ قارىمىدى ياكى گەپلەشمىدى. ئۇنى بىلمەيدىغان، تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ: «پاھ، ئەجەب رومانتىك ئادەمكىنا» دېيىشى ئېنىقلا ئىدى. دەرۋەقە، چەكسىز كەتكەن كۆل رەڭ دالاغا قاپقارا يىپەك لېنتا تارتقاندەك، قۇملۇقلار ئارا غايىب بولغان ئاسفالت يول شۇنچە بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرى شاماللار گۈل چەككەن قۇم ئېدىرلىرى، بارخانلار يانباغىرلىرىدىكى پاخپايغان يۇلغۇن، توغراقلار، شالدىرلاپ تۇرغان ياۋا قومۇشلار... ئۇچىدىن تۈۋىگىچە ئاپئاق تور باغلاپ كەتكەن پاختا يۇلغۇنلار... چاتقاللارنى چىرمىۋالغان سېرىق يۆگەيلەر... بەئەينى ئىپتىدائىي دەشت ـ قۇملۇقلار سىزىلغان غايەت گۈزەل بىر سۈرەت ئىدى.

ماشىنا ھەممە نەرسىنى ئارقىغا تاشلاپ، چۆل شامىلى بىلەن بەسلىشىپ چاپماقتا. نەچچە مىڭ يىللىق قاقشال توغراقلار، چاقماق چۈشۈپ قاپقارا كۆيۈپ كەتكەن ئالامەت زور كۆتەكلەر،

بارغانسېرى تويپىغا ئايلىنىۋاتقان قېلىن قوۋزاقلار، چىگىشلىشىپ كەتكەن قۇرۇق يىلتىزلاردىن كۆكىرىپ چىققان توغراق مايسىلىرى... ھەممە ـ ھەممە نەرسە بۇ بىپايان ۋە سىرلىق قۇم دەشتىگە كۈچ ئاتا قىلىپ، ئۆزىنى سۆيۈملۈك ۋە تەبىئىيلىكىنى ساقلاپ قالغانىدى.

ـــ ئازاد، ماشىنىنى ئالدىڭىزدا توختىتىڭ، ـــ دېدى پەزلىيە ئېغىر خورسىنىپ، ـــ نەۋرەم دىلمۇرات مەشەدە قازاغا ئۇچرىغانىدى.

پەزلىيە، پەخرۇللا ۋە ئازاد تۇرسۇنلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، دىلمۇرات جان ئۈزگەن قۇملۇق يانباغرىغا كېلىشتى. ئەختەم كەم سۆز بۇ يەرگە بىر تاختاينى قېقىپ، ئۇنىڭغا خېلىلا چوڭ ئاق داكىنى يۆگەپ باغلاپ قويغانىدى. پەزلىيە تاختاي ئەتراپىدىن بىر سىقىم قۇم ـ تويپىنى ئېلىپ قولىياغلىقىغا تۈگۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭ ـ چوڭ ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشۈپ تۇردى. ئاڭغىچە ئازاد تۇرسۇن قۇمغىلا تىزلىنىپ قىرائەتنى باشلىۋەتتى. پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە ئۇنىڭ ئارقىسىدا تىزلاندى. قىرائەت تۈگەش بىلەن بېشىدىكى رومالنىڭ بىر ئۇچىنى كۆزىگە تۇتقان پەزلىيە، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ئېسەدەپ ۋە تىپىلىقىپ يىغلاپ كەتتى.

قۇياش كۈنپېتىش تەرەپكە قىڭغىيىپ، ئۈز ئۇۋىسىغا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئالتۇندەك يالتىرىغان نۇرلىرى قىيپاش چۈشۈپ، سايلار ئۈزىراۋاتاتتى. بوستاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى، كادىرلارنىڭ ئىشتىن چۈشكەن ۋاقتى بولغاچقا، شەھەر ئىچى كوچىلىرى ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت، كىچىك ماشىنا ۋە پىيادىلەر بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا يۈگۈرسە، بەزىلىرى «تاكسى» دەپ ۋارقىرايتتى. تېخى «شامال ساندۇقى» دەپ ئاتىۋالغان رىكشىچىلارمۇ ئالىيېشىل فورمىلىرىنى كىيىپ،

نەلەرگىدۇر ئالدىرايتتى. ئۇنىڭدا خۇددى ماگنىزىنلارنىڭ ئەينەك تەكچىلىرىگە تىزىپ قويغان قونچاقلاردەك ئولتۇرغان قىز - يىگىت، لەپىلىمىلىك قىزىل سايىۋەن تېگىدە بىر تاتلىق كۇسۇرلىشاتتى.

ئازاد تۇرسۇن «قىزىل بايراق» ماركىلىق قاپقارا يالتىراپ تۇرغان ماشىنىسىنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، بوستاننىڭ ئەڭ ھەيۋەتلىك كوچىلىرىدا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ زامانغا لايىق ياسانغان مودا قىزلارنى كۆرگەن ھامان، دېرىزىدىن لەپپىدە كۆز تاشلاپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. يېنىدا ئولتۇرغان پەخرۇللانىڭ پىسىڭىدە كۈلۈمسىرەپ قويۇشلىرىدىن خۇدۇكسىنىپ دەرھال ئەسلىگە ياناتتى.

— ھاكىم، بوستان زەپ تەرەققىي قىلىپ كەتتى دېسە، — دەيتتى ئۇ، ئۇن نەچچە قەۋەتلىك رەڭدار بىنالارنى ئىما قىلىپ، — بىر نەچچە ئاي كەلمىسەم، يوللاردىمۇ ئادىشىپ قالىمەن.

— راست دەيسەن، — پەخرۇللا كوچىلارغا زوقلىنىپ قارىدى، — بولۇپمۇ مۇشۇ ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى بوستاندىكى ئۆزگىرىش بەك تېز بولدى.

ماشىنا پەزىلىيەنىڭ باغلىق قورۇسى ئالدىدا توختاپ سىگنال بېرىشى، ساقچى فورمىسى كىيگەن ئەزھەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئارزۇگۈل يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. ئۇلار پەخرۇللا ۋە پەزىلىيە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ ئۆيگە باشلىدى. پەزىلىيە يولدا كېلىۋېتىپ تېلېفون قىلىۋەتكەچكە، ئارزۇگۈل ھاردۇق ئېشى سۇيۇقئاش قىلغانىدى. ئازاد تۇرسۇن ماشىنىسىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسىغا ئاپىرىپ قويماقچى بولىۋىدى، ئەزھەر قوش قاناتلىق دەرۋازىنى چوڭ ئېچىپ، ماشىنىنى ھويلىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ ئازادنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

ئارزۇگۈل ئاشكۆكى، پىنە ھىدلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ، ئىشتىھانى غىدىقلاۋاتقان سۇيۇقئاشنى ئاپقۇرلاردا سۇنۇۋاتقاندا، پەزىلىيە

ھويلىلارغا بويۇنداپ، ئىچكەركى ئۆيلەرگە قاراپ، ئاخىر ئوغلىدىن سورىدى:

— ئەزھەر، قوشماق ئوغۇللىرىڭ كۆرۈنمەيدۇغۇ، يەسلىدىن تېخى ئەكەلمىدىڭما؟

— ئەزىمەت بىلەن ھېكمەتنى ياتاقلىق يەسلىگە بېرىۋەتكەن، — دېدى ئەزھەر قىزىق ئاشنى قوشۇقتا ئىلەشتۈرۈۋېتىپ، — جۈمە كۈنى كەچتە ئەكېلىمىز.

— ھەپتىگىچە قانداق چىدايدىغانسىلەر؟

— ھەر ئىككىلىسى ئىشلەۋاتسا، ئىككى بالىنى ئەكېلىپ - ئاپىرىپ، خىزمىتىگە تەسىر يەتمەمدۇ؟ — قاپىقىنى ئاچماي گەپ قىلىۋاتقان پەخرۇللا ئوغلىغا قارىدى، — ماشىنىدا كېلىۋېتىپ تېلېفوننى ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. ئەليارنى كېچىدىن كەلدى دېدىڭما؟

— تاكسى كىرا قىلىپ بىركېچە مېڭىپتۇ. تاڭ سەھەردە دەرۋازىنى بىركىم قاقىدۇ، چىقسام ئەليار، كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتىم. ئۇستۇېشى قاپقارا قېتىپ كەتكەن قان. ئۇ كىرىپلا مۇنچىغا چۈشۈپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. ئاندىن سۆزلەشسەم، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنى بوگۈن ئەتىگەن مائارىپ ئىدارىسىگە ئاپىرىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ھەممە رەسمىيەتلىرىنى كۆرسەتتىم. رەسمىيەت ئۆتەيدىغانلار مېنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىم بولغاچقا، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشنىڭ يوللىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەمدى شۇ بويىچە يول ماڭساق ھەل بولغۇدەك.

— ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ، بىر يەرگە كەتتىما؟

— گۈلپىيەنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇنىڭ ئون نەچچە كۈنلۈكى قالدى بولغاي، بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ھەلىمىخان موماممۇ بولسا ئاغرىپ قالدى.

— ئانامنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى

پەخرۇللا، ـــ دىئاگنوز ئېنىقلانسا ئاندىن داۋالاتساق، ئۈنۈمى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ـــ مومام بارغىلى زادىلا ئۇنىمىدى، كۆكرىكىمدە بىر ئاچچىق سانجىق بار، پات ـ پات تۇتىدۇ، دەيدۇ.

ـــ ئۇنداقتا، بۈگۈنلا ئانامنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ، داۋالىتايلى.

ئۇلار تاماقتىن كېيىن ئازاد تۇرسۇننىڭ ماشىنىسىدا ئەختەملەرنىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى. ماشىنا بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا كىرىپ كەلگەندە، تىك كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئەتراپنى تونۇردەك قىزىتماقتا ئىدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان پەخرۇللا ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىزۋانوك كونۇپكىسىنى بېسىشىغا، ئىشىكنى ئەلىيار ئاچتى. بىراق، ئۇ دادىسىنى كۆرۈپلا، ئارقىسىغا قايرىلىپ كىرىپ كەتتى. دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان گۈلپىيە ئەختەمنىڭ ياردىمى بىلەن ئورنىدىن ئارانلا تۇردى ـ دە، ئانىسى ۋە دادىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. ئۇ ئوغلى دىلمۇراتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا يىغلايدىغان، خىيالغا چۆكۈپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، ئۇنۇتقاق ۋە جىمغۇر بولۇپ قالغانىدى. تېخى بەزىدە تۇتقاقلىقى تۇتۇپ كەتسە، نەچچە ئادەمنىڭ كۈچى يەتمەيتتى. كۆزىنىڭ قارىسى ئارقىغا ئۆتۈپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ، نەچچە كۈنگىچە بىئاراملىق ئىچىدە ئازابلىناتتى. ساقچىلار ماشىنا ھادىسىسى تۇغدۇرۇپ، ئۆلۈمگە سەۋەب بولغان ئەزھەرگە «قانۇنىي جازا تەلەپ قىلامسىز» دەپ سورىغاندا، ئەختەم: «ياق، بالام ئۆلدى، كەتتى. ئۇنى جازالاتقۇم يوق ! چۈنكى ئۇ ئايالىمنىڭ ئىنىسى» دەپ ئەزھەرنى قانۇنىي جازادىن ساقلاپ قالدى. شۇڭا، ئەزھەر ئاچىسى گۈلپىيەنىڭ ئۆيىگە زۆرۈر ئىش چىقمىغۇچە كەلمەيتتى. كەلسىلا خىجىللىق، ئوڭايسىزلىق،

ۋىجدان ئازابى ئۆرتەپ، خوددى ئۇلۇغ ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلىناتتى. ساقچىلارنى تەمىنلىگەن گۆش، ماي، گۇرۇچ، بېلىق، توخوم تاتلىق - تۈرۈملارنىمۇ باشقىلار ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

پەخرۇللا، پەزىلىيە، ئەزھەر، ئارزۇگۇللەر موماي بىلەن بىر قور ئەھۋاللىشىپ، كېسەل يوقلاپ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. ئۇلار مومايغا بىردەم ھەمراھ بولغاندىن كېيىن، ئاستا چىقىپ كېتىشتى. ئەمما، ھەلىمىخان ئانا پەخرۇللاغا: «ساڭا گەپ بار» دەپ ئۇنى ئېپقالدى. ئانام كېسەل بولغاندىن كېيىن، پەزىلىيە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاجرىشىش ئىشىنى سورۇشتە قىلماس، دەپ ئويلىغان پەخرۇللا «ساڭا گەپ بار» دېگەن سۆزدىن يۈرىكى «قارت» تىدا قىلىپ قالدى. ئۇ ئانىسى ياتقان كارىۋاتنىڭ قېشىغا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئەكېلىپ، ئەيمىنىپكىنە سورىدى:

— ئانا، ئۆزلىرىنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي دېگەنىدىم.

— سەندىن سورايدىغان گەپلىرىم بار. كۆڭلۈم ئېچىلغۇدەك جاۋاب بېرەلىسەڭ، مېنى دوختۇرخانا تۈرمىگە ئاپارغاندەك بولىسەن.

پەخرۇللانىڭ غۇژژىدە گەجگىسى قورىدى. ئۇ ئىچىدە: ئىت چاشقان تۇتىمەن دېگەندەك، نېمانداق ھەممىلا ئىشقا چېپىلىۋالىدىغاندۇ... دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئانىسىنىڭ قەھر - غەزىپىي ئۆزىگە مەلۇم بولغاچقا، ئۇندىمەي جىم ئولتۇردى. ھەلىمىخان ئانا سول كۆكسىگە ئالقىنىنى قويۇپ، پات - پاتلا بىسىپ قوياتتى.

— ئالدىنقى قېتىم سۆزلەشكىنىمدە، سەن كاززاپ مېنى ئالداپسىنا! ھازىرغىچە پەزىلىيە بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇپسەنغۇ؟

— ئانا، ئۇ ماڭا تۆھمەت چاپلاپ، ھىيلە - مىكىر

ئىشلىتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە رەھبەرلەرگە چاققان تۇرسا، مەن يەنە...

— ئوچۇق دېگىنە، پەزىلىيە سىنى نېمىدەپ يامانلاپتۇ.

— ئۆتكەندە دەپ بەردىمغۇ، «پارىخور، خىيانەتچى، تۇرمۇش ئىستىلىدا چىرىكلەشكەن» دەپتۇ. ئۇنىڭ مىنى تۇرمىغا سولىتىۋېتىش خىيالى بولمىسا، شۇنداق ئېغىر جىنايەتلەرنى ئارتامدا؟

— سەن ھېلىقى شەرمەندە خوتۇنغا بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئاجرىشىش ئۇچۇن تاپقان يالغان - ياۋىداق گەپلىرىڭ بۇ... مەن گۇلپىيە، ئەلىيارلار بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ، سېنىڭ غەرىزىڭنىڭ تەكتىگە يەتتىم. نېمانداق قارا كۆڭۈل بولۇپ كەتتىڭ، — ھەلىمىخان ئانىنىڭ نۇرانە چېھرى مىژژىدە تۈرۈلۈپ، سول كۆكسىگە ئالىقىنىنى باستى، — ئەلىيار، ئەلىيارمۇ... چىمەندە ئىزا - ئاھانەت، تومۇس، خورلۇقلار ئىچىدە تۇرالماي خىزمىتىنى تاشلاپتۇ. ئىمانىڭ بىلەن گەپ قىل، ئۇ خوتۇن بىلەن زادى نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟

— ئۇ... ئۇ چوكان بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق... بۇ پەزىلىيەنىڭ تاراتقان ئىغۋالىرى.

— ئەمىسە، مېھمانخانا كۈتكۈچىسى، ئاددىي مۇلازىم قانداق بولۇپ دۆلەت شتاتى كادىرى بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭ قانچىلىك قىيىن، مۇشكۈل ئىكەنلىكى ساڭا ئايان. بۇ پەقەت سەندەك يۇرت ئاتىسىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقى ئارقىلىق نۇرغۇن ئورۇنلار بىردەك ھەرىكەتلەنگەندىلا روياپقا چىقىدىغان ئۆتكەل!

ھەلىمىخان ئانا پەخىرۇللانى ئەڭ نازۇك يەردىن تۇتۇۋالغانىدى. ئەلۋەتتە ھاكىم بولغۇچى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، ئارخىپ بۆلۈمى، دۆلەت ۋە كوللىكتىپ ئىشچىلارنى باشقۇرۇش ئىشخانىلىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كەسپىي بۆلۈملەرگە بىردەك بۇيرۇق

چۇشۇرگەندىلا، ئاندىن روياپقا چىقىدىغان، ھەل بولۇش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن خىزمەت ئىدى.

— ئەمىسە، ئۇ خوتۇنىنىڭ مېيىپ ئاكىسىنى، كىچىك ئانىسىنىڭ قىزىنى، تاغىسىنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ، تۈرمىدە ياتقان ئوغلىنى نېمە زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئورۇنلاشتۇردۇڭ؟ سەن بېشىنى سىلىغۇدەك نامرات دېھقان بالىلىرى يوقمىدى؟

پەخرۇللا قىپقىزىل ئېسىلىپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ دېگەنلىرى خەلق بىلىدىغان ئىشلار تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ تېنىۋالالايتتى.

— نېمە، گەپ قىلمايسەنغۇ، ئۇنداقتا ئاخىرقى بىر سوئالىم. ھېلىقى «ئون تىيىن» دېگەن خوتۇنىنىڭ قانداق تۆھپە - ئۇتۇقلىرى، كۆرسەتكەن خىزمەت - نەتىجىلىرى، ياخشى ئىش - ئىزلىرى بار؟ — ھەلىمىخان ئانا ئوغلىنىڭ «يوق...» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىغانلىقىنى كۆردى، — يوقما؟ ئۇنداقتا، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئايال كادىرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىشكە بېسىم ئىشلەتتىڭ؟ مالىيە ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەرنى تەڭلىككە سېلىپ، ئۇ پاسكىنىنى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، دالىيەن قاتارلىق مەشھۇر جايلارغا زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتتىڭ؟... سەن... سەن...

پەخرۇللا ھەلىمىخان ئانىغا ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ قارىدى. ئەگەرده بۇ تالىشش داۋام قىلىۋەرسە، تېخىمۇ سەتى ۋە سېسىقى چىقىدىغانلىقى سۆھبەتنىڭ ئۇرانىدىن بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇ گەپنى ئۈزۈۋېتىپلا چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— ئانا، ئەڭ ياخشىسى سىلى بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمىسىلا، — پەخرۇللا ئورنىدىن تۇردى، — كونىلار «ئەر - خوتۇن ئارىسىغا كىرگەنلىك، قىلىچ ئارىسىغا كىرگەنلىك...»، «ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى ئىشقا خانىمۇ ئارىلىشالمايدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم، ئىپلاس، سەن ئۆزۈڭچە خەلق ماقال -

تەمسىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ناشايان ئىشلىرىڭغا يول ئاچماقچىمۇسەن؟ — ھەلىمىخان ئانا تۇيۇقسىزلا سول كۆكسىنى يەتە باستى، — بىلىپ قوي، بىر يۇرت ئاتىسى بىلەن ئاددىي ئاۋامنى تەڭ قويغىلى بولامدا؟ ھەممە ئەسكىلىك، گۇناھنى سەن قىلىپ بەرسەڭ، يۇقىرايىڭ ئوغرى، قاراقچى، زىناخور بولۇپ، يۇرت تۇرمە بولۇپ قالامدا؟! ھېلىمۇ باشقىلارغا كەلتۈرگەن زىيانكەشلىكىڭ ئازما؟

— ئانا ئويلاپ كۆرسىلە، پەزلىيە ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى. لېكىن مەن بىرەر كىمگە زىيان سالغىنىم يوق.

— تۆت ياشلىق نەۋرەڭ دىلمۇرات نېمە ئۈچۈن ۋاقىتسىز قازا قىلدى؟ — ھەلىمىخان ئانا بىردىنلا ھاياجانلاندى، — قىزىڭ گۈلپىيە تۇتقاقلىق كېسىلىگە قانداق گىرىپتار بولدى؟ ئەليار ئوغلۇڭ چىمەندە تۇرالماي، ياقا يۇرتلارغا نېمە سەۋەبتىن بېشىنى ئېلىپ كەتمەكچى؟ ئىسھاق بىلەن ئابىدە، ئەركىن ۋە گۈلىستانلار ئىناق ئائىلىلىرىنى نېمىشقا بۇزماقچى بولۇشتى؟ بىر يوتقاندا يېتىپ دېگۈدەك چوڭ بولغان بۇرادىرىڭ ئىكرام ئىككىڭلارنىڭ دوستلۇقىغا نېمە ئۈچۈن ئۈششۈك تەگدى؟ پاھ... پاھ... ھېلىقى «ئون تىيىن» دېگەن شەرمەندە، سەن ئۈچۈن ئەجەب قىممەت توختاپ كەتتا...

— ئانا... ئۇ ئۇنىڭ يۈز بەرگەن ئىشلاردا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسا... ئۇ... ئۇ دېگەن بىر ئاق كۆڭۈل، سەممىي ياخشى نىيەتلىك چوكان.

— سەن... سەن... — ھەلىمىخان ئانىنىڭ چىرايى ئاقىرىپ، شىلتىگەن قوللىرى تىترەپ كەتتى، — سەن بىدئەت مەلئۇن، نىكاھىڭدا ئايالىڭ تۇرۇقلۇق، يەنە باشقىسىنىڭ دېپىنى چالىسىنا، خەقلەر... خەقلەر: «گۈلپىيە، دىلمۇرات، ئەليارلار پەخرۇللانىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇقتۇڭما؟

— ئانا، ئۆزلىرى ئوقۇتقۇچى بولغان ئاڭلىق ئۇستاز، —

پەخرۇللا بىشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي، دەپ ئويلىدى، — كۆڭۈلگە تالىق ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشنى يولسىزلىق دەپ بىلمەملا؟!

— سەن تېخى ماڭا... ماڭا... — ھەلىمخان ئانىنىڭ سول كۆكسىدە ئاچچىق بىر سانجىق پەيدا بولدى ـ دە، پېشانىلىرى مۇنچاقتەك تەرلەپ كەتتى، — تەنبىھ بەرگۈدەك بولدۇڭما؟

— توختىسىلا ئانا، گېپىم تۈگىمىدى، — پەخرۇللا ئاقىنىسا ئۇچۇن تاپتىن چىقىپ كەتتى، — كۆڭۈل دېگەن ئەشۇنداق نازۇك، ئۇلۇغ نېمە، سىلىمۇ ئۆز زامانىسىدا قورچاق ساقچى باشلىقى نۇرۇمبەگنى ياخشى كۆرمىگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەمەسمۇ!

— يو...يو...يوقال...، مۇناپىق!!...

ھەلىمخان ئانا سول كۆكسىنى قاماللىغىنىچە پەي ياستۇققا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم «مۇناپىق» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن پەزلىيە، گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەليار، ئەختەم، ئارزۇگۈللەر ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىشتى. ئەليار غەزەپ ئاچچىقىدا دادىسىنى بىر ئىتتەرگەنىدى. پەخرۇللا ئارقىچە سەنتۈرۈلۈپ، تامغا يۆلىنىپ قالدى. پەزلىيەنىڭ «ئانا!...» دېگەن ئايانچلىق ئاۋازى، ئارقىدىنلا «موما!!...» دەپ ياڭرىغان سادا ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى دىرىلدىتىپ، نە ـ نەلەرگە تاراپ كەتتى. ئۆز باغرىنى يېرىپ چۈشكەن ئوغلىنىڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز نومۇسسىز گېپى، ياۋۇز تەبىئىتى تۈپەيلىدىن باقىيغا رىھلەت قىلغان تۆرپان ئاستانىلىق قۇندۇزئاي 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى! ئۇنىڭ قىرىق نەزىرىسى بېرىلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن، پەخرۇللا دېلىگاتسىيە ئۆمىكى بىلەن ئامېرىكىغا يۈرۈپ كەتتى...

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ئەمەل ئىتىدىن چۈشكەندە

كۆنلەر، ئايلار بوستاننىڭ تاش تاغلىرى ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتكەن بۇلۇتلاردەك، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئالدىراش ئۆتمەكتە. ۋىلايەتلىك دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇزاكىرىسىدىن كېيىن، پەخرۇللانى بوستان مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى قىلىپ يۆتكىگىنىگە بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يۆتكەلگەن پەزلىيەمۇ ئارخىپ ئىدارىسىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ خىزمەتكە چۈشتى. پەخرۇللا ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپ چىمەنگە قايتا چىقالمىدى. پەزلىيە ئاجرىشىشنى رەت قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇ ئاقنىساتى يۆتكەپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. راست گەپ قىلغاندا، ئەل ـ مەھەللە، يېقىن ـ يورۇق، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەر جۈمە كۈنى تاكسى كىرا قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە چىمەنگە يېتىپ بارىدۇ ـ دە، ئاقنىسانىڭ باغ ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيىگە تام ئاتلاپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ كۈن شېرىن جاننى ئەركىلىتىپ ياتقاندىن كېيىن، يەنە قارا كۆزەينەك، ماسكىلىرىنى تاقاپ بوستانغا قايتىدۇ.

پەخرۇللا ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇرۇمچىگە چۈشكەن كېچىسى، ئاقنىساغا تېلېفون قىلىپ: «دەرھال يولغا چىقىڭ» دېدى. تېلېفوندىن تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان ئاقنىسا، شۇ

كېچىسىلا تاكسى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە ئالىي مېھمانخانىدا يېتىپ - قوپۇپ، يەتتە كۈن ئويىنىدى. ئامېرىكىدىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلاردىن سىرت، ئۈرۈمچىدىنمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا نۇرغۇن كىيىم - كېچەك ئالدۇرغان ئاقنىسا چوڭ ئىككى چامادانغا قاچىلىدى.

— ئاقنىسا ئاپىقىم، — دېدى پەخرۇللا بوستانغا قايتىش ھارپىسىدا، — بۇ قېتىم مېنى بوستانغا يۆتكەپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى جەمئىيەتتە تارقالغان يامان گەپ - سۆزلەر ھەرقانداق رەھبەرنى خەلق نەزىرىدىن چۈشۈرىدۇ. نەزەردىن چۈشكەن ئىكەن ئۇنىڭ رەھبەرلىك سالاھىيىتى ئاجىزلاپ، يولىيورۇقى ئاقمايدۇ.

— ئەمىسە، — ئاقنىسانىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى، — خىزمەتتىن قالدۇرۇۋېتەمدا؟

— ياقەي، ئۇنداق گەپ يوق!

— مائاشىڭىز تۆۋەنلەپ كېتەمدۇ - يا؟

— ئۇنداقمۇ بولمايدۇ.

— ئۇھ، خۇدايىم شۇنداقمۇ قورقتۇم...، يۆتكەلسىڭىز تازا ياخشى بوپتۇ. قاچانغىچە چىمەندەك جاھاننىڭ چېتىدە، قۇم - بوراندا توپا چىراي بولۇپ يۈرىمىز، — ئاقنىسا خۇشاللىقىدا پەخرۇللانىڭ بوينىغا ئېسىلىپ سۆيدى، — مەن مۇشۇ كۈنلەرنى ئۇخلىسام چۈشۈمدە، ئويغانسام ئوڭۇمدا، ماڭسام خىيالىمدا كۆرەتتىم!

پەخرۇللا ئاقنىسانىڭ ئىككى مۇرىسىدىن بېسىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەزى ئەھۋاللارنى چۈشەندۇردى. ئەلۋەتتە پەزلىيە بىلەن ئاجراشماي تۇرۇپ، نىكاھ قىلمىغان چوكاننى يۆتكەپ كەلگەندە، ئۇششاق گەپ كۆپىيىپ كېتەتتى. ئۇنداقتا، خەلقئالەم ئالدىدا قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولار؟ ئىززەت - ئابرۇيىمۇ توپا بىلەن تەڭ بولمامدۇ؟

شۇڭا، پەخرۇللا پەزىلىيەدىن ئاجرىشىپ بولغۇچە، ئاقىنسا سەۋر - تاقەت قىلىشى كېرەكتە.

— سىز ئاجرىشىپ بولغۇچە، قانداقمۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ، يېرىم يىلغا قالماي ئاجرىشىپ بولىمەن، ھازىر پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئانام يوق.

— يېرىم يىل؟ ۋاي خۇدايىم، مەن سېغىنىپ ئۆلۈپ قالارمەن؟

— مەن ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك كېچىدە بېرىپ تۇرىمەن، سىز كېلىپ تۇرىسىز.

ئۇلار ئۇرۇمچى «ئاقيول» مېھمانخانىسىدا كېلىشىۋالغىنى بويىچە ھازىرغىچە يوشۇرۇن ئىشق چاڭقاق تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

پەخرۇللا بۇ چاغقىچە پەزىلىيەنى ئىككى - ئۈچ كۈندە دېگۈدەك چاقىرىپ چىقىپ، ئاجرىشىش ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. ئىسھاق، ئابىدە ۋە پەزىلىيەلەر ئۆيلىرىنى سېتىۋېتىپ، بوستان ئولتۇراق رايونىدىن ئۆي ئېلىپ، ئەختەم گۈلپىيەلەر بىلەن قوشنا ئولتۇرۇۋاتقاندىن بېرى، ئۇ يەرگە تەرەببالا بارالماس بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۇلارنىڭ بىرى بولمىسا، بىرى ئۇچراپ قالاتتى. پەخرۇللا بوستانغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن دوست - بۇرادەرلىرى سۆزلىدى. نەسىھەت قىلدى، ئۇ ئاڭلىمىدى، ئاڭلاشنىمۇ خالىمىدى. ئەدناسى ئانىسى ھەلىمىخاننىڭ ئۆلۈمى، نەۋرىسى دىلمۇراتنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، قىزى گۈلپىيەنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى، ئىسھاق، ئابىدە، ئەركىن، گۈلمىستانلارنىڭ ماجىرالىرى، قەدىناس ئاغىنىسى ئىكرامنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىمۇ ئۇنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتالمىدى. ئەكسىچە، ئارقا - ئارقىدىن خەت يېزىپ، تېلېفون بېرىپ، يۈز تۇرا سۆزلىشىپ، ئاجرىشىشقا قىستىدى. لېكىن پەزىلىيە بالىلىرىنى

يېتىم قىلماسلىق، ياش چوڭايغاندا ئاجرىشىپ، كىشىلەرگە كۆلكە بولماسلىق، ئىسسىق ئۆيىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئاجرىششنى ئىلاج بار ئارقىغا سۆرىدى. غۇرۇر، نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، قايتا - قايتا يېلىنىدى. لېكىن، پەخرۇللا ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنى ئويلاپ باغرىغا تاش قويدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باللار، ئۇرۇق - تۇغقانلار، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ نەسىھەتى، تەسەللىسىدە پەزىلىيە ئۆزىنى بېسىۋالدى. جەمئىيەت، خەلق پەخرۇللاغىمۇ، پەزىلىيەگىمۇ توغرا باها بەردى. يېلىنىش، يالۋۇرۇش، كۆز ياش تۆكۈش ئارقىلىق تۈزۈۋاتقان چېچەكنى، يىغىۋاتقان يامغۇرنى توختاتقىلى بولمايدۇ - دە!

بىر ياشلىق نەۋرىسى نەسىمەنى قۇچىقىدا ئويىنىتىۋاتقان پەزىلىيە، تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان كارتون فىلىمىنى باللار تىلى بويىچە چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. چۈشلۈك تاماقنىڭ قاچا - قۇچىلىرىنى يۇيۇپ، قازان بېشىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان گۈلپىيە، دىلمۇراتنىڭ ئوتىنى باسقان ئۇماق قىزىغا زوق - ئىشتىياق بىلەن پات - پات قاراپ قوياتتى. نەسىمە تۇغۇلغاندىن كېيىن مۆجىزە يۈز بەرگەندەك گۈلپىيەنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتاتتى.

— گۈلپىيە، ئويلاپ باقسام ئۆزۈمنى ئۆزۈم خورلاپتىمەن، — پەزىلىيەنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى، — مەن قانچە يىلىنغانسېرى ئىززىتىمنى تۆكۈپ، پەخرۇللانىڭ خورىكىنى شۇنچە ئۆستۈرۈۋېتىدىكەنمەن. ئەمدى ئۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلمايمەن.

— جېنىم ئانا، بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئەزھەر، ئەليار ئۈچىمىزنىڭ قىلغان گەپلىرىمىزگە تاشمۇ ئېرىپ كېتەر، — دېدى گۈلپىيە تەخسىلەرنى دەسماللاۋېتىپ، — دادامغا ئاقىنسا ئاتلىق جىن چاپلاشتى.

— بولۇپمۇ سەن بەك كۆچەپ كەتتىڭ، — پەزىلىيە

نەسىمەنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، — بولدى، بىر تەرەپ بولۇپ كېتەي.

— ئانا، ئالدىراپ ئۇنداق دېمە.

— داداڭنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا قاندۇرۇپ قوياي.

— ئەجەب تۇيۇقسىزلا بۇنداق قارارغا كېلىپ قاپسەنغۇ؟

— ئەتىگەن كۆكتات ئالغىلى چىقسام، ئۇ ئالدىمنى توسۇپ بەك يالۋۇرۇپ كەتتى. بەكمۇ بىچارە چىراي كۆرۈندۇ، ھېلىقى خوتۇن ئۇنى ئالدىرىتىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— سەن نېمىدەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— سوت مەھكىمىسىگە چۈشتىن كېيىن بارايلى، دېدىم، — پەزىلىيە قول سائىتىگە قارىدى، — ھازىر ماڭاي، ئۇ مېنى ساقلاپ قالمىسۇن.

پەزىلىيە سەل بالدۇر بولغاچقىمۇ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پىيادە ماڭدى. ئۇ سوت مەھكىمىسى ئالدىغا كەلگەندە، پەخرۇللا تېخى كەلمىگەنىدى. ئارىدىن ئون نەچچە مىنۇت ئۆتكەندە پەخرۇللا يېتىپ كەلدى. ئۇ پەزىلىيەنىڭ بالدۇر كېلىۋالغانلىقىدىن سەل ھەيرانلىق ھېس قىلدى بولغاي، ئاستاغىنە سورىدى:

— سەل بالدۇر كېلىۋاپسەنغۇ؟

— مەنمۇ بالدۇرراق ئارام تاپاي دېدىم.

پەخرۇللا دەرھاللا ئايالىنىڭ كۆزىگە قارىدى. بۇ چاغقىچە ئۆزى زورلاپ، خورلۇق تىللىرىنى ئىشقا سالغاندا راھەتلەنگەن يۈرىكى، پەزىلىيەنىڭ «بالدۇرراق ئارام تاپاي» دېگەن سۆزىدىن بىردىنلا ئېغىپ، ئەنسىز سىلىپ كەتتى. ھەي... ئادەم دېگەن چۈشەنمەك تەس غەلىتە مەخلۇقتە. پەزىلىيە يېلىنغاندا، پەخرۇللا تاياقتەك قېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى پاتۇس يېقىپ يورۇتقاندىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ توزۇندىلىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. مانا ئەمدى پەزىلىيەنىڭ بىر ئېغىز

تەشەببۇسكارلىقىدىن ئىچىدە بىر يەرلىرى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى!

ھەي.. دەرىخا، 32 يىل بىر ئاي ئەلۋەتتە ئاز ۋاقىت ئەمەسقۇ!

— پەخرۇللا، بىر قارارغا كېلىپ بولدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق! ئۆزۈڭچۇ؟

— دېدىمغۇ، — پەزىلىيە كۈلۈمسىرىدى، — ئارام تاپقانغا نېمە يېتىدۇ.

پەزىلىيەنىڭ ئارام تېپىش ھەققىدىكى سۆزى، بايا پەخرۇللانىڭ بىر يەرلىرىنى ئېچىشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى گويا قوقاسقا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندەك بىئارام قىلىۋەتتى.

— پەخرۇللا، — دېدى پەزىلىيە جىددىي قىياپەتتە، — ئەلىيارنىڭ نېمە سەۋەبتىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى سىزگە ئايان. ئۇ مالايسىيادا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا قىينىلىپ قاپتۇ. مەن داۋاملىق پۇل سېلىۋاتىمەن.

— ئىنگلىز تىلىنى مەشەدە ياكى ئۈرۈمچىدە ئۆگەنسىمۇ شارائىت بارغۇ.

— مالايسىيادىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىشقا قولايلىق ھەم ئاسان ئوخشايدۇ.

— بولىدۇ، ھازىر مەن ئالدىراش، ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە 15 مىڭ سوم پۇل سېلىۋېتەي. ئەلىيار ماڭىدىغان چېغىدا گۈلپىيە ئارقىلىق ئالتە مىڭ سوم بەرگەنىدىم.

— ئۇ چاغدا مەن 50 مىڭ سومنى يانچۇقىغا سېلىپ قويغان.

ئۇلار ئاجراشتى! سوت مەھكىمىسىدىن چىققان پەزىلىيە ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. لېكىن، ئۇ قىزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، خۇددى ھاياتى ئاخىرلىشىپ قالغاندەك تويغۇغا كېلىپ، گۈلپىيەنى قۇچاقلاپ ئۇن سالغىنىچە يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا گۈلپىيەمۇ كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى.

پەخىرۇللا ئەتىسى ئەتىگەندە ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ، پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىڭچىڭنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. ئۇ، ئاقنىسانى يۆتكەپ بېرىش ھەققىدىكى خەنزۇچە ئىلتىماسنى ئۇنىڭغا بەردى. فاڭ شۇجىمۇ مۇشۇ چوكان ئۈچۈن پەخىرۇللانىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇنداقلا پارتىيە - ھۆكۈمەت، خەلققە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلدى بولغاي، ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ پەخىرۇللاغا تۇتقۇزدى:

— بۇ خەتنى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىغا بەرسىڭىز، كەلگۈسى رەپىقىڭىزنى ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدۇ، — دېدى فاڭ شۇجى بېشىنى چايقاپ، — پەزىلىيەدەك ئوبدان ئايالنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئالغان بۇ خوتۇنىڭىز ئاچقان يەرگە بارارمۇ؟ ھەي... ئىشەنمەيمەن جۇمۇ.

تەشكىلات بۆلۈمىدىن يۆتكەش رەسمىيىتىنى ئالغان پەخىرۇللا، خۇشلۇقىدا ئاقنىساغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن قول تېلېفوننى ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ توكى قالمىغانىدى. ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، ئۆيىگە كىرگەنچە، تېلېفون نومۇرلىرىنى باستى:

— ھەي، بۇ سىزما؟ — تۇرۇپكىدىن ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن پەخىرۇللا چۆچۈپ كەتتى، — ھەي يىغلىماڭ، سىزگە نېمە بولدى؟

— ئانام... ئانام... بولالمايۋاتىدۇ، — دېدى ئاقنىسا، — مەن قورقۇۋاتىمەن.

— دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭىزمۇ؟

— دوختۇرلار بىر - ئىككى كۈن ئوبدان بېقىۋېلىڭلار، دەپ قايتۇرۇۋەتتى. تېز... تېز كېلىڭ، مەن... مەن گاڭگىراپلا قالدىم.

— مەن مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ماشىنىسى ... — پەخرۇللا ئويلىنىپ قالدى، — بولدى، تاكسى كىرا قىلىپ ھازىرلا يولغا چىقاي.

— ئاپتوبۇس، مىنىبۇسلار كۆپ بولغاندىن كېيىن شۇنىڭغا چىقىڭ، تاكسى بەك قىممەتكەن. ھېلىقى چاغدا مېنى بوستانغا 500، ئۇرۇمچىگە 300 جەمئىي 800 سومغا ئاپاردى.

— ھازىر پۇل بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

پەخرۇللا مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كادىرلارغا چىمەندە قېپقالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بوستان ۋىلايەتلىك قاتناش بېكىتىگە كەلدى. بېكەت ئالدىدا ئۇزۇن يولغا كىرا قىلىدىغان تاكسىلار، مىنىبۇسلار تىزىلىپ كەتكەنىدى. پەخرۇللا پۇلى قىممەت بولسىمۇ، تاكسىدا مېڭىشنى ئەپلىك كۆرۈپ، كىرا ماشىنىلىرى قاتارىغا يېنىپ كەلدى. ئۇ بىر ئۇيغۇر شوپۇر بىلەن باھا تالىشىۋېتىپ، بىردىنلا ئىكرامنى ئەسكە ئالدى. پەخرۇللا بوستانغا يۆتكىلىپ كەلگەن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئىكرام ئۇنى بىر قانچە قېتىم يوك ماشىنىلىرىنىڭ كابىنكىلىرىغا، كىرا ئاپتوموبىللىرىغا، مىنىبۇسلارغا ھەقسىز سېلىپ قويغانىدى. پەخرۇللا ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرغان مۇشۇ دەقىقىدە، ئىكرام چىمەن ناھىيىسىنىڭ تەتۈر سۆگەت قاپلىغان كوچىلىرىنىڭ بىرىدە، بىر بوۋاي بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كۇرسلىرىغا دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن كەلگىنىگە بىر ئاي بولۇپ قالغان ئىكرام، ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ كوچا ئايلىناتتى. ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان بوۋاي - موماي لار بىلەن مۇڭدىشاتتى. ئۇنىڭ بىلمەكچى بولغىنى، ئاغىنىسى پەخرۇللانىڭ چىمەندىكى ياخشى - يامان تەسىرلىرى ئىدى.

— چوڭ دادا، بۇ يىل نەچچىگە كىرگەنلا؟ — سورىدى ئىكرام ئىپتىكىنى ھاسسىسىنىڭ ئىلمىكىگە تىيىۋالغان بوۋايدىن، — ئەجەب چىرايلىق، پاكىز، تىمەن قېرىپلا.

بوۋاي جىيەكلىرى قىزىرىپ، تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغان كىچىك كۆزلىرىنى مىتىلدىتىپ ئىكرامغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەيدىسىدە يېيىلىپ تۇرغان ساقاللىرى ئاقلىقتىن ئۆتۈپ سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، جۇغى كىچىك، ئۆزى ياداڭغۇ ئىدى.

— ۋۇي ئانىسىنىڭ غىمى، چىرايلىق، پاكىز، تىمەن دېگەنلەر قاي زاماندا قالدى، — بوۋاي سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى، — بىر كەم توقسانغا كىردىم، بىر كۈن ئۆتسە، بىر كۈن غەنىيمەت دەپ يۈرۈۋاتىمەن.

— تۇرمۇشلىرى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟

— ھوي، تۇرمۇشۇمنى سوراپ قالدىڭا، مېنىڭغۇ ئۆيلەپ قوياي دېمەيدىغانسەن، — بوۋاي چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ كەتتى، — مەن شۇ ياشلىقىمنى بولغۇچە كونا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن ئامباللىرىنى كۆردۈم. ئەممازە پەخرۇللا ئامبالغا يەتمەيدۇ.

— ئۇنى نام - نىشانى ياخشى بولمىغان جۇۋان بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلايمەنا، — ئىكرام بوۋايىنى چېكىپ كۆردى، — سىلىنىڭ خەۋەرلىرىدە باردۇ؟

— بومماتىكى، بۇ بۆشۈكتىكى، تۆشۈكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان ئىش تۇرسا، — بوۋاينىڭ كىچىك كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى، — ئىچ - پەش تارتىشىپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ بىلىدە قۇۋۋىتى، يۈرىكىدە ماغدۇرى بار، تىزى تىترىمەيدىغان ئوغال بالا بولسا، قەنتىنى چاقسۇن! خوتۇن كىشى دېگەن بىر كۆرپە، كىم ئاستىغا سالسا سېلىنىۋېرىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئىشى ياخشى، ئەممازە، مۇشۇ ئىشتا كۆزى كىچىك دەيسىما.

— بۇ كۆزى كىچىكلىك ئەمەس، چوڭ دادا، — ئىكرام

نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى، — ئەمدى ئاياللارنى خورلىسا، بوزەك ئەتسە، ئۆز مەيلىچە دەپسەندە قىلسا ياخشى ئەمەسقۇ.

— ھەي، سەن نەدە قالغان نېمە سەنۇي، خوتۇن كىشى ئەر كىشى بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويغاندا، خۇشلۇقىدىن خۇداغا مىڭ سەجدە قىلىدۇ دەيمە، — بوۋاي ئاغزىنى تامشىپ قويدى، — پەخرۇللا ئامبال ھېلىغۇ بىر ئاقنىساكەن، ئون، ئون بەش بىلەن ئويىنىسا نىم بوپتۇ. پەقەت چىمەن ئۇچۇن ئىشلەپ بەرسىلا بولدى، بۇ زاماندا ئىتتىنىڭ بېشىغا ئۇرسا، خوتۇن كىشى تۆكۈلۈۋاتسا...

— پەخرۇللا شۇنچىلىك ياخشى ئىشلىگەنمىدى؟

— ھەي... ھەي... ئۇنى مەرد ھاكىم دېسە، ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ چىمەنگە كەلگەندىن كېيىن يوللار ياسالدى، كۆۋرۈكلەر سېلىندى. غالجىر ئىتتەك كەلكۈنلەر تىزگىنلەندى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قورسىقى تويۇپ، قولى پۇل كۆردى. ھويلا - ئارامى ئازادە، ئات هارۋىسى تاراق - تۇرۇق، ئىتلىرى ھاۋشىپ، توخۇ - تۇمانلىرى قاقاقلىشىپ يۈرۈشمەمدۇ. بولۇپمۇ ناھەقچىلىكنىڭ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتتى.

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئارمىنىنى يەيدىغانلار كۆپ ئوخشىمامدۇ؟

— ۋۇي، نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭگە، بايقۇش، — بوۋاي ساقاللىرىنى سىيپىدى، — لېكىنزە، ئۇنى چىمەندىن ئېلىپ كېتىپ زەپ يامان بولدى.

ئىكرام چىمەنگە كەلگەن بىر ئايدىن بېرى، پەخرۇللا توغرۇلۇق ئوخشىمىغان مەدھىيە، ماختاشلارنى ئاڭلىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى يەيدىغان ئادەملەر كۆپ ئىدى. ئۆتكەندە ئىكرام بىر موماي بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. ئۇ پەخرۇللانىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن كۆز يېشى قىلدى. «ئۇ شوم

كەلگۈندى مېنىڭ ئۈمىچىمنى ئىچكەن» دەپ ماختاندى ئاندىن ئۇ:

— ئەجەبمۇ ساخاۋەتلىك ھاكىم ئىدى، كۆكۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى، — دېۋىدى، ئىكرام:

— شۇنداقمۇ پەس كۆكۈل بولامدۇ، ئادەم تاللىمايدىغان... — دەپ قويۇۋىدى، موماي ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ بىر ھازا قايناپ كەتتى:

— ھوي، بەزى گالىدۇ ـ گۇلدۇڭ ساراڭلار «كۆكۈل دېگەن ئۇنداق ئۇلۇغ، مۇنداق نازۇك» دەپ كېتىدىكەن. شۇنداق دېگەنلەر پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپتۇ. كۆكۈلمىچۇ، سېزىك خوتۇننىڭ سېزىكىدەك پەس بىر نېمە. مانا مەن ئېشەك تېزىكىگە، قوشنام ھاشىخان سونجاق كىرسىن مايغا سېزىك بولغان. مەن ئالىقاندەك لاتىغا ئورىۋالغان ئېشەك تېزىكىنى پۇراپ يۈرەتتىم. ھاشىخان بولسا ئېتىكىگە تۆكۈۋالغان كىرسىن ماينى ئېتىز، خامان، ئېغىللاردا پۇراپ قوياتتى. كۆكۈل دېگەن ساراڭمۇ، ئاشۇ سېزىكتەك ماۋۇ «ئون تىيىن» لىقكەن، ماۋۇ «بەش تىيىن» لىككەن دېمەي سالجىدەك چاپلىشىدىكەن.

— پوھوي، مەن ئۇقمايدىغان جىق ئىشلار باركىنا، — دېدى ئىكرام كۈلۈپ، — چوڭ ئانا، سىلىدىن كۆپ ئىشلارنى بىلىۋالدىم.

— ئۆزلە بىلمەيدىغان خېلى ـ خېلى ئىشلار بار، — موماي قاپاقلىرىنى سوزۇپ گەپ باشلىدى، — ئى... ئە... ئەرەكتىلەردەچۇ، قارىسىلا ئىككى باش بولىدۇ. بىرى «تۆز باقتى»، يەنە بىرى «يەر باقتى»، يەر باقتىنىڭ كەينىگە كىرسە، تۆز باقتىمۇ يەرگە قاراپ قالىدۇ دېسىلە... پەخرۇللا بالامنى شەيتان ئازدۇرۇپ، يەر باقتىنىڭ كەينىگە كىرىۋىدى، مانا ئەمدى شەرمىسار بولۇپ، تۆز باقتىمۇ يەرگە قاراپ قالدى ئەمەسما!

دەسلەپتە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان

ئىكرام، موماينىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ كۈلۈپ سالدى. ھەتتا ئۇ يەرلىك كومېتېت مېھمانخانىسىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ كۈلكىسىنى توختىتالمىدى.

ئىكرام بوۋاي بىلەن سۆزلەشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، «پەخرۇللا ھاكىم سارىخانىنىڭ ئۆلۈمىگە كەپتۇ» دەپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. دەرۋازا ئالدىدا، ھويلا ئىچىگە جامائەت تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق ئىدى. ھويلا ئوتتۇرىسىدا يېشىل يوپۇق يېپىلغان تاۋۇت تۇراتتى. دەرۋازا ئىچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاقنىسانىڭ دادىسى، مېيىپ ئاكىسى، يەنە بىر قانچىلىغان ئەر تۇغقانلار ئاق پوتا باغلاپ تۇرۇشاتتى. بەزىلىرى تېخى دوپپا، تۇماقلىرىغا كىچىككىنە سەللە ئورىۋالغان بولۇپ، كۆزلىرىدە بىرەر تامچىمۇ ياش كۆرۈنمەيتتى. ئىكرام شۇلارنىڭ ئىچىدە ئېگىز، گەۋدىلىك، تەمبەل پەخرۇللانى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ خاتا كۆرۈپ قالمىغاندىمەن، دەپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ باقتى. ياق، باللىقى چىگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن قىزىل يۈز، كۆزلىرى چوڭ، خىيالچان، كەم سۆز، ئۆتكۈر پىكىرلىك پەخرۇللا شۇ ئىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەن ھازىدارلاردەك بېلىگە ئاق پوتا باغلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ شىلەپىسىگە يۆگەپ قويغان ئاق داكا خۇددى پوشكالچىنىڭ پىلتە خېمىرىدەك تولغىشىپ تۇراتتى. بۇ ھازىدارنىڭ قولىدا بىر ھاسا تاياقلا كەمدەك قىلاتتى!! ۋاي خۇدايىم، بۇ ھېلىقى چىمەننىڭ يۇرت ئاتىسى، مەدھىيە، ماختاشلارغا كۆمۈلۈپ قالغان مەرد ھاتەمدەك ھاكىم شۇمۇ؟! جامائەتنىڭ قولىنى «ئەلھۆكمىللىلا» دەپ تۇتقىلى بوستاندەك يىراق يەردىن كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ يۇرت ئەھلى ئېتىراپ قىلغان، بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلىغان بىر تاجدارنىڭ يىغلامسىراپ، بىچارىلەرچە ئېگىشىپ تۇرغىنىغا تۇشلۇق، قازا قىلغىنى بىرەر تۆھپىكار زات، پېشقەدەم ئۇستاز، خەلق سۆيگەن جامائەت ئەربابى بولسىكەن، كاشكى... بەكلا

قاملاشمىغىنى، پەخرۇللا بۇ ئائىلىنىڭ زادى نېمىسى؟! ئەڭ بولمىسا شەرەم تۇغقىنىمۇ، يىراقتىن كەلگەن ھەقامسايىسىمۇ؟ ياكى قىيامەتلىك قوشنىسىمۇ؟! ياق، ياق!! ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن ئېرىقنىڭ نېمىدەكمۇ يېقىنچىلىقى يوق! ناۋادا بىراۋ پەخرۇللادىن «سىز بۇ ئائىلىنىڭ نېمىسى بولىسىز؟» دەپ سوراپ قالسا ئۇ: «مەن قىزىنىڭ ئاشنىسى بولىمەن» دەرمۇ؟ گەپنى چىرايلىق قىلىپ، «كەلگۈسىدىكى ئايالىم ئاقىنىسانىڭ ئېرى بولىمەن» دېسە، ئاۋام نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟!، بەزى تەۋىلەر: «سىز ئۇنىڭ دادىسى ياكى بوۋىسى بولسىڭىز توغرا بولغۇدەك» دەپ سالسا ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇدە!

دەرۋازا ئالدىدا گاراڭلا بولۇپ قالغان ئىكرام ئاچچىقىدا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كەلدى. ئۇ يەر بېقىپ ئېڭىشىپ تۇرغان ھازىدار پەخرۇللانىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى:

— ئەلھۆكمۇلىللا، سەۋر قىل بۇرادەر، قېيناناڭنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن...

— نېمە، سەن؟ — بېشىنى كۆتۈرۈپلا چۆچۈپ كەتكەن پەخرۇللا غەزەپلىك شىۋىرلىدى، — بۇ يەردىن دەرھال يوقال. بۇ دېگەن ماتەم، مۇسىبەت، ھازا!.

— ھازىدار دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولىدۇ، — ئىكرام تۇمشۇقىنى پەخرۇللانىڭ قۇلىقىغا ياقتى، — ئىلاھىم قېينانالىڭ ئۇ دۇنياغا بېرىپ، ئاشنالىڭنىڭ باھاسىنى سەل ئۆرلىتىپ كېلەر... ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەۋاتقاندا، ئۇنى تەڭشىمىسە بولماس...

— ھەي كاززاپ، ساڭا بۇ يەردە نېمە بار؟ — پەخرۇللا جەھلى بىلەن شىۋىرلىدى، — كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما نىجىس.

— خاپا بولما، بۇمۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم، — بۇ تىركىشىش «ئىككى قەدىناس بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىۋاتىدۇ» دېگەن ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرگەنىدى، — ھەي ئىست، ھەي

ئىسسىت، ھەي ئىسسىت...

— ھەي ھىيلىگەر، ھاننات ئوغرى، نېمىگە ئىسسىت ئەيلەپ كەتتىڭ؟

— نەۋرەڭ دىلمۇراتنىڭ ئۆلۈمىدە ئاشناڭ بىلەن تېلېفوندا مۇڭداشماي، ئاناڭ ھەلىمىخاننىڭ نەزىرىسىدە ئامېرىكىغا قېچىپ كەتمەي، مۇشۇ بىچارە تۇرقۇڭ، مىسكىن چىرايىڭ بىلەن تۇرۇپ بەرگەن بولساڭ خۇدايىم «ئال قۇلۇم» دەپ «ئون تىيىن» دىن يەنە قوشلاپ بەرمەمتى، دەلتە!!

دىلمۇراتنىڭ ئۆلۈمىدە، ئىكرام شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن زەربىگە ئۇتۇپ پەخرۇللانى يەرگە مىخلاۋەتكەنىدى. پەخرۇللا شۇ چاغدىمۇ يالۋۇرۇپ، يېلىنىپ، يىغلامسىراپ «سېنىڭ راست» دەپمۇ قۇتۇلالماي، ئاخىر كوچىغا چىقىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى مىڭلاپ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ياقا يۇرتتا بۇ سەپرانىڭ يەنە قاپساۋالغىنىنى قارىمامدىغان! بۇ ئەسكىنىڭ دەردىدە مەشەدىمۇ ئاراملىق يوقا!

— بولدى، بولدى، ساڭا قول قويدۇم، سەندەك ئەسكى بىلەن تەڭ بولغۇچە كۆزۈڭدىن يوقالسامغۇ بولىدىغاندۇ؟ — پەخرۇللا جامائەت ئارىسىدىن غىپپىدە چىقىپ باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

مانا بۇ مېيىت ئۈستىدە بولغان كەسكىن ئېلىشىش ئىدى. ئىكرام ئاغىنىسىگە چىرايلىق گەپ قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، ئاقىۋەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگۈزۈپ، تىللاپ بېقىپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئۆلۈم سورۇنىدا بىر يولىلا ئاچچىقىنى چىقاردى. چىش ئارىلىقلىرىدىن، قەھرى بىلەن ئېتىلىپ چىققان سېسىق تىل، كىنايە، زەھەردەك تەنىبىھلەر گەرچە پەس ئاۋازدا شىۋىرلاپ دېيىلگەن بولسىمۇ، پەخرۇللانىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

*　　　*　　　*

پەخرۇللا سارىخانىنىڭ يەتتە نەزىرىسىدىن كېيىن ئاقىنىسانى بوستانغا يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ھەپتە ئىچىدىلا خىزمەت ئورۇنلىرىدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ، توي خېتى ئېلىشتى. ئاندىن 96 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي سېتىۋېلىپ، دەرھاللا زىننەتلەش شىركەتلىرىگە زىننەتلەشكە بەردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن شەھەرگە يېقىن بەزى كەنت ـ مەھەللىلەرگە بىر تۇتاش تاۋار بىنالار سېلىنىپ «ئېچىش رايونى» غا ئۆزگەرگەنىدى. پەخرۇللا، ئاقىنىسالارنىڭ ئالغان ئۆيىمۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا پەزلىيە، پەرۋىنە، ئىكرامىلار مۇئەللىم بولغان «باغ ئۆتەڭ» ئېچىش رايونىدا بولۇپ، مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كىچىك ماشىنىسى ئۇلارنى خىزمەت ئورنىغا ئاپىرىپ، ئەكېلەتتى. كېيىنچە ئىدارىدە، قولاق ياقتى گەپلەر چىققىلى تۇرغاندىن كېيىن، پەخرۇللا ئاقىنىساغا ئايالىلار موتسىكلىتى ئېلىپ بەردى. ئۇلار يېڭى زىننەتلەنگەن ئۆيىگە كۆچۈش ئالدىدا توپ سېتىش بازارلىرىغا بېرىپ ئۆي جاھازلىرى سېتىۋالدى. بىر كۈنى ئاقىنىسا پەخرۇللانىڭ پۇل ئامانەت قويغان بانكا كىنىشكىسىنى ئېچىپ، ئېلىنغان، قويۇلغان پۇللارنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقتى.

ــ بىرى كېلىڭا، ــ دېدى ئاقىنىسا ئەركىلەپ، ــ بىرەر يىلنىڭ ئالدىدا ئالتە مىڭ، ئىككىمىز بوستانغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئونبەش مىڭ سوم ئاجرىتىپسىز، بۇ پۇللارنى نەگە ئىشلەتتىڭىز؟ ئەجەب مەن بىلمەي يۈرۈپتىمەنغۇ؟

ــ ئالتە مىڭنى ئەلىيار چەت ئەلگە ئوقۇشقا ماڭغاندا بەرگەن، ــ دېدى ئەينەك ئالدىدا ساقىلىنى ئېلىۋاتقان پەخرۇللا، ــ ئوتبەشمىڭنى ئىككىمىز چىمەندىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن پوچتىدىن سېلىۋەتكەن.

بىر دىنلا ئاقنىسانىڭ چىرايىغا بوران سوقۇلدى. ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرى سوزۇلۇپ، كۆزلىرى غىلىپالالاشتى. قولىدىكى كىنىشكىنى ئۇستەلگە پاققىدە ئېتىپ، غوتۇلدىغىنىچە دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ خۇيلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن پەخرۇللا، يۇزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى:

— نېمە بولدىڭىز، ئاقنىسا ئاپپىقىم، ئالا كوچۇكلەر كېلىپ قاپتۇغۇ، — پەخرۇللا يۇمشاق قوش ئېڭەكلەردىن تۇتۇۋىدى. ئۇ سىلكىنىپ تەتۈر قارىۋالدى، — ۋۇي راستىنلا خاپا بولۇپ قالدىڭىزما؟

— سىز زادى ئاشۇ ئۆيدىن، ئاشۇ خوتۇندىن، بالىلىرىڭىزدىن ئۇمىدىڭىزنى ئۈزەلمەيۋاتىسىز، — ئاقنىسا بارغانسېرى ئۆرلەۋاتاتتى، — ئەليار دېگەن لوكچەك جادىپىچاقنى كۆتۈرۈپ ھويلىمىزغا بېسىپ كىرىپ مېنى «شاپاقچى، جالاپ، پەسكەش، بۇزۇق»، «بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچىمەن» دېگەن تۇرسا، سىزنى «زىناخور كۆڭلى پەس، نەرىڭ ھاكىمغا ئوخشايدۇ» دەپ تىللاپ، دېمىگەن - ئەتمىگىنى قالمىدى.

— بالا ئەمەسمۇ، يەنە تېخى مەست بولۇپ قاپتىكەن.

— ئەمىسە بالا دەپ يۈرەك - باغرىڭىزنى سۇغۇرۇپ بېرىڭ، مېنىمۇ ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟ مەن ياش ھاياتىمنى سىزگە ئاتىغان تۇرسام، بىزنىڭ بالىلىرىمىز بولماسمۇ، — ئاقنىسا پەخرۇللانىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى، — بولدى. مەن چىمەنگە كېتەي... ماڭىمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق يەكپاي كېپىشتىن بىرى چىقار.

ئاقنىسا ئورنىدىن تۇرۇشى، پەخرۇللا ئۇنى قۇچاقلاپ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ، دۇمبىلىرىگە پەپىلەپ، دىۋانغا ئولتۇرغۇزدى.

— سىز كەتسىڭىز مەن بۇ يەردە تىرىكلا ئۆلمەمدىمەن.

— يالغان، — ئاقنىسا پەخرۇللانىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — سىز يەنىلا شۇ ئاشۇ قېرى خوتۇنىڭىزنى ئويلايسىز.

— سىز، سىز زادى قانداق قىلسام، نېمە دېسەم ئىشىنىسىز؟ ئارىمىزدىكى ھېسسىيات، مۇھەببەت ئۆلگەچكە، ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاغزىمغا ئالغۇم كەلمەيدۇ.

— راستما، ئەمىسە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلالامسىز؟

— قىلىمەن، لېكىن بۇ يەنىلا بىر - بىرىمىزگە ئىشەنمەسلىكتۇ، — پەخرۇللا ئاقىنسانىڭ بويىنىغا گىرە سالدى، — مەن ... مەن كۈندىن - كۈنگە سىزگە شۇنچىلىك باغلىنىپ قېلىۋاتىمەن. خىزمەتتىن چۈشۈپ، چېھرى - رۇخسارىڭىزنى كۆرۈشكە تاقەتسىم تاق بولۇپ كېتىدۇ.

— سىزنىڭ مىلىڭ بىر جاپادا تاپقان پۇلىڭىزنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنى خالىمايمەن، — ئاقىنسا سىنچى كۆزلىرىنى پەخرۇللاغا تىكتى، — بۇنىڭدىن كېيىن بانكا كىنىشكىسىنى ئۆزۈم تۇتىمەن بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، تۇتۇڭ، مائاشىمنىمۇ سىز تۇتۇڭ، ئەمدى ئىككىمىز بىر ئۆينىڭ ئادىمى بولۇپ قالدۇق.

كىنىشكىدىكى ئالتە مىڭ، ئونبەش مىڭنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن ئاقىنسا، پەخرۇللانىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئىلەڭگۈچ ئۆچماقچى بولدى، بىراق ئۇ ئاقىۋەتنى ئويلاپ قالدى. گەرچە ئۇلار توي خېتى ئالغان بولسىمۇ، توي قىلمىغان ئىدى. «توي خېتى ئېلىپلا مۇڭگۈزى چىقتى» دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق بەكمۇ مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرىغا ئاساس ياراتمىسا بولمايتتى. بولمىسا پەخرۇللادەك قىرى تېپىلماسنىڭ خورمىسىدى! ئەمما، بۇنداق ئىرغىتسا تەڭگە تۆكۈلىدىغان دەرەخنى ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي قولدىن چىقىرىش، ئەقىلنى چېلىپ ئىچكەن دېۋەڭلەرنىڭ ئىشى! ئۇ پېنسىيىگە چىققان تەقدىردىمۇ ھاكىم دەرىجىلىك مائاشى چىقىۋېرىدۇ. بانكىدىكى نەچچە يۈزمىڭلىغان پۇللىرى تۇغۇپ ئانىسىدىن بالىسى يوغىناپ كېتىشى مۇمكىن! ئاخىرقى ھېسابتا

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقنىسانىڭ ئېچىل داستىخىنىم بولۇپ قالامدۇ! بۇنداق ئىنچىكە زىغىرلاشلار ئاقنىساغا ياد بولۇپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭۈل توختىتالمايۋاتقان يەرلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ مېھرى غالىب كەلسىچۇ! شۇنداق، جەمئىيەت، ئادەملەر ئەيىبلەپ، نەسىھەت، تەنبىھلەرنى بېرىپ، ئۇنى ئازدۇرۇپ كەتسىچۇ! بۇلارنى توسۇشنىڭ ئەپلىك چارىسى قايسى؟ توغرا، پەخرۇللانىڭ بوينىنى بالا بىلەن باغلىۋېلىش ئاقىلانە تەدبىر! شۇڭا، دوختۇرخانىغا بېرىپ، شۇنچە يىللاردىن بېرى يۈزىنى سۈرۈن قىلماي، «پاك» كۆرسىتىپ، ئاقنىسانى پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ كەلگەن «ھېلىقى» نى ئېلىۋېتىش كېرەك. شۇندىلا ئۆزىدىن ئۆزگىلەرگە سىر بولۇپ كەلگەن «شەھەرلىك خانىم» بولۇش، «ئېسىل ئۆيلەر» نىڭ، بانكىدىكى پۇللارنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىش ئارزۇ ـ نىيازلىرى ئەمەلگە ئاشقۇسى!

— پەخرۇللا جېنىم، — ئاقنىسا ئەركىلەپ سۇۋاندى، — توي خېتىنى ئېلىپ ھۆكۈمەت دەپتىرىدە قانۇنلۇق ئەر ـ خوتۇن بولدۇق. لېكىن توي چېيىنى قاچان بېرىمىز؟

— سىزمۇ ئەقىل ئىگىسى، دەپ بېقىڭا، قانداق قىلساق يۈز ـ ئابرۇيىمىزنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز؟

— ئىككىمىزنىڭ ئىشىدىن چىمەنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بوستان تەۋرەپ كەتتى. توي چېيى بەرسەك، تېخىمۇ ئۇياتلىق، رەسۋاچىلىقلارغا قالارمىزمۇ؟

— ھەببەللى، سىزنىڭ ئەقلىڭىز بىر ئەزىم دەريا. قاراڭ بىرلا ئويلاپ تېگىگە يېتەلىدىڭىز، — پەخرۇللا ئاقنىسانىڭ بۇرنىنى چىمداپ قويدى، — بىر مەزگىل سەۋر قىلايلى، بوستاندىكى سۆز ـ چۆچەكلەر جىمىقسۇن، بولۇپمۇ پەزلىيەنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇگۇچلىرى يېشىلسۇن، بولمىسا

كۆلكىگە قالىمىز.

— كۆلكىگىلا ئەمەس، تىل، قارغىش، ئەيىبلەش، نەپرەتلەرگىمۇ دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن.

— سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، ئەگەر توي چېيى بەرسەك، قانچىلىك جامائەت تويىمىزغا قاتنىشار؟

— راست، — ئاقنىسا ئاغزىنى تۇتتى، — قاتناشقۇسى بارلارمۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن.

— دانا، دانا، — پەخرۇللا دىۋاندا ئولتۇرۇپلا ئاقنىسانى باغرىغا باستى، — قارالىڭ ئاپپىقىم، دۇشمەننى كۆپەيتمەي، توي چېيىنى ئارقىغا سۈرەيلى. ئەمما، هامان بېرىمىز. كىم بىلىدۇ. خۇدايىم بىزگە بىرەر ئاسايىشلىق يول ئېچىپ بېرەمدۇ تېخى.

پەخرۇللا بىلەن ئاقنىسا نەپىس ۋە ھەيۋەتلىك بېزەلگەن ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپ، بىرەر ئاي ئۆتتى. جاھاننى ئاپئاق چېچەك قاپلاپ، ئۆلمىگەن جان ئۇچۇن، يەنە بىر باھار كەلدى! بوستاننىڭ نەشپۈتلۈك باغلىرى خۇددى ياتلىق بولىدىغان كېلىنچەكلەردەك ياساندى. شەھەرنى قۇم - بورانلاردىن ئاسراپ تۇرغان چىمەنتاغ سۈس قوڭۇر رەڭدىن، ئەمدىلىكتە كۆكۈچ تۈسكە كىرگەندى. بوستاننىڭ چىنىدەك پاكىز، سۈزۈك ئاسمىنىدىن قاتار - قاتار تىزىلغان قاقىرلار: «قۇرق - قۇرق...» دېيىشىپ قومۇشكۆل سۇلۇق دىيارىغا ئۇچۇپ ئۆتسە، گاھىدا: «غارت - غارت» قىلغان، ئاق قۇلارنىڭ جۈپتىنى چاقىرغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. شۇنداق چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇ ئىدارىسىدىن بالدۇرلا دەم ئېلىشقا چىققان ئىمىنجان ئەخمەت پەخرۇللا بىلەن ئاقنىسانىڭ توي خېتى ئالغىنىنى تەبرىكلەپ چايغا چاقىردى. ئۇ پەخرۇللانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىكى بىنا ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. ئىمىنجاننىڭ ئايالى ئەمچەك راكى بىلەن

ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇمۇ ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش كىچىك بىر چوكاننى نىكاھىغا ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈۋاتاتتى. بىرقاچىغا سۇ تامچىسى بىلەن ماي تامچىسىنى تېمىتسا ھەرقايسىسى ئۆز خىلى بىلەن قوشۇلغاندەك، بۇ تەقدىرداش ئاغىنىلەر قىزغىن كۆرۈشۈپ، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. 1965 ـ يىلى قايدۇ دەرياسىدا ئېلىپ بېرىلغان كانكى مۇسابىقىسىدا پەزلىيەنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ئىكرامنى ئۇتتۇۋالغان ۋەقەنى ئىمىنجان ھەرىكەتلىرى بىلەن، قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

تاماقتىن كېيىن بۇ ئىككى جۈپ ئەر ـ خوتۇن بوستان ئولتۇراق رايونىنىڭ باغۇ بوستانلىق ئورمانلىرىنى ئايلاندى. قارىغاي، ئارچا، ئاق قېيىن، دۆپ، تۇخۇمەك قاتارلىق خىلمۇخىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئورمانلار، سۇنئىي تاغ ـ ئېدىرلار، ياپيېشىل يانباغىرلاردىكى ئېچىلىپ كەتكەن ئاق، ھال، سارغۇچ چېچەكلەر، كۆپكۆك كۆللەر ئىچىدىكى يىلان باغرى سالاسۇنلۇق كۆۋرۈكلەر، بەكمۇ نەپىس ياسالغان شىپاڭ، راۋاقلار، رەڭلىك چاقچۇقلۇق چىغىر يوللار، ئالىتقاندەكمۇ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان تال بوستانلار، ئۇنىڭ تېگىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرخىل تەنھەرىكەت ئەسلىھەلىرى ئاقىنسانى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. «دۆشمەننىڭنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، مۇشۇنداق يەردە ئولتۇرساڭ يەنە نېمە ئارمان!» دېگەن مەنمەنلىك ئاقىنسانىڭ كۆڭداشلىق ئوچاقلىرىغا ئوت يېقىۋەتتى. ئىمىنجان بۇ ئوتقا ماي چېچىپ تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى.

— پەخرۇللا شەھەرنىڭ چېتىگە بېرىۋالغۇچە، شەھەرنىڭ مۇشۇنداق كىندىكىدىن ئۆي ئېلىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئىمىنجان ئېگىز راۋاقتىن پەسنى كۆرسىتىپ، — قارا بۇ مەنزىرە، بەدىئىي سۈرەتنىڭ ئۆزىغۇ.

— مەنمۇ بۇرۇن ئويلىغان، — پەخرۇللا بىردەم جىمىپ

قالدى، — لېكىن، بۇ يەردە... پەزلىيە، كۈيئوغلۇم ئەختەم، قىزىم گۈلپىيە، ئاچامنىڭ ئوغلى ئىسھاق، ئايالى ئابدەلەر مەشەدە ئولتۇرۇۋاتسا، ئەپسىز بولامدىكىن.

— قىزىقكەنسەن. ئاڭلىسام خوتۇنۇڭدىن تارتىپ بالىلىرىڭغىچە سېنى سېپىستىپ، جەمئىيەتتە يۈرگۈسىز قىلىۋېتىپتۇ. ھەتتا شەھەرنىڭ كوچا، تاملىرى، ئىدارە ئىشىكلىرىگىچە بولمىغۇر گەپلەر يېزىلغان تەشۋىق ۋەرەقىلەرنى چاپلاپتۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن قېرىشقانىنىڭ ئانىسىنى ئال دېگەندەك ئىككىڭلار پار - پۇر ياسىنىپ، قولتۇقلىشىپ مېڭىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىڭلار.

— كونىلار: «ئاداۋەت تۈگۈچىنى يەشكۈلۈكۈ، تۈگمىگۈلۈك» دەپتىكەن. بىكاردىن - بىكار زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇلار رەھىم قىلمايدۇ - دە، يەرلىك كومىتېت، پارتكوم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىلىرىغا ئەرز قىلغانىغا كۆڭلى تىنماي، تەرەپ - تەرەپلەرگە تەشۋىق ۋەرەقە چاپلىدى دېگەنلىك بۇ ئادەتتىكى دۈشمەنلىك ئەمەستە. كۈشەندىسىنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستىغان ئادەملەر ئاشۇنداق قىلىدۇ.

— بولدى قىل، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلماي.

— سەن ئاشۇ پىتنە - ئىغۋالارنىڭ كاساپىتىدىن ھاكىملىقتىن قالدىڭ. بۇنىغۇ بىلىدىغانسەن؟ ھەي... — ئىمىتجان بېشىنى چايقىدى، — ئۇلار ساڭا بوش زىيانكەشلىك قىلمىدى. ياش چاغلىرىڭدا خېلى جىگىرلىك بار، تۇرگۇن نېمىتتىڭ، نېمانداق لاتا سولاش بولۇپ قالدىڭ؟

— يائاللا، ئىكرامىنىڭ تەلۋىلىكىدىن ئاران قۇتۇلسام، ئەمدى سەن قالدىڭمۇ؟

— ئەقەللىيسى سەن جەمئىيەتتە ياشىمامسەن؟ خىزمەت

قىلمامسەن؟ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىڭ بولمامدۇ؟ مېھماندارچىلىق، توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرىدا يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەمسەن؟ سېنى سېستىقانلار مۇشۇلارنى ئويلىدىمۇ؟

ــ مەن ئىمىنجان ئاكامنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىمەن، ــ دېدى ئاقنىسا دەرھاللا، ــ «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ» قىلىش كېرەك. ئۆزىنى نامايان قىلمىغان ئەرنى پالاكەت باسىدۇ.

ــ راست، ــ دېدى ئىمىنجان، ــ قۇرت ئۆمىلەپ، ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئىزى قالىدۇغۇ، ئادەمدە «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم» دېگەن ئىرادە بولۇش كېرەك. بولمىسا ئاخىرى پۇشايمان زەردابىنى ئىچىپ قالىدۇ.

ــ ئىمىنجان نېمانداق ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىسىز، ــ دېدى ئاق يۈزلۈك ۋىجىككىنە چوكان، ــ ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئائىلىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۇچۇن بولسىمۇ، قورساقنى كەڭ تۇتۇپ كەچۈرۈۋەتسىمۇ بولىدۇ غۇ.

ــ قورساقنى تولىمۇ كەڭ تۇتسا، ــ دېدى ئاقنىسا زەردە بىلەن، ــ ئىچىدە بۆرىلەر كۈچۈكلەپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بار...

ــ مەن، سەن توغرۇلۇق جىق گەپلەرنى ئاڭلاپ كەتتىم، ئاخىر ئىچىمگە سىغدۇرالمىدىم. مەندىن رەنجىمە، ــ ئىمىنجان پەخرۇللانىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، ــ پەخرۇللا چاقچاق ئەمەس. مەشەگە كېلىۋال، بۇ يەردە ئۆيىنى ساتىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ. مەن خەۋەر قىلاي.

ــ شۇنداق قىلسىڭىزغۇ چاي پۇلىمۇ ئىچەرسىڭىز، ــ دېدى ئاقنىسا چاقچاققا يۆلەپ، ــ ئەمىسە خەۋەرىڭىزنى كۈتىمىز ـ ھە؟

ئۇلار چۈشتىن كېيىن كۈن قېيىلىش بىلەن چايدىن قايتىشتى. تەرەپ ـ تەرەپكە قايرىلىپ كەتكەن ئۆمۈچۈك تورىدەك چاقچۇق يوللار، باغ، ئورمانلىق ھويلىلارغا زىننەت بېرىپ

تۇراتتى. ئوتتۇزمىڭ سوم پۇل خەجلەپ زىننەتلىگەن بىر چىرايلىق ئۆيىمىز تۇرسا، يەنە بۇ يەردىن ئۆي ئالماقچى بولغىنى نېمىسى؟ دېگەن خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغان پەخرۇللا يەر باققان ھالدا ئاستا كېلىۋاتاتتى. پۇتىغا ئىگىز پاشنىلىق پورەڭ ئاياغ، ئۇچىسىغا يازلىق پەلتو كىيىپ، چېچىنى بانتىلاۋالغان ئاقنىسا ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. مانا كۆرۈڭ، رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ. دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدىن پەزلىيە بىلەن گۈلپىيە قولتۇقلىشىپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان ئاقنىسانىڭ قۇلىقىدا: «پار - پۇر ياسىنىپ قولتۇقلىشىپ مېڭىپ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىڭلار» دېگەن بىر كەلىمە سۆز قايتا ئەكس سادا بەرگەندەك بولدى. ئاقنىسا دەرھاللا پەخرۇللانى چىڭ قولتۇقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە چۆكۈرۈپ، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلدى. يول قولتۇقلاشقان تۆت ئادەمگە تارلىق قىلاتتى. پەزلىيە بىلەن گۈلپىيە يول چېتىدىكى چىملىق ئىچىدە ماڭدى. ئەمما ئاقنىسانىڭ: «كۆردۈڭمۇ ھاكىم ئېرىڭنى مەن تارتىۋالدىم» دېگەندەك قەستەن قىلىۋاتقان لاۋزا ھەرىكىتىدىن ئاچچىقى كەلگەن پەزلىيە ئاستاغىنە «تېتىقسىزلار...» دېيىشى قۇلىقى دىڭ تۇرغان ئاقنىسا كەينىگە قايرىلىپلا تىل سالدى:

— ھەي خوتۇن، ئەپتىڭگە قاراپ ئادەم تىللا، — ئاقنىسا بىگىز بارمىقىنى جۇنۇدى، — تېتىقسىز دېگەن سەنمۇ، مەنمۇ؟ سەن تېتىماي قالغاچقا ئېرىڭ كۆتۈڭگە تەپكەن، مەن تېتىپ كەتكەچكە باغرىغا باسقان.

— ھەي پاسكىنا جالاپ، — گۈلپىيە كەينىگە قايرىلىپ ئېتىلىپ كەلدى، — پۇتۇن - سۇرۇك دادىمىزنى ئۆتۈنۈپ بەردۇق. ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي، ھويلىمىزغا كېلىپ جېدەل چىقارماقچىما؟ مانا ئەمىسە!...

ئۇزۇن تاسمىسىنى قولىغا يۆگىۋالغان گۈلپىيە، خورۇم سومكىسىنى پىرقىرىتىپ يۈرۈپ ئاقنىسانىڭ باش، دۈمبە،

يۈزلىرىگە ئۇرۇپلا كەتتى. ئۇ دەرەخلىك، چىملىق، گۈللۈكلەر ئارا قاچقانسېرى گۈلپىيە ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن پەخرۇللا بىردە ئاقنىسانى توسۇۋالسا، بىردە گۈلپىيەنى قۇچاقلاپ، يالۋۇراتتى. ئاڭغىچە پەزلىيە قىزى گۈلپىيەنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. سومكىسىنىڭ چەمبەرلەنگەن قىرى تېگىپ بېشى يېرىلىپ كەتكەن ئاقنىسا شەھەرلىك سوتقا ئەرز تۇتتى. پەخرۇللا خوتۇنىنى توسقان بولسىمۇ، لېكىن ئاغىنىسى ئىمىنجاننىڭ:

— مۇشۇ قېتىمدا بەل قويۇۋەتسەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيۈڭگە بېسىپ كىرىپ، ئاۋارە قىلىۋېرىدۇ. بۇ ئىشنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلاي دېسەڭ، ئاقنىسانى توسما، — دېگەن سۆزىدىن ئويلىنىپ قالدى. ئەزەلدىنلا: «ئاكامنى شەھەردە سېستىپ يۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. ھاكىملىقتىن قالدۇردى. بىز قېرىنداشلىرىمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس بولۇپ قالدۇق...» دېگەن غوم بىلەن پەزلىيە ھەم گۈلپىيەگە ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقان شەھەرلىك سوتنىڭ كادىرى ئەمىرنىسا، بۇ ئەرزنى تۇتقان سوتچىنىڭ قولىنى بۇرىۋەتتى. بۇرۇۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، مەسىلە پەزلىيە بىلەن گۈلپىيەدىن ئۆتكەنىدى. يېپىق سوت قىسقىلا بولدى.

— خەقنى بىكاردىن - بىكار نېمە ئۈچۈن «تېپىقسىز» دەپ تىللىدىڭىز؟

بىر ئېغىز سۆزى ئۈچۈن ئىشنىڭ بۇنچىلىك يوغىناپ كېتىشىنى ئويلىمىغان پەزلىيە، ئەتراپتىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان بالىلىرى، يېقىن - يورۇقلىرىغا قارىدى. ئۇ پەخرۇللانى ۋە ئۆزىگە ھومىيىپ تۇرغان ئۇنىڭ بىر نەچچە ئادەملىرىنى كۆرۈپ، سەل ھودۇققانىدەك بولدى - دە، قانداقتۇ قولاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ سالدى. سوتچى ئۇنىڭ جاۋابىغا ئۇلاپلا ۋارقىرىدى:

— قوچاقلاپ ماڭامدۇ، ھاپاش بولۇۋالامدۇ، ئۆزىنىڭ ئېرى. بۇنىڭغا سىزنىڭ ھۆرۈ - پۆرۈ دەيدىغان نېمە يولىڭىز بار؟ — سوتچى بىر بەتلىك قەغەزنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

— كېسىم، پەزىلىيەنىڭ قەستەن ئادەم تىللاش، قىزى گۈلپىيەنىڭ ئادەم جاراھەتلەندۈرۈش قىلمىشى ئۈچۈن، داۋالىنىش پۇلىنى تۆلەشتىن سىرت، ئاقنىسانىڭ ئازابلانغان ھەققى ئۈچۈن جاۋابكار، داۋاگەرگە يەنە بەشيۈز سوم پۇل بېرىدۇ...

— سوتچى، — پەخرۇللا خىجىللىق بىلەن سوتچىغا قارىدى، — بىز داۋالانغان ھەم كېسىم قىلىنغان پۇللارنى ئالمايلى.

— ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

— مەن بىر تىيىننى كەم قىلماي ئالىمەن، — ۋارقىرىدى ئاقنىسا.

— ئاڭلىغانسىز، — دېدى سوتچى، — يەنىلا ئازابلانغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆرۈڭ.

سوتچى ماتېرىياللىرىنى پوپكىسىغا سېلىپ كېتىپ قالدى. كىچىككىنە سوت مەيدانىدىكى ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. پەخرۇللانىڭ ئادەملىرى خۇشال، پەزىلىيەنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، بالىلىرىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ئىدى.

— دادا، — دېدى ئەختەم پەخرۇللاغا، — كېسىم پۇلىنى ئالمايمەن، دېمەڭ، ئۇنى مەن بۇگۈنلا يەتكۈزۈپ بېرەي.

ئەختەمنىڭ گېپى ئاخىرلىشىشى، پۇقراچە كىيىنىۋالغان ساقچى ئەزھەر ئاقنىساغا قولىنى شىلتىدى:

— ھەي پاسكىنا، بوستانغا كېلىپ ئەجەب ياخشى ئوقەت تېپىۋالدىڭا، بېشىڭغا سومكا تەگكىنىگە بەشيۈز سوم ئالدىڭ، ئەمدى مەن سېنى مېيىپ قىلىپ قويۇپ، بەش مىڭ سوم بېرەي، بولامدا؟

— ھەي ئۇكا، ھۆل تامغا ئىشەك تەپكەندەك گەپ قىلىسىنا، —

ئىمىنجان ئەتراپىدىكى سودىگەر سىياق، لوكچەك چىراي بەش-ئالتە ئادەمنى ئىما قىلدى، — ماۋۇلار بىر كىمنىڭ ئۇكىسى ئەمەس، سەن بەشىمىڭنى بېرىپ مېيىپ قىلىپ قويساڭ، بۇلار سېنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ، بەشيۈزىمىڭنى مەيدىسىگە ئۇرالايدۇ، جۇما!

سوت مەيدانىنى ئىنتايىن ئېغىر سۈر باستى. پەخرۇللانىڭ ئادەملىرى قاقاقلاپ كۈلگەن بولسىمۇ چىرايلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. پەزلىيە ئەزھەر، گۈلپىيە ۋە ئەختەمنى ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى. كۆرۈڭ بۇ ئادەملەرنى! بىردەمدىلا ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇپ كېتىشتى. بۇ ئۇرۇق - تۇغقان، ئاتا - بالىلار ئۆمۈر مۇساپىسىدە بېرىش - كېلىش قىلماسمۇ، ئۆزئارا ھاجەتمەن بولماسمۇ؟ ئۆلۈم - يېتىم ئاغرىق - سىلاقلاردا ھەمقام بولۇپ، بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشمەسمۇ؟ ھەممە ئىش ئۆزىمىزنىڭ پەيلىدىن بولۇۋاتىدۇ... بىزدىكى قاششاقلىق، ئىناقسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، ئۇيۇشالماسلىق، ئەبگارلىقلىرىمىزنىڭ مەنبەسى، روھىمىزدىكى ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، مەنمەنلىك، چېقىمچىلىق، يۇرتۋازلىق، مەزھەپ، مۇناپىقلىقتەك نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىللەتلىرىمىزدىن بولۇۋاتامدۇ. دەرد - ئەلەمنى بولدى دېگۈچە تارتقان پەزلىيەنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكىنى كېچىرىشكە بولىدۇ. ئەمما پەخرۇللادەك بىر دانا ھاكىم، ئاقنىسانى نېمىشقا سوتقا بېرىشتىن توسۇيالمايدۇ. سوتلىشىشنىڭ زادى ياخشى ئاقىۋەت ئەكەلمەيدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەمدا؟! شەپقەتسىز قانۇن ئالدىدا بىر - بىرىگە قول شىلتىش كۆڭۈلگە ئۆمۈرلۈك كىر، يۈرەككە مەڭگۈ ئۆچمەس داغ سېلىپ قويىدىغانلىقى ھەممىگە ئېنىققۇ! يەرنى كولىساڭمۇ، جاراھەتنى تاتىلىساڭمۇ بەربىر زېدە بولىدۇكى، ئۇ يەردىن ئالتۇن - يامبۇ چىقمايدۇ. كۆرگەنسىلەر، پەخرۇللا، پەزلىيە، گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەختەملەر سوت مەيدانىدىن

خۇددى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك بىئارامىلىق ئىچىدە تارقىدى. بولۇپمۇ ئاقىنىسا ئەزھەرنىڭ «بەشىمنىڭ سوم بىرىپ مېيىپ قىلىۋېتىمەن» دېگەن سۆزىدىن راستلا قورقتى. يۈرىكى سىرقىرىدى. ساقچى دېگەن ئۆزى قول تىقماي تۇرۇپمۇ خېلى – خېلى ئىشلارنى ھىد – بۇسىنى چىقارماي قىلىۋېتەلەيدۇ – دە. نېمانداق ئېزىپ – تېزىپ ئەرز قىلغان بولغىيتتى!

ئويلىسىلا ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىپ قويىدىغان بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۆتۈپ كەتتى. نومۇستىنمۇ، خىجىللىقتىنمۇ، ۋىجدان ئازابىدىنمۇ ياكى ئىچىگە ئۇيۇپ قالغان ئاچچىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار بىر – نەچچە ئايلارغىچە بىر – بىرىنى ئىزدەشمىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پەيلى يامان ئىدى. پەزلىيە، گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەختەملەر جەمئىيەتتە ھېچقانداق نام – نىشانى، ئىززەت – ھۆرمىتى بولمىغان بىر ساياق چوكاننىڭ ئالدىدا بىزنى ھايھايلىدى، يۈزىمىزنى چۈشۈردى، دەپ پەخرۇللادىن ئاغرىندى. پەخرۇللا بولسا «ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئاقىنىسا مېنىڭ قانۇنلۇق ئايالىم ئىكەن. ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىك، مېنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ. ئەمما پەزلىيە ئۇنى تىللىدى. گۈلپىيە ھېچ ئايانماي ئۇردى» دېگەن قورساق كۆپۈكىدە، ھازىرغىچە ئاچچىقىدىن يانماي تۇراتتى. بىراق، تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ئىش تۇيەيلىدىن باللار يەنىلا ئاتىسى پەخرۇللانى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى.

ئادەتتىكى خىزمەت كۈنى ئىدى. گۈلپىيەنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرغاچقا، ئىشتىن خېلىلا بۇرۇن قايتىپ كەلدى. ئۇ بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ بىرىنچى چوك قورۇسىغا كىرىشى بىلەن خەۋەرلىشىش بۆلۈم خادىمى لاۋگو ئۇنى چاقىردى. گۈلپىيە ئىچىدە: چوقۇم ئەلياردىن خەت كەلدى، دەپ ئويلىدى. ئۇ خەۋەرلىشىش بۆلۈمى ئالدىغا كېلىشى لاۋگو ئۇنىڭغا كۆك تاشلىق فاكسنى تۇتقۇزۇپ قويدى. فاكسنىڭ

ئۇستىگە ئىنگلىزچە ئادرېس يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا قىزىل رەڭلىك قەلەمدە خەنزۇچىسى تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئەمما، ئەليارنىڭ ئىسمى تولدۇرۇلىدىغان گرافا ئىچىگە «رازىيە» ئىسمىلىك ناتونۇش بىر قىزنىڭ ئىسمى يېزىقلىق تۇراتتى. گۇلپىيە «خەقنىڭ خېتىنى ئېچىپ سالماي» دېگەن ئەندىشىدە ئادرېسنى قايتا ئوقۇۋىدى: «پەزلىيە راخمانغا تېگىدۇ، مالايسىيادىن» دېگەن خەنزۇچە خەت ئېنىق تۇراتتى. ئۇ، ئۆيدە دەم ئېلىۋاتقان ئەختەمگە تېلېفون قىلىۋېتىپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. پەزلىيەنىڭ بىر يۈز ئون كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى، گۇلپىيە، ئەختەملەر ئولتۇرغان بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. ئۇلار بەزى چاغلاردا بالكوندا تۇرۇپلا ۋارقىرىشىپ بىر ـ بىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلاتتى. ياكى «سەن نېمە ئەتتىڭ، مەن پالانى تاماقنى قويتۇم» دېيىشىپ خەۋەرلەندۇرەتتى. گۇلپىيە، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆينى چېكىپ كىرىپ كەلگەندە، پەزلىيە كۆزەينەك تاقىۋېلىپ: «ئۈچ دوست» رومانىنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار فاكسىنىڭ ئۇستىدىكى ئادرېس، ئىسىملارنى قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى خەتنى سۇغۇرۇۋالدى. بۇ ئەسنادا ئەختەممۇ كىرىپ كەلدى. پەزلىيە، گۇلپىيە، ئەختەملەرنى ھەيران قالدۇرغان ناتونۇش قىز رازىيە خېتىنى مۇنداق باشلىغان ئىدى:

ھۆرمەتلىك پەزلىيە ئانا! مەن مالايسىيادا ئوقۇۋاتقان بوستانلىق قىز رازىيە بولىمەن. بىز بۇ يەردە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان شىنجاڭلىق قىز ـ ئوغۇللاردىن 27 ئوقۇغۇچى بىر مەكتەپتە ئوقۇيمىز. مەن ئەليار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيمەن. ئانا ۋەتىنىنى، يۇرتىنى،ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر باللارنىڭ ئورتاق غايىمىز چەت ئەللەردە كەسىپ ئىگىلەش ئۈچۈن تىل ئۆگىنىشتۇر. بۇ يەردە تىل ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلىرى ئامېرىكىدا

ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلاردۇر. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش تەرتىپ - نىزاملىرى بويىچە مالايسىيادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا بىر يۈز ئەللىك مىڭ سوم (جۇڭگو پۇلى) تاپشۇرىمىز. قايسىدۇر تەلەيلىكلەرنىڭ پاسپورت، ئوقۇشقا چىقىش رەسمىيەتلىرى تەستىقلىنىپ قالسا، شۇلار بەخت ۋە ئامەتكە چۆمگەن هالدا مالايسىيادىن، قەدىرلىك ۋە سۆيۈملۈك ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ، ۋەتىنىدىن تېخىمۇ يىراقلارغا ئۇزاپ كېتىشىدۇ!

قەدىرلىك پەزىلىيە ئانا، مەن سىزگە، ئەليارغا پۇل ئەۋەتەرمىكىن، دەپ خۇشامەت قىلىۋاتقىنىم يوق. ئېۋەتەمسىز، ئېۋەتمەمسىز ئۇ سىزنىڭ بالىڭىز. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ئىقتىدارى، ئەقىل - پاراسىتى، ئۆتكۈر زېھنىياتىغا قايىل بولماي، تۇرالمايمەن. ئۇ بىز جۇڭگودىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەردىن كەلگەن باللار ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا ئوقۇۋاتقان بىزنىڭ پەخرىمىز ۋە سەركىمىز! بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى، گەرچە ئۇنىڭ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇشقا ئەللىك مىڭ سوم پۇلى بولغاچقا، بىز ئونىنەچچە ئوقۇغۇچى بىرلىشىپ يۈزمىڭ سوم يىغىپ بەرگەن ئىدۇق. كىم بىلىدۇ، ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتە - ئۆتمەي پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان يەتتە بالىنىڭ ئوقۇشقا چىقىش رەسمىيەتلىرى تەستىقلىنىپ كېلىپ قالدى. ئۇلار ئەليارنى پۇلنى دەرهال قايتۇرۇشقا قىستىدى. ئەليار ئامال قىلالمىغانسېرى ئۇلار هەركۈنى دېگۈدەك ياتىقىنى قورشىۋېلىپ قاتتىق بېسىم ئىشلەتتى. سىزگە تېلېفون بەرگەن ئىكەن، يۈزمىڭ سومنى هەل قىلالمايدىغانلىقىڭىزنى، ئوقۇشتىن دەرهال قايتىپ كېلىشنى ئېيتىپسىز. شۇڭا، ئەليار كالىفورنىيىگە ئوقۇشقا بارماي، جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلغان

بولسىمۇ ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئارقىلىق، ئامېرىكا بانكىسىنىڭ ھېسابىغا كىرىپ كەتكەن پۇل قايتۇرۇلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇ كۈنلەردە قەرز ئىگىلىرى ئەليارنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىشتى. ھەتتا ساختىپەز، ئوغرى، قويمىچى دەپ تىللاپ، ھاقارەتلەشتىن سىرت توردا ئېلان قىلدى. تور ئارقىلىق ئەليار پۈتۈن دۇنيادا ئوغرى، قويمىچى، ساختىپەز ئاتالدى! شۇ كۈنلەردە ياتىقىغا كېلەلمىگەن ئەليار باغچىلارنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقلىرىدا يېتىپ ئەتىسى ئەتىگەن دەرسكە ئۈلگۈرۈپ كەلدى. ئەمدى قەرز سۈيلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئەيىبلەشكە بولمايتتى. ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوقۇشقا چىقىش، تۇرمۇش ۋە باشقا ھاجەتلىرى ئۈچۈن ئەۋەتكەن پۇللىرىنى قىسىپ ئىشلىتىپ يۈرۈپ قەرز بەرگەن تۇرسا، بىر كۈنى قەرز ئىگىلىرىدىن: «ئەليار بىر بۆرىكىنى سېتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كەتتى» دەپ ئاڭلاپ ئارقىدىن قوغلاپ باردىم. مەن ئۇنىڭغا يىغلاپ يېلىندىم. ئۇمۇ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئىنگلىز تىلى بويىچە، پۈتۈن دۇنياغا ئوغرى، قويمىچى، ساختىپەز دەپ قارىلاندىم. شۇڭا بىر بۆرىكىمنى سېتىپ، ئۆزۈمنى تور يۈزىدە ئاقلايمەن.

— ئۆيدىكىلەر «ئامېرىكىغا چىقىپ قالسىڭىز ئىشلىتىڭ» دەپ قىرىق مىڭ سوم ئەۋەتىپتىكەن، شۇنىڭ بارىچە قەرز ئىگىلىرىنى ئازراقتىن رازى قىلىپ تۇرايلى، بولامدۇ؟

— سىز... سىزدىن يەنە قەرز ئالسام، مېنىڭ يۈزۈم نېمە بولۇپ كەتتى؟

— ئۈنچىۋالا چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەڭ، ئاڭلىسام دادىڭىز بىر ناھىيىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ھاكىمىكەن، ئانىڭىز بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئوخشايدۇ. ئۇلارغا مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ خەت يازاي.

ــ ئەسلىدە دادام قولى ئوچۇق، مەرد ئادەم ئىدى. بىراق ئۇنىڭ يېڭى خوتۇننى ئۆيلىسىملا ھېچنېمىسىنى قوبۇل قىلغۇم كەلمەيدۇ.

ــ سىز نېمانداق مۇتەئەسسىپ! دادىڭىز، ئانىڭىز بىلەن چىقىشالمىغان بولسا بۇ نورمال ئىشقۇ. دادىڭىزنىڭ قايتا ئۆيلىنىشى بۇمۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس! نۇرغۇن ــ نۇرغۇن ئاتا ــ ئانىلار ئارىدىكى مۇھەببەت سۇسلاشسا، ياكى ھېسسىيات ئۆلگەن ھامان بىر تەرەپ بولۇپ كەتسە، ھەر ئىككىسىگە كۆڭۈل ئازادىلىكى ئېلىپ كەلمەمدۇ؟ ياۋاللا، بىز ئۇيغۇرلار قاچانمۇ فېئودالىلىق نىكاھنىڭ ئەقىدىچىلىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلارمىز؟!

پەزلىيە ئانا، مانا بۇ ئەليار ئىككىمىزنىڭ دوختۇرخانا بېغىنىڭ شادا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ قىلغان سۆھبىتىمىز. بىز شۇ كۈنى مەكتەپكە قايتىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن ئىدۇق، قەرز ئىگىلىرى: «بىز ئامېرىكا، كالىفورنىيە، تېكساسلارغا ئوقۇشقا كېتىپ قالساق، تۇرمۇشىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە بولىمىز. شۇڭا پۇلنى تولۇق قايتۇرسۇن» دەپ تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ ئۇلار، «ئوقۇشقا كېتىپ قالساق، ئەليارنى تاپالمايمىز» دەپ ئەنسىرەيدىغانلىقى ئېنىقلا ئىدى.

مېھرىبان پەزلىيە ئانا، كۆيۈمچان پەخرۇللا دادا! نېمىلا بولسا سىلەر ئانا ۋەتەن، ئانا يۇرتتا ياشاۋاتىسىلەر. سىلەردە، «ئوغلىمىزنىڭ تېنىنى بېجىرىم ساقلاپ قالايلى، ئۇنىڭ تىرنىقى كېسىلسە، بىزنىڭ يۈرىكىمىز تىلىنىمامدۇ...» دەيدىغان ئۇلۇغ نىيەت، ساپ كۆڭۈل، ئىنسانىي بۇرچ، ئادىمىيلىك خىسلەت بولسىلا، بالاڭلارغا چوقۇم شاپائەتلىك قوللىرىڭلارنى سۇنىسىلەر... شارائىتى يوقلارمۇ ئۇرۇق ــ تۇغقان، يېقىن ــ يورۇق، بۇرادەرلەردىن يىغىپ، ھەتتا ئىئانە توپلاپمۇ بالىلىرىنى ئوقۇتۇۋاتقانلار بارغۇ! ئەگەر راستىنلا سىلەردەك ئاتا ــ ئانىسى،

قىرىنىداشلىرى تۇرۇقلۇق «ئامالسىزمىز...» دەپ تۇرساڭلار، مەندەك بىر ئوقۇغۇچىمۇ ئامال يوق... بىر ساغلام تەن، ئىستىقباللىق ياش، كەلگۈسىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىمى يېرىم ئادەم بولۇپ قالغۇسى!

خەير، ئامان بولۇڭلار! خەت ئارقىلىق سىلەرگە پاراكەندىچىلىك سالغان:

راز بيەدىن...

خەت ئوقۇلۇپ، ئاخىرلاشقىچە ياشلىرى توختىمىغان پەزلىيە، گۈلپىيەنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىپ ئۆزى بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ ھەقتە ئەليار بىر قېتىم تېلېفون قىلغانلىقى راست، ئۇ چاغلار بوستان ۋە چىمەندىكى تارقىلىۋاتقان پىتنە ـ ئىغۋالارنى خوتۇنىدىن كۆرگەن پەخرۇللا، ئاجرىشىش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر كۈنى بېسىمنى كۈچەيتىپ، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندى. كۆڭلىنىڭ ئارامى بولمىغان پەزلىيە، ئۆز ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ قالغاچقا: «ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ بولۇپ، قايتىپ كەل، مەندە ئۈنچىلىك پۇل نېمىش قىلسۇن» دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئەليارمۇ بوينى قاتتىقلىق قىلىپ دادىسىغا يېلىنىشنى خوپ كۆرمىدىمۇ، ئىش قىلىپ پەخرۇللاغا تېلېفون بەرمىدى.

رازىيەنىڭ خېتى، بولۇپمۇ نىكاھ، تۇرمۇش، ئاجرىشىش ھەققىدىكى ئىبارىلەر ئۇنى خېلىلا ئويلاندۇرۇپ، قىزارتىپ قويدى. «ھېسسىيات ئۆلگەن ھامان بىر تەرەپ بولۇپ كەتسە، ھەر ئىككىسىگە كۆڭۈل ئازادىلىكى ئېلىپ كەلمەمدۇ؟» دېگەن بىر جۈملە سۆز، فېئوداللىق نىكاھنىڭ ئەقىدىچىلىك مىزانلىرىنى بەربات قىلىۋەتكۈدەك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. راست، پەزلىيە سوتقا كىرىش ئالدىدا ئۇ پەخرۇللانىڭ: «بالدۇر كېلىشىۋاپسەنغۇ؟» دېگەن سوئالىغا: «بالدۇرراق ئارام تاپاي،

دېدىم...» دەپ جاۋاب بەرگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرىكىدە بۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر روھ، جاسارەتنى ھېس قىلغان ئىدى. دانالار: «ئىرادە — مەنىۋى كۈچتۇر» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، رازىيە قىزنىڭ بىر نەچچە كەلىمە سۆزلىرى، پەزلىيەنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭۈللىرىنى ۋۇللىدە يورۇتقاندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا روھلاندى. ئوغلىنىڭ چەت ئەللەردە بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن كەسكىن بىر قارارغا كەلدى. ئۇ ھازىرقى ئولتۇرۇۋاتقان بوستان ئاھالىلەر رايونىدىكى بىر يۈز ئون كۋادرات مېتىرلىق ئۆيىنى ساتماقچى بولدى. ئەختەم بىلەن گۈلپىيە بىر ھازا تېڭىرقاپ قېلىپ «قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەنىدە بىر - بىرىگە قاراشتى:

— ئانا، — دېدى ئەختەم سەل ئويلىنىۋېلىپ، — تاۋار ئۆيلەر كۈندىن - كۈنگە قىممەتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بىز تۇغقانلار ئۆز - ئارا ياردەملىشىپ ئەللىك مىڭ سوم چىقارساق، دادام ئۆزى ئەللىك مىڭ سوم بەرسە، مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ھەل قىلساق قانداق؟

— ئانا، ئۆيدىن ئايرىلىپ قالمايلى، — دېدى گۈلپىيە، — ئەختەمنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ باقساق قانداق دەيسەن؟

— داداڭلار شۇنچىلىك پۇلنى بېرەلەمدىكىن - تاڭ، — پەزلىيەنىڭ چىرايىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، — بۇرۇنقى ۋاقىتلىرى بولسا، باللىرىدىن جېنىنىمۇ ئايىمايتتى. لېكىن ھازىر...

— ئاتام، ئەليار ئوقۇشقا ماڭغاندا، ئالتە مىڭ، كېيىن يەنە ئونبەشمىڭنى بەردى، — دېدى گۈلپىيە ئىشەنچ بىلەن، — شۇ چاغدىمۇ ئاشۇ خوتۇن بار ئىدىغۇ، مېنىڭچە ئىقتىسادىي ئىشلارغا ئاقنىسا قول تىقالمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ، — پەزلىيە يەنىلا ئىشىنەلمىدى، — ئۇ خوتۇن بەكمۇ ھىيلىگەر كۆرۈنىدۇ.

شەھەرگە يۆتكىلىش، باغ ئۆتەڭدىن ئۆي سېتىۋېلىش، دەرھاللا توي خېتى ئېلىش شۇنىڭ ئويۇنلىرى بولماي نېمە؟

— بۇ يەردە تالىشىپ ئولتۇرماي، مەن ھازىرلا مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا بېرىپ، دادام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، — ئەختەم قول سائىتىگە قارىدى، — ئىشتىن چۈشۈشكە بىر سائەتتەك ۋاقىت باركەن.

— مەنمۇ بىللە باراي، — گۈلپىيە ئورنىدىن تۇرغان ئىدى، ئەختەم ئۇنىمىدى:

— سىز بارسىڭىز، دادامنىڭ كەيپى ئۆرلەپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ.

— ئەختەمنىڭ دېگىنى توغرا، داداڭنىڭ ساڭا بۇرۇنقى ئامراقلىقى ئەمدى تۈگىدى، چۈنكى، سەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى....

— گۈلپىيە «مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىدى، مېنى ئاتا قاتارىدا كۆرمىدى» دەپ ئاغرىنىپ يۈرسە، سىز بارسىڭىز، ھەل بولىدىغان ئىشمۇ تەتۈرىسىگە ماڭىدۇ.

— ئەختەم توغرا دەيدۇ، — پەزلىيە ئېغىر تىنىپ قويدى، — شۇ ئىشتا مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنچە ئاچچىق دەرد ـ ئەلەم، خورلۇقلارنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتەكەن تۇرۇقلۇق، شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ يېنىكلىك قىلغاندىمەن ـ ھە؟

— بولدى ئانا، ئۇ چاغدىكى ئىشتا، — دېدى ئەختەم ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىلىدىن ئۆتكەنلىكىنى مەن ھېس قىلالمىدىم، ئاقىنسا ئوننەچچە ياشلىق گۆدەك بالا ئەمەس، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشى ئۆزىگە ئايان بولغاندىن كېيىن، نېمە قىلىدۇ مەنمەنلىك كىبىرى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ.

ئەختەم رازىيەنىڭ خېتىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بىنا ئىشىكىدىن ئەمدىلا چىقىشى، قورۇ ئىچىگە ئادەم توشۇغان تاكسى ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ بەزى كادىرلار كۆكتات، گۆش، نان ئېلىش ئۈچۈن





ئىشتىن ئوتتۇز - قىرىق مىنۇت بۇرۇن چۈشۈپ كېتەتتى. پەخرۇللا ھاكىملىقتىن قالغاندىن بېرى بەزىدە بازار ئارىلاپ سۈپۈرگە، پول سۈرتكۈچ، داس، چېلەك، تېخى چۈشۈپ ئۆلتۈرىدىغان پالاقىچە باھا تالىشىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئەختەم ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەلگەندە، پەخرۇللا ئۆيدە كۆرىدىغان گېزىت، ھۆججەتلەرنى پوپكىسىغا سېلىۋاتاتتى. ھەرھالدا ئۇ كۆيئوغلىنى ئانچە يامان كۆرۈپ كەتمەيتتى.

— ھە، كېپقاپسەنغۇ، قېنى ئولتۇرغىن.

— دادا ئۆيدىن تۇردىڭىزمۇ؟ ئەمدى ئارام ئالسىڭىزمۇ بولاتتى.

— ئۇنى بىر دېمە، يېشىممۇ توشۇپ ئىشىپ كەتتى. ئۇرنۇمغا مۇۋاپىق ئادەم تېپىۋالغۇچە ئىشلەپ بەرگىن، دەپ قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ. ھە، بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟

— مۇشۇ خەتنى ئوقۇسىڭىز، — ئەختەم يانچۇقىدىكى خەتنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ سۇندى، — ئاندىن چۈشىنىسىز.

پەخرۇللا خەتنى ئىچىپ ئىچىدە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بارمىقىدا ئۇستەلنى بوش چەككىنىچە زۇۋان سۈرمەي، خېلى ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرخىل خىجىللىق، ئۆكۈنۈش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئەلىيارنىڭ خېتىدىكى: «ئەسلىدە دادام قولى ئوچۇق، مەرد ئادەم ئىدى...» دېگەن سۆزى پەخرۇللانىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى ئەسكە سېلىپ كۆڭلىنى بۆلەكچە بۇزۇپ قويدى. كىچىككىدىنلا تاتلىق - تۇرۇمغا ئامراق ئەلىيار داۋاملىق: «دادام ياخشى، ئانام ئەسكى» دەپ دادىسىدىن پۇل ئېلىپ خەجلەيتتى. پۇلنى ئالغان ھامان ئۇ پەخرۇللانىڭ بويىنىنى چىڭ قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيەتتى. راست! ئۇ شۇ ئىشلارنى تېخىچە ئۇنتۇپ قالماپتۇ!، ئېسىدە باركەن! ھەي... بالا، بالا، ئەلىيارنىڭ ھېلىقى چاغدىكى سەت ھاقارەتلىرى بىردەمدىلا ئۇنتۇلدى... ئۇ ... ئۇ بەربىر پەخرۇللانىڭ يۈرىكىدىن تامغان قان... سۆڭەك -

سۆڭەكلىرىدىن ساقىغان يىلىك... مېڭىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئەقىل جەۋھەرلىرىنىڭ مەھسۇلى تۇرسا! ئۇنى قانداقمۇ «نېمە بولساڭ بول...» دېيەلىسۇن!؟

پەخرۇللا قارىچۇقلىرىنى سوۋارى توسۇۋالغان سۇزۇك ياشلارنى كۆزى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ، ئاقىتىلى قويمىدى. تۇۋا، رازىيە دېگەن قىزنىڭ لەۋزى بىر ئوتكىنا: «سىلەردە ئوغلىمىزنىڭ تېنىنى بېجىرىم ساقلاپ قالايلى. ئۇنىڭ تىرىنقى كېسىلسە بىزنىڭ باغرىمىز تىلىنىمامدۇ... دەيدىغان ئۇلۇغ نىيەت، ساپ كۆڭۈل، ئىنسانىي بۇرچ، ئادىمىيلىك خىسلەت بولسىلا بالاڭلارغا چوقۇم شاپائەتلىك قولۇڭلارنى سۇنىسىلەر»، پاھ! ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرىغا بىرنېمە دېمەك تەسكەن. «بۇ قىزنىڭ تۇرمۇش ھەققىدە دېگەنلىرى يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك بولدا!...» ئەيىۇھەنناس! پەخرۇللانىڭ يۈرىكىنى بېسىۋالغان قانداق ئېغىر تاشتۇ؟! مانا ئەمدى ئۇ راستىنلا ئىقرار بولدى! ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئۆيىنى بۇزغىنى، بالىلىرىنى يېتىم قىلغىنى، ئاقنىساغا بۇزۇلۇپ، پەزىلىيەنى داغدا قويغىنى، ياش خوتۇنىنىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ۋىجدان ئازابى ئۇنى تاغدەك بېسىۋاپتۇ - دە.

— دادا، — دېدى ئەختەم بوشراق يۆتىلىپ قويۇپ، — ئەگەر يەڭگىمىزنىڭ ئالدىدا تەڭلىك تارتىپ قالىدىغان تەرەپلىرى بولسا...

— يا، ياق، ئۇنداق مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس. ئەتە ئەتىگەندە كەلگىن، مەن چەكنى ئېلىپ چىقاي.

— رەھمەت دادا، — ئەختەم چوڭقۇر تەزىم قىلدى، — كېيىنچە ئەليار توي قىلىپ قالسا، بەربىر ئۇنىڭغا ئۆي ئالماي بولمايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، پەزىلىيەنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپلا ئىسھاق

ئابىدەنى، ئەزھەر ئارزۇگۈلنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار رازىيەنىڭ خېتىنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشتى. ئاندىن پەزلىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇلار:

— بولىدۇ، ھەممىمىز بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقارساق، بۇ ئىشلارمۇ ھەل بولۇپ كېتىدۇ — دېيىشتى.

— بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىكرام، سىڭلىم پەرۋىنە، ئۇكام ئەركىن، ئايالى گۈلىستانلارمۇ ياردەم قولىنى سوزماقچى، — دېدى پەزلىيە، — ئۇنداقتا ھەربىرىڭلارغا ئانچە ئېغىرلىق چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

— تۈنۈگۈن بارسام، — ئەختەم ھەممىسىگە تەكشى قارىدى، — دادامنىڭ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ باشقا يەرلەرگە قارىۋالدى.

پەزلىيەنىڭ يۈرىكى بىردىنلا بېغىشچىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ئازابلاندى. لېكىن چاندۇرماي ئۇمۇ نەلەرگىدۇر تىكىلىپ تۇراتتى. ھەي... دەرىخا! كۆڭۈلنى «ساراڭ» دەپ تىللاپمۇ كۆردۇق. خوتۇن كىشىنىڭ سىزىكىدەك پەس نېمىكەن، دېيىشىپ يامانلاپمۇ باقتۇق. تۇرۇپلا «كۆڭۈل شىپشىسىدەك نازۇك نەرسە يوققۇ» دېگەندەك ئۇلۇغلاپمۇ كەتتۇق، خۇلاسە كالام نېمە بولدى؟ كۆڭۈلدەك سىرلىق ھەم كارامەت ساھىبى دۇنيادا تېپىلمايدىكەن. قاراڭ پەزلىيەگە! ئۆزىگە دەرد ـ ئەلەم، خورلۇق، جۇدالىق ئېلىپ كەلگەن پەخرۇللا ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئازغىنا كۆڭۈل بىئاراملىقى ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى!

— ئۇنداقتا، — دېدى ئەزھەر خىجىللىق بىلەن، — مەن دادامدىن كەچۈرۈم سورىغاچ، ھال سوراپ كېلەي.

— مەنمۇ باراي، — ئىسھاقمۇ ئورنىدىن تۇردى، — تاغامنى يوقلىمىغىلى خېلى ئۇزۇن بوپقاپتۇ.

ئەختەم، ئىسھاق، ئەزھەرلەر تاكسىغا چۈشۈپ، باغ ئۆتەڭ مەھەللە ئاھالىلەر كىچىك رايونىغا يۈرۈپ كەتتى. بۈگۈن

يەكشەنبە بولغاچقا يېزىلاردىن كېلىۋاتقان ئۇلاغلىق، ھارۋىلىق، تراكتورلۇق ۋە پىيادە ئادەملەر خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇلار سېۋەتلەرگە سايسېرىق پىشقان نەشپۈت، شاپتۇل، ئامۇتلارنى قاچىلاپ، پۇتلىرى باغلانغان توخۇلارنى قاقاقلىتىپ، قوي - ئۆچكىلىرىنى مەرىتىپ شەھەرگە ئالدىراپ مېڭىشماقتا ئىدى. ئەزھەر، ئىسھاق، ئەختەملەر كىچىك رايون قورۇسىدا ماشىنىدىن چۈشۈۋېلىپ، بىنانىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىگە چىقىشتى. ئەمما، ئۇلار ئاقنىسانىڭ دەھشەت ۋاقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىدا توختاپ قالدى.

— ھەي قېرى شاپاقچى، مېنىڭ ئاغزىمنى تولا ئاچما، بەرمەيمەن دېگەندىن كېيىن بەرمەيمەن... سېنىڭ ئاشۇ تۆت تال پۇلۇڭدىن باشقا ئارزۇلىغۇدەك نېمە قالدى؟

— ئاقنىسا ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلماڭ. ئەگەر پەزلىيە ئۆينى سېتىۋەتسە كېيىنچە ئەليار قايتىپ كەلگەندە ئۆيسىز قالامدۇ؟

— ئۆينى ساتسا ساتامدۇ، ھېلىغۇ ئۆيمىكەن، ئۆزىنى ساتسىمۇ مېنىڭ نېمە كارىم.

— ئۇ چاغدا ئەليارنى ئۆيلەش، ئۇنىڭغا ئۆي ئېلىش يەنىلا مېنىڭ زىممەمگە چۈشەر؟ مەن ئۇنىڭ ئاتىسى تۇرسام.

— ھوي، ئۇ ھاراملىقلارنى قاچانغىچە يۆلەيسىز؟ ئەليارغا ئالدىنقى قېتىم ئالتە مىڭنى، كېيىن يەنە ئونبەشمىڭنى بەرگەننى ئاڭلاپ ئۆتتۈم يېتىلغۇدەك بولغان. ئەمدى ئۇ ھاراملىقلارغا بېرىدىغان بىر تىيىن پۇلۇم يوق.

غەزەپ ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان ئەزھەر ئىشىكنى بىر تېپىپ ئېچىۋېتىپ ئوقتەك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىلىپ كەلگەن ئىسھاق بىلەن ئەختەم ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

— ھەي، ئاقنىسا دېگەن ئىپلاس، كىم ھاراملىقكەن؟ ئەمدى بىز ھاراملىق بولدۇقما؟ — ئەزھەرنى قويۇۋەتسىلا ئۇرىدىغاندەك





ئەلپازى يامان ئىدى، — نىمانچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن. توي خېتى ئېلىپ، بىر ئۆيگە كىرىۋالغاندىن كېيىن دادامنى ئەجەب بوزەك قىلىۋاتىسىنا.

— ئىسھاق، ئەختەم ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، قېنى ماڭا قول تەگكۈزۈپ باققىنىنى كۆرەي، — ئاقنىسا شىلتىپ تۇرغان قولىنى قورسىقىغا قويدى، — ئۆتكەندە يالغۇز ئەرز قىلغان بولسام ئەمدى قورسىقىمدىكى بالام ئىككىمىز ئەرز قىلىمىز قېنى ئۇرە، ئۇرمامسەن لۈكچەك!

ئاقنىسا. ئالدىغا داپىشىنىپ كەلگەنسىرى ئەزھەر ئارقىغا چېكىندى. چۈنكى بۇ مۇتتەھەم خوتۇن قەستەن ۋەقە تۇغدۇرۇپ باشقىلارغا ئارتىشتىن يانمايتتى.

— ئاقنىسا سىز بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىڭىز، — دېدى ئەختەم ئاچچىقى بىلەن، — توي خېتى ئالغاندىن كېيىن ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز. مانا ئەمدى ھامىلىدار بولۇپلا سىزگە مۆڭگۈز چىقتى. بۇنداق ئاڭسىزلىق قىلسىڭىز پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسىز.

— مەن سىلەرگە ئەللىك مىڭ سوم بەرسەم، نەزىرىڭلاردىن چۈشمەيمەن شۇنداقمۇ؟ — ئاقنىسا ئاچچىقىدا ئۆزىنى ئاشكارىلىۋەتتى، — قىزىدىنمۇ كىچىك بىر چوكاننىڭ شۇنچە چوڭ ئادەمگە تېگىشى نېمە ۋەجىدىن، بۇنى ئوچۇق دېمىسەممۇ بىلىدىغانسىز؟... مەن بەدەل تۆلىگەن يەردە ئۇ تۆلىمىسە بۇ ئادىللىق بولماس !

— تاغا، نىيەت ـ غەرىزىنى ئاڭلىغانسىز، — دېدى ئىسھاق ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ، — ھەممىمىز سىزدىن پەخىرلىنەتتۇق، ئەمدىلىكتە سىزدەك يۇرت ئاتىسى «قېرى شاپاقچى» دەپ ھاقارەتلەندىڭىز، بۇ تىلدىن مەن ئۆلگۈدەك نومۇس قىلىۋاتىمەن.

— دادا، ھارامىلىق دېگەن پاسكىنا تىلنى ئاڭلاپ خورلۇق

ھېس قىلمىدىڭىزما؟ — ئەزھەر ئاچچىقىدا تىترەۋاتاتتى، — سىز ئاجايىپ ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، ئېتىقادلىق ئادەم ئىدىڭىزغۇ؟! خەپ بۇ خوتۇن قورسىقىمدا بالام بار، دەپ تۇرۇۋالدى، ئەسلىدە مەن ئۇنى بۇرۇنلا ئېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلماقچى ئىدىم. ھېلىمۇ بۇ نىيىتىمدىن يانغىنىم يوق.

— ئۇنداقتا ئۆزۈڭنىڭمۇ بىر پاي ئوقىقا نېسىپ بولىدىغانلىقىڭنى بىلىدىغانسەن؟

— بىلىمەن، پەقەت پۇل، مال - دۇنيا، ئەمەل، ساختا شۆھرەت ئۈچۈن چوڭلارنى ئازدۇرۇۋاتقان ساڭا ئوخشاش ۋىجدانى پۈچەكلەرگە ئىبرەت، ساۋاق بېرەلىسەم، ئۇن جېنىم بولسىمۇ تەسەددۇق.

ئەزھەر بېقىنىدا دومبىيىپ تۇرغان تاپانچىسىغا ھەر قېتىم قول ئۇزاتقاندا ئاقىنىسا چۆچۈپ پەخرۇللانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالاتتى. سەۋر - تاقىتى تۈگىگەن ئەختەم غەزەپ ئاچچىقىدا ئاقىنىساغا قادالدى.

— ئاقىنىسا سىز پوكىنىڭىزغا بېسىۋالغان چەك ۋە بانكا كىنىشكىلىرىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسى دادامنىڭ، — ئەختەم قولىنى شىلتىدى، — ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئەللىك مىڭ سومنى ئاجرىتىپ بېرەمسىز، ياكى بىز زورلۇق قىلامدۇق؟

— مەن سەندەك ئاچچىقى يامان، جېنى بوش كەم سۆزلەرنى تولا كۆرگەن، — ئاقىنىسا قوللىرىنى قويۇشتۇرۇپ ئالدىغا چىقتى، — زورلۇق قىلىپ ياكى قانۇن ئارقىلىق مەندىن بىر تىيىنمۇ ئالالمايسەن، ئالغۇدەك بولساڭ، ئىككى ئادەمنىڭ قاتىلى بولۇشقا تەييارلىنىپ قوي، مەن مۇشۇ بالكوندىن ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۆلۈپ بېرىمەن.

ئەختەم بېشىنى ساڭگىلىتىپ، يەر بېقىپ تۇرغان پەخرۇللاغا قاراپ ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ ئىسھاق ۋە ئەزھەرنى باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا بېرىش ئۈچۈن پەخرۇللا

بىلەن ئۆيدىن تەڭ چىققان ئاقنىسا، موتىسكلىتنى مىنىپ ئۈدۈل «بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى» غا بېرىپ ئىمىنجان ئەخمەتنى تېلېفون ئارقىلىق چاقىرىپ چىقتى. ئۇلار بۇككىدە قارىغايلىق ئىچىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇن سۆزلەشتى. ئاقنىسا ئىككى مىڭ سومنى ئىمىنجاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— بۇ ئالدىن بېرىلگەن چاي پۇلى، ئۆي قولۇمغا تەگكەندىن كېيىن مەن سىزنى يەنە رازى قىلىمەن. لېكىن مېنىڭ ئالدىغانلىقىمنى، سىزنىڭ ئارىلاشقانلىقىڭىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، مەن پەخرۇللانىڭ ئاغىنىسى ئىكەنلىكىمنى ئۇلار بىلىدىغان تۇرسا.

— ئۆيگە خېرىدار بولىدىغان ئادەمنى سىرتتىن تېپىڭ.

— ئۇقتۇم، ئۇنچىلىك ئىشلار قولۇمدىن كېلىدۇ، — ئىمىنجان سەتلا ھىجايدى، — يائاللا، بەك يامانكەنسىز جۇمۇڭ، پەزلىيەنىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قېقىۋېتەي دەپسىزدە؟

— باھاسىنى، — ئاقنىسا ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ، چەپ بارمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشمالتىقىنى تېرىدى، — مۇشۇنىڭغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ بېرەلىسىڭىز، چاي پۇلىڭىزنى كۆپەيتىپ بېرىمەن، بولامدۇ؟

— بىر يۈز ئون كۋادرات مېتىرلىق ئۆي جۇمۇڭ بۇ... بىر يۈز ئەللىك مىڭ سومغا سەل ئىنجىقلاپ قالارمىكى.

— بولدى سىزمۇ تولا ئىنجىقلىماڭ. ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق. ماڭا پاتراق خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشنى قولىغا كەلتۈرۈڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلارمۇ مالايسىيادىكى ئوغلىغا پۇل ئېۋەتىشكە ئالدىراۋاتىدۇ.

ئاقنىسا موتىسكلىتىگە مىنىپ «بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق

رايونى» دىن چىقىپ كەتكىچە ئاستا ھەيدىدى. ئۇنىڭ سىزىمۇ يوللاردا سۈرئەتنى ئاستىلىتىش توسۇقلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە ھەپىسلى يوق ھالدا، نېمىلەرنىدۇر دەپ غوتۇلداپ كېلىۋاتاتتى:
— بېھىشتەك گۈزەل باغقا ئورۇنلاشقان، مۇشۇنداق داچىدەك چوڭ ئۆيلەرنى ئاشۇ لۈم - لۈم ئەليارغا قالدۇرماقچىمىش... پەخرۇل بىلەن پەزلىيە ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ... — ئاقنىسانىڭ چىقىر كۆزلىرى سۈر بىلەن قىسىلدى، — ئۇ گۆينىڭ بالىسىنىڭ چىمەندە ماڭا قىلغان ئاۋارىچىلىكى ئازما؟... دادىسىغا مەن توغرۇلۇق بىسىم ئىشلەتتى، تېخى ھويلامغا جادىپىچاقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئاغزىدىن ئاقمىغان پوق قالمىدى. مەن بۇ ئۆينى ئېلىش ئارقىلىق ئاشۇ ئانا - بالىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىمەن. ئۇلار بۇ ئۆينى ھەر كۆرگىنىدە يۈرىكى ئۆرتىنىپ كۆل بولۇپ كەتسۇن! مەڭگۇ بېشىغا دەسسەپ، ئىچ - باغرىنى خۇن قىلىۋېتىمەن.
ئارىدىن ئۇننەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئاقنىسا، پەزلىيەنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئۇ ھېچ ھېيىقمايلا مېھمانخانا، ھۇجرىلار، ئاشخانا، بالكون، تازىلىق ئۆيلىرىگىچە قاراپ چىقىپ، پىسىڭگىدە كۈلۈپ ئاندىن:
— بوپقالىدىكەن... بوپقالىدىكەن... خېلى بەلەن ئۆيلەركەن، — دېدى. ئاچچىقىنى باسالماي قالغان پەزلىيە شارتلا قولىنى شىلتىپ ئىشىكنى كۆرسەتتى:
— ماڭ چىقىپ كەت، ساڭا بۇ ئۆيلەرنى بىر مىليونغىمۇ ساتمايمەن!
— تولا چىچىلماڭا ئاچا... نېمە قىلىسىز بىكاردىن - بىكار ئاسمانغا مىخ قېقىپ... مەن بەرگەن پۇللار بۇ چاغقىچە مالايسىياغىمۇ يېتىپ بولغاندۇ!... ئەتىلا ئەسكى -

تۇسكىلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ بۇ ئۆيدىن يوقىلىڭ. مەن باشقىدىن زىننەتلەيمەن!

ئاقىنسا كارىدورغا چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى بىرىنچى قەۋەت پەلەمپەيلىرىدىنمۇ ئاڭلىنىپ تۇردى. شۇندىلا پەزلىيە ئۆينى كىمگە ساتقانلىقىنى بىلىپ، مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئىشىك تۈۋىگىلا ئولتۇرۇپ قالدى...

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# نومۇس كوچىدىن

ئاقىللار: «دۇنيادىكى ئىشلار مۇرەككەپ بولىدۇ. ھەر تەرەپتىكى ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. بىرقانچە يىللاردىن بېرى جەمئىيەتتە، ئاۋام ئارىسىدا پەخرۇللانى ئەيىبلەيدىغان، ھەممە گۇناھنى شۇنىڭغا ئارتىپ تىللايدىغان ۋەزىيەت كەڭ دائىرىدە شەكىللىنىپ، پەزىلىيەنى پەرىشتىدەك ئايال، بالىلىرىغا، ئائىلىسىگە ئۆزىنى ئاتىغان پىداكار... دېگەندەك مەدھىيە، خەيرخاھلىقلار ھەممىلا يەرنى قاپلىغان ئىدى. مانا ئەمدى بىردىنلا تەتۈر ئۆرۈلۈپ پەزىلىيەنى قارىلايدىغان، پەخرۇللانى ئاقلايدىغان گەپ ـ سۆزلەر خۇددى ئۆگزىدە قاققان كىگىزنىڭ توپىسىدەك نە ـ نەلەرگە تارىلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭغا پەزىلىيەنىڭ تۇيۇقسىزلا ئەرگە تەگكىنى سەۋەب بولدى. قان بېسىم، قاندا ماي ماددىسى ئېشىپ كەتكەن دېگەن، دوختۇرنىڭ دىئاگنوزى بىلەن پېنسىيىگە چىققىنىغا ئىككى ئاي بولغان ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى توختىخان بىر كۈنى ئۆيگە كىرىپلا «ئامىن» دەپ قىسقىلا خىرقىراپ، يۈزىنى سىيپىغاندىن كېيىن خۇددى تۇلۇقدىن توقماق چىققاندەك:

— مەن سىزگە ئەلچىلىككە كىردىم قاراڭ، بوپتۇمۇ؟ — دەپ پىخىلداپ كۈلدى. ئاندىن شەھەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابىخان ئاباقىنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقى، ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، بويتاق ياشاۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغانلىقىنى خۇددى

تۆشۈك قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك سۆزلەپ كەتتى. ئۇ پەزلىيەنىڭ تىزىغا ئۆرۈپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنىڭ سىزگە كۆزى چۈشۈپتىلا... توۋا، توۋا، مۇنداقمۇ دانا ئادەم بولارمۇ، — دەپ يەنە پىخىلداپ كۈلدى، — مەنچە سىزمۇ ھەرگىز ياق دېمەيسىز. تۆل خوتۇن ئوتى ئۆچكەن ئوچاق، دېگەن گەپ بار. قاچانغىچە ئوتى يوق سوغۇق ئوچاق بولۇپ يۈرۈيسىز.

پەخرۇللانىڭ خورلۇقىنى بولدى دېگۈچە تارتقان پەزلىيە: بىرەر ھەمراھلىق بولۇۋالسام، كەيپىياتىم ياخشىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئىككى خىيالدا بىردەم جىمىپ قالدى.

— ھەي... پەزلىيە سىڭلىم، ئويلاپ بېقىڭ، پەخرۇللا توي خېتى ئېلىپ بولدى، — دېدى توختىخان مۇدىر ئالىقانلىرىغا ئۆرۈپ، — ئۇ ئەتە - ئۆگۈن ئەل - جامائەتكە چوڭ توي چېيى بەرمەكچى، ئۇ چاغدا سىز قىسىر قالغان ئىنەكتەك، ئەر چىقمىغان جۇۋاندەك بويىڭىزنى قىسىپ قالماسسىز... بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاھانەت، خورلۇق، ئىزا بولماس!

— ئۇ توي چېيى بېرەمدىكەن؟

— ئۇلار توي خېتى ئېلىپ بولغىلى بىر يىلدەك بولغان تۇرسا، — توختىخان مۇدىر قاپاقلىرىنى سۈزۈپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — سىز ئۇنىڭدىن بالدۇر توي قىلىۋالسىڭىز يۈزىڭىز يورۇق بولمامدۇ! خەقلەرمۇ قاراڭلار: «تۆشۈك مونچاق يەردە قالمىغاندەك، پەزلىيەگە پالانى باشلىق خېرىدار بوپتۇ» دېسە، بەزىلەر: «بىرىگە چالما كۆرۈنسەڭ، يەنە بىرىگە ئالما كۆرۈنسەن، دېگەن شۇدە» دەپ قەدىر - قىممىتىڭىز تاغدەك ئۆسمەمدۇ!

توختىخان مۇدىرنىڭ گەپلىرى خېلىلا يوللۇقتەك قىلاتتى. ئەگەر پەخرۇللا توي چېيى بەرسە، پەزلىيە يەنە قانچىلىك ئازاب ئوچىقىدا كۆيەر؟ تېخى بەزى كۆشەندىلىرى: «ئەمدى بۇ خوتۇنغا ئەر چىقمىقى تەس» دەپ مەسخىرە قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ

ئالدىدىراق تويى قىلىنۋالسا، ھەممىسىنى تاڭ قالدۇرمامدۇ! خەقلەر: «ھەي، ھەي... سىرلىق قاچىنىڭ سىرى كەتسىمۇ، سىنى كەتمەس، دېگەن شۇدە، پەزلىيە ئەسلىدىمۇ سۇباتلىق ئايال بولغاچقا، يەنە دەرھاللا خېرىدارلىق بوپتۇ» دەپ تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن!

ھاي پەزلىيە بۇ ئىشىڭىز بولمىدى، ــ ئاپتۇر ئارامسىزلاندى، ــ مەن سىزنى قەلىمىم ھەم يۈرىكىمدىن تامغان شەربەت جەۋھەرلىرى بىلەن ياراتتىم!... سىز ئەسىرىمدىكى سۆيگۈ ئىلاھى، مۇھەببەت سىمۋولى، كۆكگۈل بوستانلىرىمدا ئېچىلغان يەكتا بىرگۈل!! ھەممە، ھەممە ئىشلاردا تەۋەككۈل قىلىسىڭىز مەيلى، لېكىن يۈرەككە تالىق، نازۇك ئىشق سەۋداسىدا ھەرگىز يېنىكلىك قىلماڭ!... ئۆزىڭىز چۈشەنمەيدىغان، ئىچكى دۇنياسى مەلۇم ئەمەس. يات بىر ئادەمگە كۆكگۈل باغلىرىڭىزنىڭ ئىشىكىنى ئاچسىڭىز، بىراۋلار مەندىن: «دۇنيادا مۇھەببەت ـ نەپرەت دېگەن نەرسە بارمۇ؟!» دەپ سورىسا، مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟! ئۆزىڭىزنى، نە مۇھەببىتىڭىز، نە نەپرىتىڭىز بولمىغان بىراۋلاغا بەخشەندە قىلسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن مەن «مۇھەببەت» توغرۇلۇق ئەسەر يازامدىم ـ يوق!؟

پەزلىيە ماڭا قارىمىدى. لېكىن ئۇنىڭ چېھرى ـ رۇخسارىدىن: «مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن قىسمەتلەر ئەگەر سىنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بولسا، شۇ چاغدا مېنى چۈشىنەتتىڭ» دېگەندەك ئىستىھزانى كۆرۈۋالدىم. ئۇ يەنىلا توختىخان مۇدىرگە يۈزلەندى:

ــ ئەمدى شۇ باللار نېمە دەركىن؟ ــ پەزلىيە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى، ــ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقسام قانداق؟

ــ بولىدۇ، بولىدۇ، ئەمىسە مەن ئەتە كېلەي.

گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەختەم، ئەركىن، گۈلىستان، ئىسھاق، ئابىدە، پەرۋىنەلەر ئاڭلاپ ئاغزىلىرى ئوچۇقلا قالدى. ئۇلار خۇددى

كۆندۈزى يۇلتۇز كۆرگەندەك، مۇز ئۈستىدە گۈل ئېچىلغاندەك ھەيرانلىق، ئىزتىراپ ئىلكىدە گاڭگىراپ قالدى. بەزىلىرى: دادامنىڭ توي قىلىش خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، مەن سەندىن قالارمەنمۇ؟ دېگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى. يەنە بەزىلىرى: ئېرىنىڭ خورلۇقىنى بولدى دېگىچە تارتىپ، شۇ دەردلەرنى ئۇنتۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن چېغى... دېگەندەك خىياللارنىمۇ قىلىشتى. ئىنىسى ئەركىن ياقىسىنى تۇتۇپ: تووا، بوستاندىكى رەسۋاچىلىقلار ئاياغلاشماي تۇرۇپ، ئاچام ئەرگە تېگىۋالسا، خەقلەر نېمىلەرنى دېيىشەر؟ ئاجراشقىلى بىر يىل بولا ـ بولمايلا ئالدىراپ نېمە كەپتۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇق، بۇرادەرلەر ئىچىدە يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز... دېگەنىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەكمۇ بىئارام بولدى. بىراق، تۆت پەسىلنىڭ ئايلىنىشىنى توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك، يۈرىكىگە «ئەر جىنى» كىرىۋالغان ھەرقانداق ئايالنى توسۇغىلى بولمايتتى. بۇ خۇددى كۆلتۈك قار ئاپتاپ تەپتىنى كۆرگەن ھامان، شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بىر ئىش ئىدى. شۇڭا، بالىلارمۇ نائىلاج: «بوپتۇ...»، «مەيلى...»، «كۆڭلى خۇش بولىدىغان ئىشنى قىلسۇن...» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

يۇقىرى قان بېسىم، قاندا ماي تەركىبى ئېشىپ كەتكەن كېسەللىكلىرى بىلەن دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ چىققان پەزىلىيە، سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا ئابىخان ئاباق بىلەن نىكاھ قىلىشتى. «پەخرۇللا مەندىن بۇرۇن توي قىلىۋالسا خورلۇق ھېس قىلىمەن» دېگەندەك مەنمەنلىك، نادانلىق تۇيغۇسى ئاقىۋەت ئۆزىنى داغدا قويىدىغانلىقىنى ئويلىمىدى. ئەلۋەتتە، تۇرمۇش، تەۋەككۈللۈك بىلەن دو تىكىدىغان قىمار سورۇنى ئەمەس!... ئۇ گويا سىرات كۆۋرۈكى بولۇپ، تېيىلىپلا كەتسەڭ جەھەننەم دوزاخقا چۈشۈپ، بىر ئۆمۈر ئازابتا ئۆتىسەن!... پەزىلىيە مۇشۇ نادانلىقى ئارقىلىق پەخرۇللانى

مەڭگۈلۈك ئازابتىن، ۋىجدان سورىقىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلدى. پەخرۇللا توي خېتى ئالغىنىنى بىلەن، تېخى توي قىلمىدى. ئۈستۈڭدىن تاغار ـ تاغار ئۈششاق گەپلەر تېرىلىپ يۇرگەندە، باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى، ئۆچلۈكىنى قوزغاش، جاراھەت ئۈستىگە تۇز سەپكەندەكلا ئىشقۇ! شۇڭا، ئۇلار ئۈستىلىق بىلەن توي قىلىشنى ئارقىغا سۇردى. ئەمما، پەزلىيەنىڭ پەخرۇللادىن بۇرۇن توي قىلىۋېلىشى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى. «ياش بۇ يەرگە كەلگەندە ئالدىراپ نېمە كەپتۇ...»، «يېشى ئۆتۈپ كەتكەن قېرى قىز بولمىسا ـ يە...»، «ئۆز بويلۇق بولغان باللار، چوپچوڭ نەۋرىلەر تۇرغۇچىدا...» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن گەپلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۇردى. بۇ ھال پەخرۇللانى ئۆزىنى ئاقلىيالىغۇدەك دەسمايىگە ئىگە قىلدى. ئۇ تېخى بىر ياشلىق قىزى نازىلەنى كۆتۈرۈپ، تۆت ئادەم توپلاشقان يەرگە ئىشەنچلىك بارالايدىغان، «ھە، مانا ئۆزۈڭلار كۆرگەنسىلەر!» دەپ گىدىيەلەيدىغان بولدى. ئەلھال ئادەملەر: «ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، بىر چاغلاردا پەزلىيەنىڭ ئېرىنى يۇقىرى ئورۇنلارغا چاققىنى راست ئوخشايدۇ... قاراڭلار ئۇياقتىن ئاجرىشىپ، بۇ ياقتىن ئەرگە تېگىۋالغىنىنى...»، «ئەسلىدە ئېرىغا كۆڭلى يوقكەندە، شۇڭا پەخرۇللاغا ئورا كولىغان گەپ! كونىلار، قوينۇڭدىكى دۈشمەندىن ھېزى بول، دېگىنى شۇدە...» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: «پەخرۇللا دېگەن چىمەنگە ھاكىم بولغاندا ‹ئادىل ئەمەلدار› دەپ نام ئاپتىكەن...»، «چىمەندە، ‹ھاكىم تېشى› دېگەن بىر يەر بارمىش، دېھقانلار ھەر يىلى پەخرۇللانى ئەسلەپ شۇ يەردە مەشرەپ، نورۇز، ئەلنەغمە ئۆتكۈزىدىكەن...»، «چىمەنلىك دېھقانلار پەخرۇللانى قايتۇرۇپ بېرىڭلار... دەپ پارتكومغا ئەرز تۇتۇپتىمىش»، «ياخشىنىڭ كۈشەندىسى تولا دەپ، خوتۇنىمۇ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىپتۇ ـ دە...»

مانا بۇپەزلىيەنىڭ مەنمەنلىك، چوڭچىلىقىدىن كەلتۈرۈپ

چىقارغان نادانلىق ئاسارىتى! پەخرۇللا ئەمدىلا ئاقىنسانى چۈشىنىپ، ئۆي ـ خىياللارغا چۆكۈپ، ئۆتمۈش ئەسلىمىلەرگە يېنىپ، ئۆزىنى تارازىغا سېلىۋاتقاندا، پەزىلىيە خۇددى ئەسكى تامدىن قوقاق چىققاندەك پوككىدا ئەرگە تېگىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ يېنىكلىكى، ۋىجدان، كۆڭۈل، ئادىمىيلىك قەرزلىرى ئاستىدا قالغان پەخرۇللانى بىر يولىلا ئازاد قىلدى! ئۇنىڭغا بۇنداق ئەمنىلىكنى، خاتىرجەملىكنى، يارىتىپ بەرگىنى پەزىلىيەنىڭ ئۆزى! ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەركىشى ناشايان ئىشلارنى قىلسا، ئاۋام ئىچىدە ئازراقلا شامال چىقىپ، توختاپ قالغىنى بىلەن ئايال كىشى سەللا مايماق دەسسەپ سالسا، بوران چىقىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى! ئىسلام دىنى مىزانلىرىدا قېرىغىنىدا يالغۇز، تەنها قالغان ئاتا ـ ئانىلارنى: «ئاتا، تۇرمۇشتىن قىينىلىپ قالدىلا ئۆيلەپ قويىلىمۇ؟...»، «ئانا، يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىلا ھەمراھلىق قىلىپ قويساق قانداق؟» دەپ سوراش ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچىدۇر! بىراق پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيەنىڭ ئۈستىدە ئوت كۆيۈۋاتسا، بېشىدىكى ئوتنى ئۆچۈرمەي ئۇسسۇلغا چۈشسە، بۆشۈكتىكى، تۆشۈكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى نەلەرىدە كۈلۈپ كېتەر؟!

بولدى بەس ! تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئويۇنلىرى ھەققىدە سۆزلىگىلى تۇرساق، باشلىرىمىزغا ئاق كىرىپ كەتكۈدەك! ئەدناسى ھازىر پېنسىيىگە چىققان پەخرۇللا، ئاقىنسا، ئۇلارنىڭ بىر ياشلىق قىزى نازىلەلەر، پەزىلىيەدىن ھىيلە ئارقىلىق سېتىۋالغان چوڭ ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقاندا، «باغ ئۆتەڭ» رايونىدىكى پەخرۇللانىڭ توقسان كۋادرات مېتىرلىق بەكمۇ چىرايلىق زىننەتلەنگەن ھەيۋەتلىك ئۆيىنى پەزىلىيە تۇتۇپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئاقىنسا ئۆزى تېپىپ كېلىپ ئۆيىنى سېتىپ بەرگەن خېرىدار ئابىخان ئاباقىنىڭ پەزىلىيە بىلەن توي قىلغىنىنى ئاڭلاپ چىشلىرى غۇرۇچلاپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بولسىمۇ،

بەربىر ئورنىغا كەلمىدى. ئۇ گويا:

بۇ جاھان توغرىسىدا دەپتۇ ئاقىللار شۇنى،

تىرىمىغىن يامانلىق ئورارسەن ئاخىر ئۇنى.

دېگەندەك بېشارەتنى ئاڭلىغاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھازىر ئۆزى ئارزۇ قىلغان، تاتلىق خىياللار ئىچىدە تەلمۈرگەن «شەھەرلىك خانىم» پەللىسىگە يەتتى. شۇنداقلا يەنە تۇزدەك ياسالغان ساراي، ھۇجرىلارغا، ياخشى خىزمەت ئورنىغا، ئىككى يېنىغا تەلمۈرۈپ قالمىغۇدەك پۇلغا، پەخرۇللانى مەھكەم باغلاپ تۇرالايدىغان چىرايلىق قىز نازىلەگە مۇيەسسەر بولدى. بولۇپمۇ ئۇ كۆشەندىسى، رەقىبى ھېسابلانغان پەزلىيەدىن دەھشەتلىك ئۆچ ئالدى. ئۇنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئېرى تۇرماق، ئۆيىنىمۇ تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بۇزدى. باللىرىنى دەرد ـ ھەسرەت، نومۇس ئىچىدە ئۆرتىدى. بەلكىم ئۇ تەڭرىنى «يۇمشاق بولۇتلار ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى» دەپ ئويلىغان چېغى. ئەي ئاقىنسا ۋە ئاقىنساخانلار، تەڭرىنىڭ ئارغامچىسىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار! ھازىر ئاقىنسا قىپقىزىل يالتىراپ تۇرغان موتسىكلىتىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتكىنىدە ئۇنىڭغا بەزىلەر ھەۋەس بىلەن تىكىلسە، يەنە بەزىلەر ھەسەتلىك كۆزلىرىدە قارىشاتتى. تېخى شەھەرنىڭ ئالاقانات يىگىتلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇشقىتىپ تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ: «پاھ خام يەۋالغۇدەك زەپمۇ سەتەڭ نېمىكىنا...» دەپ توكۇرۇكلىرىنى يۇتۇشاتتى. ئۇ خىزمەتتىن قايتىپ كەلگۈچە ئۆيدە بالا بېقىۋاتقان پەخرۇللا كۆكتات، گۆشلەرنى توغراپ تاماق تەييارلىقىنى قىلىپ قوياتتى. ئاقىنسا ئۆيىگە كىرىپلا قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ سۆيۈپ كېتەتتى. ئۇ بىر قولىدا ئوتى، بىر قولىدا سۇيى بار چوكان دېگەن نامغا يارىشا پەخرۇللانىڭ كۆڭلىنى يەنە ئۇتۇۋالدى.

ئەختەم، ئىسھاق، ئەزھەرلەر ئۆيدىن قوغلاپ چىقىپ كەتكەن

شۇ كۈنلەردە پەخرۇللا ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىلمان كەيپىياتى ئاقىنساني چۆچۈتۈپ قويدى. ۋىلايەت ۋە شەھەر دەرىجىلىك نۇرغۇنلىغان ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى يەنىلا: «ۋاي پەخرۇللا» دەپ تۇرغان شارائىتتا، ئۇنىڭ ھەرقانداق قانۇن ئورۇنلىرىدا پىچىقى كېسەتتى. ئەگەر ئۇ بىرەر پارچە خەتنى يېزىپ بەرسىلا ئاقىنسادەك، تۇتقۇدەك ساپىقى يوق بىر ساياقىنىڭ ھەرقانداق بىشەملىكلىرىنىڭ قويرۇقى بىر تۇتام بولۇپ قالاتتى. ھەتتا شەھەردە تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆكىدىن ئۇرۇلۇپ كېتىپ، ھەممىدىن قۇرۇق قالسا، بەكمۇ خەتەرلىك ئىش بولمامدۇ! بۇلارنى تەگ ـ تېگىدىن چۈشىنىدىغان ئاقىنسا بىر كېچىسى پەخرۇللانى چىڭ قۇچاقلاپ يېتىپ تۇرۇپ ناز بىلەن يېلىندى:

— سىزنى تىللاشقا ھەددىممۇ، پەقەت ئەليار ئۇچۇن ئەللىك مىڭ سوم دېگەن چېغىڭىزدا، ئۇنىڭ سىزنى ئېغىزغا ئالغۇسىز ھاقارەتلىگىنى ئېسىمگە كېلىۋېلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئالالمايتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقىلار ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئاجرىتىۋېتىپ كىرگەچكە تىل سالغاچقا ئاچچىقىمدا بىر نەچچە ئېغىز گەپنى ئۇشۇق قىلىۋېتىپتىمەن. بولۇپمۇ ئەزھەرنىڭ قورالىنى پەش قىلىپ «ئاتىمەن» دەپ قورقۇتۇشى ساقچىلارنىڭ تەرتىپ ـ نىزاملىرىغا زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ـ دە.

پەخرۇللا ئاقىنسانىڭ، سىلىق، يۇمشاق، زىلۋا بەدەنلىرىنى سىلاپ يېتىپ: ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستقۇ، دەپ ئويلىدى. نازىلە تۇغۇلغاندىن كېيىن پەخرۇللا خوتۇنىنىڭ خېلى ئېغىر تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنىمۇ ئىككىلەنمەي قاندۇراتتى. خۇيلىنىپ دەپ سالغان سەت تىللىرىنىمۇ كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيتتى. ئائىلىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىمۇ پەخرۇللانىڭ زىممىسىگە

يۆكلەندى. ئەگەر گۆش دۇكانلىرى، سەي ـ كۆكتات بازارلىرى، ناۋايخانىلارغا بېرىش توغرا كەلسە، خوتۇنى، ئۇنى موتسىكلىتتە ئاپىرىپ ئەكېلەتتى. ئاقنىسانىڭ بەللىرىدىن چىڭ قۇچاقلاپ، دۈمبىسىگە يۈزىنى يېقىپ، چاپلىشىپ، ئولتۇرغان پەخرۇللانى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ بىر چاغلاردا يۇرت ئاتىسى، شانۇ شەۋكەتلىك ھاكىم بولغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

بىر كۈنى گۈلپىيە ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللاپ سەي ـ كۆكتات بازىرىغا كەلدى. ئۇ ئەمدىلا بىر دۇكانغا كېلىپ سودىلىق قىلاي دەپ تۇرۇشى، سېۋىتىگە تۇخۇم خىللاپ سېلىۋاتقان دادىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۇ ئاقنىسانى ئۇرغاندىن بېرى دادىسىنى كۆرمىگەنىدى. ئەزەلدىنلا دادىسىغا بەكمۇ ئامراق گۈلپىيە ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ سۆيگۈسى، ئەركىلىگۈسى كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ قولىدىكى نازىلەنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۆچلۈكى تۇتتى. «بېشىڭنى يەيدىغان ھاراملىق، قايسى شۇم كۈنلەردە تۆرىلىپ قالدىكىن...» دەپ ئىچىدە غىجىندى. بىر زامانلاردا گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەلىيارلارنى كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغان ئاشۇ كۈچلۈك بىلەكلەر، بۈگۈنكى كۈندە نەدىكى كوچىدا قالغان بىر لالمىنىڭ شۇمىنى كۆتۈرۈپ يۈرسە، ھەركىمنىڭ قورسىقى كۆپىدۇ دە.

پەخرۇللا توغراقنىڭ تاشقى يېزىسى، بادامىلىق كەنت مەكتىپى ۋە ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان چاغلىرىدا بازارغا بىرەر سودىلىققا بارسا، گۈلپىيەنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋالاتتى. بەزىدە ئانىسى ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ مەكتەپكە كېتىپ قالغۇدەك بولسا ئۇلار پىيادە كېتىشەتتى. بازاردىن قايتقاندا 6 ـ 7 ياشلىق گۈلپىيە قەستەن «دادا، پۇتۇم ئاغرىپ كەتتى» دەپ پەخرۇللاغا ھاپاش بولۇۋالاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ دۈمبىسىگە يۈزىنى يېقىۋېلىپ ئۇنىڭ ھىدىنى پۇراشقا ئامراق ئىدى. بىر يەرلىرى قاڭشىق، يەنە بىر





يەرلىرى مەززىلىك پۇرايدىغان ئاشۇ ھەسەل ھازىرغىچە گۈلپىيەنىڭ دىماغلىرىدىن كەتمىگەنىدى.

گۈلپىيە سىڭايان بولۇپ، يەر ئاستىدىن ياندىكى دۇكانغا قارىدى. پەخرۇللا قىزىنىڭ بويۇن - مەڭزىلىرىگە سۆيگەچ سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنىڭ قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇرغان گۈلپىيە كۆزلىرىگە ياش ئالدىيۇ ئېقىتمىدى.

بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ، خۇيلىنىپ قالغان گۈلپىيە ئۆيگە كىرىپلا قولىدىكى كۆكتات سېلىنغان يالتىراق خالتىنى پىرقىرىتىپ ئاشخانىغا ئېتىۋېتىپ بالكونغا چىقىپ كەتتى. مېھمانخانىدا قىزى نەسىمە بىلەن كارتون فىلىم كۆرۈۋاتقان ئەختەم خوتۇنىنىڭ چىگىش كەيپىياتىدىن قورقۇپ قالدى. گۈلپىيەنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇشال ياكى خاپا بولغاندا تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ قالاتتى. ئەختەم بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ مىجەزىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ كۆلدۈرەتتى. قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دوراپ ياكى يۇمۇر سۆزلەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىۋېتەتتى. ئەختەم بالكون سالاسۇنىدىن پەسكە قارىغىنىچە تۇتۇلۇپ كەتكەن ئايالىنىڭ مۈرىلىرىدىن سىلىققىنا قۇچاقلاپ، مېھمانخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

— بۇ چىرايلىق خان گەپ ئاڭلايدۇ، مەن، قولىقى يۇمشاق خوتۇنۇمغا چامغۇر كۆتىكىدە بۇلاپكا، تاۋۇز شاپىقىدا بىلەزۈك ياسىتىپ بېرىمەن. تېخى كۆك، قىزىل، سېرىق، پۇرچاقلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ، بويىنىغا بىر تىزىق مارجان ئېسىپ قويىمەن.

— ساراڭ، — گۈلپىيە كۈلدى، — تاپمايدىغان، قىلمايدىغان گېپى يوق.

— قېنى دەڭا، كۆكتات بازىرىدا سىزنى كىم خاپا قىلدى.

مەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرەيكى، ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا توققۇزمىڭ توققۇزيۈز توقسەن توققۇزنى پۇشمان قىلسۇن.

— ھەي كاپ ـ كاپ، گېپىم بار دەپلا قىلىۋەرمەڭ، ئۇ دېگەن مېنىڭ ئاتام.

— نېمە، دادام بازاردا ئۇچراپ قالدىما؟ ئۇ سىزگە بىرنېمە دېگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇچراپ قالغىنى بىلەن ئۇ مېنى كۆرمىدى، مەن ئۇنى كۆردۈم.

— كۆرگەن بولسىڭىز بېرىپ سالام بەرسىڭىز بولمامدۇ، ئېگىلىشنى خالىمىدىم دەڭ. ئۇ دېگەن دادا، سىزنى تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ ھەقلىق.

— ئېگىلىشنى خالىمىدىم ئەمەس، يېنىغا بېرىشنى خالىمىدىم.

— نېمىشقا؟

— قولىدا ھېلىقى هاراملىقى باركەن ئەمەسمۇ.

— گۈلپىيە كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەي، دادىڭىزنىڭ ئۇ قىزى ھامان سىزنىڭ سىڭلىڭىز، لېكىن سىز داۋاملىق «هاراملىق»، «شۇم» دەپ ئىسمىنىمۇ ئاتىمايسىز.

— تولا كۆڭلۈمنى ئىلەشتۈرمەڭا، ئۇ هاراملىق مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس.

— نازىلە دادامنىڭ ئاتمىش ئۈچ يېشىدا كۆرگەن پەرزەنتى، ئۇ سىزنىڭ ئەزھەر، ئەلىيارلارنىڭ قېرىندىشى بولىدۇ. بۇ رېئاللىقتىن تانىمەن دەپمۇ تانالمايسىز.

— لېكىن، مەن ئۇ شۇمغا ئۆچ.

— ئۇنداق دېمەڭ. ئەگەر دادامنىڭ بېشى ياستۇققا يېتىپ قېلىپ، ئۇ: «قىزىم، بۇ سىلەرنىڭ سىڭلىڭلار، سىزگە تاپشۇردۇم...» دېسە سىز ياق دېيەلەمسىز؟

— ئادەمنى تولا تېرىكتۈرمەڭە، نەدىكى كۆڭۈلنى ئەسكى قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ.

ئەختەم ۋە گۈلپىيەنىڭ قارىماققا چاقچاققا، زېھىن قويۇپ

تىڭشىسا راستقا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆھبەتتى ئەمدىلا قىزىۋاتقاندا تېلېفون قاتتىق سىگنال بېرىپ ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئەختەم تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، كۆزلىرى بارغانسېرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئوچۇق قالدى. ئۇ: «ھە، ھە... قاچان؟... نەدە؟، بولدى، بولدى، بىئارام بولمىسىلا... مەن ھازىر بارىمەن» دېگەن گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ قوللىرى سۈس تىترەۋاتاتتى.

— ئاق... ئاقنىسا، — ئەختەم تېلېفون ترۇپكىسىنى قويدى، — موتسىكلىتى بىلەن چوڭ ماشىنىنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

— نېمە؟! — گۈلپىيە چۆچۈپ كەتتى، — ئۇ... ئۇ... ھازىر قانداقكەن؟

— ساقچىلار دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئېغىر ئوخشايدۇ.

— ئەزھەرگە تېلېفون قىپتۇمۇ؟

— ياق، «بالام سىزنى كۆڭلۈم تارتتى» دەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا باراي.

— مەنمۇ بارىمەن، — گۈلپىيە قول تېلېفونىدا ئەزھەرگە تېلېفون قىلىۋېتىپ چاپىنىنى كىيدى، — جۈرۈڭ، ئەختەم.

ئەختەم بىلەن گۈلپىيە تاكسىدىن چۈشۈپلا تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە يۈگۈردى. ئۇلار ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئوپېراتسىيەخانا ئالدىغا كەلگەندە، ئۇخلاپ قالغان نازىلەنى باغرىغا باسقان پەخرۇللا جىمجىت ياش تۆكۈپ كارىدوردا ئالدى ـ ئارقىسىغا مېڭىپ يۈرەتتى. گۈلپىيە كەلگەنچە دادىسىنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى قولىغا ئالدى. نازىلە ھەممىدىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپلا، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئىمىۋاتقاندەك يۇمران، ھال رەڭ لەۋلىرىنى تامشىپ قوياتتى. گۈلپىيە ئۇنىڭ بىغۇبار، پاك، يۇمران چىرايىدىن: «ئاچا، مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟

سىز ماڭا نېمانچە ئۆچ» دېگەن مەنىنى كۆرگەندەك بولدى - دە، ئۆزىمۇ يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى. نازىلەنىڭ ئەگرى كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق بولغاچقا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. گۈلپىيە ئۇنىڭغا قارىغانسېرى قىزنىڭ كۆز، قاشلىرى، بۇرۇن، ئېغىزلىرى دادىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ ئەسنادا يېتىپ كەلگەن ئەزھەر پەخرۇللانىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ تام ياقىلىتىپ قويۇلغان بىر تۇتاش سۇلياۋ ئورۇندۇقلار قېشىغا ئەپكەلدى. ئۇ ئۆزىمۇ دادىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ۋاقىت خۇددى ئۇيي ھارۋىسىدەك تولىمۇ ئەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك پات - پاتلا تام سائىتىگە تەڭلا قارايتتى. كەچ سائەت ئوندىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ئوپېراتسىيەخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىر - نەچچە دوختۇر، سېسترالار ئۇستىگە ئاق يوپۇق يېپىلغان كېسەل ھارۋىسىنى ئاستا ھەم سۇر بىلەن ئىتتىرىپ چىقتى. يوپۇق ئىچىدە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقان ئاقىنىسا بار ئىدى.

— كەچۇرۇڭلار، — دېدى ئايال ۋراچ ئېغىر تەلەپپۇزدا، — بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق. لېكىن، ئۆپكىسىنىڭ ئىچى، كۆكرەك قەپىسى قان بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، نەپەس يوللىرى پۈتۈنلەي توسۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولمىدى.

— ئاقىنىسا... ئاقىنىسا...

كۆزلىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى يۇمىلاپ چۇشۇۋاتقان پەخرۇللا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يوپۇقنى ئاچتى. ئۇ خۇددى ئاق مەرمەردىن ئويۇلغان مەبۇدىدەك ياتاتتى. ئۇنىڭ خاتىرجەملىك، ئەمىنلىك شولىلىرى ئەلەڭلەپ تۇرغان چېھرى رۇخسارىدا: «مەن ئونبەش يېشىمدا ئاتمىش ئۈچ ياشلىق مەزىن ئاخۇنۇمغا ئۈچ مىڭ سوم پۇلغا سېتىلغان ئەركىسىز قىز

ئىدىم. ھازىر ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ھەممىگە ئېرىشتىم... ئارمىنىم يوق ! لېكىن، مەن ئاشۇ بەخت ۋە نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلماي، ياخشىلارغا يامانلىق قىلغىنىم ئۈچۈن، خۇدا مېنى جازالىدى. مەن ھەممىگە تەن ۋە رازى، پەقەت قىزىمغىلا كۆزۈم قىيمايدۇ. ئۇنىڭغا پايلىمايمەن...» دېگەن پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، ھەسرەت داغلىرى ئۇيۇپ قالغانىدى. پەخرۇللا كېسەل ھارۋىسىنىڭ چاقىدىن سىيرىلىپ ئورنىغىلا يىقىلدى. ئۇ ئىككى قولىدا پولغا تايىنىپ ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك يىغلىۋەتتى:

— ئاھ! ئاقىنىسا تەنھالىقىمنى، يالغۇزلۇقۇمنى، مۇساپىرلىقىمنى ياقا يۇرتلاردا بىلىندۈرمىگەن ئىدىڭىزغۇ! ئاشۇ جاپالىق ئېغىر كۈنلەردە سىزلا ماڭا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، كۈچ، مادار، ئىشەنچ، ئۈمىد ئاتا قىلغانىدىڭىز... ئادەملەر سىزنى ھەرقانچە يامان دېسىمۇ سىز ماڭا ياخشىلىق قىلغان ئەمەسمۇ! مەن... مەنمۇ ئادەم، ئۇ... ئۇلارنى بىلگۈچىلىكىم بار!

پەخرۇللانىڭ يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈپ قىلغان نالىلىرى، يارىلانغان قەلب جاراھەتلىرىدىن سىرغىپ چىققان قاندەك ساپ ۋە چىن سۆزلىرى ئەزھەر، ئەختەم، گۈلپىيەلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ قويدى. بولۇپمۇ گۈلپىيە دادىسىنىڭ يالغۇزلۇق، تەنھالىق، مۇساپىرچىلىق ئەسىر قىلغان يىراق قۇم سەھرالىرىدا، كۆرگەن كۆرمىشلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. توۋا، ئەجەب ئىش ـ ھە؟! گۈلپىيەگە ئوقۇتقۇچى دادىسى پەخرۇللا قايتىپ كەلگەندەك بىلىنىپ كەتتى!! ھەتتا ئۇ دادىسىغا نېمە ئۈچۈن نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنىمۇ دەمال ئەسكە ئالالمىدى!

ئەتىسى ئەتىگەندە بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى 11 ـ بىنا ئالدى مەسچىتتىن قايتقان ۋە ئۆلۈم پەتىسى قىلىپ كەلگەن جامائەت بىلەن تولدى. ئۈستىگە يېشىل دۇخاۋا يوپۇق يېپىلىپ، باش تەرىپىگە بىر دەستە قىزىل گۈل قىستۇرۇلغان جىنازا ئالدىدا پەخرۇللا، ئىسھاق، ئەختەم، ئەزھەر، ئىكرام، ئەزىمجان

يارئېلى، سىدىق مەمەت، ئەخمەتجانلار بىلىگە ئاق پوتا باغلاپ قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. نازىلەنى گۈلپىيە ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. مەرھۇمىنىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر قىلغان بولسىمۇ ئۇلار تېخى ئۇلگۈرۈپ كېلەلمىدى. يۈيۈپ، تارىلىپ كېپەنلىككە ئېلىنغان ئاقنىسانى كىگىزگە ئوراپ بىرنەچچە ياشلار كۆتۈرۈپ چىققاندا، پەخرۇللا زەئىپ ئاۋازدا نالە قىلدى:

— ئاقنىسا... ئاقنىسا... قىزىڭىز نازىلەنى تاشلاپ كەتتىڭىزغۇ! ئۇ «ئانا» دېسە مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن! ئاھ خۇدا، مېنىڭ گۇناھلىرىم شۇنچە ئېغىرمىدۇ؟ ئالىدىغان ئەنت — قىساسلىرىڭ تېخى تۈگىمىدىمۇ؟!

بىر نەچچە جامائەت جىنازىنىڭ ئۈستۈنكى قاپقىقىنى ئېچىپ مېيىتنى تۇپتۇز ياتقۇزدى. ئاندىن قاپقىقنى يېپىپ تۇرۇشىغا ھويلىغا ئەنسىز چىرقىراپ ئۈچ ساقچى ماشىنىسى كىرىپ كەلدى. ماشىنىلار توختاش بىلەن ئۇنىڭچە قوراللىق ساقچى يوپۇرۇلۇپ كەلدى — دە، بىنانى قورشىۋالدى. بىر نەچچىسى يان قوراللىرىنى يالىڭاچلاپ، بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار ھايال بولمايلا يېنىپ چىقىپ، باشلىقنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى.

— پەخرۇللا دېگەن قايسىڭ؟ — دېدى ئاق پەلەي كىيىۋالغان ساقچى باشلىقى، — ئاقنىسا سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولامدا؟

— شۇنداق، — ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغان پەخرۇللانىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — نېمە ئىشتى؟

— مانا بۇ ئايالىڭ ئاقنىسانى، — يەنە بىر ئايال ساقچى پوپكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — قولغا ئېلىش بۇيرۇقى.

— ئۇ قولغا ئالغۇدەك نېمىش قىلغانىكەن؟ — پەخرۇللا غەزەپ بىلەن ساقچى باشلىقىغا چەكچەيدى، — ئۇ مانا مۇشۇ تاۋۇتنىڭ ئىچىدە، نېمە گېپىڭلار بولسا ماڭا دەڭلار.

بېشىغا كەلگەن پاجىئەدىن ئېتىلالماي تۇرغان پەخرۇللا

هۆرپەيگىنىچە ئالدىغا چىقتى. ئەمما، ئىكرام بىلەن ساقچى ئەزھەر، ساقچى باشلىقىنى چەتكە تارتىپ ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ئۇمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ مۇنداق دېدى.

— ئەمىسە پەخرۇللانى ئېلىپ كېتىپ ئەھۋال ئىگىلەيمىز.

— بىز مۇسۇلمانلاردا، ئايالى ئۆلگەن ئەر، تۇپراق بېشىدا چوقۇم بولۇشى كېرەك، ئاقىنىسانى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ ماڭساڭلار قانداق؟

— بولىدۇ، ئەمما ئاقىنىسانىڭ ئۆلگەنلىك ئىسپاتى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ رەسىمگە تارتىۋالىمىز.

— بولىدۇ، مەن بۇنى ئاخۇنۇملاردىن سوراپ كۆرەي.

ئىكرام بىنا ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئارىدىن خېلىلا ئۆتكەندە قايتىپ چىقتى. ئىچكەركى ئۆيدە قىرائەت قىلىۋاتقان بىرنەچچە ئاخۇنۇمنىڭ پەتىۋاسى بويىچە، مېيىت كۈن كۆرمەسلىكى ئۈچۈن جىنازا ئۈستىنى كىگىزدە دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن سۈرەتكە ئېلىندى.

قەبرىستانلىققا بىللە چىققان ساقچى ماشىنىلىرى ئاقىنىسا يەرلىككە تەگكەندىن كېيىن، پەخرۇللانى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. ساقچى ماشىنىلىرى ئىدارىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن باشلىق پەخرۇللانى ئايرىم سوراقخانىغا ئەكىرمەي، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇلارغا سوڭدىشىپلا كىرگەن ساقچى قىز باشلىقنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەغەز، قەلەملەرنى تەييار قىلىپ تۇرۇشىغا قارىغاندا سۆھبەت خاتىرىلىگۈچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. باشلىق پەخرۇللاغا تاماكا تۇتۇپ، ئۆزى بىرنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە ئاقىنىسا بىلەن قانداق تونۇشقانلىق جەريانىنى خېلىلا كوچىلاپ سورىدى. پەخرۇللا كەلكۈندىن كېيىنكى ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقى، چىمەن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئىشخانا مۇدىرى

ئاقنىسانى ئۆزىگە قاراشقا ئەۋەتكەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. باشلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قىستىشى بىلەن بەزى كۆڭۈلگە تالىق، ئىنچىكە نازۇك تەپسىلاتلارنىمۇ ئالا قويمىدى. ئاندىن ئۇ تاپانچىنىڭ يىتىش ۋەقەسىنى كوچىلاپ سورىدى. پەخرۇللا شۇ كېچىسى بىر خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىقتا بولغانلىقىنى، بۇنى شۇ چاغدىلا ساقچىلار ئېنىقلاپ پاكىت بېكىتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ ئىسپاتلار بىزدە بار، — دېدى باشلىق ئىشەنچلىك ھالدا، — لېكىن، سىز ئاقنىسانىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلەمسىز؟

— بۇ... غەلىتىلا سوئال بولدىغۇ، — پەخرۇللا دەمال چۈشىنەلمىدى، — ئۇنىڭ يەنە قانداق قىياپەتلىرى بولسۇن؟ مەن، سەزمەپتىمەن.

— ئۇ مەقسەتلىك، نىشانلىق ھالدا سىزنىڭ پوستىڭىزغا كىرگۈزۈلگەن ئايال!

— مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — پەخرۇللا ئاچچىققىنە كۈلدى، — ئۇنى كىم، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قېشىمغا كىرگۈزۈپتۇ؟ بۇنداق قىلىشتا مۇددىئاسى نېمىكەن؟

ساقچى باشلىقى، تۇراپ ئەيسانىڭ يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدىكى ئىككى يۈزلىمىلىكلىرى، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئاشكارىلىدى. ئەزەلدىن يۇرتۋاز، مەنسەپپەرەس بۇ ئادەم، سىرتتىن كەلگەن رەھبىرىي خادىملارنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇ ھاكىم، شۇجىلارنى ئىقتىسادقا، چىرايلىق قىز - چوكانلارغا ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن باغلاپ قويۇپ، قەستەن خاتالاشتۇراتتى. ئاندىن يۇقىرى رەھبەرلىككە نامسىز خەت ئېۋەتەتتى. «ئىنقىلابىي ئامما» نامىدا ئىنكاس قىلىنغان بۇ پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنىڭ ئىگىسىنى ئاسانلىقچە بىلگىلى بولمايتتى. تۇراپ ئەيسانىڭ ئەڭ زەھەرخەندىلىكى بوستان ۋە

چىمەندىكى بۇرادەر، ھەقامسايىلىرى ئارقىلىق، ھەتتا پۇل بېرىپ كوچا - كويلارغا شەرمەندىلىك بىلەن تولغان خەتلەرنى چاپلاتقۇزاتتى.

— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، — پەخرۇللا كەسكىن رەت قىلدى، — توغرا، تۇراپ ئەيسا ئاقىنىسانى يېنىمغا كىرگۈزگەنلىكى راست، لېكىن ئۇنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئىغۋا تارقىتىشىغا ئاقىنىسا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

— تولا ھاياجانلانماڭ، — باشلىق قولىنى كۆتۈردى، — سىز ئۇنى دەسلەپتە ھۆجرىڭىزدىن قانچە قېتىم، نېمىدەپ قوغلاپ چىقارغانلىقىڭىز، سىزنى كېيىن دوختۇرخانا بالىنىستىدا قانداق «يوقلاپ» يۇمشاتقانلىقى، ئۇ يەردىن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كەلگەندە، تۇراپ ئەيسا، كادىرلار ئاشخانىسىدىن ئېلىپ بەرگەن گۆرۈچ، ماي، گۆشلەر بىلەن پولۇ ئەتكەنلىكى ئاندىن ئىككىڭلارنىڭ كارىۋات ئۈستىدە نېمىش قىلغانلىقىڭلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ يەتكۈزگەن ئادەم نەق ئاقىنىسانىڭ ئۆزى. يەنە كېلىپ ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا...

پەخرۇللا تېڭىرقاپ قالدى. باشلىقنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئاقىنىسا شۇ كېچىسى تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە «ئانام قونۇپ قېلىشىمنى بىلمەيدۇ، ئېيتىپ قويمىسام ئەنسىرەپ قالار» دەپ چىقىپ كېتىپ، ئارىدىن يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئۆتكەندە قايتىپ كىرگەنىدى.

— بۇ... بۇلارنى تۇراپ ئەيسا دېدىمۇ؟ — پەخرۇللا نېمە دېيەرىنى بىلمەيلا قالدى، ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى.

— ئاقىنىسا ئەسلىدە تۇراپ ئەيسانىڭ ئاشنىسى...

— نېمە؟! — پەخرۇللا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — بۇ... بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت!

— سىلەر ئەر - خوتۇندەك ئاپاق - چاپاق بولۇپ، ئايرىلالماس دەرىجىگە يەتكەندىمۇ ئۇلار يەنىلا ئۇچرىشىپ تۇرغان!

ھەم ئاراڭلاردا بولغان بارلىق گەپلەرنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا، بوستاندا، چىمەندە تارقالغان سەت تەشۋىقاتلار سىزنىمۇ ھەيران قالدۇرغان!

پەخرۇللا تارقىلىۋاتقان ئىغۋالارنىڭ ئىنتايىن ئېنىق پاكىتلار بىلەن يېزىلغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، بىر قېتىم ئاقىنسادىن سورىغاندا ئۇ: «ھېلىقى ماڭا تەكلىپ قويۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن قۇرۇلۇش خوجايىنى تۆرەم توختىنىڭ ئىشىمىكىن» دېگەنىدى. لېكىن، پەخرۇللا «ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز كېيىنكى ئىش»، «تام شورا قىلىش»، «كېچىلىرى ئورۇندۇق كۆتۈرۈش» دېگەندەك بۇرۇنقى ئىشلارنى كىم بىلىدىغاندۇ؟ دېگىنىدە ئاقىنسا كۆزلىرىنى ئەپقېچىپ تەتۈر قارىۋالغانىدى.

— ئەمدى راست گەپنى قىلغاندا، — دېدى باشلىق ئۇستەلنى چەككەچ، — تۇراپ ئەيسانىڭ بىرەر يىلدا بىر قېتىم بېرىدىغان مۇكاپات، ئازغىنە مائاش ئۈستۈرۈش، نەمۇنىچى سايلاشلىرىغا قانائەت قىلمىغان ئاقىنسا، «ياخشى كۆرۈش» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ سىزدىن ئاخىرىغىچە پايدىلىنىشنى پىلانلىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئېرى تاشتوختى...

— توختاڭ، ئۇنىڭ ئېرى دېدىڭىزما؟ ئاقىنسانىڭ ئېرى يوق ئىدىغۇ؟

— ئۇ ئېرىنىڭ بارلىقىنى ئاخىرغىچە يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، سىزگە ناھايىتى چوڭ زىيانكەشلىك قىلغان. بۇ زىيانكەشلىكمۇ تاشتوختىنىڭ يوليورۇقى بىلەن بولغان.

— ئۇنداقتا ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئوغرىلىق قىلغانمۇ؟

— تاشتوختى «ھاكىم خوتۇنۇمنى تارتىۋالدى» دەپ ناھىيىلىك كومىتېت دەرۋازىسىغا، خەۋرلىشىش بۆلۈم تاملىرىغا، يەنە كۆزگە چېلىققۇدەك يەرلەرگە سىزنى ھاقارەتلىگەن خەتلەرنى چاپلىدى. تېخى سىزگە ۋەھىمە سالىدىغان خەتمۇ

ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەنسىزچىلىكتە قالغان ئاقنىسا ئۆنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، تاپانچىڭىز بىلەن يىگىرمە سەككىز مىڭ سوم پۇلىڭىزنى ئوغرىلىدى. ئون سەككىز مىڭ سوم پۇلنى ئاتا ـ ئانىسىغا بېرىپ، قالغىنىنى ئۆزىنى تالاق قىلىش ھېسابىغا ئېرىگە بېرىپ قۇتۇلدى.

ـــ بۇلارنى تاشتوختى ئۆزى پاش قىلغانمۇ؟

ـــ تاشتوختى ئەسلىدە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئادەم. ئۇ قويمىچىلىق، ساختىپەزلىك، قاقتى ـ سوقتى قىلىش جىنايەتلىرىدىن سىرت ھەرخىل پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇپ، خەلققە كۆپ زىيان سالغان تېررورچى، ئۇ تۇتۇلغاندىن كېيىن تۇراپ ئەيسامۇ قولغا چۈشتى.

ـــ بۇ ئىككىسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى باركەن؟

ـــ تۇراپ ئەيسا، سىزنىڭ ئىزىڭىزغا سېلىش ئۈچۈن تاشتوختىنى ئۆيىدە ساقلىغان، باققان، ھەم سىزدە يان قورال بارلىقىنى دەپ بەرگەن. تاشتوختى بولسا بىر كېچىسى نىقابلىنىپ ئاقنىسانى تۇتۇپ ئەكېلىپ ئوغرىلىققا سالغان. قىسقىسى سىز توغرۇلۇق يېزىلغان خەتلەرمۇ تۇراپ ئەيسانىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغان.

پەخرۇللانى بىر كىم پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك بېشى ئايلىنىپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدىغان، ئەسكە ئالالمايدىغان سەۋدايىدەك بولۇپ قالدى. توۋا، شۇنچە يىللار ئاقنىسانىڭ ياسالما مۇھەببىتىگە ئالدىنىپ كەپتۇ ـ ھە؟! پاھ... دەرۋەقە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر سېھىر، جادۇ كۆزلىرىدە كۆڭۈللەرنى قارىغۇ قىلىۋەتكۇدەك نۇر ـ زىيا...، شېرىن ـ سۆخەن سۆزلىرىدە تەنلەر ئېرىپ كەتكۇدەك خۇش پۇراق زەھەر!... بېخىلنى سېخى... سېخىينى بېخىللىغا ئايلاندۇرۇۋەتكۇدەك قۇدرىتى كارامەت ھۈنەرلىرى باركىنا!... ئەسلىدە ئۇ... ئۇ دەپ بەرگەن ھېلىقى نىقابلىق زەڭگى ئۇنىڭ

ئېرى تاشتوختىكەندە! نېمانداق سوت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ كەتكەندىمەن! ياق، ئۇخلاتسىمۇ ئاقنىسا ئۇخلاتقان ! ئۇ... ئۇ ھازىر ئىككى غولاچ سوغۇق يەر تېگىدە ئارام ئېلىۋاتىدۇ، ئەمدى مەن قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئۇنىڭسىز ھايات بەئەينى دوزاخ ئەمەسمۇ! ... مېنىڭ ھايات بوستانىمنى ياشناتقان ئاشۇ سۆيۈملۈك چوكان ئىدىغۇ!! ئۇ ماڭا قانداقمۇ دۇشمەنلىك نەزەردە باقسۇن! نەدىمۇ ماڭار يوللىرىمغا خەندەك كولىسۇن! ئۇ يۇقىرىغا بويۇندىسام يۆلەپ بېرەتتى... چوڭقۇردىن چىقالمىسام قوللىرىنى سۇنۇپ تارتىپ ئالاتتى... كۆزلىرىمدە ياش كۆرسە ئۇمۇ تەڭ يىغلايتتىغۇ... توۋا... توۋا... توۋا... ئۇنى كۆڭلۈم يەنىلا ئاقلاپ تۇرىدۇغۇ! راست ئەمەسمۇ، ئۇ ئوغرىلىقنى مەن ئۈچۈن قىلدى، ئېرىدىن لاتىمۇنات كېچىپ، مېنىڭ باغرىمغا سىڭىش ئۈچۈن قىلدى. ئېرىنىڭ بارلىقىنى يوشۇرۇشمۇ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئەمەسمۇ!

— مېنىڭ بۇ ئىشلارغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — پەخرۇللا چوڭقۇر ئۇھسىنىدى، — ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغۇدەك؟

— ئاقنىسا پۇل، مال ـ مۈلۈك، ئۆيۋاق، يۇقىرى مائاش، شان ـ شۆھرەت ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش، خىزمەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كويىدا سىزنىڭ پېشىڭىزگە چىڭ ئېسىلغان، — دېدى ساقچى باشلىقى تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇراپ ئەيساغا «مەلۇمات» يەتكۈزمەيدىغان بولدى، ھەتتا ئۇنىڭدا سىزنى ئاغدۇرۇۋېتىش سۈيىقەستلىرىگە قارشى تۇرۇش ئىرادىسى شەكىللەندى.

— غەلىتە ئىش، ئاقنىسا تۇراپقا خىزمەت قىلمايدىغان بولغاندىن كېيىنمۇ بوستان ۋە چىمەندىكى سەت تەشۋىقاتلار توختىمىدىغۇ؟

ساقچى باشلىقى تۇراپ ئەيسانى نەچچە كۈنگىچە سوراق قىلىپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنىڭ ئاساسلىقلىرىنى، پارتكوم شۇجىسى فاڭ جىڭچىڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پەخرۇللاغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئاممىدىن كەلگەن ئىككى پارچە ئەرزنامە خەتنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان تۇراپ ئەيسانىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆينىڭ كارىدورىغا، ھويلىغا كىرىپ، پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيەنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ «تەشۋىقاتى» ئۈچۈن «خەۋەر» توپلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشى، پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى بىر چېكىتكە تىكىلىپ، مۇزدەك پىرقىرىغۇچتەك ئۇيۇپلا قالدى. پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە بىر قېتىم مېھمانخانىدا راسا «ئويۇن» قويۇۋاتقاندا كارىدوردا تۇيۇقسىزلا بىر شەپىنى ئاڭلىغاندەك بولسىمۇ ئانچە سىنەكىمىگەنىدى. ئەمما ئىككىنچى قېتىمدا پەخرۇللا ئۇچقاندەك چىقىشىغا، ھېچيەرگە قاچالماي قالغان تۇراپ ئەيسا بىر پارچە خەتنى تۇتۇپ، ھودۇققىنىدىن غەلىتىلا ھىجىيىپ تۇراتتى...

ساقچى باشلىقىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن بەدىنىدە مىسقالچە مادار قالمىغاندەك تىترەپ تۇرغان پەخرۇللا ئورنىدىن تۇرۇشىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. چىرايىمۇ شاكىلى سويۇۋېلىنغان تۇخۇمدەك ئاپئاق، تاتىراڭغۇ ئىدى. سۆھبەت خاتىرىلىگۈچى كاتىپ قىز بىلەن ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. ئاندىن ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ قويدى. شوپۇر ئۇتتۇرلاپ بوستان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا ئېلىپ ماڭدى. ھويلىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ شوپۇر پەخرۇللانىڭ جەينەكلىرىدىن ئۇچلاپ 3 ـ قەۋەتتىكى ئۆيىگە ئەچىقىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە پەتىچىلەر خېلىلا شالاڭلاپ قالغان بولۇپ، ئورۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھېچقايسىسى كەتمىگەنىدى. پەخرۇللانى ئەزھەر، ئەختەملەر يۆلەشتۇرۇپ كىچىك ھۇجرىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئاڭغىچە گۈلپىيە بىر پىيالىدە چاي

كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئاتا چاي ئىچىۋېلىڭ، ئۇسساپمۇ قالغانسىز، — گۈلپىيە دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئەنسىرەپ قالدى، — ئاتا بىر يېرىڭىز ئاغرىمىدۇ؟

— ياق، سەل مىجەزىم يوق، ھە نازىلە قېنى؟

— مەن ئۆيۈمگە ئەكىرىپ قويدۇم، قىزىم بىلەن ئىككىسىگە ئانام قاراپ قالدى.

— بولماپتۇ، قىزىم، — پەخرۇللا كارىۋاتقا يۆلەندى، — ئەگەر ئابىخان ئاباق ئۇقۇپ قالسا كۇنداشلىقى تۇتۇپ ئانىڭىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويمىسۇن يەنە.

— ياقەي ئاتا، ئۇ ئادەم بىزنىڭكىگە ئانچە كېلىپ قالمايدۇ، — گۈلپىيە ئىككىلىنىپ سورىدى، — ئاتا، ساقچىلار سىزگە قوپاللىق قىلمىغاندۇ؟

— ماڭا نېمىشقا قوپاللىق قىلغۇدەك، — پەخرۇللا نېمە دېيىشنى بىلمەي بىردەم تۇرۇۋالدى، — ئۇلار ماشىنا ۋەقەسىدىن چىقىرىلغان خۇلاسىنى دەپ بەردى.

— ماشىنا ۋەقەسىنى تاشىيول قاتناش ساقچىلىرى تەكشۈرگەن تۇرسا، جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى خۇلاسە چىقىرىپ بەرگىنى نېمىسى؟

— مەن... مەنمۇ شۇ ھەيران بولدۇم، — يامان يەردىن تۇتۇلۇپ قالغان پەخرۇللا ئاغزىغا كەلگىنىنى ياندۇرمىدى، — ئەسلىدە ئاقنىسانى بېسىۋەتكەن ماشىنىنى بىر قاچقۇن جىنايەتچى ھەيدەپتىكەن. شۇ ۋەجىدىن جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئارىلىشىپ قاپتۇ.

پەخرۇللانىڭ دېگەنلىرى چاك باسمىغان بولسىمۇ، گۈلپىيە ئارتۇق كوچىلاشنى خالىمىدى.

— ئۇلار قانداق خۇلاسە چىقىرىپتۇ؟

— ئاقنىساغا ئاتمىش پىرسەنت، شوپۇرغا قىرىق پىرسەنت

ئارتىلىپتۇ.

— نېمىشقا؟

— ئاقنىسا ئارىلىق قالدۇرۇپ ھەيدىمىگەن، ئاندىن موتسىكلىتنىڭ سۈرئىتى تېز، شۇنداق تۇرۇقلۇق يۈك ماشىنىسىنى ناھايىتى تېز يانداپ ئۆتكەندە، ئالدىدىن تۇيۇقسىزلا چىققان چوڭ ماشىنىغا سوقۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن.

گۈلپىيە دادىسىنىڭ ئۆمسۈرۈن چىرايىدىن، تىكىلىپ قارىيالماسلىقىدىن بىسەرەمجان ھەرىكەتلىرىدىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، يېنىشلاپ سورىيالمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ پەخرۇللانىڭ ھارغىنلىق يەتكەندەك بوشىشىپ كەتكەن ۋۇجۇدى، شامالدا ئۇچۇپ كەتكۇدەك لەلەڭلەپ قالغانىدى.

تۇغقانلار بىلەنلا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇچ نەزىرىدىن كېيىن باللار، ئىكرام، ئىمىنجان يەنە بىرقانچە يېقىنلار چىنە ـ قاچا، لېگەن، قازانلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئاندىن خوتۇنلىرىنى ئېلىپ كېتىپ قېلىشتى. گۈلپىيە دادىسىغا:

— سىز ئەسلىڭىزگە كېلىۋالغۇچە، نازىلە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسۇن، تاماق ئەتسەم بالكوندىن چاقىرىمەن، ياكى تېلېفون قىلىمەن، — دەپ قويۇپ، ئۇمۇ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

تۇغقانلار قايتىپ كېتىش بىلەن مېيىت چىققان ئۆينى بىردىنلا سۈر باستى. پەخرۇللا، ئاقنىسا گىرىم قىلىپ، كىيىم ئالماشتۇرىدىغان ھۇجرىغا كىردى. ماشىنا ۋەقەسى يۈز بەرگەن چاغدىلا ئاقنىسانىڭ يانچۇقىدىن، سومكىسىدىن چىققان پۇل، ئاچقۇچ، گىرىم بۇيۇملىرى قۇتىلىرى ھەم بويۇن، قوللىرىدىكى زىبۇ زىننەتلەرنى ساقچىلار پەخرۇللانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. بۇ ئۆيدە مەخسۇس ئاقنىسانىڭ چامادان، ساندۇقلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئۆزى تۇتاتتى. ئۇلارنىڭ

ئىچىدە قانداقتۇر يوشۇرۇن ساقلىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىغا گۇمان قىلىپ كەلگەن پەخرۇللا چامادان، ساندۇقلارنى ئېچىپ ئۇلاردا بۇ چاغقىچە ئۆزى ئېلىپ بەرمىگەن ئېسىل كىيىم - كېچەك، ئەن رەختلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا قىممەت باھالىق ھەرخىل يازلىق، كۈزلۈك، قىشلىق ئاياغلارمۇ بار ئىدى. پەخرۇللا: چەك، كىنىشكىلار قولىدا بولغاندىن كېيىن كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەننى ئالىۋېرىپتۇ - دە،» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئۇ گىرىم ئۇستىلىنىڭ تۈز قۇلۇپىنى ئېچىپ، ئىشكاپ ئىچىدىن ئاياغ قېپى چوڭلۇقىدا، پارقىراپ تۇرغان قوڭۇر ساندۇقنى ئالدى. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى ساپسېرىق چەمبەرلەنگەن بولۇپ، تىرناق چوڭلۇقىدا قوش قۇلۇپ سېلىنغانىدى. پەخرۇللا بىر كاللەك ئاچقۇچ ئارىسىدىن ئۇلارغا چۈشىدىغان ئىككى ئاچقۇچنى تەستە تېپىپ ساندۇقنى ئاچتى. ئۇ ئۇستى تەرىپىگە قويۇلغان چەك ۋە كىنىشكىلاردىن پەقەتلا پۇل ئاجرىتىلمىغان بولۇپ، تېخى كۆپىيىپ قالغانىدەك قىلاتتى. پەخرۇللا ئىچىدە: شۇنچە قىممەت نەرسىلەرنى قايسى پۇلغا ئالدىكىنە، دەپ ئويلىدى. تېخى ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ! چەك ۋە كىنىشكا ئاستىدىكى بىر پارچە قىزىل دۇخاۋىنى ئېلىشىغا، قوش - قوش ھەرخىل پاسۇندىكى ئالتۇن زەنجىر، بۇلاپكا، ئۈزۈك، ھالقا، بىلەزۈك، تېخى ياقۇت، مەرۋايىت، قاشتېشى، زۇمرەت، كەھرىۋا قاتارلىق ئېسىل بۇيۇملاردىن ياسالغان نەچچە ئون مىڭ سوملۇق تىزىق - تىزىق مارجان، كۆزلۈك مېدالىئونلار كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. پەخرۇللا بۇ جاۋاھىراتلار ئاستىدا تۇرغان بىر پارچە قاتلاقلىق قەغەزنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئاچتى. ئۇنىڭ ئۇستى تەرىپىگە «ھۆججەت» دەپ يېزىلىپ، ئاستىدىكى قاغا پۇتى ئىجىر - مىجىر خەتلەرنى پەخرۇللا تەستە ئوقۇدى:

## ھۆججەت

«مەنكى ھۆججەت بەرگۈچى ئاقنىسانىڭ ئېرى تاشتوختى بولۇرمەن. شۇل توغرۇلۇق ھۆججەت بېرىمەنكى ئاقنىسانى تالاق قىلىش ھېسابىغا ئۇنىڭدىن سەككىز تال ئوقى بىلەن بىر تاپانچا، ۋە ئون مىڭ سوم پۇلنى نەق تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئاقنىسا تالاق، تالاق، ئۈچ تالاق...»

ھۆججەتنىڭ ئاستى تەرىپىگە يىل، ئاي، كۈن يېزىلىپ، «تاشتوختى» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۈستىگە قىزىل سۇرۇختا بارماق بېسىلغانىدى.

پەخرۇللا گىرىم ئۈستىلىگە جەينەكلەپ، ئېگىكىنى يۆلىگىنىچە ئەلەملىك خىياللار قاينىمىغا چۆكتى. قىممەتلىك ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر، باھاسىدىن چۆچۈپ يىقىلغۇدەك جاۋاھىراتلار، ئەڭ ئېسىل چەت ئەل يۇڭ كىيىملىرى ۋە ئەن رەختلەر... بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ھەرخىل ئاياغلار... زادى نەدىن كەلگەندۇ؟ ئۇلارنى كىملەر، نېمە ئۈچۈن سوۋغا قىلغاندۇ؟ بۇ چاغقىچە پەخرۇللا قانداق ئۇياتچىلىقلار ئىچىدە ياشاپ كەلدى؟! خۇددى مانالار ئىچىدە گىرىمسەن كۆرۈنۈۋاتقان ئىزنالاردەك كۆز ئالدىغا كېلىۋاتقان سەتچىلىكلەر ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى قۇرتتەك يېمەكتە ئىدى. يەنە شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئاقنىسانى سېغىنىۋاتسا! ھەممە ـ ھەممە ناز ـ كەرەشمىلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمىسە، كېچىلىرى ئۆزىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئېتىپ ئۇخلىيالمىسا... بۇ... بۇ... زادى قانداق ھال؟! ئۇنىڭ پەخرۇللا بىلمەيدىغان يەنە قانداق سېھىر ـ كارامەتلىرى باردۇر؟ ئەجەب ئىش ـ ھە! كۆڭۈل دېگەن زادى قانداق نېمىدۇر!؟ ئۇنىڭدا مۇھەببەت ـ نەپرەت، ھەق ـ ناھەق ھەم رەزىللىك ۋە ئالىيجانابلىق قارىشى، گۈزەللىك ـ ئىپلاسلىق، ۋىجدان، غۇرۇر

تۈيغۇلىرى يوقمىدۇ! ئۇ نىجاسەتكە تامسا، ئادەممۇ بىللە شۇ يەردە ئۈيۈپ قالىدىكەن!! قاراڭ پەخرۇللاغا، ئۇ ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل - ئىدراك بىلەن خېلى ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئۆزىنى تارتالمىغىنىنى! ئاقنىسانى ئادەتتىكى كۆتكۆچىلىكتىن كادىرلىقتا ئۆستۈردى. دۆلەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇتتى. زامانغا لايىقلاشسۇن دېگەن ئۈمىدتە ساياھەت، زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى كاتتا شەھەرلەرگە ئەۋەتتى. بوستانغا يۆتكەپ ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلەردىكى ئېسىل خانىملار قاتارىغا كىرگۈزدى. ئەدناسى ئۈنىڭغا دەرس ئۆتكەن كېچىلەرنى قوشقاندا نەچچە ئاي، نەچچە يىللارغا تەۋە بولار؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى ئۆزى سورىمىسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! بۇ ھەقتە پەخرۇللا دانالارنىڭ:

«ئايغا ئېلىپ چىقىپ تېرساڭ تېرىق،
بەربىر يەنە ئۇ تېرىقتۇر تېرىق.
ئۈنى ئالتۇن ئورغاقتا ئورساڭمۇ،
يەنە بەربىر ئۇ تېرىقتۇر تېرىق...»

يەنە شۇنداقلا:

«ئالتۇن ھەل يالاتساڭ كېسەكتۇر، كېسەك،
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ تېزەكلەر ئېشەك...»

دېگەندەك دۇرى گۆھەرلىرىنى بىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۆڭۈل دېگەن ساراڭنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى. ھەممىدىن ئۇۋال بولغىنى پەزلىيە بولدى. ئۇ تۇراپ ئەيسا بىلەن ئاقنىسانىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. پەخرۇللا پەزلىيەنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى دادخورلۇق ۋە چېقىمچىلىقتا ئەيىبلىدى،




ھېلىقى چاغدا ئۇ زەپمۇ يالۋۇرۇپ كەتمىگەنىدى:

«پەخرۇللا، سىز ماڭا ئۇۋال قىلماڭ، مەن ئىنتىزام تەكشۈرۈشكە ئەرز قىلمىدىم، فاك شۇجىغىمۇ دەرد تۆكمىدىم ... ماڭا نېمىشقا ئىشەنمەيسىز، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرەي. ئاھ تەڭرىم، بۇ قانداق تۆھمەت، قانداق سۇيىقەست! مەن كىمگىمۇ يامانلىق قىلغان بولغىيتتىم...» دەپ قانچە ـ قانچە يېلىنىپ كەتكەن ئىدى ـ ھە! ئۇنىڭ ئاھ ـ زارى، كېچىلەپ ـ كېچىلەپ قىلغان نالىلىرى خۇداغا يەتكەن چېغى، مانا، كۆزىگە كۆرسەتتىغۇ! كونىلار: «شامال ئۆتۈشمەيدىغان تام، ئاخىرلاشمايدىغان زىياپەت يوق» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن!

— پەزلىيە راستتىنلا كۆپ ئازار يېدى، — پەخرۇللا پەس ئاۋازدا ئاستا پىچىرلىدى، — ئۇ گەرچە ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولغان بولسىمۇ، ئۇمىد ئوتى ئۆچكەندە ئۆزى چۈشەنمەيدىغان، مۇھەببەت، نەپرىتىمۇ يوق ناتونۇش بىر ئادەمگە ئۆز تەقدىرىنى باغلىدى. گويا ئۇ دۇكاندىكى بىر تەپسى بۇيۇم بولدى. خېرىدار پۇلنى تاشلاپ قويۇپ ئېلىپ كەتكەندەك ئۆزىنى دوغا تىكتى. بولمىسا ئۇ ئابىخان ئاباقنى تونۇمتى؟ بۇرۇنلاردىن ئانچە ـ مۇنچە بېرىش ـ كېلىشى بولسىكەن كاشكى! ئاھ خۇدا، مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇۋالىغا قالدىم. نەۋرەم دىلمۇرات، پەرىشتىدەك ئانام ھەلىمىخان، ئايالىم پەزلىيە، بالىلىرىم گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەلىيارلار ئالدىدا ئۆزرىلىكمەن. ئەدناسى مېنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغان، ئادەملەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن. ئەي، ھەممىگە قادىر ئالل، ئاقىنسا ئىسىملىك بىر شۇللۇق چوكاننى ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەت. بىلگەن ـ بىلمىگەنلەر ئۇنى مەسخىرىلىمىسۇن، تىللىمىسۇن... ئۇمۇ مېنىڭ ھاياتىمدا ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇرغان ئاق كۆڭۈل مەزلۇم!... پەقەت كۆپ ئوقۇمىغاچقا بىلىپ ـ بىلمەي بەزى سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەن!

پەخرۇللا گىرىم ئۆستىلىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىدى. يىغلىغاندىمۇ ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، ئېسەدەپ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىدى. ئاندىن ئۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. پەخرۇللا يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلىغان شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزگىچىمۇ ئوخشىمايدىغان باشقا بىر پەخرۇللاغا ئايلاندى. گەپ ـ سۆزدىن قالدى. ئادەملەرنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. بىرەر كىم ئىشىكنى قاقسىمۇ ئاچمايتتى، تېلېفون كەلسە ئالمايتتى. پەقەت ئۆيدە قىزى بىلەن بىر كۈن كەچكىچە ئوينىشىپ ئولتۇراتتى، كارتون فىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بەزىدە قىزىغا ئات بولۇپ بېرىپ، مېھمانخانا، ھۇجرىلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈيدىغان بولدى. پەقەت سەي ـ كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، ئۇن، گۈرۈچ لازىم بولغاندا، قىزى ئازىلەنى كۆتۈرۈپ چىقاتتى. ئالدىغانىنى ئېلىپ، بىرەر كىمگە كۆتەرتكۈزۈپ ئەتراپىغا قارىماي يېنىپ كېلەتتى. بىرەر كىم سالام بېرىپ، ياكى ئەھۋال سورىسا، ئېپادىسىزلا كۈلۈپ تۇراتتى. بېشىنى «ھەئە» گە ياكى «ياق» قا گىلدىڭلىتاتتى ياكى چايقايتتى. ئۇ دائىم كىشىلەردىن يۈزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قاراپ ماڭاتتى. بىرەر كىمنى يىراقتىن كۆرگەن ھامان نېمىلەرنىدۇر باھانە قىلىپ، نەلەرگىدۇر قارىتۇالاتتى.

پەخرۇللا ئۆيدىكىلەر ياكى تۇغقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. بىر كۈنى قورۇدا، ئىشتىن قايتقان كۈيئوغلى ئەختەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەختەم ھال سوراپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، يالغۇز جېنىغا تاماق ئەتمەسلىكنى ئېيتىپ، دېمىگەن گېپى قالمىدى. بىراق، پەخرۇللا يا ئاق، يا كۆك، دېمەي كۈلۈپ، ھىجىيىپ، بېشىنى چايقاپ، بەزىدە گىلدىڭلىتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرەر ئۇياتلىق مېھمان ئالدىدىكى خىجىللىق، ئوڭايسىزلىنىش، كىيىم ـ كېچەكدىن نومۇس قىلىش، ئۆزىنى

تۆۋەن چاغلاش، ھەتتا مېھمان بولۇپ بېرىپ كۆرپىگە سىيىپ قويغان چوپچوك باللارنىڭ قىزىرىشلىرىدەك ئىپادىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. تېخى «ئۆچ بولماڭ، گىرىپتار بولارسىز» دېگەندەك پەخرۇللا تونۇگۇن قىزىنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا ھويلىغا چىقىشى، ئۇنىڭ ئالدىغا پەزىلىيە ئۇچراپ قالدى. ھەر ئىككىلىسى يۈز ـ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ — سورىدى پەزىلىيە ئاستاغىنا، پەخرۇللا ئۇنىڭغا جاۋابەن «ھەئە» دېگەندەك ئارقا ـ ئارقىدىن تەزىم قىلىپ ھىجايدى.

— سالامەتلىكىڭىز ياخشىدۇ؟ — بايىقى تەزىم ۋە كۈلۈمسىرەش تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەندى. ئاندىن ئۇ پەزىلىيەنى يانداپلا ئۆتۈپ كەتتى.

پەخرۇللا قىزىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە قوڭۇررەڭ چاقچۇق يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن ئورمانلىق ھويلىدىن تېز ـ تېز مېڭىپ، نەپىس نەقىشلەنگەن تۆمۈر دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۈرىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان نازىلە، پەزىلىيەگە قاراپ كۈلەتتى، بۇدرۇق قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. كۆزلىرى ياش بىلەن قاپلانغان پەزىلىيەنىڭ ئىچىدە بىر يەرلىرىگە چوغ چۈشكەندەك پىژژىدە قىلىپ ئېچىشتى. بۇنداق ئازابلىنىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە، جاۋاب ئىزدەشتىن نومۇس قىلدى بولغاي، دەرھاللا قىزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. پەزىلىيە كۈزلۈك پەلتوسىنى سېلىشىغا گۈلپىيە ئۇنى ئاسقۇغا ئاستى.

— ئانا، — دېدى گۈلپىيە ئاسقۇدىكى پەلتونىڭ قاتلاشلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، — كۈزلۈك پەلتۇ كىيىشكە ھازىر سەل بالدۇرمىكىن.

— نېمە بولدۇمكىن، جۇغ ـ جۇغ ئولىشىپ، تىترەپلا تۇرىمەن.

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — گۈلپىيە ئانىسىغا تىكىلدى، —

چىرايلىق بىر قىسمىلا تۇرىدۇ.

— ئاتاڭ قىزنى ئېلىپ سىرتقا مېڭىپتىكەن، ھويلىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، — يەزلىيە ئۇھ دەپ چوڭقۇر تىندى، — ھال سورىسام كۈلۈپ، قورۇلۇپ، تەزىم قىلىپلا تۇرىدۇ. غەلىتىلا بولۇپ قاپتۇ.

— ئاتامنىڭ گەپ - سۆزىدىن قېلىپ، ئادەم خالىماس بوپقالغىنىغا خېلى بولدى. تاماق ئەكىرسەممۇ، ئىشىكنى پەقەتلا ئاچقىلى ئۇنىمايدۇ. ۋارقىراپ گالىلىرىم كاركىراپ قالغاندىلا ئاچىدۇ - دە، قولۇمدىن تاماقنى ئېلىپ يەنە شۇ ھامان ئىشىكنى گۈپپىدە يېپىپ، ئىچىدىن ئېتىۋالىدۇ.

— ئاقنىسانىڭ ئۆلۈمى، بەك ئېغىر كەلگەن چېغى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئەزھەر ساقچىلار ئارىسىدا بولۇنغان نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ. ساقچى باشلىقى فالك شۇجىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەممە گەپنى ئاكامغا دەپتۇ.

گۈلپىيە، ئاقنىسانىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى يوشۇرۇن قىلغان ھىيلە - مىكىرلىرى، پۇل، تاپانچىنى ئوغرىلاپ، كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى، شۇنداقلا تۇراپ ئەيسا بىلەن بىرلىشىپ قىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى، يەزلىيە ئاڭلىغانلىرىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى.

— ھېلىمۇ ئاتام بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەردىن ساراڭ بولۇپ قالماپتۇ!

— بۇگۈنكى قىلمىقلىرىدىن، مەن ئۇنى ئېلىشىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— ياق، ئاتام بارلىق سەتچىلىكلەرنى، نومۇسلۇق ھاقارەتلەرنى، يۈزىگە سۈۋالغان نىجاسەتلەرنى ئىچىگە ئېلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ بەردەم، كۆچتۈڭگۈر ئادەم بولغاچقا، ئەقلىدىن ئازمىدى.

— ئاتاڭ تۇرمۇشتىن چوقۇم قىينالدى. ئۇنى ئەزھەر ئۆيىگە

ئېلىپ كەتسە بولاتتى.
— بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغىن، دەپ شۇنچە يالۋۇرسام زادىلا ئۇنىمىدى.
— ئاتاڭنىڭ غورۇرى كۈچلۈك ئادەم، سىنىڭ ئۆيۈڭدە نېمىشقا تۇرغۇدەك.
— ۋېيىەي ماۋۇ ئانامنى، نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟
— مۇنداق بىر ھېكمەت بار، شەيتان پاقىنى، دۇنيادا سېنىڭدىنمۇ ئارتۇق سەت نېمە بولمىسا كېرەك، دېگەندە، پاقا نېمىدەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىلەمسەن؟
— ھە، پاقا نېمە دەپتۇ؟
— ئۇ «كۆيئوغلىنىڭ ئۆيىدە يېتىۋالغان قېينانا ـ قېيناتا مېنىڭدىنمۇ بەك سەت» دەپتۇ.
— ۋاي خۇدايىم، مۇنداقمۇ گەپ بارىكىنا، — گۈلپىيە قىزاردى، — توۋا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نېمىدېگەن چوڭقۇر ئويلىغان.

پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە ئۇچرىشىپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى بولغاي، بىر كۈنى گۈلپىيە بىر كورا پولۇ ئۈستىگە گۆش، بېھى بېسىپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئىشىكنى ئۇرغاچ، ۋارقىرىدى. ئىشىك ھايال بولمايلا ئېچىلىپ بوسۇغىدا ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال پەيدا بولدى. «دادام يەنە بىر ئايالنى ئەكىرىۋاپتۇ» دەپ ئويلىغان گۈلپىيە قوپاللا سورىدى:
— سىز كىم، بۇ ئۆيدە نېمىش قىلىسىز؟
— ۋۇي نېمە بولدى سىزگە؟ تاشتىلىقىڭىزنى ئىت ئەپقاچقاندەك ئاچچىقلايسىزغۇ؟

ئايال ئاچچىقىدا ئىشىكنى گۈلۈپلا يېپىشى، گۈلپىيە بايىقىدىنمۇ بەكرەك ۋارقىراپ، ئىشىكنى قاقتى. ئاڭغىچە ئىشىك زەرب بىلەن تېزلا ئېچىلىپ، ھېلىقى ئايال غەزەپ بىلەن ھومايدى.

— ھەي، سىز رەسىم ـ قائىدە، ئەخلاق ـ پەزىلەت دېگەننى بىلەمسىز ـ يوق؟ ئىشىكنى يېرىۋەتكۈدەك ئۇرىسىز، گېلىڭىز يىرتىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىرايسىز، ئۆيدە ئاغرىق، قېرى ئانام بار.

— نېمە؟ — گۈلپىيە قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي قالدى، — بۇ... بۇ، ئەمىسە دادامچۇ، دادام نەگە كەتتى؟

— بىز بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالدۇق. دادىڭىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

— ۋاي خۇدايىم، ئۆي جابدۇق، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قايسى چاغلاردا يۆتكەپ كەتتىكىنە، مەشەدە تۇرۇپ ئەجەب بىلمەپتىمىز.

— بىز ئۇچ ھۇجرا، ئاشخانا، تازىلىق ئۆيلىرىنى سۆزلەشكەن. دادىڭىز ئۆينىڭ بارلىق بىساتىنى مېھمانخانىغا دۆۋىلەپ قۇلۇپ سېلىپ چىقىپ كەتكەن.

گۈلپىيەنىڭ قوپاللىقىدىن خېلىلا خاپا بولغان ئايال ئىشىكنى ئاچچىقى بىلەن يېپىپ كىرىپ كەتتى. پەخرۇللانىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىگەن گۈلپىيە ئەختەم، ئەزھەر، ئارزۇگۈل، ئىسھاق ـ ئابىدە، ئەركىن ـ گۈلىستان، ئىكرام پەرۋىنەلەر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ ئىككى ئايغىچە ئىزدەپ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇلار يۇرتى توغراققا كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، دېگەن پەرەزدە، بىر قانچىسى توغراققا ماڭدى. قالغانلار چىمەن ناھىيىسىنىڭ بارلىق يېزىلىرىنى ئالا قويماي ئىزدىدى. «ئادەم خالىماس» بولۇپ قالغاچقا يىراق تاغ ـ تۇرالاردا ماكانلىشىپ قالدىمىكىن، دېگەن ئۇمىدتە چارۋىچىلىق رايون، مەيدانلارغىچە تىلىڭ ـ تىڭلاپ كۆردى. ئەمما، پەخرۇللا يەرگە قونغان چاڭدەك، دېڭىزغا چۈشكەن تامچىدەك يوقاپلا كەتتى. ئاخىر بىر جەمەت باللار، تۇغقانلار «بىرەر كۆڭلى ئارام تاپقان جايدا خاتىرجەم ياشاۋاتقاندۇر» دېيىشىپ ئىزدەشنى توختاتتى. بىراق، گۈلپىيە دوستلىرىنىڭ، دوستلىرىدىن يېقىنلىرىنىڭ

يېقىنلىرىدىن: «پەخرۇللانىڭ قىزىل موتىسىكلىتىنىڭ ئارقىسىدىن مەخسۇس باللار ئورۇندۇقىغا قىزىنى ئولتۇرغۇزۇپ، تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇلارمۇ دېگەنلىرىگە تولۇق ئىشەنچە قىلالماي: «چوڭ قارا كۆزەينەك تاقىۋاپتۇ، دادىڭىزغا شۇنداق ئوخشاپ كېتىدىكەن» دەپ مۇجمەل گەپ قىلىشتى. قىزىل موتىسىكلىت ئەلۋەتتە ئاقتىسانىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق، ئارقىسىدىكى بالا نازىلە بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇندىن باشلاپ گۈلپىيە بوستان شەھەر ئىچىگە كىرسىلا، قىزىل موتىسىكلىت مىنگەنلەرگە زەن سېلىپ قارايتتى. ئۇ دادىسىنى سېغىنغانسېرى شەنبە ـ يەكشەنبىلەردە، شەھەر رەستىلىرىنى، ماگىزىن، ئاشخانا، كۆكتات، گۆش بازارلىرىنى ئايلىنىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى مىللىي ئىشلار كومىتېتىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندى. ئۇلار: «مائاشنى پۇل كارتىسى ئارقىلىق بانكىدىن ئالغاچقا، پېنسىيەگە چىققاندىن بېرى كېلىپ باقمىدى» دېيىشتى. گۈلپىيە يىغلا ـ قاقشا كۆز ياشلىرىمۇ يىلتىزسىز بۇلاقلاردەك قۇرۇپ، ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: «نازىلەمۇ ئۈچ ياشتىن ئېشىپ قالدى» دەپ قويياتتى. شۇنداق تەقەززالىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلپىيەنىڭ قول تېلېفونى مۇزىكا ئارقىلىق سىگنال بەردى. ئۇ تېلېفون ئېكرانىغا قاراپلا: «ۋاي خۇدايىم، دادامنىڭ تېلېفون نومۇرىغۇ» دەپ ۋارقىراپ سالدى. ئۇ تېلېفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپلا: «دادا!...» دەپ يىغلاپ سالدى.

— قىزىم... قىزىم گۈلپىيە، — تورۇپكىدىن زەئىپ ئاۋاز ئاڭلاندى، — گەپ قىلسام قۇلايلىقمۇ؟

— قۇلايلىق دادا، قۇلايلىق، يېنىمدا ھېچكىم يوق، ئۆزۈم يالغۇز.

— قىزىم مېنىڭ تېلېفون قىلغىنىمنى ھېچكىمگە دېمەڭ، ھەتتا ئەختەم، ئەزھەرلەرمۇ ئۇقمىسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ ئاتا... جېنىم ئاتا... دەڭ، نېمە گېپىڭىز بولسا قىلىڭ، مەن چوقۇم سىر ساقلايمەن. مەن... مەن سىزنى سېغىنىپ كەتتىم... نازىلە قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئاپئاق قىزىم گۈلپىيە، دۆڭساي يېزىسى «بەيگىلىك» مەھەللىسىدە بىر چوڭ كوچا بار. كوچىنىڭ ئاياغ ئۇچىدا ئۆي تېمىغا چاپلىشىپ تۇرغان بىر تۇپ ئۇجمە هويلىغا ئېگىشىپ تۇرىدۇ. مانا ئەشۇ ئۇجمە ئاستىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن قوشقاناتلىق يېشىل دەرۋازىغا كىرىڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم ئاتا... مەن... مەن هازىرلا يولغا چىقىمەن.

— بالام، مەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم، ئالدىڭىزغا چىقالمايمەن.

— جېنىم ئاتا... مېنىڭ... ئوبدان ئاتام... ما... ماقۇل ... ئۇقتۇم! — گۈلپىيە تېلىقىپ ـ تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى.

گۈلپىيە ئەختەمگە دوستىنىڭ ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن دۆڭسايغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە خەت قالدۇرۇپ، يېزىلارغا قاتنايدىغان بېكەتكە كەلدى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان مىنىبۇسقا چىقىپ بولۇشى ماشىنا مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلىدىن ـ ھېلى ياشقا تولاتتى. كۆڭلى ھەرخىل خىياللار ۋەھىمىسىگە باشلاپ، يۈرىكى ئەنسىز دۇپۇلدەيتتى. «ئاتام ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك زادى نېمە كېسەلدۇ؟ ھېلىقى يامان كېسەل — راك بولۇپ قالمىغىدى. بىچارە ئاتام، جاپا ـ مۇشەققەت، ئازاپ ئوچاقلىرىغا تۇغۇلغانمۇ؟! ئۇ قان ـ تەر تۆكمىگەن توغراق، سايتىكە، قوتانكۆل، تارشىلىق، ئاقتام، چىمەنلەر قالدىمۇ؟ ياشلىق ئۆمرى قۇملۇق سەھرالار قۇملىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. توغراقلارنىڭ يىلتىزلىرىغا تامچە سۇ بولۇپ سىڭدى! كۆز يەتكۈسىز يوللارغا تۇپراق بولۇپ تۆكۈلدى... راست ئۇ كۆرمىگەن كۈنلەر قالمىدى! شۇ ئېغىر تۈنلەردە ئاقىنسانى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋېدى، جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ

كەتكۈدەك تاپا ـ تەنە، ئىزا ـ ئاھانەتلەرگە قالدى... ئۇ... ئۇ ئاخىر ھالسىزلىنىپ يىقىلدى...

گۈلپىيە ئادەملەردىن كۆزلىرىنى ئەپقېچىپ، دېرىزىگە يۈزىنى يېقىنۋالغان بولسىمۇ، دېرىزە ئەينەكلىرىدىن سۈزۈك ياشلار يول ـ يول ئېقىپ تۇردى. ئۇ دۆڭسايى بېكەتكە چۈشكەندىن كېيىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن سوراپ «بەيگىملىك» مەھەللىسىگە كەلدى. يىراقتىن كۆرۈنگەن چوڭ بىر تۈپ ئۈجمىنى مۆسەللەپ مېڭىپ، قوشقاناتلىق يېشىل دەرۋازىنىمۇ تاپتى. گۈلپىيە ئەبجەق ھارۋا، داتلاشقان كونا كاۋاپدان، چۈۋۈلغان سېۋەتكە ئوخشاش ئەسكى ـ تۈسكىلەر دۆۋىلەنگەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزىل موتسىكلىت توختىتىپ قويۇلغان ئىشىكنى ئېچىشقا بۇرنىغا گۈپپىدە ئاچچىق زەي ھىدى ئۇرۇلدى. مەينەتلىشىپ، يۈزىنى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن دېرىزە ئەينەكلىرىدىن چۈشكەن گۇڭگا يورۇقتا، بۇلۇڭدىكى كونا كارىۋات ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىنجىقلاپ ياتقان پەخرۇللا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى.

ــ ئاتا!... ــ گۈلپىيە ۋارقىراپ يىغلىغىنىچە، ئۇچقاندەك بېرىپ پەخرۇللانى قۇچاقلىۋالدى، ــ جېنىم ئاتا، سىز مۇشۇ كۈنلەرگە قالىدىغان ئادەممۇ؟!... سىز... سىز ئادەملەرگە تېنىڭىزدىكى ھەممە ئەجىر ـ مېھنەت شەربەتلىرىنى بەرگەن ئىدىڭىزغۇ، دۇنيادا سىز بەرمىگەن، سىز تۆلىمىگەن يەنە قانداق بەدەللەر بار؟!...

ــ بولدى يىغلىماڭ، قىزىم... بۇ دۇنياغا كېلىپ قىلغان ئىشلىرىنى مىننەت قىلغان، ھېسابلاشقان ئادەم، ياخشى ئادەم ئەمەس.

پەخرۇللانىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ، ياداپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدىكى سۇلغۇن قاپارتمىلار شەلۋەرەپ، پارقىراپ تۇراتتى. مۇلايىم چوڭ كۆزلىرىنىڭ نۇر ـ

زىيالىرى سۇنغاندەك قىلغان بولسىمۇ، ھېلىھەم قارچىغىدەك تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ گۈلپىيەنىڭ يۈزلىرىنى، باشلىرىنى سىلاپ مىچچىدە يىغلىدى. پەخرۇللانىڭ ياش تۆكۈشى گۈلپىيەنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى لەختە ـ لەختە قان قىلىۋەتتى.

ــ ئاتا، ئازىلە قېنى؟

ــ مەن كېسەل بولغاننىڭياقى قوشنىلارغا ھەق بېرىپ باقتۇرۇۋاتىمەن.

ــ دوختۇرلارغا كۆرۈنمىدىڭىزمۇ، يۈزىڭىزدىكى بۇ نېمە قاپارتمىلار؟

ئون كۈننىڭ ئالدىدا پەخرۇللانىڭ سول بىقىنىغا ئۇششاق قاپارتمىلار چىقىپ بارغانسېرى كۆپىيىپ، بېلىنى چەمبەرسىمان ئورىۋالدى. بۇ قاپارتمىلار ئۈنى كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلاتماي ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. پەخرۇللا ئازىلەنى قوشنىلارغا قالدۇرۇپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كىرىپ كۆرۈندى. دوختۇر بىر كۆرۈپلا «بەلۋاغسىمان قوقاق» (ياۋجىڭ) دەپ بېكىتتى. ئەمما بۇ سۇلۇق قاپارتمىلار بىردىنلا ئۈنىڭ يۈزىنى قاپلىدى. بۇ ھال دوختۇرنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ قان ئېلىپ ئانالىز قىلغاندىن كېيىن پەخرۇللانى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۈنىڭغا تەئەججۈپ ئىلكىدە گۇمانسىراپ قارىدى:

ــ سىزنىڭ ئايالىڭىز بارمۇ؟

ــ بار ئىدى، ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بوپقالدى.

ــ شۇنىڭدىن كېيىن سىز باشقا ئاياللار بىلەن بىرگە بولدىڭىزمۇ؟

ــ دوختۇر ئاتمىش ئالتە ياشقا كىرىپتىمەن، يەنە قانداق تۇگۇمەيدىغان ھەۋەسكەن ئۇ؟!...

ــ ئۇنداقتا، ــ دوختۇر سەل تۇرۇۋالدى، ــ ئايالىڭىز

قـانداقراق ئايـال ئىدى؟ ئالايـلى، ئويۇنـچىراقمـىدى؟ ئوچۇقـراق دېگەندە ئاشنا ئويىنامتى؟

ــ قانداق تېـتىقـسىز سوئـال بۇ؟... ــ پەخرۇلـلا بىردىنـلا تېرىكتى، ــ سىز مېنى هاقارەت قىلىـۋاتامسـىز ياكى مەرهـۇم ئايالىمنـىمۇ؟ سىزدەك بىـمەسەل سـوئال سورايدىـغان دوختۇرنـى كۆرمەپتىكەنمەن.

ــ تولا ئاچچىقلـىماڭ، ــ دوختـۇرنىڭمـۇ پوزىتسـىيىسـى ئۆزگەردى، ــ مۇشۇنداق ئېنىق سورىمىسام كېسەل مەنبەسىنـى ئېنىقلـىغىلـى بولمايـدۇ. چۈنكى، سىزنىڭ تېنىڭـىزدە ئەيدىـز ۋىرۇسى بايقالدى!

ــ نېمـە، ئـەيدىـز؟! ــ پـەخـرۇللانـىڭ كـۆزلـىرى قاراڭغۇلاشـقاندەك بولـۇپ، چاچراپ تۇرۇپ كـەتتى، ــ دوخـتـۇر ئادەم قورقاتـماڭ، بۇ چاقچاق قىلـىدىغان گـەپ ئەمەس، سىـز... سىز يالغان ئېيتىـۋاتىسىز...

ــ مېنىڭ بىمارنى قورقۇتۇپ هۇزۇرلىنىـش خۇمارىم يـوق. سىزنى «ئەيدىـزنىڭ ئالـدىنى ئېلـىش، داۋالاش» ئورنـىغا يولـلاپ بېرىمىز. ساقايغىچە هەقسىز داۋالىنىسىز.

ئاقنىسانىڭ شۇنچە كـۆپ دۇنيا دەپىـنىسـتىڭ مەنـبەسىنى ئەمدىلا كۆرگەندەك بولغان پەخرۇللانىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتـى. ياشلارغۇ: «بەڭۋاشلىق، ياشلىق قىپـتىمەن» دەپ ئـۆزىنى ئاقـلار، ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم بۇ سەتچىلىكنى نېمـىدەپ چۈشەنـدۇرەر! ئاڭلىغانلارمۇ ئۇنى هەرگىز كـەچۈرمەيدۇ. نـەپرەت، لەنەت، سـەت تىل، هاقارەت، قارغىش، مەسخىرىگە قالىدۇ...

... پەخرۇللا دوختۇرخانىدىكى تەكشۈرۈش ۋە دوخـتۇر بىلـەن بولـغان سۆهبـەتنى قـانچە يىپـىق ۋە ئايـلاندۇرۇپ سۆزلـىگەن بولـسىمۇ گـۇلپىـيـە هەممـىنى بىلـىپ بولـدى. ئۇ دادىسـىغا ئاڭلىغانلىرىنى مەخپىي تۇتىدىغانلىقى هەققىدە ۋەدە بەردى. بۇ

ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ ئۈچ ياشتىن ئاشقان نازىلە كىرىپ كەلدى. ئۇ يېتىرقاپ بوينىنى قىسىپ تۇرۇشىغا، گۈلپىيە ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇ ئاقنىسانىڭ ئۆلۈمىدە بىر ھەپتىدەك ياققاچقىمۇ نازىلەنى باغرىغا بېسىپ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— قىزىم، — دېدى پەخرۇللا گۈلپىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — نازىلە سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز بولىدۇ. گەرچە ئۇنى ياخشى كۆرمىسىڭىزمۇ!

— ئۇنداق دېمەڭ ئاتا، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، سىڭلىم، مەن ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىمەن، — گۈلپىيەنىڭ ياشلىرى قۇچىقىدىكى نازىلەنىڭ يۈزلىرىگە تۆكۈلدى، — مۇشۇ بىر نەچچە يىللاردىن بېرى شۇنى ھېس قىلدىمكى ھاياتلىق دېگەن كۆل سۈيىدەك تىنچ ئۆتمەيدىكەن. ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئۆمۈر مەنزىلىدىكى نورمال ھايات يولىكەن. مەن ئەمدى ھەرقانچە دەھشەتلىك ۋەقەلەر، ئازابلىق كەچمىشلەر، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرد ـ ئەلەملەر، ئايرىلىش ـ جۇدالىقلارغا دۇچ كەلگىدەك بولسام، ئۇلارنى سوغۇق قانلىق بىلەن قارشى ئالىمەن.

— رەھمەت قىزىم، مېنى چۈشەنگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت!

ھاياتنىڭ قىسمەتلىرى، تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى زەپمۇ كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولىدىكەن. ئويلىمىغان يەردىن دوستۇڭ دۈشمەنگە ئايلانسا، دۈشمىنىڭ بىردىنلا سىردىشىڭ، مۇڭدىشىڭ، دىلكىشىڭ بولۇپ قالىدىكەن. ساڭا كۆپ دىشۋارچىلىقلار سالغان بىراۋ، بىر كۈنلىرى بويۇن ئېگىپ ئالدىڭغا كەلسە، ئۇنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى بىر يولىلا ئۇنتۇپ، ھىممەت قولۇڭنى سۇنىدىكەنسەن! بالىلىقىڭ، ياشلىقىڭ قىسقىسى، ئۆمۈر مۇساپەڭدە قىيامەتلىك بۇرادەر بولۇپ ئۆتكەن دوستۇڭنىڭ بىر ئېغىز گېپى، بىرەر سەت قىلىقىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغان،

ھەتتا قىنىقماس دۈشمەنلەرگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىشلارنى ھاياتلىقتا بولمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! كىچىككىنە مەنپەئەتتىن بىر ـ بىرىگە قان چېچىشقان رەقىبلەرمۇ قانداقتۇر بىرەر ساخاۋەتلىك ساۋاقتىن قېرىنداشتەك يېقىن بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. قاراڭ گۈلپىيە «ھارامىلىق»، «ئۆلمىگەن شۇم» دەپ ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغايدىغان ئۈچ ياشلىق قىز نازىلەنى قوللىرىدىن يېتىلەپ كۆرۈمسىز دېھقان ھويلىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى...

## خاتىمە

ئۆلمىگەن جان ئۇچۇن ئاپئاق چېچەكلەرگە پۈركەنگەن يەنە بىر باھار كەلدى! چېچەك پۈركەپ سابا كەلگەن شۇنداق چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلپىيە شەھەر سىرتىدىكى «ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش» دوختۇرخانىسىنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىقىغا تۇتۇپ تۇرۇپ، چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئالتە ياشلىق نەسىمە، تۆت ياشلىق نازىلە مېھمانخانا ئۆيدە ئويۇنچۇقلىرىنى تىزىپ ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئەختەمگە ئىشارە قىلىپ بالكونغا چىقتى. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، پەخرۇللا بىر يىلدىن بېرى داۋالاشتا، دوختۇرلارغا ماسلىشىپ، ياخشى داۋالانغانلىقى ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشتە قان نەتىجىسى نورمال چىققان ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا بىرپارچە لىپاپىلىق خەت قالدۇرۇپ قويۇپ، يوقاپ كېتىپتۇ. دوختۇرخانا قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر ئۈچ كۈندىن بېرى كۆپ يەرلەرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئانىسى پەزلىيەگە تېلېفون بېرىپ، بالىلارغا قاراپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى. ئاندىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇسسۇلۇقلىرىنى سومكىلىرىغا سېلىپ، بوسۇغىدىن چىقىپ بولغاندا گۈلپىيە كەينىگە قايرىلىپ بالىلارغا قارىدى:

— قىزلىرىم ئوينىغاچ تۇرۇڭلار، موماڭلار ھازىرلا كېلىدۇ، —

دېدى ـ دە، پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى.

ئەختەم بىلەن گۈلپىيە «مايتاش» قەغەز زاۋۇتىغىچە كوچا ئاپتوبۇسىدا كېلىپ ئاندىن تاغ يولى ئاپتوبۇسىغا ئالماشتى. ماشىنا تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەلگەندە، كۈن غەربكە قىڭغىيىپ، تەسكەي جىلغىلارغا سۆسۈنرەڭ سايىلار چۈشكەندى. ئاپتوبۇس چوڭقۇر قاپتاللار ئىچىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتاتتى. چېقىل ئۈستىدىكى داۋاندىن پەسكە قارىغاندا تاقىر تاغلار ئارىسىغا ئورۇنلاشقان دوختۇرخانىنىڭ ئۆي ۋە بىنالىرى خۇددى بىر توپ ئاق قۇلاردەك كۆرۈندى. ئۇلار دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا چۈشۈپ قېلىپ، خىزمەت بىناسى ئالدىغا كېلىشكەندە قاراۋۇل ساقچى تاختىدىكى تۈزۈمنى كۆرسىتىپ كىرگىلى قويمىدى. لېكىن، ئۆزى كىمگىدۇر تېلېفون قىلدى. ئاڭغىچە دوختۇرخانا باشلىقى ئابدۇسالام چىقىپ ئۇلارنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمى يېنىدىكى كۈتۈش ئۆيىگە باشلىدى.

— بۇ بىر پەۋقۇلئاددە دوختۇرخانا، سىرتتىن ئادەم كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بىمارلارمۇ سىرتقا چىقالمايدۇ، — دېدى ئابدۇسالام ئىشكاپتىن بىر كونۋېرتنى ئېلىپ، — مانا بۇ پەخرۇللانىڭ ياتىقىغا تاشلاپ كەتكەن نەرسىسى، بىز ئۇنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق.

قېلىن سېرىق قەغەزدىن ياسالغان كونۋېرت سىرتىغا: «قىزىم گۈلپىيەگە تېگىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. گۈلپىيە كونۋېرتنىڭ بىر تەرىپىنى يىرتىپ ئىچىدىكى بىر پارچە خەت بىلەن پۇل كارتىسى ۋە ئىككى دانە ئاچقۇچنى چىقاردى. ئاندىن خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

— قىزىم گۈلپىيە ھەممىڭلار تېچلىقمۇ؟ مەنمۇ ياخشى بوپقالدىم. بۇ دوختۇرخانا ئۇزۇن مۇددەت دورا، ئوكۇل، پسىخىك داۋالاش، تەنھەرىكەت، ئاپتاپقا قاقلاش... دېگەندەك خىلمۇخىل داۋالاش ئۆتكەللىرى ئارقىلىق قاندا ئۆزگىرىش بولۇپ، نورمال

چىققانلارنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئۇدۇللا ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن. مېنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشۈم نورمال چىققاندىن كېيىن قېچىپ كېتىشنى ئەڭ مۇۋاپىق كۆردۈم. چۈنكى، بۇ ئىپلاس كېسەل، خېرىدىن چېكىپ، تومۇرلىرىغا ئۇرۇپ، بۆرەكلىرىدىن سۈمۈرۈپ، راسا خۇمارىغا قانغان ئازغۇن قىز - يىگىتلەرنىڭ قالايمىقان مۇناسىۋەتلىرىدىن كېلىپ چىققان دەھشەتلىك ئاقىۋەت!... گەرچە مەن ئۇنداق يوللاردا ماڭىدىغان ئادەم بولمىسامۇ، مۇشۇ ياشقا كەلگەندە بۇنداق نومۇسلۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىمنى چۈشەندۈرۈپمۇ چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى، چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم! لېكىن، نارەسىدە قىزىم نازىلە قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ماڭا تىكىلىپلا تۇرۇۋالدى!

بالىلىرىم، مېنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى ئەمدى ئىزدىگۈچى بولماڭلار... قىزلىرىم گۈلپىيە، نازىلە، ئوغۇللىرىم ئەزھەر، ئەليارلار سىلەردىن ئايرىلىپ ئۇزاق جايلارغا جۇدالىق ھىجران يۈكلىرىنى ئارتىپ كېتىۋاتقىنىمنى چۈشىنەمسىلەر؟! خوش بالىلىرىم، ھازىرقى بىر يۈز ئون كۋادرات مېتىرلىق ئۆيىنى ئەسلىدە پەزلىيە ئەليارغا ئاتاپ قويغان ئىدى. شۇڭا مەن ئاناڭلار پەزلىيەنىڭ نامىدا ئوغلۇم ئەليارغا قالدۇردۇم. ئۆي ئىچىدىكى بارلىق قىممەت باھالىق ئەسلىھەلەر (مېھمانخانا ئىچىگە ئەكىرىپ قۇلۇپلاپ قويغان) ئۇلارمۇ بالام ئەليارغا تەئەللۇق. ئۇنىڭدىن باشقا پۇل كارتىسى ئىچىدىكى ئەللىك مىڭ سوم پۇلمۇ ئۇنىڭ تويىغا قىلغان سوۋغىتىم بولسۇن. بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، ئۇ چىمەندە مېنىڭ سەۋەبىمدىن كۆپ خورلۇقلارغا ئۇچرىدى. چەت ئەلدە كۆرمىگەنىنى كۆردى. شۇڭا، پەزلىيە ئىككىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ئۇلتۇرسۇن، دېگەن نىيەتتە ھەممىنى شۇنىڭغا ئاتىدىم. چۈنكى، ئىككىڭلارنىڭ

تۇرمۇشىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇردۇم، دەپ ئويلايمەن. خەير - خوش بالىلىرىم...»

گۈلپىيە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئالدىدىكى پۇل كارتىسى بىلەن ئىككى تال ئاچقۇچقا قاراپ ئۇندىمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «دادام نەگە كەتكەندۇ؟» دېگەن سوئال نەزىرىدە ئېرى ئەختەمگە قارىدى:

— ئەختەم، — گۈلپىيەنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى مارجاندەك ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى، — بىچارە دادام... ئۇ... ئۇ سەرسان بولۇپ، نەلەرگىمۇ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، گۈلپىيە، — ئەختەم ئايالىنىڭ دۈمبىسىگە بوشقىنا پەپىلىدى، — دادىمىز جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ چوقۇم تاپىمىز.

— ئىككىمىز، ئەزھەر، ئىسھاقلار بىلەن نەلەرگىمۇ يېتىشىپ بولارمىز.

— ئېرىڭىزنى بوش چاغلىماڭ. ئاپپىقىم، تۆمۈر يولدىكى ئەخمەتجان، پاختا زاۋۇت دىرىكتورى سىدىق مەمەت، يازغۇچى ئەزىمجان يارئېلى، يۇلغۇنباغدىكى رەجەپ جۇمە قاتارلىق ئاغىنىلىرىمىنىڭ ماشىنىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ بىردەك ئاتلىنىمىز.

— ھەرھالدا تېزرەك ھەرىكەتلىنىڭلار، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى ئابدۇسالام، — بۇنداق قاچقانلار بىر پەخرۇللالا ئەمەس. بەزى ئىرادىسى ئاجىز، نومۇسى كۈچلۈك بىمارلاردىن ساقىيىپ چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆلۈۋالغانلار بار. ئۇلار ئۆزىنى تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان يەرلەرگە كېتىپ قالىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە گۈلپىيە ئۇكىسى ئەزھەرنىڭ ساقچى جىپ ماشىنىسىدا، ئىكرام، جىيەنى ئىسھاقنىڭ «سانتانا» سىدا، ئەزىمجان يارئېلى ئەخمەتجاننىڭ ئاق تۇرنىسى «نىسسان» ىدا، ئەختەم سىدىق مەمەتنىڭ «خۇندا» سىدا پەخرۇللانى ئىزدەش

ئۈچۈن يىراق سەپەرگە ئاتلاندى. رەجەپ جۇمەمۇ، ئەزىمجان يار ئىلىنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، يۇلغۇنباغ ناھىيىسىدىكى جانجىگەر ئاغىنىلىرى بىلەن بىر نەچچە ماشىنىغا بۆلۈنۈپ تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. قادىر ئاللا ئۇلارنىڭ سەپىرىنى خەيرلىك قىلغاي!...

مەزكۇر رومانى يېزىشتا تۇرمۇش ۋە يېزىقچىلىق شارائىتى يارىتىپ بەرگەن كورلا سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىدىكى مۇھەممەت ھېبۇللا ۋە ئەخمەتجان ھەسەنگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن!

2007 - يىل 18 - دېكابىر كورلا «سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى» مېھمانخانىسىدا يېزىپ ئاياغلاشتى.

2008 - يىل 27 - ئاپرېل ئۈرۈمچىدە قايتا ئۆزگەرتىلدى.

كىتاب ئىسمى: ھايات قىسمىتى (2)
پىلانلىغۇچى: ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: مەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.25
نەشرى: 2009 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىل 1 - ئاي 2 - قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 10000 — 15000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-0602-7
باھاسى: 78.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)